مۇھەممەد يۈسۈپ

# ئىسلام ئەخلاقى

ئىسلامي ئەسەرلەر نەشرياتى

ⓒ محمد يوسف محمد تورسون، 1431هـ

**فهرسة مكتبة الملك فهد الوطنية أثناء النشر**

**تورسون، محمد يوسف**

**الأخلاق الإسلامية/محمد يوسف تورسون-الرياض، 1431هـ**

**ص؛..س**

**ردمك: 8-4717-978**

**(الكتاب باللغة الأويغورية)**

**1-الأخلاق الإسلامية 2-الوعظ والإرشاد أ. العنوان**

**ديوي 212 1431/2491**

**رقم الإيداع: 1431/2491**

**ردمك: 8-4717-00-603-978**

بۇ ئەسىرىمنى غۇربەت كوچىلىرىدا ماڭا قولداش بولۇپ، كۆڭلۈمگە خۇشاللىق بېغىشلىۋاتقان سۆيۈملۈك قىزلىرىم فاتىمە، فائىزە، ئوغۇللىرىم ئىمران ۋە ئىرفانلارغا بېغىشلايمەن.

ـ ئاپتور

# الأخلاق الإسلامية

تأليف

محمد يوسف محمد تورسون

الطبعة الثانية

مزيدة ومنقحة

# ئىسلام ئەخلاقى

ئاپتورى: مۇھەممەد يۈسۈپ

ئىككىنچى نەشرى

تولۇقلانغان ۋە قايتا تەھرىرلەنگەن نۇسخىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: لۇتفىيە ئەمىن

**بسم الله الرحمن الرحيم**

ئەڭ گـۈزەل ماختـاش ۋە ئەڭ ئېسـىل مەدھىـيەلەر ئالەملەرنىـڭ ياراتقۇچىسـى ۋە يېگـانە رەببـى بولغـان ئـاللاھ تائالاغـا خاسـتۇر. ئـاللاھ تائالانى چىن قەلبىمدىن مەدھىيەلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن. ھەق دىنىنـى بىـزلەرگە يەتكـۈزگەن سـۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىـز ھەزرىتـى مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامغا دۇرۇد، دۇئـا ۋە سـالام يـوللايمەن. ئۇنىـڭ ئـائىلە تاۋابىئاتلىرىغـا، ساھابىلىرىگە ۋە تـا قىيـامەتكىچە ئۇنىـڭ يولىـدا ماڭغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا بەخت ـ سائادەت تىلەيمەن.

ھازىرقى زامـان مۇسـۇلمانلىرىنىڭ پەيغەمبىرىمىـز ھەزرىتـى مـۇھەممەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ: «مەن پەقەت گـۈزەل ئەخلاقلارنـى ئومۇملاشـتۇرۇش ئۈچـۈنلا ئەۋەتىلـدىم» دېـگەن سـۆزىدە ئىپادىسـىنى تاپقـان، ئۇنىـڭ پەيغەمبەرلىكىنىـڭ غايىسـى قىلىنغـان ئىسلامي گـۈزەل ئەخـلاق بىـلەن زىننەتلىنىـپ، ئـۆزلىرىنى ئىسـلاھ قىلىـش ۋە مۇسـۇلمانلىقىنى تولـۇقلاش ئـارقىلىق قايتىـدىن قەد كۆتۈرۈشـكە نەقەدەر زور ئېھتىيـاجلىق بولىۋاتقـانلىقى ھەممىـگە مەلـۇم. چـۈنكى بىـر مىللەتنىـڭ قەد كۆتۈرۈشـى يـاكى نـابۇت بولۇشـى ئۇنىـڭ ئەخلاقـى بىـلەن بىۋاسـتە مۇناسـىۋەتلىك ئىشتۇر.

مىسىرلىق ئاتاغلىق شائىر ئەھمەد شەۋقى مۇنداق دەپ يازغان:

**إنما الأمم الأخلاق مابقيت    فإن هم ذهبت أخلاقهم ذهبوا**

تەرجىمىسى:

## ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت راۋاجلىنىپ داۋام ئېتەر
## ئايرىلغانلار ئۇنىڭدىن زاۋاللىققا ھامان كېتـــــەر.

ئەخـلاق ئەنە شـۇنداق مىللەتنىـڭ تەقـدىرىنى بەلگىلەيـدىغان مـۇھىم ئامىل.

ھۆرمەتلىـك كىتابخـان! قـولىڭىزدىكى «ئىسلام ئەخلاقـى» نـاملىق بـۇ ئەسـەر مۇشـۇ مـاۋزۇدا ئۇيغـۇر تىلىـدا يېزىلغـان تـۇنجى ئەسـەر بولۇشـى مـۇمكىن. چـۈنكى ئۆتمۈشـلەردىكى ئۇيغـۇر ئۆلىمـالىرى كـۆپلىگەن ئىسـلامىي ئەسـەرلەرنى يېزىـپ قالـدۇرغان بولسـىمۇ، ئۇلارنىـڭ مـۇتلەق كـۆپ سـانلىقى ئەسـەرلىرىنى ئەرەبـچە يـاكى پارسـچە يازغـان. پەقەت 20ـ ئەســرنىڭ باشــلىرىدىن ئېتىبــارەن ئابــدۇلقادىر دامــوللام ۋە ئۇنىــڭ شــاگىرتى ســابىت دامــوللاملار باشــچىلىقىدىكى مەرىــپەت يۇلتــۇزلىرى مىللىتىمىزنىـــڭ دىـــن ۋە دۇنيـــالىق ئىلىـــم-مەرىـــپەتكە بولغـــان ئۇسسـۇزلۇقىنى قانـدۇرۇش مەقسـىتى بىـلەن ئەسـەرلىرىنىڭ بەزىسـىنى ئۇيغـۇرچە يېزىـپ چىقىـپ، ئانـا ۋەتىنىمىـزدە ئۇيغـۇرچە ئىسـلامىي ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە خەلقىمىزنىـڭ ئېھتىيـاجىنى بىـر قەدەر قاندۇرغان بولدى.

لېكىن ئەپسۇسكى، ئىمان بىـلەن بىـر مەرتىۋىـدە تۇرىـدىغان ئىسلام ئەخلاقىنـى ئۆگىنىشـكە خەلقىمىـز شـۇنچە زور ئېھتىيـاجلىق تۇرسـىمۇ، ئەپسۇسـكى قەدىمـدىن ھازىرغـا قەدەر ئۇيغـۇر تىلىـدا ئىسلام ئەخلاقىغـا دائىر بىرەر ئەسەر يېزىلىپ باقمىدى.

مەن بـۇ ئەسـەردە ھـازىرقى زامـان مۇسـۇلمانلىرى ئارىسـدا تـۆگەپ كېتىش خەۋپىـگە يولۇققـان ۋە ئـۇلار زور ئېھتىيـاجلىق بولىۋاتقـان مـۇھىم بولغـــان بەزى ئەخـــلاق تـــۈرلىرى ئۈســـتىدىلا توختالـــدىم، شـــۇنداقلا

ئىسلامىي گـۈزەل ئەخلاقنىـڭ ئەھمىيىتـى ۋە ئۇنىـڭ ئىمـان بىـلەن بىـر ئورۇنـدا تۇرۇشـتەك كاتتا مەرتىۋىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتىم.

كىتابىمنى تۆۋەندىكىدەك 5 بۆلۈمگە بۆلدۈم:

بىرىنچى بۆلۈم: ئەخلاق ھەققىدە ئومۇمىي بايان

ئىككىنچى بۆلۈم: بىزنىڭ ئەخلاقىي بۇرچىمىز

ئۈچىنچى بۆلۈم: گۈزەل ئەخلاق تۈرلىرى

تۆتىنچى بۆلۈم: ناچار ئەخلاق تۈرلىرى

بەشىنچى بۆلۈم: ئەخلاققا دائىر ئايەت، ھەدىسلەر

بـۇ كىتـابنى يېزىـپ چىقىشـتا ئىسـلام دۇنياسـىدىكى ئەڭ نوپۇزلـۇق ئەسـەرلەردىن پايدىلانـدىم. كىتابىمغـا ئەخـلاق ھەققـىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە مۇسـۇلمان ئۆلىمـالىرى ئوتتۇرىسـىدا بىـرلىككە كېلىـنگەن مەسـىلىلەرنى تـاللاپ ئالـدىم. بـۇ كىتابنىـڭ چـوڭ-كىچىـك ھەممىـگە ئامىباب ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلدىم.

جانابى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئاددىي ئەمگىكىمنى ئـۆز دەرگاھىـدا قوبـۇل قىلىشـىنى ۋە بـۇنى خەلقىـم ئۈچـۈن مەنپەئەتلىـك ئىلىمـلەر قاتارىـدىن ئورۇن ئېلىشىنى سورايمەن.

بۇ ئەسەر 2010-يىلى بەيرۇتتا بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن قايتا نەشرگە تەييارلاندى.

-مۇھەممەد يۈسۈپ

ھىجرى 1434-يىلى28-رەبىئۇل ئەۋۋەل

مىلادى2013-يىلى9-فېۋرال

# ئاپتور ھەققىدە

مۇھەممەد يۈسۈپ 1968-يىلى خوتەن ۋىلايىتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپلا قارىيلىققا كىرىشكەن بولۇپ، كىچىك يېشىدىلا قۇرئان كەرىمنى يادلاپ بولغان. 1984 - يىلى ناھىيىلىك چوڭ جامەدە تۇنجى خەتمىنى ئوقۇغاندا كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغىغان.

1984- ۋە 1985-يىللار ئارىسىدا يوشۇرۇن مەدرىسەدە ئەرەب تىلى ئۆگىنىشكە باشلاپ، دەسلەپكى ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، 1986 - يىلى 6- ئايدا چەت ئەلدە ئىلىم تەھسىل قىلىش مەقسىتى بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلغان ۋە شۇ يىلى ھەج پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇپ، مىسىرغا ئوقۇشقا كەتكەن.

1986-يىلى9-ئايدا مىسىر ئەزھەر بىلىمگاھىنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا ئوقۇشقا كىرىپ، شۇ يىلنىڭ ئاخىرى تولۇق ئوتتۇرىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. تولۇقنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يىللىقنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇسابىقە ئارقىلىق تۆتىنچى يىللىققا ئاتلىغان. شۇنداق قىلىپ 4 يىللىق تولۇق ئوتتۇرىنى 3 يىلدا پۈتتۈرگەن.

1989 - ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، 1993- يىلى تاماملىغان.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1995 - يىلىنىڭ بېشىغىچە تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى «ئۈسكۈدار رايونلۇق قۇرئان يادلاش مەدرىسەسى»دە، ئەرەب تىلى ۋە قىرائەتتىن دەرس بەرگەن.

1995 - يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا

شەھىرىدىكى«قازاق-تۈرك ئىنستىتۇتى»دا ئەرەب تىلىدىن مۇئەللىم بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا قازاقىستاننىڭ جۇمھۇرىيەتلىك گېزىتلىرىدىن «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە « يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدە نۇرغۇن ماقالە يېزىپ ئېلان قىلغان.

2001 ـ يىلىدىن بىرى سەئۇدى ئەرەبىستان رادىئوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

**مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ پىكىر-قارىشى**

مۇھەممەد يۈسۈپ دىنىي جەھەتتە ئوتتۇراھاللىقنى ئاساس قىلغان ئىلغار پىكىر-قاراشقا ئىگە بولۇپ، رادىكاللىقتىن ۋە چەكلىك مۇھىت تەسىرىدىن ئەلۋەتتە يىراقتۇر.

تىنىمسىز ئىزدىنىش روھىغا ئىگە مۇھەممەد يۈسۈپ ھازىرغىچە 20 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغاننىڭ سىرتىدا، ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا 10 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب تەرجىمە قىلغان ھەمدە ھەر قايسى تور بەتلىرىدە 100 پارچىدىن كۆپرەك ماقالە ئېلان قىلغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

**مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ نەشر قىلىنىپ بولغان ئەسەرلىرى:**

1. «ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» بىرىنچى نەشرى 1996ـ يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2002ـ يىلى ئىستانبۇلدا، ئۈچىنچى نەشرى 2010ـ يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

2.« ئىسلام ئەقىدىلىرى» بىرىنچى نەشرى 1997ـ يىلى (ئۇيغۇر سلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، ئىككىنچى نەشرى 1998ـ يىلى قەشقەردە،

ئۈچىنچى نەشرى 2003ـ يىلى قازاق تىلىدا ئالمۇتا، تۆتىنچى نەشرى 2004ـ يىلى ئىستانبۇلدا، بەشىنچى نەشرى 2005-يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋىيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، ئالتىنچى نەشرى 2006-يىلى قازاق تىلىدا ئالمۇتىدا، يەتتىنچى، سەككىزىنچى ۋە توققۇزىنچى نەشىلىرى2008- 2009- ۋە 2010-يىللىرى ئالمۇتىدا ئارقا-ئارقىدىن (ئۇيغۇر سىلاۋىيان يېزىقىدا) نەشر قىلىنغان.

3. «ناماز ۋە ئۇنىڭ قائىدە-تەرتىپلىرى» بىرىنچى نەشرى 1998ـ يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋىيان ۋە ئەرەب يېزىقلىرىدا) ئالمۇتىدا، ئىككىنچى نەشرى 2007-يىلى ئىستانبۇلدا، ئۈچىنچى نەشرى 2008-يىلى، تۆتىنچى نەشرى 2012-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

4. «ناماز ھەققىدە ساۋات» بىرىنچى نەشرى 1998ـ يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2006-يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2008-يىلى، تۆتىنچى نەشرى 2009-يىلى، بەشىنچى نەشرى 2010-يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋىيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا بېسىلغان.

5.«روزا ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى» بىرىنچى نەشرى 1999ـ يىلى ئەرەب ۋە سىلاۋىيان يېزىقلىرىدا ئالمۇتىدا، 2004-يىلى ئىككىنچى نەشرى ئىستانبۇلدا بېسىلغان.

6.« دىنىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغدايلى» ( يېڭى ھايات ۋە ئۇيغۇر ئاۋازى گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنىڭ توپلىمى)، بىرىنچى نەشرى 1999-يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2005-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

7.« زاكات كىتابى» بىرىنچى نەشرى 2003ـ يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

8. «دۇئا ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى» بىرىنچى نەشرى 2004-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

9.«ئىلاھىي قورغان» بىرىنچى نەشرى 2005- يىلى، ئىككىنچى نەشرى 2006-يىلى، ئۈچىنچى نەشرى 2010-يىلى ئىستانبۇلدا، تۆتىنچى نەشرى 2012-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

10.« غەرب مەدەنىيىتى ۋە بىز» 2004 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.

11. « ھەج ۋە ئۆمرە قوللانمىسى» بىرىنچى نەشرى 2005 - يىلى ئىستانبۇلدا، ئىككىنچى نەشرى 2007- يىلى رىياد، ئۈچىنچى نەشرى 2009-يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، تۆتىنچى نەشرى 2011-يىلى مەككىدە نەشر قىلىنغان.

12. « ئىسلامدىكى ھارام ۋە چەكلەنگەن ئىشلار» بىرىنچى نەشرى 2009-يىلى ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقىدا ئىستانبۇلدا، ئىككىنچى نەشرى 2010- يىلى (سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان.

13. «بەش پەرز ۋە ئىسلامدىكى ئائىلە تۈزۈمى» 6 كىتابنىڭ توپلىمى بولۇپ، 2009-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

14. «ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن دىنىي ساۋات» بىرىنچى نەشرى 2009-يىلى بەيرۇتتا قاتتىق مۇقاۋىلىق قىلىپ بېسىلغان. قىسقارتىلغان ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى نەشرلىرى 2012-يىلى بەيرۇتتا ۋە ئىستانبۇلدا، تۆتىنچى نەشرى 2013-يىلى (ئۇيغۇر سىلاۋيان يېزىقىدا) ئالمۇتىدا، بەشىنچى نەشرى2013-يىلى مەككىدە نەشر قىلىنغان.

15. « دىن ۋە ھايات (1600سوئالغا جاۋاب)» 2009-يىلى بەيرۇتتا

نەشـر قىلىنغـان. كېيىـنچە تولۇقلىنىـپ، «دىـن ۋە ھايـات(2000سـوئالغا جـاۋاب)» دېــگەن ئىســم بىــلەن ئىككىنچــى نەشــرى 2010-يىلــى، ئـۈچىنچى نەشـرى 2011-يىلـى بەيرۇتتـا، ئـۈچىنچى نەشـرىنىڭ ئۇيغـۇر سىلاۋىيان يېزىقىدىكى نۇسخىسى2013-يىلى ئالمۇتىـدا، تـۆتىنچى نەشـرى 2013-يىلى بەيرۇتتا ئىككى توملۇق نەشر قىلىنغان.

16. «ئىسـلام ئەخلاقـى»بىرىنچـى نەشـرى 2010-يىلـى بەيرۇتتـا نەشـر قىلىنغان.

17. «ھەج بەدەل تىجارىتىنىــڭ ھــارامىلىقى ھەققىــدە ئوچــۇق ســۆز» 2012-يىلى بەيرۇتتا نەشر قىلىنغان.

18. « پەرزەنتلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلەيمىز؟».

**نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان ئەسەرلىرى:**

1.«قۇرئان ئوقۇش قائىدىلىرى».

2. «غۇربەتتىكى ياشلىق» (شېئىرلار توپلىمى).

3.«يۈرەك سىرى»(شېئىرلار توپلىمى).

4. « مانا بۇ ئىسلام ».

5.«قۇرئان كەرىم بىزنىڭ نىجات يولىمىز».

6.« پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى قوغدايلى!»(ماقالىلار توپلىمى).

**ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى:**

1.«التفسير الواضح»( روشــەن تەپســىر). ئــاپتورى: دوكتــور مەھمــۇد ھىجازى.

2. «الأديان في القرآن»(قۇرئانــدىكى دىــنلار). ئــاپتورى: دوكتــور مەھمـۇد

شەرىف.

3.«مختصر كتاب إظهار الحق»(ھەقىقەتنىڭ ئىپادىسى). ئاپتورى: ئەللامە رەھمەتۇللا ھىندى.

4.«كتاب التوحيد»(تەۋھىد كىتابى). ئاپتورى: مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلفوزان.

5.«العقيدة الصحيحة» (توغرا ئەقىدە). ئاپتورى: سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ سابىق مۇپتىسى ئەللامە ئىبنى باز.

6. «شرح أصول الإيمان»( ئىمان ئاساسلىرىنىڭ شەرھى). ئاپتورى مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇسەيمىن.

7.« منهج اهل السنة والجماعة»(ئەھلى سۈننىلەرنىڭ يولى). ئاپتورى: ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب.

8.«النصرانية في الأصل والواقع»(خرىستىئان دىنىنىڭ ئەسلى ۋە بۈگۈنى). ئاپتورى: ئەللامە مۇھەممەد ئابدۇللا سەھىم.

9. «صفة صلاة النبي»(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش كەيپىيتى). ئاپتورى: مۇھەممەد ئىبنى ناسىرۇددىن ئەلبانى.

10. «الوسائل المفية للحياة الطبية» ئەللامە ئابدۇراھمان ناسىر ئەل سەئدى.

11. «الدروس المهمة لعامة الأمة»(مۇسۇلمانلارغا مۇھىم تەلىماتلار). ئاپتورى: ئىبنى باز.

12. «33سببا للخشوع في الصلاة»(نامازدا خۇشۇنىڭ33 سەۋەبى). ئاپتورى: مۇھەممەد سالىھ ئەل مۇنەجىد.

# مۇندەرىجە

**ئاپتور ھەققىدە ........................... 5**
**مۇندەرىجە .................................. 1**
**بىرىنچى بۆلۈم .............................. 1**
**ئەخلاق ھەققىدە ئومۇمىي بايان ........... 1**
**ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى................... 3**
گۈزەل ئەخلاق....................................... 3
ناچار ئەخلاق........................................ 4
ئىسلام دىنىدا ئەخلاق چۈشەنچىسى ................... 5
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە گۈزەل ئەخلاق .................. 5
ئىبادەتلەرنىڭ ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىشتىكى رولى.............. 9
**ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ئايرىلمايدىغان بىر پۈتۈنلۈكتۇر .........13**
ئىبادەتتىن ئەخلاقىي نېسىۋە ئالالمىغانلار قىيامەتتە قۇرۇق قول قالىدۇ........................................... 16
روھىي دۇنياسى گۈزەل بولغانلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمۇ گۈزەل بولىدۇ ............................................. 17
ئەخلاقى گۈزەل كىشى ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىقتۇر ................... 18
گۈزەل ئەخلاق جەننەتنىڭ يولىدۇر.......................... 18
گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ كامىللىقىغا دەلىلدۇر ................ 20
**ئەخلاقنىڭ دائىرىسى ۋە پىرىنسىپلىرى .............22**
شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى .................. 22
شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ... 24
**ئىنسانلار جەمئىيىتى ھەمىشە گۈزەل ئەخلاقلارغا موھتاج ........31**

ئەخلاق ـ پەزىلەت ئىنسانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ .. 33
مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى دەسلەپ بىلىۋالغا ھەقىقەت....... 38
مۇستەملىكىچىلەرنىڭ نۇتۇقلىرىدىن نەمۇنىلەر ............... 40
**نەپس ۋە روھ................................................ 42**
نەپسدە بولىدىغان تۆرتكىلەر ........................... 45
نەپسنىڭ ئالىي ھىممەت تۆرتكىسى ........................ 45
نەپسنىڭ تۆۋەن ھىممەت تۆرتكىسى ....................... 45
نەپسنىڭ ئوتتۇرا ھاللىق تۆرتكىسى ........................ 46
نەپسنىڭ تەلەپلىرى.............................................. 47
روھ ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ............................ 48
**نەپسنى پاكلاش ۋە ئۇنىڭ چارىلىرى ................ 52**
نەپسنى پاكلاش ئالدىنقى قاتاردىكى پەرزلەرنىڭ بىرى.......... 52
ئىچى گۈزەل بولمىغانلارنىڭ تاشقى گۈزەللىكى ئەھمىيەتسىزدۇر 52
ئاللاھ تائالا قەلبلەرگە قارايدۇ ............................... 53
نەپسنى پاكلىغانلار مەقسىتىگە يېتىدۇ .................... 54
ئەمەللەردىكى سەممىيلىك نەپسنى پاكلاشقا تۆرتكە بولىدۇ..... 55
نەپسنى پاكلاشتا تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتى......................... 57
**گۈزەل ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ سىرى.................. 59**
**ئائىلىدىكى ئەھۋالىڭىز ئەخلاقىڭىزغا باھا بېرىدۇ ............... 63**
**ئەخلاقنى ئۆلچەيدىغان ئومۇمىي پىرىنسىپلار ................ 76**
بىرىنچى پىرىنسىپ.................................................. 76
ئىككىنچى پىرىنسىپ............................................... 76
ئۈچىنچى پىرىنسىپ................................................. 77
**ئەخلاق بىلەن ئەدەپنىڭ پەرقى ................................ 78**
**تاشقى كۆرۈنۈشلەر ئىچكى ئەخلاقنى ئىپادىلىمەيدۇ ........... 81**

**ھېكمەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئەقىل.................................83**
**ئەخلاقنىڭ پۈتۈن ھايات ساھەلىرىگە ئومۇمىيلىقى ...............86**
ئەخلاقنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلىرى .............. 87
**ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋەتتى ئېتىبارى بىلەن تۈرلىنىشى ...............90**
**ھۆرىيەت ۋە ئۇنىڭ چەك ـ چېگراسى ..............................93**
ئىنساننىڭ قۇدرىتى چەكلىك ........................................ 96
شەخسىي ھەق ـ ھوقۇقلار ........................................ 96
ئىجتىمائىي ھەق ـ ھوقۇقلار ........................................ 97
ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرى ........................................ 98
**شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى.................. 100**
بىرىنچى ھەقىقەت ..........................................100
ئىككىنچى ھەقىقەت ..........................................102
ئۈچىنچى ھەقىقەت..........................................104
شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ دىنىي چارىسى .....104
**تەۋبە ـ ئىستىغپارغا بۇيرۇشنىڭ سىرى............................ 105**
**تەبىئىي ئەخلاق ۋە يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق ......................... 109**
تەبىئىي ئەخلاقمۇ بىر خىل ئەمەس.........................................110
ئىنساندىكى ئەخلاق ئۆزگىنىش قابىلىيىتى ...........................112
**ئەخلاق ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ـ تەربىيە ....... 114**
**گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش چارىلىرى....................... 116**
**ئىككىنچى بۆلۈم........................................................... 127**
**بىزنىڭ ئەخلاقىي بۇرچىمىز ........................................ 127**
**بىزنىڭ ئەخلاقىي بۇرچىمىز ........................................ 129**
دىنىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز...........................................129
ئاللاھقا قارىتىلغان بۇرچىمىز...........................................130

پەيغەمبىرىمىزگە قارىتىلغان بوھتانلار ........................130
«قۇرئان كەرىم»گە قارىتىلغان بوھتانلار..........................130
ئۆزىمىزگە قارىتىلغان بوھتانلار ...................................131
ئائىلە ئەزالىرىمىزغا قارىتىلغان  بوھتانلار .........................131
ۋەتەنگە، خەلقىمىزگە ۋە ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بوھتانلار ....132
پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بوھتانلار...........................132
تەبىئەتكە قارىتىلغان بوھتانلار ...................................133
**گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلماننىڭ سۈپىتى ........................ 135**
**گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلمان قىلمايدىغان ئىشلار ............... 138**
ئەخلاقنى ئۆزگەرتىش مۇمكىنمۇ؟ ...................................139
يېگانە ئۈلگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر ........................139
**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن ئۆرنەكلەر........... 141**
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا قارىتا ئەخلاقى...........142
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانىيەتكە قارىتا ئەخلاقى.....142
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئەخلاقى ....142
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە قارىتا ئەخلاقى 143
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا قارىتا ئەخلاقى ..........145
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارىتا ئەخلاقى ...146
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇش ئەسناسىدىكى ئەخلاقى..147
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايۋانلارغا قارىتا ئەخلاقى .......147
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھىت ۋە تەبىئەتكە قارىتا ئەخلاقي 148
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبەتداشلىرىغا قارىتا ئەخلاقى 149
**ئۈچىنچى بۆلۈم........................................... 151**

**گۈزەل ئەخلاق تۈرلىرى ........................... 151**
**سۆيگۈ ۋە ئۇنىڭ قىممىتى .............................. 153**
سۆيگۈلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھ سۆيگۈسىدۇر ..............154
ئاللاھ سۆيگۈسىنىڭ قىممىتى ..................................155
ئاللاھ سۆيگۈسى نېمە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؟ ....................156
پەيغەمبەر سۆيگۈسى ..........................................157
پەيغەمبەر سۆيگۈسى قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟....................157
ۋەتەن سۆيگۈسى ..............................................157
ۋىجدانلىق ئىنسان ۋەتىنىنى سۆيىدۇ.........................158
مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا سۆيگۈسى ...........................159
تەبىئەت سۆيگۈسى.............................................159
**ھەقىقەتنى سۆيۈش ........................................ 162**
بەزى مۇئمىنلەرمۇ بەزى ھەقىقەتلەرنى يامان كۆرىدۇ ..........165
ھەقىقەتنى سۆيۈش گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاساسىدۇر .............166
ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىش پەزىلەت .........................166
**ئادالەت ...................................................... 168**
ھەقىقەتنى سۆيگەنلەر ئادالەتنىمۇ سۆيىدۇ....................169
ئادالەت تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلار..........................169
**ئېھسان ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ............................ 176**
ئېھساننىڭ مەنىسى ............................................176
ئېھساننى نىيەت قىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ ....................179
ئىبادەتتە ئېھسان.............................................180
ئاتا ـ ئانىغا ئېھسان قىلىش....................................181
ئاتا ـ ئانىغا قانداق ئېھسان قىلىمىز؟..........................182
قىزلارغا ئېھسان قىلىش........................................183

سالام بېرىشتىكى ئېھسان ........................185
جېدەل ۋە مۇنازىرىدە ئېھسان قىلىش...........185
گەپ ـ سۆزدە ئېھسان قىلىش ..............................187
**شۈكۈر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى........................ 189**
نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئۇنى كۆپەيتىدۇ ...................191
ئاللاھ خالىس ئۆزى ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ 200.............................................................
**رەھىم ـ شەپقەت ...................................... 202**
ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.............204
ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ..........204
ئىبادەتلىرىمىزدىن گۇناھلىرىمىز كۆپ ......................207
ھېچكىم قىلغان ئەمەلى بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ ..........207
ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى رەھمەتلىرىدىن بەزىسى ..........208
ئاللاھ تائالانىڭ قەلبلەرگە ئورۇنلاشتۇرغان رەھمەتلىرىدىن نەمۇنىلەر ..............................................210
ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ چوڭ رەھمىتى ..........................213
مەخسۇس رەھمەتلەر ..........................................214
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ چوڭ رەھمىتىدۇر217
رەھىم ـ شەپقەتنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئەمەلىيتى..............219
1. ئاتا ـ ئانىلارغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش .................219
2.ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش................221
3. باللارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش ...........................222
4. ئاياللارغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش .....................224
5. ئائىلىنىڭ خىزمەتكارلىرىغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش.....228
6. ھايۋانلارغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش ....................230

رەھىم ـ شەپقەت پۈتۈن ئىشلاردا تەلەپ قىلىنىدۇ ..............233
7. ئاسىي ـ گۇناھكار كىشلەرگە رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش .234
8. ئېزىلگەنلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىش ......................237
كىشلەرنىڭ ئەيىبىنى يۆگەشنىڭ زۆرۈرلۈكى.....................238
9. ئادەم ئۆز ـ ئۆزىگە رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش ..............239
10. پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش..........239
ئىلىم ـ پەننى ئىشلىتىشتە رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش ........243
**راستچىللىق ............................................... 245**
راستچىللىق جەننەتكە كىرىشنىڭ كاپالىتى .........................248
يالغانچىلىقنىڭ خىيانەت تۈرى.........................................250
يالغانچىلىق مۇناپىقلىقنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر .......................251
ھەقىقىي راستچىللىق .........................................................252
راستچىللىققا ئادەتلىنىشنىڭ يولى .....................................253
**راستچىللىقنىڭ تۈرلىرى ...................................... 254**
1 ـ نىيەتتىكى راستچىللىق ....................................................254
2 ـ سۆزدىكى راستچىللىق ....................................................255
3 ـ ئەمەلدىكى راستچىللىق....................................................255
راستچىللىقنىڭ مەرتىۋىسى.....................................................257
قايسى ۋاقىتتا يالغان ئېيتىشقا بولىدۇ؟ ....................................258
**ئامانەت ............................................................. 260**
ئامانەت بۆلۈنمەيدۇ.............................................................262
ئامانەتنىڭ تۈرلىرى ............................................................263
كىشلەرنىڭ نەزىرىدە كىچىك سانالغان چوڭ ئامانەتلەر[①] ....265
ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدىكى ئامانەت..........................................266
ئىش ئۈستىدىكى ئامانەت .......................................................266

سىر ساقلاشتىكى ئامانەت ...................................267
ئەڭ چوڭ خىيانەت...........................................268
ئايالنىڭ ئامانىتى...........................................269
بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا مۇئامىلە قىلىشىدىكى ئامانەت ......269
سىز ئىگە بولغان ھەممە نەرسە ئامانەتتۇر .......................270
دىنىنى يەتكۈزۈش ئامانىتى ...................................272
ئەمدى مۇسۇلمانلار بۇ ئامانەتنى قانداق ئادا قىلىدۇ؟..........273
**ۋاپادارلىق........................................... 276**
ۋاپادارلىق تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار ..............................276
1. ئاللاھ تائالاغا ۋاپادار بولۇش ...................................277
ئۇنداقتا ئاللاھ تائالاغا قانداق ۋاپادارلىق قىلىش كېرەك؟ .......279
ۋاپادارلىق ئۈلگىسى...........................................280
ۋاپاسىزلىق ئۈلگىلىرى.........................................282
2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاپادار بولۇش ........................284
بىرىنچى خەلىپىنىڭ ۋاپادارلىقى..................................284
ئىككىنچى خەلىپىنىڭ ۋاپادارلىقى.................................285
3. ئىنسانلارغا مۇئامىلە ئىشلىرىدا ۋاپادار بولۇش ..................286
قەرز ئىشلىرىدىكى ۋاپا بۇرچى...................................287
ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق مەسىلىسى..............................291
4. سىزگە ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرگە ۋاپادار بولۇش ........294
ئۇستازلارغا ۋاپادار بولۇش .......................................297
ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇش .......................................297
5. ھايات مۇساپىسىدە تونۇغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋاپادار بولۇش ..........................................299
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپادارلىقىدىن ئۆرنەكلەر ........299

جورىسىغا ۋاپادارلىق قىلىش.........................303
ئىبرەتلىك قىسسە ........................................303
6. ۋەدىگە ۋاپادار بولۇش ...............................304
سەگەك مېڭە بىلەن چىن ئىرادە ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ ئاملى.305
ئۆتكەن كۆنلەرنى ئەستە تۇتۇشمۇ ۋاپادارلىقتۇر..............306
پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ۋاپادار بولۇش.........................306
ۋاپادارلىقنىڭ دائىرىسى كەڭ ..............................307
**شەرم ـ هايا ............................................ 308**
شەرم ـ هايا ۋە نومۇسچانلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر ...............308
هايانىڭ يوقىلىشى پۈتۈن پالاكەتلەرنىڭ باشلىنىشىدۇر .......309
هايا ـــ هاياتلىقتۇر .....................................310
هايا بىلەن خىجىللىقنىڭ پەرقى ............................310
هايا بىلەن ئىمان قوشكېزەكتۇر ............................311
هايا دەرىجىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى.....................312
شەرم ـ هايا قىممەتلىك جەۋھەردۇر..........................313
شەرم ـ هايا بىلەن مېهرى ـ مۇھەببەت ئىككىسى قوش كېزەكتۇر 314..........................................................
هايا ۋە نومۇسچانلىق چوڭ نېمەت...........................314
هايالىق بولۇش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ساپلىقىدۇر..............315
هايانى يوقاتقان ئادەم ئامانەتنىمۇ يوقىتىدۇ ...............316
**سەۋرچانلىق گۈزەل ئەخلاق ................................ 318**
سەۋرچانلىق پىششىپ يېتىلگەنلىكنىڭ ئالامىتى................320
نەپسىنىڭ شەھۋانىي ئىستەكلىرىنى پەقەت سەۋرلا توختىتالايدۇ320
سەۋرچانلىق گۈزەل ئەخلاق .................................321
سەۋرنىڭ ئەھمىيىتى........................................321

ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىش سەۋرچانلىق ئەمەس ..........322
**مەنىۋى بايلىق بەخت ـ سائادەت.......................... 324**
بەخت ـ سائادەت مال ـ دۇنيادا ئەمەس............................324
بەخت پەن ـ تېخنىكىدىمۇ ئەمەس.................................326
بەخت مەنىۋىيەتتە، ئۆزىمىزدە ......................................327
**خورما دەرىخى ۋە مۇئمىن ئادەم ............................ 328**
سىلىق ۋە ئەدەپلىك سۆزلەش گۈزەل ئەخلاقنىڭ مېۋىسىدۇر ...331
**ئىلمى مۇنازىرىلىششىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ................ 334**
مۇنازىرىلەشكۈچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر ..........335
مۇنازىرە ئەسناسىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلار ........................335
مۇنازىرىدىن كېيىنكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلار .........................336
**كەڭ قورساق بولۇش ........................................... 337**
**ئەپۇچانلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر ................................. 340**
غەزەپنىڭ زىيىنى كۆپ ............................................342
1. سۆكۈلىدىغان تۇردىكى ئەپۇ قىلىش ..........................343
2. ماختىلىدىغان تۇردىكى ئەپۇ قىلىش ............................345
3. رەھىم ـ شەپقەت قىلغانلىقتىن ئەپۇ قىلىش .....................346
**ئىناقلىق ......................................................... 349**
ئىناقلىق ئابىدىلىرى ................................................350
**تەبەسسۇمنىڭ سېھرى ......................................... 352**
تەبەسسۇمنىڭ ئەھمىيىتى.............................................353
تەبەسسۇم قىلىشنىڭ پايدىسى .......................................354
تەبەسسۇم قىلىشنىڭ پايدىسىنى بىلگەنلەرنىڭ ئېيتقانلىرى ...354
**ۋاقىتنى قەدىرلەش ئۆمۈرنى قەدىرلىگەنلىكتۇر ................ 358**
ئەقىللىك كىشىلەر ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ ........................359

ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ ........................359
**قەلبنى ئىسلاھ قىلىش ........................................ 361**
قەلب ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرى چۈشىدىغان جاي ..............362
قەلب ئەڭ ئۆزگىرىشچان ئورگاندۇر ...........................363
قەلبتە بولىدىغان زىددىيەتلەر................................364
قەلبنىڭ ساغلاملىقى جەننەتنىڭ كاپالىتىدۇر .................365
**ئالىي ھىممەت ۋە ئۇنىڭ ھاياتتىكى ئەھمىيىتى .................. 368**
ھىممەت توغرىسىدا مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئېيتقانلىرى..............369
قانداق قىلغاندا ئالىي ھىممەتلىك بولغىلى بولىدۇ؟ ............370
ھىممەتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولى...............................371
ھىممەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ چارىلىرى...........................376
ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى .......................377
**ئۈمىد ۋە ئۇنىڭ ھاياتتىكى رولى ........................... 379**
ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ..........................379
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى................................380
ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ...............381
ئۈمىدنىڭ رولى چوڭ.............................................383
ئۈمىدسىزلىك كۇفرىنىڭ جورىسى..................................384
**پاكىزلىق ....................................................... 387**
**ئىخلاس ھەقىقىي نىجاتكاردۇر ................................. 390**
**كەمتەرلىك ................................................... 393**
ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلار جەننەتكە كىرمەيدۇ ......................395
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن ئۆرنەكلەر .........396
پەيغەمبىرىمىزنىڭ كەمتەرلىكىدىن ئەمەلىي ئۆرنەكلەر .........398
ساھابىلەرنىڭ كەمتەرلىكىدىن ئۆرنەكلەر .....................399

چىرايلىق كىيىنىش كىبىر ئەمەس........................402
كەمتەرلىكنىڭ چېكى بار.........................403
**پىداكارلىق........................................ 404**
**پىداكارلىق نەمۇنىلىرى ..................................... 408**
ئەبۇ تەلھە ئەنسارى .....................................409
مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ......................................410
بۇرۇنقىلار ياخشى ئۆلگە ......................................411
**مەردلىك ۋە بېخىللىق........................................ 413**
سېخىيلىق ئابىدىسى ھاتەم..................................414
بېخىللىق ئۆلگىسى قارۇن......................................415
بايلىق بىلەن نام ـ نىشانە تىكلىگىلى بولمايدۇ ...............417
مەرد بايلار جەمئىيەتنىڭ يۆلەنچۈكلىرىدۇر......................418
بايلىق سىناق ياكى نېمەتتۇر ...................................419
بېخىللىقتا ئادەتلەنگەن خەلق نىجات تاپالمايدۇ...............421
پۇل ـ مال ئاللاھ تائالانىڭ مۈلكىدۇر ..........................421
بېخىللارنىڭ ھالاكىتى ئۆز قولىدا ..............................423
بېخىللار ھەمىشە زىيان ئىچىدە ...............................425
**ئىناقلىق ئاياللارنى ھۆرمەتلەشتىن باشلىنىدۇ .................. 428**
ئائىلە ئەر ـ ئاياللىنىڭ ئۆزئارا مۇھەببىتى بىلەنلا ئۆرە تۇرىدۇ ...428
ئاياللارنى ھۆرمەتلەش گۈزەل ئەخلاق .........................429
ئاياللارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى..............................430
**زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ھەزەر ئەيلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى ....... 432**
زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئىنسان پسىخىكىسىغا بولغان زىيىنى 432
زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ تەن ساقلىقىغا بولغان زىيىنى.......433
زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئىقتىسادقا بولغان زىيىنى..........433

ئاق ئالۋاستىدىن يىراق تۇرۇڭ ........................ 434
زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ساقلىنىش چارىلىرى ............ 436
**ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ........................ 438**
ئاتىنىڭ ئەجرىمۇ ئانىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ ................. 440
ئاتا ـ ئانىڭىزنى ھايات ۋاقتىدا خۇش قىلىڭ ................. 442
**پەرزەنت تەربىيەسى ................................ 445**
باللارغا ياخشى ئۈلگە بولۇش كېرەك ........................ 446
نەسىھەت قىلىشقا مۇناسىپ ۋاقىت تاللاش لازىم................ 448
**ئەمگەكنى سۆيۈش گۈزەل ئەخلاقتۇر ....................... 449**
ئەمگەك ئىنسانىنىڭ شەرىپىدۇر.................................. 450
رىزىق ئىشلىمەستىن قولغا كەلمەيدۇ ........................ 451
**ھەقىقىي غەلىبە نەپسى خاھىشنى يېڭىشتۇر ................ 452**
نەپسى خاھىش يامان ئىشقا بۇيرۇيدۇ ........................ 453
نەپسى خاھىش ئادەمنىڭ قەلبىدىكى شەيتان.................... 454
**ئىسلامىي سالاملىشىش ئەنئەنىسى......................... 455**
ئۇيغۇرلاردا سالاملىشىشنىڭ ئۆزگىچىلىكى ..................... 455
سالاملىشىشنىڭ قائىدىسى ..................................... 455
مۇسۇلمانلاردا سالاملىشىشنىڭ ئەھمىيىتى....................... 456
سالام بېرىشنىڭ تەرتىپى ...................................... 458
**كېسەللەرنى يوقلاشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى ......... 459**
كېسەل يوقلاش ئۈچۈن سوۋغا ئېلىپ بېرىش شەرت ئەمەس ...459
مۇسۇلمان ئەمەس كېسەللەرنىمۇ يوقلاش ساۋابلىقتۇر .......... 460
كېسەل يوقلاشتا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار................ 461
**سورۇن ۋە سورۇنداشلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى ............... 463**
سورۇندا جاي تالاشماسلىق لازىم ............................ 464

چاقىرىلمىغان سورۇنغا بارماسلىق لازىم ........................465
سورۇننىڭ ئەدەپلىرى ..................................465
**داستىخاندىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر.......................... 467**
يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى .....................468
يېمەك ـ ئىچمەكتىكى ئومۇمىي ئەدەپ ـ قائىدىلەر:...........469
**مېھماندارچىلىقتىكى ئەدەپلەر ............................. 473**
**ئۆيگە كىرىشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى ............... 475**
ئۆيگە كىرىشتە ئەدەپسىزلىك سانىلىدىغان ئىشلار...............477
**چوشكورۇك ۋە ئەسنەكنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى................ 479**
**ئائىلە ھاياتىدىكى بىر يۈرۈش ئەدەپ ـ ئەخلاقلار ............. 482**
**تۆتىنچى بۆلۈم ..................................................... 493**
**ناچار ئەخلاق تۈرلىرى.............................................. 493**
**ناچار ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ تەرىپى .................................... 497**
**ناچار ئەخلاق تۈرلىرى.............................................. 498**
ئادەم ئۆلتۈرۈش ..........................................498
ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ......................................499
ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش ......................................500
بىراۋغا قارا چاپلاشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى.......................502
يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ئاقىۋىتى ...........................502
ئالدامچىلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى..................................504
سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى ............505
ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى ....................507
ئالدامچىلىقنىڭ زىيانلىرى .......................................508
غەيۋەت، ئۇنىڭ خەتىرى ۋە گۇناھى...............................510
خىيانەت ۋە ئۇنىڭ رەزىللىكى ....................................512

خىيانەتنىڭ تۈرلىرى ........................ 513
زۇلۇم ۋە ئۇنىڭ جازاسى ........................ 515
يالغانچىلىق ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ........................ 516
مۇسۇلمان يالغان سۆزلىمەيدۇ ........................ 517
سۆزدە تۇرماسلىق كېسىلى ۋە ئۇنىڭ زىيىنى ........................ 518
ئۈچ ـ ئاداۋەت ساقلاشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى........................ 520
كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش رەزىللىك ........................ 521
كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشنىڭ گۇناھى ........................ 523
ھەسەتخورلۇق مەنىۋى كېسەلدۇر ........................ 524
گەپ توشۇش ۋە ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى........................ 525
كىشىلەرگە لەقەم قويۇش ئەدەپسىزلىك ........................ 526
ھاياسىزلىق ـــ ئىمانسىزلىقتۇر........................ 527
شەرم ـ ھايا ۋە نومۇسچان بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ........................ 527
گۇمانخورلۇق ۋە ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىكلىرى........................ 529
ۋاپاسىزلىقنىڭ رەزىللىكى ۋە تۈرلىرى........................ 529
چېقىمچىلىق، ئۇنىڭ خەتەرلىرى ۋە جازاسى........................ 531
ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنىڭ زىيىنى ۋە گۇناھى........................ 532
چىرايلىق كىيىنىش ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلىق ئەمەس ........................ 533
ئىسراپخورلۇقنىڭ يامان ئاقىۋىتى ........................ 534
پارىخورلۇق ۋە ئۇنىڭ رەزىللىكى ........................ 535
پارا بېرىش ياكى ئېلىشنىڭ گۇناھى ۋە خەتىرى........................ 536
سوۋغا ـ سالام بېرىشنىڭ ھەر قانداقى پارا ھېسابلانمايدۇ ..... 536
ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىش، ياكى يوللۇق ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن
پارا بەرسە بولامدۇ؟ ........................ 538
**بەشىنچى بۆلۈم ........................ 541**

**ئەخلاققا دائىر ئايەت، ھەدىسلەر ............................ 541**
**ئەخلاققا دائىر ئايەتلەردىن تاللانمىلار ........................ 543**
مەنئى قىلىنغا ناچار ئەخلاقلار ھەققىدە.........................551
مۇباھ ئىشلار ..........................................556
ئائىلە ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەخلاقلار ......................557
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئەدەب ـ ئەخلاقلار .............560
ئىجتىمائىي ھاياتتىكى مەنئىلەر ...........................566
ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئەدەپ-ئەخلاقلار .....................570
**ئەخلاققا دائىر «ھەدىس شەرىف»لەردىن تاللانمىلار ........... 573**
**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار ........................................ 585**

## بىرىنچى بۆلۈم

# ئەخلاق ھەققىدە ئومۇمىي بايان

# ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

ئەخلاق ــــ ئىنسانىنىڭ روھىدا يەرلىشىپ، ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن قىلىقلار بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى، گەپ ـ سۆزى، ئىدىيەسى ، مىجەز ـ ئەخلاقى، مۇئامىلىسى، باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ قېلىپقا سالىدىغان مىزان.

ئەخلاق ــــ كۈندىلىك تۇرمۇشتا چېتىلىدىغان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئومۇمىيلىقى، رولى، تەسىرى ۋە تەربىيە جەھەتتىن مەنىۋى كۈچلەرنىڭ سەرخىلى ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىككى تەرىپى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماددىي تەرىپى تەن، مەنىۋى تەرىپى روھ دەپ ئاتىلىدۇ. روھنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئىنسان روھىنىڭ تەسىرى بولغان ئەخلاقنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەخلاق ـ گۈزەل ئەخلاق ۋە ناچار ئەخلاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

## گۈزەل ئەخلاق

گۈزەل ئەخلاق ــــ ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلگەن ۋە دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىشلاردۇر. بۇ ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقمۇ دېيىلىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدىغان ياخشى ئىشلار ۋە ئادەتلەر ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: ھەر ئىشتا توغرا، ئادالەتلىك، راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك، سۆيگۈ ـ ۋاپالىق، ئىمان ـ ئېتىقادلىق بولۇش، ئائىلىسىدىكىلەرگە مېھرىبان، ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا كۆيۈمچان، قوشنىلارغا ئەپۇچان، ھايۋانلارغا رەھىمدىل بولۇش، مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىش ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداش، خاتالىقىنى دادىل ئېتىراپ قىلىش، ئەدەپلىك، جاسارەتلىك، سېخىي، مەرد، پاكىز، مەدەنىيەتلىك، كۆكسى ـ قارنى كەڭ بولۇش، ھەر ئىشتا ھەقىقەتنى كۆزلەش، ئۆزگە ئىشىنىش، ئۆزگە يۆلىنىش، ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق بولۇش، نومۇسىنى ساقلاشنى بىلىش، ۋەتەنگە، خەلققە ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولۇش ۋە باشقىلار.

## ناچار ئەخلاق

ناچار ئەخلاق ــــ ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيىتىمىزگە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن ۋە دىنىمىزدا توسۇلغان قىلىقلاردۇر.

ناچار ئەخلاقلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: يالغان ئېيتىش، ئالدامچىلىق قىلىش، ھارام يېيىش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، ئائىلىسىدىكىلەرنى رەنجىتىش، قوشنىلارغا ئازار بېرىش، خىزمەتداشلىرىغا چوڭچىلىق قىلىش، باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىش، تۆھمەت قىلىش، كۆرەلمەسلىك، قورقۇنچاقلىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ھايۋانلارنى قىيناش، ھورۇنلۇق، تەمەخورلۇق، پۇرسەتپەرەسلىك، پىتنىخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق ۋە باشقىلاردۇر.

## ئىسلام دىنىدا ئەخلاق چۈشەنچىسى

دىنىمىزنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىشنى ۋە ئىنسانلارنى ئەڭ ئېسىل ئەخلاقلارغا ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت ۋە غايە قىلغان. ئىنسانلار دىنىمىزدا بۇيرۇلغانلارنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئەمەل قىلىدىغان بولسا ئەلۋەتتە ئۇلار ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ئېسىل ئەخلاقلارغا ئىگە بولغان بولىدۇ. چۈنكى دىنىمىزنىڭ بۇيرۇغانلىرى ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى ئۆزلىرىگە، ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئەتراپىدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە، مۇھىتقا ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان بارلىق ناچار ئەخلاق ۋە يامان خۇيلاردىن يىراقلاشتۇرۇپ، پايدىلىق ئىشلارغا يۈزلەندۈرىدۇ.

ئادەم ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىقلا ھەقىقىي ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ئەۋلادلارغا ئېلىپ بېرىلغان ئەخلاق تەربىيەسى قەيەردە ياخشى ئېلىپ بېرىلسا، شۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئىدىيەۋى ساپاسى، مەدەنىيەت ساپاسى، ئەخلاق ساپاسى، تەن ساپاسى ياخشى بولىدۇ. ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىق ئەۋلادلارغا قانداق ئادەم بولۇش، قانداق غايە تۇرغۇزۇش، دەۋرگە ماس قەدەمدە قانداق ئىلگىرىلەش، قانداق قىممەت يارىتىش، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق، نېمىنى سۆيۈش، نېمىلەردىن نەپرەتلىنىش توغرىسىدا تەلىم بېرىلىدۇ.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە گۈزەل ئەخلاق

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە : «مەن پەقەت گۈزەل

ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم»[1] دېگەن.

ئەخلاق پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلىشىنىڭ غايىسى بولغان، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەقەت ئەخلاق ئۆگىتىش ئۈچۈنلا پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنمۇ؟ دەپ ھەيران بولغۇچىلارغا ئېيتىمىزكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ﴿**وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ**﴾ يەنى ﴿بىز سېنى ئالەملەرگە پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[2] دەيدۇ.

ئۇنداقتا، رەھمەتنىڭ مەنىسى نېمە؟

رەھمەت سۆزى لۇغەتتە كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق، شەپقەت، رەھىمدىللىك دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. رەھمەت سۆزىنى مەشھۇر تىلشۇناس ئالىم ئابدۇلقاھىر جۇرجانىي: «باشقىلارغا ياخشىلىق يەتكۈزۈش» دەپ تەرىپلىگەن.[3] ئىسلاھاتچى ئالىم ئىبنى قەييىم

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

(2) 21- سۈرە ئەنبىيا 107- ئايەت

(3) تىلشۇناس ئالىم ئابدۇلقاھىر جۇرجانىي ــــ قەدىمدە ئىران، ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ خۇراسان مەملىكىتى بىلەن كاسپى دېڭىزى بويىدىكى تەبەرىستان رايونى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان جۇرجان دېگەن شەھەردە دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيەنىڭ 471- يىلى (1078م) ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ تەپسىرشۇناسلىق ئىلمى، ئەرەب ئەدەبىياتى،

جەۋزىي: «جاپا تارتىسمۇ، كۆڭلى خالىمىسمۇ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى تەقەززا قىلىدىغان سۈپەت» دەپ تەرىپلىگەن.[1]

ئەخلاقنىڭ بۇ ئايەت بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بار؟

قېنى ئويلاپ كۆرۈڭ... ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، خىيانەتچىلىك، بىر ـ بىرىگە ئىشەنچسىزلىك، شەپقەتسىزلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر دەۋر سۈرگەن بىر جەمئىيەتتە رەھمەتنى تاپقىلى بولامدۇ؟

بىر ـ بىرىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان، بىر ـ بىرىگە خىيانەت قىلىدىغان، بىر ـ بىرىنى ئالدايدىغان، يالغان سۆزلەيدىغان بىر ئائىلىدە رەھمەتنىڭ ئىزناسىنى كۆرگىلى بولامدۇ؟

شۇڭا كەسكىن ئېيتالايمىزكى، «مەن پەقەت گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈنلا ئەۋەتىلدىم» دېگەن ھەدىس بىلەن ﴿بىز سېنى ئالەملەرگە پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾ دېگەن ئايەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنى روياپقا چىقىرىدىغان ھالقىلىق مۇناسىۋەتتۇر. چۈنكى ئەخلاق بولماستىن رەھمەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

---

شېئىر، مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس، بەدىئىي ئىپادىلەش سەنئەتلىرى بويىچە كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلىرى مەۋجۇت.

(1) ئىبنى قەييىم جەۋزى ـــ ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ پېشىۋالىرىدىن بىرى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 691ـ يىلى (1292م) دەمەشىقتە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەدە ئوقۇغان. تەپسىر، ھەدىس، فىقھى ۋە ئەرەب تىلى ئىلىملىرىدە توشقان ئالىم. ئۇنىڭ فىقھشۇناسلىقتا قىممەتلىك ئەسەرلىرى بار. ھىجرىيىنىڭ 751ـ يىلى (1349م) دەمەشقتە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇنداقتا، ئەخلاق ئىبادەتتىن مۇھىممۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

شەكسىزكى، ئەخلاق ئىبادەتتىن مۇھىم. چۈنكى ئىبادەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ۋە بۇ ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان نىشان ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە ياشايدىغان قىلىپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر. ناۋادا ئىبادەت بۇ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىسا، ئۇنىڭ تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىدىن پەرقى بولماي قالىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق ئەڭ ساۋابلىق ئىبادەت قاتارىدىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «قىيامەت كۈنىدە مۇسۇلمان كىشىنىڭ ياخشىلىق مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىن سالماقراق كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر»(1) دەپ كۆرسەتكەن.

دىنىمىزنىڭ بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى ئالدى بىلەن گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدىغان قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختلىك قىلىشنى مەقسەت ۋە غايە قىلغان. شۇڭا ئىنسانلار دىنىمىزدا بۇيرۇلغانلارغا ئەمەل قىلىش، مەنئى قىلىنغانلارنى تەرك ئېتىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىدە گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. چۈنكى دىنىمىزنىڭ بۇيرۇغانلىرى ۋە توسقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنى ئۆزلىرىگە، ئائىلىسىدىكىلەرگە، ئەتراپىدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە، مۇھىتقا ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان بارلىق ناچار قىلىق ۋە يامان خۇيلاردىن يىراقلاشتۇرۇپ، پايدىلىق ۋە ياخشى

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

ئىشلارغا يۈزلەندۈرىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشى مۇسۇلمان ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىدۇر.

## ئىبادەتلەرنىڭ ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىشتىكى رولى

دىنىمىزدا بۇيرۇلغان ئىبادەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىدىكى قىڭغىرلىقلارنى تۈزىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

مەسىلەن: ئىبادەتلەرنىڭ بېشى بولغان ناماز ھەققىدە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**إِنَّ الصَّلاَةَ تَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاء وَالْمُنكَرِ**﴾ يەنى «ھەقىقەتەن ناماز قەبىھ ئىشلاردىن، گۇناھلاردىن توسىدۇ»[1] دەيدۇ.

مەلۇمكى، قەبىھ ئىشلار بىلەن گۇناھلار ناچار ئەخلاقنىڭ نەتىجىسىدۇر. تەلەپكە لايىق ھالدا، سەمىمىي نىيەت بىلەن ئادا قىلىنغان ناماز ناچار ئەخلاقلاردىن چوقۇم توسىدۇ ۋە ياخشى ئەخلاقلارغا يېتەكلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەن: «مەن نامازنى پەقەت مېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدىغان، بەندىلىرىمگە يامانلىق قىلمىغان، گۇناھ ـ مەسىيەتنى داۋاملاشتۇرمىغان، كۈندۈزلىرى مېنى ياد ئەتكەن، پېقىرلارغا، مۇساپىرلارغا، تۇللارغا ۋە قىيىنچىلىق تارتىپ قالغانلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان كىشىدىنلا قوبۇل قىلىمەن.»[2]

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سىزنىڭ نامىزىڭىز سىزنى

(1) 29ـ سۈرە ئەنكەبۇت 45ـ ئايەت

(2) زۇبەيدى رىۋايىتى

ئىنسانلارغا نىسبەتەن رەھىم ـ شەپقەتلىك قىلالمىسا، سىز ناماز ئوقۇپ ئۇنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلمىگەن بولىسىز.

زاكات بېرىشتىن بولغان مەقسەتمۇ گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشتۇر. چۈنكى ئۆزىنى زاكات ۋە سەدىقىلەرنى بېرىشكە ئادەتلەندۈرگەن ئادەم يوقسۇللارغا ئىچ ئاغرىتىش ۋە مېھىر ـ شەپقەت قىلىشنى، شۇنداقلا سېخىيلىقنى ئۆگىنىدۇ. مەلۇمكى، «مېھىر ـ شەپقەت» بىلەن «سېخىيلىق» گۈزەل ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

زاكاتنىڭ بۇيرۇلۇشىنىڭ ھېكمىتى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم» مۇنداق دەيدۇ: ﴿**خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِم بِهَا**﴾ يەنى « سەن ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى زاكات ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن ۋە بېخىللىق ئىللەتلىرىدىن) پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن».[1]

ئايەتتىكى ﴿ياخشىلىقلىرىنى﴾ دېگەن ئىبارە، زاكاتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بارلىق ياخشىلىقلارنى كۆپەيتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. سېخىيلىق ۋە مەردلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقمۇ، زاكات ئارقىلىق كۆپەيتىپ بېرىلگەن مەنىۋى ياخشىلىقلاردىن بىرىدۇر.

گۈزەل ئەخلاقتا چوقۇم ئىبادەتنىڭ ساۋابى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىراۋغا ئوچۇق چىراي ئېچىشىڭدا سەدىقىنىڭ ساۋابى بار»[2] دېگەنلىكى بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ.

(1) 9ـ سۈرە تەۋبە 103ـ ئايەت
(2) تىرمىزى رىۋايىتى

روزىنىڭ بۇيرۇلىشىنىڭ مەقسىتى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم» مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ يەنى «ئى ئىمان ئېيتقانلار! گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى».[1]

ئايەتتىكى ﴿گۇناھلاردىن ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن﴾ دېگەن ئىبارە، روزىنىڭ ئىنساننى گۇناھتىن يىراق تۇرىدىغان ۋە ياخشىلىقنى سۆيىدىغان گۈزەل ئەخلاققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھەجنىڭ بۇيرۇلۇشىنىڭ مەقسىتى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم» يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الْحَجُّ أَشْهُرٌ مَّعْلُومَاتٌ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلاَ رَفَثَ وَلاَ فُسُوقَ وَلاَ جِدَالَ فِي الْحَجِّ وَمَا تَفْعَلُواْ مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ اللّهُ وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَى﴾ يەنى ﴿ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر. بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) ئوزۇق ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى ئوزۇق تەقۋادارلىقتۇر﴾[2] دېگەن ئايەتتىكى: ﴿گۇناھ قىلىش ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ﴾ دېگەن ئىبارە بىلەن ﴿ئەڭ ياخشى ئوزۇق

---

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 183ـ ئايەت

(2) 2ـ سۈرە بەقەرە 197ـ ئايەت

تەقۋالىقتۇر﴾ دېگەن ئىبارە ھەج ئىبادىتىنىڭ ئىنسانلارنى گۇناھلاردىن، كىشىلەرگە ئازار بېرىشتىن يىراق بولغان تەقۋالىق دائىرىسىگە ئېلىپ كىرىدىغان گۈزەل ئەخلاققا يېتەكلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىسلامنىڭ مۇھىم ئەركانلىرى بولغان يۇقىرىقى ئىبادەتلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ئىبادەتلەر مۇسۇلمانلار يەتمەكچى بولغان مۇكەممەللىكنىڭ شوتىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئادەتلىنىشنىڭ يولىدۇر. ئورۇندىغۇچىسىغا بۇ دۇنيادا پايدىسى بولمىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا پايدا يەتكۈزەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

## ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ئايرىلمايدىغان بىر پۈتۈنلۈكتۇر

ئىنسان تەنتەربىيە ئارقىلىق جىسمانىي ساغلاملىققا ئېرىشسە، ئىبادەت ئارقىلىق روھىي گۈزەللىككە ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا ئېرىشىدۇ. بەزى كىشىلەر مەسجىدتە ناھايىتى ئەخلاقلىق بولسىمۇ، ئەمما مەسجىدنىڭ سىرتىدا، جەمئىيەتتە، ئائىلىسىدە، ئىش ئورنىدا، ئۇ باشقا بىر ئىنسان...

ئىبادەت بىلەن ئەخلاق ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق چوڭ ئايرىلىش نەتىجىسىدە، ئىسلام دۇنياسىدا، مۇنداق ئىككى خىل ئىنسانلار مەۋجۇت:

بىرى، ئەخلاقى ناچار، ئەمما ئىبادەتلىرىنى ۋاقتىدا ئورۇندايدىغانلار،

يەنە بىرى، ئەخلاقى ياخشى، ئەمما ئىبادەتلەرنى ياخشى ئورۇندىمايدىغانلار، ياكى پەقەت ئورۇندىمايدىغانلار.

جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار مۇئامىلە ئىشلىرىدا ناھايىتى راستچىل، دۇرۇس ۋە ئىشەنچلىك، ئەمما ناماز ئوقۇمايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئىبادەتلەرگە ناھايىتى ھېرىسمەن بولسىمۇ، ئەخلاقى ناچار بولغانلىقتىن بىراۋنى ئالدايدۇ، يەنە بىرىگە ئازار قىلىدۇ.

بۇ ئىككى پىرقىنىڭ ھېچقايسىسى ئىسلامدىن ئەمەس![1]

سۇ بىلەن ئوت بىرلىشەلمىگەندەك، تەلەپكە لايىق ئورۇندالغان ئىبادەت بىلەن ناچار ئەخلاق بىرلىشەلمەيدۇ.

---

(1) ئۇستاز ئەمر خالىدنىڭ «مۇئمىنىنىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

«قۇرئان كەرىم» بەختكە ئېرىشىدىغان ھەقىقىي مۇئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلغان جىمى ئايەتلەردە، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئىبادىتىنى ماختىغان. مەسىلەن: مۇئمىنۇن سۈرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿**قَدْ أَفْلَحَ الْمُؤْمِنُونَ الَّذِينَ هُمْ فِي صَلَاتِهِمْ خَاشِعُونَ**﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. ئۇلار (شۇنداق مۇئمىنلەركى) نامازلىرىدا (ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىقتىن) ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر﴾. بۇ ئىبادەت.

﴿**وَالَّذِينَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر﴾. بۇ ئەخلاق.

﴿**وَالَّذِينَ هُمْ لِلزَّكَاةِ فَاعِلُونَ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر﴾. بۇ ئىبادەت.

﴿**وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَامَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ فَمَنِ ابْتَغَى وَرَاءَ ذَلِكَ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْعَادُوْنَ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن (يەنى ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. ئۆز ئاياللىرى ۋە چۆرىلىرى بىلەن جىنسىي يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ. بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر﴾. بۇ ئەخلاق.

﴿**وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ۋەدىسىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر﴾.

بۇ ئەخلاق.

﴿**وَالَّذِينَ هُمْ عَلَى صَلَوَاتِهِمْ يُحَافِظُونَ**﴾ يەنى ﴿نامازلىرىنى (ۋاقتىدا، تەلەپكە لايىق) ئادا قىلغۇچىلاردۇر﴾.[1] بۇ ئىبادەت.

«قۇرئان كەرىم» يەنە ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشكەن ياخشى بەندىلەرنىڭ سۈپەتلىرىنىمۇ ئۇلارنىڭ ئىبادىتى ۋە ئەخلاقى بىلەن بىرگە بايان قىلغان. مەسىلەن: فۇرقان سۈرىسىدە مۇنداق كەلگەن:

﴿**وَعِبَادُ الرَّحْمَنِ الَّذِينَ يَمْشُونَ عَلَى الْأَرْضِ هَوْنًا وَإِذَا خَاطَبَهُمُ الْجَاهِلُونَ قَالُوا سَلَامًا**﴾ يەنى ﴿مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى، زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (نالايىق) سۆز قىلسا، ئۇلارغا: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز» دەيدۇ (ۋە ئۆز يولىغا داۋام قىلىدۇ)﴾. بۇ ئەخلاق.

﴿**وَالَّذِينَ يَبِيتُونَ لِرَبِّهِمْ سُجَّدًا وَقِيَامًا**﴾ يەنى ﴿ئۇلار كېچىلەرنى(ناماز ئوقۇپ) رەببىگە سەجدە قىلىش ۋە قىيامدا تۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ﴾. بۇ ئىبادەت.

﴿**وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَامًا إِنَّهَا سَاءَتْ مُسْتَقَرًّا وَمُقَامًا**﴾ يەنى ﴿ئۇلار: «رەببىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى يىراق قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ. جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان

---

(1) 23ـ سۈرە مۇئمىنۇن 1~9ـ ئايەتلەر

قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر» دەيدۇ﴾. بۇ ئىبادەت.

﴿**وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا**﴾ يەنى ﴿ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرھال خىراجەت قىلىدۇ﴾.[1] مانا بۇ ئەخلاق.

دېمەك، دىنىمىزنىڭ بىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنى ئىبادەت بىلەن ئەخلاقنىڭ ھەر ئىككىسىدۇر.

## ئىبادەتتىن ئەخلاقىي نېسۋە ئالالمىغانلار قىيامەتتە قۇرۇق قول قالىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلىرىدىن: «كىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچقانداق مال ـ مۈلكى بولمىغان كىشىنى قۇرۇق قول قالغۇچى كىشى، دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىراۋ ناماز، زاكات ۋە روزا بىلەن كېلىدۇ. ئەمما ئۇ بىرىنى تىللىغان، بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان، بىرىنىڭ مېلىنى يەۋالغان، بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرىنى ئۇرغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى شۇلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى تۈگىسە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ قۇرۇق قول قالغۇچىسىدۇر»[2] دېگەن.

ھەدىستە كۆرگىنىمىزدەك، ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولماسلىقىنىڭ ۋە

(1) 25ـ سۈرە فۇرقان 63~67ـ ئايەتلەر.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ئاخىرەتتە ئەسقاتماسلىقىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ناچار ئەخلاقلاردۇر!

**روھىي دۇنياسى گۈزەل بولغانلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمۇ گۈزەل بولىدۇ**

ئىنسان روھىي دۇنياسىنى گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن زىننەتلىگەندىلا جەمئىيەتتە ئىش ـ ھەرىكىتى گۈزەل، سۆز ـ ئىپادىسى گۈزەل، مۇھىتى گۈزەل بولالايدۇ. ئىپپەت ـ ھايالىق، گۈزەل غايىلىك، قايتماس ئىرادىلىك، چىدام ـ غەيرەتلىك، سەۋر ـ تاقەتلىك، تىرىشچان، سەمىمىي ـ ساداقەتلىك، كەمتەر، ئىشچان، ئەپۇچان، مۇلايىم، ئىغىر ـ بېسىق، روھىي دۇنياسى مۇكەممەل ئادەم بولالايدۇ. ئەكسىچە، ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيەسىگە سەل قارالسا گۈزەللىك سەتلىككە، ياخشىلىق يامانلىققا ئۆزگىرىدۇ. ئەخلاقسىز ئادەم يامان ئىش، يامان خۇي، يامان ئىللەتنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. مۇنداقلار ئىش ـ ھەرىكىتى ئەسكى، سۆزلىرى قوپال، بىھايا، پەسكەش، نومۇسسىز، ۋىجدانسىز، رەھىمسىز، ساختىپەز، ۋاپاسىز، يالغانچى، ئالدامچى، ئاچكۆز، نەپسانىيەتچى، مەنمەنچى، چېقىمچى، بېخىل، جېدەلخور... قاتارلىق يامان قىلىقلارغا ئادەتلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا دۇنيادىكى بارچە دىنلار ئەڭ ئاۋۋال كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلىنىشكە چاقىرىپ كەلگەن. ئىسلام دىنىدا بولسا، گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ كامالىتى ھەم ئەڭ چوڭ ئىبادەت سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «مۇسۇلمان ئادەم گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كېچە ئۇخلىماي تەھەججۇد ناماز ئوقۇغان ۋە

كۈندۈزى روزا تۇتقانىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

## ئەخلاقى گۈزەل كىشى ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىقتۇر

ئاللاھقا ئەڭ يېقىملىق ئادەم ئەڭ ئەخلاقلىق ئادەمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن ئەلچىلەر ئۇنىڭدىن: قانداق ئادەمنى ئاللاھ ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەڭ ئەخلاقلىق بولغان ئادەمنى ئاللاھ ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈنمۇ ئەڭ يېقىملىق ئادەم ئەڭ ئەخلاقلىق ئادەمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ئىچىڭلاردىن مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئەڭ ئەخلاقلىق بولغانلىرىڭلار مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك ھېسابلىنىدۇ».[3]

## گۈزەل ئەخلاق جەننەتنىڭ يولىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلارنىڭ ئەڭ كۆپى تەقۋالىق بىلەن ياخشى ئەخلاقتۇر»[4] دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ گۈزەل ئەخلاققا تەشەببۇس قىلىپ: «مەن ئەخلاقى گۈزەل بولغانلارنىڭ جەننەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك قەسىرگە

---

(1) ئىبنى ھىببان، ھاكىم رىۋايىتى
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(4) ئىمام تىرمىزى، ئىبن ماجە رىۋايىتى

كىرىشكە كاپالەت قىلالايمەن»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالى[2] «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىمان كىشىنى پەسلىكتىن ساقلىغۇچى ۋە ئۇلۇغلۇققا قوزغاتقۇچى كۈچتۇر. ئۆزلىرىنى دىندارلاردىن سانايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بەزى ئىبادەتلەرنى ئورۇنداپ قويغىنى بىلەن مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلىنغان ئەخلاقىي ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا سەل قارايدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىلغان ئىبادەتلىرىدىن پايدا ئالالمايدۇ. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: ‹يا رەسۇلۇللاھ! بىر ئايال بار، ئۇ ناماز ئوقۇيدۇ، روزا تۇتىدۇ ۋە سەدىقىنى كۆپ قىلىدۇ. لېكىن قوشنىسىغا تىلى بىلەن ئەزىيەت بېرىدىكەن› دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇ دوزاختا كىرىدۇ› دېگەن. ئۇ ئادەم يەنە: ‹يەنە بىر ئايال بار، ناماز، روزىسى ئاز، سەدىقىنىمۇ ئاز بېرىدىكەن، قوشنىسىغا ئەزىيەت بەرمەيدىكەن› دېگەندە، پەيغەمبەر

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

(2) ئىسلاھاتچى، مۇتەپەككۇر ئالىم، مۇھەممەد غەززالىي ـــ 1917- يىلى مىسىرنىڭ بۇھەيرە رايونىدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، مىسىرنىڭ ئالىي دىنىي ماقاملىرىدا ۋە قەدىمىي ئىلىم يۇرتى ئەزھەرنىڭ دەۋەت ئىشلىرى كومىتېتىدا خىزمەت قىلغان، مەككىدىكى «ئۇممۇلقۇرا» ئۇنىۋېرسىتېتىدا، ئالجىرىيەدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىر قانچە يىل مۇدەررىسلىك قىلغان. مىسىردىكى «ئىخۋانۇل مۇسلىم» جامائىتىنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىدىن بولغان، بۇ سەۋەبتىن ئىككى قېتىم تۈرمىگە ئېلىنغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەربىيە ماۋزۇلىرىدا كۆپلىگەن قىممەتلىك ئىسلامىي ئەسەرلەرنى يازغان، 1996- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ رىياد شەھرىدە چاقىرىلغان ئىسلام قۇرۇلتىيىدا نۇتۇق سۆزلەۋېتىپ ئالەمدىن ئۆتكەن، مەدىنىدىكى ‹بەقى› قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

ئەلەيھىسسالام: ‹ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ› [1] دېگەن. بۇ جاۋابتا ئېسىل ئەخلاقنىڭ قىممىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. يەنە بىر ھەدىستە: ‹گۈزەل ئەخلاق خۇددى سۇ قىرونى ئېرىتكەندەك خاتالىقلارنى ئېرىتىدۇ. ناچار ئەخلاق سىركە ھەسەلنى بۇزغاندەك ھەممىنى بۇزىدۇ›[2] دەپ كۆرسىتىلگەن».

## گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ كامىللىقىغا دەلىلدۇر

گۈزەل ئەخلاق ئىماننى تاكامۇللۇققا ئېلىپ بارىدىغان ۋە ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان ئامىلدۇر. دەرىجە جەھەتتە ئەخلاق بىلەن ئىمان بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ: «ئىمانى ئەڭ كامىل مۇئمىن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىدۇر»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنداق ئادەم مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان، بۇ ۋاقىتتا ساھابىلەردىن بىرى ئۇنىڭدىن: يارەسۇلۇللاھ! ئۇ قانداق ئادەم؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشنىسى ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىقلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئادەم»[4] دەپ جاۋاب بەرگەن.

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) ئىمام بەيھەقى رىۋايىتى. مۇتەپەككۇر ئالىم مۇھەممەد غەززالىينىڭ «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(4) ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

قېنى ئويلاپ كۆرۈڭ! بالكونىغا يايغان كىرنىڭ سۈيىنى ئاستىنقى قەۋەتتىكى قوشنىلىرىغا ياكى يولغا ئېقتىپ، كىشىلەرگە ئازار قىلىدىغانلار بىلەن ماشىنىسىنى قوشنىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا توختىتىۋېلىپ ئۇنى بىئارام قىلىدىغان، ياكى قوشنىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يۇندا ياكى ئەخلەتلەرنى تۆكىدىغان، ئۆيىگە كىرىپ ـ چىقىش جەريانىدا قوشنىلىرىنى بىئارام قىلىدىغانلار ئۆزلىرىنى ئىمانىمىز كامىل دەپ ئېيتالامدۇ؟ ئەگەر «ھەئە» دېسە، ئۇلار يالغانچىلاردۇر!

ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىدا رەزىللىك چوڭقۇرلىشىپ، يامانلىقى كۆپەيگەنسېرى خۇددى ئادەم كېيىمدىن ئايرىلغاندەكلا دىن ـ دىيانەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئەخلاق ھەر قانداق ئادەمنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك غەلىبە ياكى مەغلۇبىيىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل.

# ئەخلاقنىڭ دائىرىسى ۋە  پىرىنسىپلىرى

## شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنىشى[1]

شەرىئەت ئەھكاملىرى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ:

1. خالىس ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكاملار

2. شەخسىي ھەق ـ ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكاملار

3. كوللېكتىپقا مۇناسىۋەتلىك ھەق ـ ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەھكاملار

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقى ئالدىدا باش ئېگىش، ئۇنىڭغا ئۇ رازى بولىدىغان رەۋىشتە ئىبادەت قىلىش، بۇيرۇغان ۋە توسقانلىرىغا رىئايە قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەخسىي ھەق ـ ھوقۇقلار كىشىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى، تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقى ۋە نەپسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى ئۆزىگە ھازىر ۋە كېلەچەكتە پايدىلىق بولغان شەكىلدە باشقۇرۇش ھوقۇقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك ھەق ـ ھوقۇقلار باشقىلار بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، ياردەملىشىش ھوقۇقى، كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا

---

(1) مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەننەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى( ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

چاقىرىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ھوقۇقى، ئادالەتنى بەرپا قىلىش، سالاھىيەتلىك ۋە ئادالەتلىك ئىش باشقۇرغۇچىلارنى سايلاش ھوقۇقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زاكاتنى ھەقلىق بولغانلارغا يەتكۈزۈپ بېرىپ ئادا قىلىشمۇ بۇ تۈرگە كىرىدۇ.

شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە تەكلىپلىرى يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچىسى، ئېتىقاد مەسىلىلىرى بولۇپ، بۇ ئېتىقاد ئىشلىرىدا ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى سىناشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئىبادەت مەسىلىلىرى بولۇپ، بۇ ئىتائەت ئىشىدا ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى سىناشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئۈچىنچىسى، مۇئامىلە مەسىلىلىرى بولۇپ، بۇ ئېلىم ـ بېرىم مۇئامىلىسى ۋە ھەر قانداق پۇل مۇئامىلىسىدە ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى سىناشنى مەقسەت قىلىدۇ.

تۆتىنچىسى، ئائىلە ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بولۇپ، بۇ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى رەتكە سېلىش، ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى بۇ ساھەدە سىناشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بەشىنچىسى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت مەسىلىسى بولۇپ، بۇ ئىنسان تۇرمۇشىنى رەتكە سېلىش، ئائىلە ھاياتىدا ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سىناشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ بۆلۈمگە ئۆيلىنىش، ئاجرىشىش، ئائىلە ھاياتىدىكى ھالال ـ ھارام قاتارلىقلار كىرىدۇ.

ئالتىنچىسى، ئەھدۇ ـ پەيمان، كېلىشىم ۋە توختاملارغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بولۇپ، بۇ ئىنسانلار ئارىسىدا بولۇپ تۇرىدىغان مۇئامىلە مەسىلىلىرىدە ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى سىناشنى

مەقسەت قىلىدۇ.

يەتتىنچىسى، ئىسلامىي ئەدەپ ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ ئىنساننىڭ ئەخلاقى تەرەپتىن ئىرادىسىنى سىناشنى مەقسەت قىلىدۇ.

## شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

يۇقىرىقى شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەخلاقتىن ئىبارەت بىرلا ماۋزۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. چۈنكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئورۇنداشقا تۈرتكە بولىدىغان نەرسە ئەخلاقتۇر.

1. ئېتىقادنىڭ ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىسلام ئېتىقادى ئەمەلىيەتتە ئىلمىي ھەقىقەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ـ بارلىقىغا، سۈپەتلىرىگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋىي (ئاللاھ چۈشۈرگەن) كىتابلارغا، غەيبلەرگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرى باردۇر.

ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە باش ئېگىش ئەخلاقىي پەزىلەت بولۇپ، بۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى قوبۇل قىلىشقا تۈرتكە بولغان نەرسە يەنىلا ئەخلاقتۇر. چۈنكى ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىش گۈزەل ئەخلاق بولسا، ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈش رەزىل ئەخلاقتۇر. ئۇنىڭغا تۈرتكە بولغان نەرسىمۇ نەپسى خاھىشىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىپ، ھەقىقەتنى رەت قىلىش ۋە ئۇنى يامان كۆرۈشتۇر.

ھەقىقەتنى سۆيۈش ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولغان تەقدىردىمۇ قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلەنگەن ئادەمنىڭ

بۇ گۈزەل ئەخلاقى ئۇنى ھەقىقەتكە باش ئېگىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش، ھەق ئىگىسىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما بۇ گۈزەل ئەخلاقتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىنى ئەقىلگە ھۆكۈمران قىلىۋالغانلار ھەقىقەتنى قوبۇل قىلمايدۇ، ھەق ئىگىسىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان باتىل ئېتىقادلار ئەخلاقىي بۇلغىنىشلاردىن كېلىپ چىققان خۇراپاتلار بولۇپ، بۇلغانمىغان ساپ ئەخلاقنىڭ تۈرتكىسى بۇنداق باتىل ئېتىقادلارنى رەت قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

2. ئىبادەتنىڭ ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئىبادەت پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىگىلا قىلىنىدىغان، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشنى، ئۇنىڭغا يېقىنلىق ئىزدەشنى ۋە ئۇنى چىن دىلىدىن سۆيۈشنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇلۇغۋار ئىتائەتچانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئىتائەت قىلىنىشى زۆرۈر بولغان بىرىگە ئىتائەت قىلىش ئەخلاقىي بۇرچ بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرتكىسى ھەقىقەتنى سۆيۈش، ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقتۇر. چۈنكى ئىتائەت قىلىنىشى زۆرۈر بولغان بىراۋنىڭ ئىتائەت قىلىنىشى ئۇنىڭ تەبىئىي ھەققىدۇر.

ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ۋە ھەقىقەت ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت

گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلەنگەن ئادەمنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقى ئۇنى ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە ئاللاھنىڭ ھەققى بولغان قۇلچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلىشمۇ گۈزەل ئەخلاق بولۇپ، بۇنىڭغا تۈرتكە بولغان نەرسە ياخشىلىق قىلغاننىڭ مۇكاپاتىنى بېرىش، نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقتۇر. ئاللاھ تائالا نېمەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلىش بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە ئەڭ ھەقلىقتۇر. گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەققىنى ئادا قىلغاندەك، ئىنسانلار تەرىپىدىن كۆرگەن ياخشىلىقلارنىمۇ مۇكاپاتسىز قويمايدۇ. بۇنداق قىلىش ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتىن ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتقۇچىلار ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى بېرىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ گۈزەل ئەخلاقتىن مەھرۇم بولغۇچىلار بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان: ﴿ **لَنْ يَسْتَنْكِفَ الْمَسِيحُ أَنْ يَكُونَ عَبْدًا لِلَّهِ وَلاَ الْمَلاَئِكَةُ الْمُقَرَّبُونَ وَمَنْ يَسْتَنْكِفْ عَنْ عِبَادَتِهِ وَيَسْتَكْبِرْ فَسَيَحْشُرُهُمْ إِلَيْهِ جَمِيعًا ۞فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُواْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ فَيُوَفِّيهِمْ أُجُورَهُمْ وَيَزِيْدُهُمْ مِّنْ فَضْلِهِ وَأَمَّا الَّذِيْنَ اسْتَنْكَفُواْ وَاسْتَكْبَرُواْ فَيُعَذِّبُهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا وَلاَ يَجِدُوْنَ لَهُمْ مِّنْ دُوْنِ اللَّهِ وَلِيًّا وَلاَ نَصِيْرًا**﴾ يەنى ﴿مەسىھمۇ، (ئاللاھقا) يېقىن پەرىشتىلەرمۇ ئاللاھقا بەندە بولۇشتىن ھەرگىز باش تارتمايدۇ، كىملەركى ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشتىن باش

تارتىدىكەن ۋە كۆرەڭلەپ كېتىدىكەن، (بىلسۇنكى) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىش ۋە جازالاش ئۈچۈن) ئۆز دەرگاھىغا توپلايدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئەمەللىرىنىڭ) ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ، نېمىتىنى ئۇلارغا بېرىدۇ، (ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشتىن) باش تارتقان ۋە كۆرەڭلەپ كەتكەنلەرگە كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا قاتتىق ئازاب قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان) ھېچقانداق دوست ۋە ھېچقانداق مەدەتكار تاپالمايدۇ.﴾[1]

شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلىرى ئىبادەتتىن باش تارتمايدىغان بەندىلەر دەپ سۈپەتلەنگەن: ﴿**إِنَّ الَّذِينَ عِندَ رَبِّكَ لاَ يَسْتَكْبِرُونَ عَنْ عِبَادَتِهِ وَيُسَبِّحُونَهُ وَلَهُ يَسْجُدُونَ**﴾ يەنى ﴿ رەببىڭنىڭ دەرگاھىدىكىلەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن باش تارتمايدۇ، ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سەجدە قىلىدۇ.﴾[2]

3. پۇل ـ مال مۇئامىلىسىنىڭ ئەخلاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

پۇل ـ مال مۇئامىلىسى دۇرۇسلۇق ۋە ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇئامىلە بولۇپ، دۇرۇسلۇق بىلەن ئادالەتنى سۆيۈش گۈزەل ئەخلاق قاتارىدىن سانىلىدۇ. دۇرۇسلۇق ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلەنگەن ئادەم پۇل ـ مال مۇئامىلىسى ۋە قانداقلا

(1) 4ـ سۈرە نىسا 172ـ، 173ـ ئايەتلەر
(2) 7ـ سۈرە ئەئراف 206ـ ئايەت

بىر مۇئامىلىدە چوقۇم ئىسلام پىرىنسىپى بىلەن ئىش كۆرىدۇ. «دىن — مۇئامىلىدۇر» دېگەن سۆزمۇ بۇ سەۋەبتىن ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

ئەمما دۇرۇسلۇق ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغانلار باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش، ھەقسىزلىق قىلىپ باشقىلارغا زۇلۇم قىلىش قاتارلىق يامانلىقلارنى قىلىدۇ. چۈنكى ھەقسىزلىق بىلەن زۇلۇم ھەقىقەت ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا زىت كەلگەن ۋاقىتدا، ئۇنى يامان كۆرۈش ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشتىن ئىبارەت ئەخلاقىي قىڭغىرلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان نەرسە.

4. ئائىلە ھاياتىدىكى ئەھكاملار بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى

ئائىلە ھاياتى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئىسلامىي ئەھكاملار ۋە قائىدە ـ پىرىنسىپلار ئەخلاق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بولۇپ، ئەخلاق بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسلىق يۆلەنچۈكىدۇر. مەسىلەن: ئائىلە نىزامى، شەخسلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئالىدىغان بولساق، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ھەمكارلىق، بىر ـ بىرىنى چۈشىنىش ۋە بىر ـ بىرىگە يول قويۇش، بىر ـ بىرىنى كەچۈرۈش، ئائىلىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە يارىتىلىشتىكى ئۆزگىچىلىكىگە ئاساسەن ئادالەت بىلەن بۆلۈشۈش، ئۆيلىنىش، ئاجرىشىش، ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش، مىراسنى ھەققانىي تەقسىم قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى باشتىن ـ ئاخىر گۈزەل ئەخلاق پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش بىلەنلا توغرا يۆنىلىشكە قاراپ يول ئالىدىغان ئىشلاردۇر. چۈنكى دۆلەتنىڭ قانۇن ـ پىرىنسىپلىرى ئۆي ئىچىگە يارىمايدۇ. ئۆي ئىچىدە پەقەت ئاللاھتىن قورقۇشتىن ئىبارەت ئەخلاقىي ۋە ۋىجدانىي پىرىنسىپلارلا ئىشقا

يارايدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە مۇناسىپ ھالدا كىيىنىش ئىشلىرىمۇ بۇ ماۋزۇغا قوشۇلىدۇ.

5. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئەخلاق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەر بىر شەخسنىڭ ھاياتىنكى دىنىي ۋە دۇنيالىق ۋەزىپىسىنى، ئائىلە ئەزالىرىغا، قوشنىلىرىغا، يۇرت ـ جامائىتىگە ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان بۇرچىنى ۋە ۋەزىپىسىنى چىن كۆڭلىدىن قېتىرقىنىپ ئادا قىلىش بولسا شۇ كىشىدىكى ھەقىقەتنى سۆيۈش، باشقىلارغا يول قويۇش، كەچۈرۈش، ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

6. ئەھدە ـ پەيمان، كېلىشىم تۈزۈش ئىشلىرىنىڭ ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋىتى

ئەھدۇ ـ پەيمان، كېلىشىم ۋە توختام ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىن مەقسەت ئىنسانلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغداش، ھەقسىزلىككە ۋە زۇلۇمغا يول قويماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. مۇنداق مۇئامىلىلەرنى بىراۋنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلماستىن ھەققانىي ھالدا ئېلىپ بېرىش پەقەت گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈش بىلەنلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى گۈزەل ئەخلاق كىشىنى ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش، ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش، ھەقسىزلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق پەزىلەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ.

7. ئىسلامىي قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ ئەخلاق بىلەن مۇناسىۋىتى

ئىسلامىي قائىدە ـ يوسۇنلار ئىنسانىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى ۋە ئىش-

پائالىيەتلىرىدە، شۇنداقلا باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان بىر خىل دۇرۇسلۇق، ھەققانىيلىق ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكنى گەۋدە قىلغان روھىي گۈزەللىكتۇر. ئۇنىڭدا باشقىلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا ياخشى ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى بىئارام قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدىغان ھەرقانداق گەپ - سۆز ۋە ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇش قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەر مۇجەسسەم بولغان بولىدۇ.

بۇ قائىدە - يوسۇنلار پەقەت گۈزەل ئەخلاقنى نىسىۋە ئالغان كىشىلەردىلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپالايدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار دۆلەتنىڭ قانۇنى بىلەن قورقۇتۇپ قىلدۇرغىلى بولىدىغان ئىشلار ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن چىققان ۋە ئۇنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئۆز كونتروللۇقى ئاستىغا ئالىدىغان ئەخلاقنىڭ كۈچى بىلەنلا قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

# ئىنسانلار جەمئىيىتى ھەمىشە گۈزەل ئەخلاقلارغا موھتاج

شەك قوبۇل قىلمايدىغان ھەقىقەتلەردىن بىرى شۇكى، دۇنيادا ئىنسانلار توپلىشىپ ياشايدىغان قانداقلا بىر جەمئىيەت بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئەزالىرى گۈزەل ئەخلاققا باغلانماستىن، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى چۈشىنىپ، بىر ـ بىرىگە يول قويۇپ ۋە بىر ـ بىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ بەختلىك ھالدا ھايات كەچۈرۈشى ۋە راۋاج تېپىشى مۇمكىن ئەمەس.

بۇنداق بولماستىنمۇ راۋاج تاپقان ئىنسانلار جەمئىيىتى بار دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ پەقەت ماددىي مەنپەئەتلەر بىلەن باغلانغان ھەمكارلىقتۇر، خالاس. بۇنداق جەمئىيەت ئەزالىرىدا ماددىي مەنپەئەت باغلىنىشىدىن باشقا ئۇلۇغۋار پەزىلەتلەر بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى چوقۇم كىرىزىسقا يۈز تۇتىدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ ئاددىي تەلەپ ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئىشەنچ ۋە بۇ ئىشەنچنى يەردە قويمايدىغان ئەمىنلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقتۇر.

گۈزەل ئەخلاق ئىنسانىي ۋە ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت بولۇپ، دۇنيادا ھېچقانداق بىر جەمئىيەت ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالمايدۇ. ئەخلاق بۇزۇلغان ھامان ھەرخىل كىرىزىسلار باش كۆتۈرىدىغانلىقىدا شەك يوق.

«ئەمىرى شۇئەرا» (شائىرلارنىڭ پېشۋاسى ) دېگەن ئۇلۇغ ئۇنۋانغا سازاۋەر بولغان مىسىرلىق شائىر ئەھمەد شەۋقى مۇنداق دەپ يازغان:

**إنما الأمم الأخلاق مابقيت فإن هم ذهبت أخلاقهم ذهبوا**

تەرجىمىسى:

**ئەخلاق بىلەن ھەر مىللەت راۋاجلىنىپ داۋام ئېتەر،**

**ئايرىلغانلار ئەخلاقتىن زاۋاللىقتا يوقاپ كېتـــــەر.**

راستچىللىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق ھۆكۈم سۈرمىگەن بىر جەمئىيەتتە كىشىلەردە ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ قوغدىلىشىغا، ئىلىم ـ پەن، مائارىپ ۋە يېڭىلىق خەۋەرلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەنچ بولامدۇ؟

ئىشەنچتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان بىر جەمئىيەت كىشىلىرىدە ئۆزئارا ھەمكارلىق، مۇقىملىق، خاتىرجەملىكنىڭ مىساللىرىنى تاپقىلى بولامدۇ؟

ئارىسىدا بىرلىك، ئىناقلىق، ئۆزئارا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بولمىغان بىر مىللەت قانداقمۇ پارلاق كېلەچەك قۇرالىسۇن؟

ئۆزىنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىش يولىدا دۈشمەنلەرگە ۋە زالىملارغا قارشى شىجائەت، قورقماس ئىرادە بولمىغان بىر مىللەت قانداقمۇ ئاسارەتتىن قۇتۇلالىسۇن؟

ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، نەپسى ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ياشايدىغان، قۇربان بېرىشنى ياقتۇرمايدىغان بىر ئىنسان قانداقمۇ ئىنسانىي كامىللىققا يېتەلىسۇن؟

تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى يۈكسىلىشتىن بولغان نېسىۋىسى ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتتىكى يۈكسىلىش دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ. قانداقلا بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى تەرەپتىن يېقىلىشى ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي تەرەپتىن يېقىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا بولىدۇ.

شۇڭا ھازىرقى غەرب ئەللىرى ماددىي تەرەپتىن تەرەققىي قىلىپ دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەخلاق تەرەپتىن نۆل دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقتىن، ئۇلار ماددىي جەھەتتە باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەندەك كۆرۈنگەن بىلەن، مەنىۋى قاششاقلىقتا ياشىماقتا. بۇ دۆلەتلەردىكى ھەق ـ ھوقۇقلار شەخسلەردىكى ئەخلاقىي كۈچ بىلەن ئەمەس، بەلكى قانۇننىڭ كۈچى بىلەنلا قوغدىلىدۇ. شۇڭا مۇنداق بىر جەمئىيەت خەلقلىرىدە بىر ـ بىرىگە ئىشەنچ قىلىش ۋە بىر ـ بىرىنىڭ يامان غەرىزىدىن خاتىرجەم بولۇش، دېگەن نەرسە بولمايدۇ. پەقەت دۆلەت قانۇنىغىلا تايىنىدۇ.

ھالبۇكى، قانۇن ھەممىنى كۆرەلمەيدۇ، قانۇن ئۆي ئىچىدە ئىپادىسىنى تاپالمايدۇ. پەقەت ئائىلە ئەزالىرى تەرىپىدىن شىكايەت ۋە ئەرزلەر بارغاندىلا، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ. قورقۇتۇش ۋە تەھدىتلەر بىلەن ئەرز قىلىشنى توسۇۋالغانلار يەنىلا ئۆزلىرى بىلگەن ناھەقسىزلىكلەرنى قىلىۋېرىدۇ. بۇ ھازىرقى دۇنيادىكى ئاشكارا رېئاللىق بولۇپ، ھەممە ئادەم ئۇنى ياخشى بىلىدۇ.

**ئەخلاق ـ پەزىلەت ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ**

چۈنكى ئەخلاق ـ پەزىلەت ھەر قانداق بىر مىللەت خەلقلىرى ئىچىدە يىمىرىلمەس تۈتقۇ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان ئاساسلىق ھالقىدۇر. بۇ ھالقىنىڭ بىرەر شەخستە يوقىلىشى ياكى ئۈزۈلۈپ كېتىشى بىلەن شۇ شەخسنىڭ ئۇمۇم بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي يوقالغان ۋە ئۈزۈلگەن بولىدۇ.

بۇنىڭغا مىسال ئالىدىغان بولساق:

1. گۈزەل ئەخلاقلاردىن «راستچىللىق»نى ئالايلى:

راستچىللىق جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخسنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىنى باشقىلار بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ھالقىلاردىن بىرى بولۇپ، مەزكۇر شەخسنىڭ مۇئامىلە، ئامانەت، ۋەدە، كېلىشىم، خەۋەر، ۋەقە ۋە مەلۇمات قاتارلىق ماۋزۇلاردا سۆزلىگەنلىرىنى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىشەنچكە ئىگە قىلىپ تۇرىدىغان ئاساسلىق نۇقتىدۇر.

قانداقلا بىر شەخستىكى بۇ راستچىللىقتىن ئىبارەت پەزىلەت يوقالغان ھامان، ئۇ شەخسنى جەمئىيەت ئەزالىرى (قەۋم ـ قېرىنداشلىرى) بىلەن باغلاپ تۇرغان مۇھىم ھالقا ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالمايدىغان بولىدۇ-دە، ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن، كېلىشىم تۈزۈشتىن، ئۇنىڭغا بىرەر ئىشنى تاپشۇرۇشتىن ۋاز كېچىدىغان بولۇپ قالىدۇ، بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىپ باشقىلارغا دەرد تۆكسە، ياكى ياردەم سورىسا ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەيدىغان، ياردەم قىلمايدىغان، ھەتتا ئۇنى باشقىلارغا ياخشى دەپ تەرىپلىمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم يالغانچىلىقى بىلەن تونۇلۇپ قالغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنىڭ راست سۆزىگىمۇ ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ئادەم جەمئىيەتتە يېتىم قالغانلىقتىن، روھىي ئازابلارنى يەتكۈچە چەككەننىڭ سىرتىدا، قەۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارى يوق بىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھېكايە بار، چاقچاقلىشىشقا ئادەتلىنىپ قالغان بىر ئادەم كېچىسى قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن بولۇپ، ئىچكىلى سۇ تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆگزىسىگە چىقىپ مەھەللە ئەھلىنى چاقىرىپ « ئوت كەتتى، تىز كېلىڭلار، سۇ ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ

ۋارقىراپتۇ. مەھەللە ئەھلى ھەممە بىرلىكتە چېلەك ـ چۆگۈنلىرىگە سۇ تولدۇرغان ھالدا، تىزدىن يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قارىغۇدەك بولسا، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئوتتىن ھېچ ئەسەر يوقمىش. بۇنىڭغا ھەيران بولغان مەھەللە ئەھلى «قېنى ئوت؟ كۆرمەيۋاتىمىزغۇ؟» دەپ ئۇ ئادەمگە سوئال قويۇپتۇ. ئادەم سۆزىگە كۈلكە ئارىلاشتۇرۇپ: «بۇ ئۇسسۇزلۇقنىڭ ئوتى قورسىقىمنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ئىدى، ئىچەي دېسەم ئۆيۈمدىن سۇ تاپالمىدىم، شۇڭا سىلەرنى چاقىرغانىدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەھەللە ئەھلىدىن بەزىسى ئۇنىڭ بۇ چاقچىقىغا كۈلگەن، بەزىسى ئۇنىڭغا مالامەت قىلغان ھالدا قايتىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر كۈنى ھېلىقى ئادەم بۇ يالغاننى قايتا تەكرارلاپتۇ، بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن مەھەللە ئەھلى ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇپ قايتىپتۇ.

بىر كۈنى بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە راستتىنلا ئوت كەتكەن بولۇپ، ئادەم ئۆگزىسىگە چىقىپ بار ئاۋازى بىلەن مەھەللە خەلقىدىن ياردەم سوراپتۇ، ۋارقىراپتۇ، ھەتتا سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يىغلاپمۇ بېقىپتۇ، ھېچكىم ئۇنىڭغا ياردەمگە كەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ.[1]

باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكىدىكى يالغانچى پادىچى بالىنىڭ «بۆرە كەلدى» دېگەن ھېكايىسىنى ھەممەيلەن بىلىمىزغۇ!

2. گۈزەل ئەخلاقلاردىن «ئىشەنچلىك بولۇش (ياكى ئامانەتدارلىق)»نى ئالايلى:

---

(1) مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەننەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى( ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ئىشەنچ جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخسنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى باشقىلار بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ھالقىلاردىن بىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا پۇل ـ ماللىرىنى، سىر ـ ئەسرارلىرىنى، گەپ ـ سۆزلىرىنى ۋە ھەرقانداق قىممەتلىك نەرسىلىرىنى ئىككىلەنمەستىن تاپشۇرالىشىغا، خەلقنىڭ ئۇنى ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئورۇنلارغا ۋەزىپىگە ياكى مەنسەپكە تەيىنلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئاساسلىق نۇقتىدۇر.

قانداقلا بىر شەخسنىكى «ئىشەنچلىك بولۇش»تىن ئىبارەت بۇ ئەخلاقىي پەزىلەت يوقالغان ياكى زەئىپلەشكەن ھامان، ئۇ شەخسنى جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن باغلاپ تۇرغان ھالقا ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ-دە، ماددىي ۋە مەنىۋى ھېچقانداق بىر ئامانەتنى ئۇنىڭ يېنىدا قويالمايدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك قانداقلا بىر ئىشقا ئۇنى تەيىنلەشتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان ۋە ئۇنىڭدىن يىراق تۇرىدىغان، ئۇنى باشقىلارغا ياخشى تەرىپلىمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم ئىشەنچسىزلىك نامى بىلەن بىرلا قېتىم خەلقنىڭ ئېغىزىغا چىقىپ قېلىش بىلەن خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تامامەن يوقاتقان بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ئادەم قەۋم ـ قېرىنداشلىرى ئىچىدە ئىشەنچسىز ئادەم بولۇپ قالغانلىقتىن، كىشىلەر ئارىسىدا ئېتىبارسىز ھايات كەچۈرۈشكە مەھكۇم بولىدۇ.

3. گۈزەل ئەخلاقلاردىن «ئىپپەت»نى ئالايلى:

ئىپپەت جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخسنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى باشقىلار بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان مۇھىم ھالقىلاردىن

بىرى بولۇپ، ئىپپەتتىن ئىبارەت بۇ پەزىلەت سايىسىدا كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدا ئار ـ نومۇسلىرىنى ئامانەت قويالايدۇ، قوشنىسى خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىپ تاپشۇرالايدۇ.

قىسقىسى، ئىپپەت ئەرنى ئايالىنىڭ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمايدىغانلىقىدىن، ئايالنى ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمايدىغانلىقىدىن تامامەن خاتىرجەم قىلىدىغان نەرسىدۇر. چۈنكى ئىپپەتلىك ئايال ئېرىنىڭ ئىشەنچىسىگە خىيانەت قىلىپ، باشقا بىر ئەر بىلەن غەيرى نورمال مۇناسىۋەت قىلمايدۇ، باشقىلار بىلەن مۇھەببەت ھېكايىسىنى باشلىمايدۇ. ئىپپەتلىك ئەرمۇ شۇنداق. كىشىلەردە ئىپپەتتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاق بولمىسا ئىدى، بۇگۈنكى بەختلىك ئائىلىلەر بارلىققا كەلمىگەن، بەختسىزلىك ھەممە ئائىلىلەردە ئورتاقلاشقان بولار ئىدى.

قانداقلا بىر شەخسنىڭ «ئىپپەت»تىن ئىبارەت بۇ ئەخلاقىي پەزىلەت يوقالغان ياكى زەئىپلەشكەندە، ئۇ شەخسنى جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن باغلاپ تۇرغان ئەڭ مۇھىم ھالقا ئۈزۈلۈپ كېتكەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر مۇنداق ئادەمگە ئىشەنچ قىلمايدىغان، ئار ـ نومۇسلىرىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ-دە، خەلق ئىچىدە « نومۇسسىز ئادەم»، « ئىستىلى بۇزۇق ئادەم» بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ قەدىرسىز ، كىشىلەر خالىمايدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق ئادەمنىڭ قولىدىن قەۋم ـ قېرىنداشلىرىنى زالىملارغا سېتىۋېتىش، ۋەتەنگە خىيانەت قىلىش قاتارلىق چوڭ خىيانەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى كېلىمەيدۇ، دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟ چۈنكى ئۇ خىيانەتچىلىكى بىلەن تونۇلۇپ قالغان ئادەم ئەمەسمۇ؟!

يۇقىرىقى مىساللارغا ئادالەت، ھەققانىيلىق، سېخىيلىق، ۋاپادارلىق،

ياردەم سۆيەرلىك، سەۋرچانلىق، كەمتەرلىك قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

**مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى دەسلەپ بىلىۋالغا ھەقىقەت**

ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنى مۇستەملىكە قىلماقچى بولغانلار، مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيادىكى نوپۇزى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە چىداپ تۇرالمىغانلار ۋە ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە بولغانلار ئەڭ دەسلەپ سەزگەن ھەقىقەت مۇسۇلمانلاردىكى ئىسلام ئەخلاقىنىڭ كۈچى بولدى.

دېمەك، كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان ئۆزلىرىدە بولغان قىممەتلىك جەۋھەرنى تونۇمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى بۇ جەۋھەرنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن ۋە مۇسۇلمانلارنى بويسۇندۇرۇشنىڭ يولى ئالدى بىلەن ئۇلاردىكى ئىسلام ئەخلاقىدىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك جەۋھەرنى چىرىكلەشتۈرۈپ، ئاندىن يوقىتىپ تاشلاش ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەن.

ئۇلار ئىسلام ئەخلاقىغا مۇنداق بىر قانچە تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان:

1. دىن دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلاردىكى ئەخلاق مەنبىئى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش ئەقىدىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بار كۈچى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىغا خۇداسىزلىق ئىدىيەسىنى تارقىتىشقا كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياۋروپادىكى چىرىكلەشكەن خىرىستىيان

چېركاۋلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپا زىيالىيلىرى بىلىپ ـ بىلمەي كۆتۈرۈپ چىققان «سېكۇلارىزم»(1)، «ئاتېئىزم»(2) ئېقىملىرى ئىسلام دۇنياسىغا كىرىشكە باشلىدى.

2. دىن دۈشمەنلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرى بولغان «قۇرئان كەرىم» بىلەن «ھەدىس شەرىف»لەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ توغرا يوسۇندا چۈشىنىپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشى ئۇلارنى ئىمانى كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەرنىڭ مەنىسىنى يامان غەرەزلەر بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىش، ئىسلامىي بىلىملەرنى تەتۈر چۈشەندۈرۈش، ئەقىدە مەسىلىلىرىدە شەك پەيدا قىلىش قاتارلىق جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدى.

3. دىن دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلاردىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت مەنبىئى بولغان ئىسلام ئەخلاقىنى يوقىتىشنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى ۋە كۆزلىگەن ئارمانلىرىغا يېتىدىغانلىقىنى جەزم قىلغاندىن كېيىن، بارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇشقا ئۆتتى. بۇ يولدا ئۇلار گاھ مۇسۇلمان ياشلىرىنى شەھۋانىي قىلىقلارغا

---

(1) سېكۇلازىرىزم ـــ ئىنگلىز تىلىدا Secularism، ئەرەب تىلىدا «**العلمانية**» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان، دىننى سىياسەتتىن ئايرىش ئېقىمى 16 ـ ئەسىردىن كېيىن ياۋروپا جەمئىيىتىدە تەدرىجىي ھالدا مەيدانغا كەلگەن ئېقىمدۇر.

(2) ئاتېئىزم ـــ ئىنگلىز تىلىدا Atheism، ئەرەب تىلىدا «**الإلحاد**» دەپ ئاتىلىدىغان، «يوق»لۇق پىكرى ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىشنى ئاساسىي تېما قىلغان، پۈتۈن دىنلارنى، شۇنداقلا ئاخىرەت ئالەمنى ئىنكار قىلىدىغان پەلسەپۋى ئېقىمدۇر.

ئۇندەش، گاھ پۇل ـ مالغا مەپتۇن قىلىش، گاھ ياۋروپا جەمئىيتىنى ئۇلار ئۈچۈن ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇلارنى قايىل قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللاندى.

**مۇستەملىكچىلەرنىڭ نۇتۇقلىرىدىن نەمۇنىلەر:**

1. 20ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب دۇنياسىغا «خىرىستىيان دىنى تارقاتقۇچىلىرى»نى ئەۋەتىش كومىتېتىنىڭ باشلىقى دوكتور سەمۇئىل زۋۇەيمىر1935ـ يىلى بەھرەيندە چاقىرىلغان خىرىستىيان دەۋەتچىلىرى قۇرۇلتىيىدا مۇنداق دەپ سۆزلىگەن: «سىلەرنىڭ ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ۋەزىپەڭلەر مۇسۇلمانلارنى خىرىستىيان دىنىغا كىرگۈزۈش ئەمەس. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلىغانلىق ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغانلىق بولۇپ سانىلىدۇ. سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلەر مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىدىن چىقىرىپ، ئاللاھ بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن، مىللەتلەرنىڭ يېقىلماسلىقىدا تايانچىسى بولغان ئەخلاق بىلەن ۋىدالاشقان مەخلۇقلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتۇر. شۇنداق قىلغاندىلا سىلەر ۋەزىپەڭلەرنى شەرەپلىك ئادا قىلغان ۋە ئىسلام دۆلەتلىرىنى مۇستەملىكە قىلىش قوشۇنىنىڭ بايراقدارلىرىدىن بولىسىلەر. سىلەرنىڭ 100يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ۋەزىپەڭلەرگە مۇبارەك بولسۇن...»(1)

2. فىرانسىيەلىك خىرىستىيان دىنى تەشۋىقاتچىسى 1922ـ يىلى فىرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئەرەب مەملىكەتلىرىنى مۇستەملىكە قىلىش

---

(1) «**مكائد يهودية عبر التاريخ**» (مەكائىدۇ يەھۇدىيەتى ئەبرەت تارىيخ، يەھۇدىيلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ھىيلە ـ مىكىرلىرى) ناملىق ئەسەردىن ئېلىندى.

ئالدىنقى سىپىدىكىلەرگە بەرگەن تەلىماتىدا مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ئالدىنقى ئىشىڭلار ئائىلە ئەزالىرىنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىش بولسۇن، ئەخلاقنى ئۇلاردىن يىلتىزى بىلەن ئېلىپ تاشلاڭلار. چۈنكى ئىنساننىڭ نەپسى ئائىلە باغلىنىشلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا ۋە ھارام ئىشلارغا يېقىنلىششقا مايىل كېلىدۇ، قاۋاقخانىلاردا گەپ سېتىپ ئولتۇرۇپ، ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى ئائىلە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىن ئەۋزەل كۆرىدۇ.»(1)

3. كارل ماركس بىلەن ئېنگلس ئېلان قىلغان كوممۇنىزم خىتابنامىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەخلاق ۋە دىن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئازىيەنىڭ خىياللىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارقىسىغا بۇرژۇئازلارنىڭ مەنپەئەتلىرى يوشۇرۇنغان.»(2)

---

(1) «**مكائد يهودية عبر التاريخ**» (مەكائىدۇ يەھۇدىيەتى ئىبرەت تارىيخى، يەھۇدىيلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ھىيلە ـ مىكىرلىرى) ناملىق ئەسەردىن.

(2) مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەننەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى( ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

# نەپس ۋە روھ

نەپس ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى(1)

نەپس سۆزى «قۇرئان كەرىم»دە ئىنساننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى شەيئىلەر ئۈچۈن قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ يۈرۈش ــ تۇرۇشلىرىدا تەسىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كۆپلىگەن ئىنسانىي سۈپەتلەر ۋە خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىدۇر.

نەپسنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئىنسانلارغا ئېنىق مەلۇم بولمىسىمۇ، ئەمما نەپسنىڭ كۆپلىگەن سۈپەتلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئىنساننىڭ يۈرۈش ــ تۇرۇشلىرىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ نەپسلىرى ئەسلىدە بىر نەپسدىن يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپسدىن يارىتىلىپ كۆپەيگەن. بۇ ھەقىقەت ئىنسانلار ئارىسىدا نەپسلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەركىب نىسبىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىنسان نەپسىنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە تەركىبلىرىدە بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆزىنى راھەتلەندۈرىدىغان ۋە ئىستەكلىرىگە قاندۇرىدىغان نەرسىلەرگە ھەۋەس قىلىش، قىزىقىش، تەلەپ قىلىش، راھەت ۋە جاپانى ھېس قىلىش، شادلىنىش ۋە غەمكىن بولۇش، سۆيۈش ۋە

---

(1) مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەنەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى( ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

نەپرەتلىنىش، ياقتۇرۇش ۋە يامان كۆرۈش، تەسىرلىك سۆزلەردىن ھېسسىياتقا كېلىش قاتارلىق ۋىجدانىي سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى نەپسنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن سانىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، توغرا يولغا ھىدايەت تېپىش ياكى ئېزىش، ئۆزىنى پاكلاش ياكى بۇلغاش خۇسۇسىيەتلىرىمۇ نەپسدە بولۇپ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق مەنبەلىرى، ياخشى بىلەن يامانىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ياخشىلىق ـ يامانلىقتىن خالىغانلىرىنى قىلىش قابىلىيىتى نەپسدە باردۇر.

نەپس ياخشىلىق ياكى يامانلىقنى قىلىشقا قادىر بولۇپ، قىلغانلىرىنى بىلىپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگىدۇر. شۇڭا نەپسنىڭ ئىرادىسىنىڭ سىرتىدا بولغان ئىشلار ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ياكى سۈپەتلىرىدىن سانالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن نەپس قىلغانلىرىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، ياخشى قىلغانلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى، يامان قىلغانلىرىنىڭ جازاسىنى ئېلىشقا ھەقلىق بولغان.

مۇكاپات بىلەن جازا مەسئۇلىيەتنىڭ مېۋىسى بولۇپ، مەسئۇلىيەت بولمىغان ئىشتا مۇكاپات ياكى جازا دېگەنلەر بولمايدۇ. شۇڭا نەپس يامان قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن مالامەتكە، ياخشى قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن مەدھىيەگە لايىق بولىدۇ.

نەپس قىلغان بارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ياخشى ـ يامان بارلىق ئىشلىرى خاتىرىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ قىيامەت كۈنىدە بۇ دۇنيادا قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلىنىپ يېزىلغان ھالەتتە كۆرىدۇ.

ئادالەتنىڭ قائىدىلىرىدىن بىرى جازالاشتىن ئاۋۋال ھېساب ئېلىش

بولغىنىدەك، ھېساب ئېلىشنىڭ قائىدىلىرىدىن بىرى ھېساب بەرگۈچىگە ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ھەققىنى بېرىشتۇر. شۇڭا قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب مەيدانىدا، ھەر بىر نەپس ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿**يَوْمَ تَأْتِي كُلُّ نَفْسٍ تُجَادِلُ عَن نَّفْسِهَا وَتُوَفَّى كُلُّ نَفْسٍ مَّا عَمِلَتْ وَهُمْ لاَ يُظْلَمُونَ**﴾ يەنى ﴿ھەر ئادەم ئۆزى بىلەن بولۇپ كېتىدىغان، ھەر ئادەمگە قىلغان ئەمەلىنىڭ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدىغان، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدىغان كۈننى ئەسلىگىن﴾[1] دېگەن ئايەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

ھەر نەپس ئۆزىنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئىش ـ پائالىيىتىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشنىمۇ بىلىدۇ. شۇڭا قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭغا: ﴿**اِقْرَأْ كَتَابَكَ كَفَى بِنَفْسِكَ الْيَوْمَ عَلَيْكَ حَسِيْبًا**﴾ يەنى ﴿نامە ـ ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ يېتەرلىك﴾ دېيىلىدۇ.[2]

نەپستە ياخشىلىق ۋە يامانلىق مەنبەلىرى، شۇنداقلا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى ئىدراك قىلىش قابىلىيىتى ۋە بۇلارنىڭ قايسىسىنى قىلىش ياكى قىلماسلىقتا تۇرتكە بولغۇدەك ئىقتىدار بولغان ئىكەن، ئۇنىڭدا ياخشى قىلغان ئىشلىرىدىن خاتىرجەملىك ھېس قىلىش، يامان قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن بىئارام بولۇپ، ئۆزىگە مالامەت قىلىش خۇسۇسىيىتى باردۇر. چۈنكى نەپس قانداقلا بىر يامانلىقنى قىلىشقا

(1) 16- سۈرە نەھل 111- ئايەت
(2) 17- سۈرە ئىسرا 14- ئايەت

باشلىغاندا، ئۆزىنىڭ ئىستەكلىرىنى، ھەۋەسلىرىنى ۋە شەھۋەتلىرىنى تېزرەك قاندۇرۇش ۋە بۇ لەززەتلەر بىلەن ۋاقىتلىق ھۇزۇرلىنىش تۈرتكىسى نەتىجىسىدە ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولىدۇ. ئەكسىچە، نەپس قانداقلا بىر ياخشىلىقنى قىلىشقا يۈزلەنگىنىدە، ئۆزىدىكى ئىجابىي تۈرتكىلەر- ۋىجدانىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئارقىلىق جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈش قىزغىنلىقى بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولىدۇ.

ۋىجدان نەپسنى ھەمىشە ياخشىلىققا چاقىرىپ تۇرىدۇ. ئەمما نەپس ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىش ياكى ئۇنى رەت قىلىش ئىشىدا ئىختىيار ئىگىسىدۇر. بۇ سەۋەبتىن نەپس ئۆز قىلمىشلىرىدىن جاۋابكار بولىدۇ.

## نەپسدە بولىدىغان تۈرتكىلەر

«قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىگە ئاساسلانغان چۈشەنچىلەرنى تەھلىل قىلغاندا، ھەر قانداق بىر نەپسدە ئۈچ خىل تۈرتكە بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرى نەپسنى ئۆز تەرىپىگە تارتىشقا تىرىشىدۇ. ئەمما نەپس بۇ ئۈچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاللاش ئىختىيارىغا ئىگىدۇر. بۇ ئۈچ خىل تۈرتكىنىڭ بىرى، ئالىي ھىممەت تۈرتكىسى، ئىككىنچىسى تۆۋەنلىك تۈرتكىسى، ئۈچىنچىسى ئوتتۇرا ھاللىق تۈرتكىسىدۇر.

## نەپسنىڭ ئالىي ھىممەت تۈرتكىسى

نەپسنىڭ ئالىي ھىممەت تۈرتكىسى — ئۇنى ياخشىلىققا چاقىرىپ تۇرىدىغان، پەزىلەتلەرنى ھېس قىلىدىغان، يامان قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىگە مالامەت قىلىدىغان، ياخشى قىلغان ئىشلىرى سەۋەبلىك سۆيۈنىدىغان رەببانىي تەرەپىنىڭ تۈرتكىسىدۇر.

## نەپسنىڭ تۆۋەن ھىممەت تۈرتكىسى

نەپسىنىڭ تۆۋەن ھىممەت تۈرتكىسى ـــ ئۇنى يامان ئىشلارغا چاقىرىپ تۇرىدىغان، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئۆزىنى قايىل قىلىدىغان، ھەقىقەتتىن شەكلىنىش، توغرا يولدىن ئادىششى قاتارلىق ئازغۇنلارغا تەشەببۇس قىلىدىغان شەيتانى تەرەپنىڭ تۈرتكىسىدۇر.

**نەپسىنىڭ ئوتتۇرا ھاللىق تۈرتكىسى**

نەپسىنىڭ ئوتتۇرا ھاللىق تۈرتكىسى ـــ ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى بەلگىلەيدىغان، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىلىرى ئوتتۇرىسىدا قالغان ئوتتۇرا ھاللىق تۈرتكىسىدۇر.

ئىنسان نەپسى رەببانىي تەرىپىنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سېلىپ، يۇقىرى تەرەپكە ئۆرلىگىنىدە، ئۇ «ئارام تاپقۇچى نەپس» قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ كەرىمى بىلەن ئۆزىمۇ مەمنۇن بولغان ۋە ئاللاھ تائالانىمۇ رازى قىلغان نەپسكە ئايلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿يَا أَيَّتُهَا النَّفْسُ الْمُطْمَئِنَّةُ ۞ إرْجِعِيْ إِلَى رَبِّكِ رَاضِيَةً مَّرْضِيَّةً ۞ فَادْخُلِيْ فِي عِبَادِيْ ۞ وَادْخُلِيْ جَنَّتِيْ﴾ يەنى ﴿ئى ئارام تاپقۇچى نەپس! سەن رەببىڭدىن مەمنۇن، رەببىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ (ياخشى بەندىلىرىم) قاتارىغا قوشۇلغىن. مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن.﴾[1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئەگەر ئۇ شەيتانى تەرەپنىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە، قىزىقتۇرۇشلىرىغا ۋە

(1) 89ـ سۈرە فەجر 27~30ـ ئايەتلەر

تەشەببۇسلىرىغا ئەگىشىدىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇ «بىئارام نەپس» قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە نادامەت چەككۈچى ۋە ئۆزىگە مالامەت قىلغۇچى نەپس بولۇپ قالىدۇ-دە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇنۇ ئايىتىدە سۈپىتى بايان قىلىنغانلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ قالىدۇ: ﴿**يَوْمَ تَجِدُ كُلُّ نَفْسٍ مَّا عَمِلَتْ مِنْ خَيْرٍ مُّحْضَرًا وَمَا عَمِلَتْ مِن سُوْءٍ تَوَدُّ لَوْ أَنَّ بَيْنَهَا وَبَيْنَهُ أَمَدًا بَعِيْدًا وَيُحَذِّرُكُمُ اللّٰهُ نَفْسَهُ وَاللّٰهُ رَؤُوْفٌ بِالْعِبَادِ**﴾ يەنى ﴿قىيامەت كۈنى ھەربىر نەپسنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ، (ئۇلار يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكى ئۈچۈن) ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن بىر مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.﴾[1]

## نەپسنىڭ تەلەپلىرى

نەپسنىڭ تەلەپلىرىنىڭ ھەممىسى سۆكۈلگۈچى ئەمەس. چۈنكى نەپسنىڭ يوللۇق تەلەپلىرى ۋە يولسىز تەلەپلىرى بار.

نەپسنىڭ يوللۇق تەلەپلىرى ـــ ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراتمىغان ئاساستا، قائىدە ـ يوسۇن بويىچە، ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

نەپسنىڭ يولسىز تەلەپلىرى ـــ ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى

(1) 3ـ سۈرە ئال ئىمران 30ـ ئايەت

ھەۋەسلىرىنى قائىدە ـ يوسۇنغا يات بىر شەكىلدە قاندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

### روھ ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

روھنىڭ ماھىيىتىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېگەن: ﴿**وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الرُّوْحِ قُلِ الرُّوْحُ مِنْ أَمْرِ رَبِّيْ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار سەندىن روھ ھەققىدە سورىشىدۇ، ‹‹روھنىڭ ماھىيىتىنى رەببىم بىلىدۇ›› دېگىن.﴾ [1]

ئەمما روھنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ۋۇجۇدنى ھەرىكەتلەندۈرۈش بولۇپ، ھۇجەيرىلەردىن تەركىب تاپقان بۇ ماددىي ۋۇجۇدتا روھنىڭ بولۇشى ھۈجەيرىلەرنى ھەرىكەتچان، ئۆسىدىغان ۋە ياشايدىغان قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى روھ ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدىكى جانلىقلارغا تارقىتىۋەتكەن ئېنېرگىيە بولۇپ، ھۈجەيرىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىش، كۆپىيىش ۋە بۆلۈنۈش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.[2]

روھنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىسەكمۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى بىلگىلى بولىدۇ. روھنى ئۆزىنى كۆرگىلى ياكى قىياس قىلغىلى بولمايدىغان، پەقەت نەتىجىسىنىلا كۆرگىلى بولىدىغان ھاۋا دولقۇنلىرىغا، ياكى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. چۈنكى ۋۇجۇدىمىزدىكى

(1) 17ـ سۈرە ئىسرا 85ـ ئايەت

(2) مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەنەنەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى( ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ھۆجەيرىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان نەرسە شۇ روھتۇر.

بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزدىمۇ بىراۋنىڭ بىردىنلا پائالىيەتچان بولۇپ كەتكەنلىكىنى «روھلىنىپ كەتتى» دەيمىز. ۋەز ـ نەسىھەت، ياكى تەسىرلىك شېئىر، ياكى بىرەر سۆزنى ئاڭلاپ، ياكى كىتاب ئوقۇپ تەسىرلەنگەن كىشىنى «روھىي ئوزۇق ئالدى» دەيمىز. بۇ ئىپادىلەرنىڭ ھەممىسى روھنىڭ قوزغاتقۇچ كۈچ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قىسقىسى، روھ ئىنسان ۋۇجۇدىدا ماشىنىنىڭ ماتورىغا ئوخشسا، نەپس ماشىنىنىڭ رولىغا ئوخشايدۇ. نەپس ۋۇجۇدنى ئۇنىڭدىكى روھ بىلەن بىرگە يا ئامانلىققا، ياكى ھالاكەتكە باشلاپ مېڭىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە نەپسنى «يامانلىققا باشلىغۇچى» دەپ سۈپەتلىگەن: ﴿**إِنَّ النَّفْسَ لَأَمَّارَةٌ بِالسُّوْءِ إِلاَّ مَا رَحِمَ رَبِّيْ**﴾ يەنى ﴿نەپس دېگەن ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ. پەقەت رەببىم رەھىم قىلىپ (ساقلىغان) ئادەملا بۇنىڭدىن مۇستەسنا.﴾[1]

ئەرەب تىلىدا «**روح**» سۆزى بىلەن«**نفس**» سۆزى گاھ ئىككىسى بىر مەنىدە، گاھ بىر ـ بىرىگە يېقىن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بىزنىڭ تىلىمىزدىكى «جان» سۆزىنى ئەرەبلەر «روھ» ياكى« نەپس» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئىككى سوز كۆپ ھاللاردا ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلسىمۇ، گاھىدا پەرقلىق مەنىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن: «**نفس**» يەنە «ئۆز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق «**روح**» بۇ مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. بىراۋ

---

(1) 12ـ سۈرە يۇسۇف 53ـ ئايەت

ئۆلسە، ئۇنىڭ جېنى چىقتى، دېگەننى «**فاضت روحه**» ياكى «**خرجت روحه**» دەپ ئىپادىلەيدۇ، ئەرەبلەر بىرەر قېتىم بولسىمۇ «**فاضت نفسه**» ياكى «**خرجت نفسه**» يەنى «نەپسى چىقىپ كەتتى» دېمەيدۇ. شۇڭا روھنى ــ قوزغاتقۇچى كۈچ، ياكى ئېنېرگىيە دېيىش ئەڭ لايىق بولسا كېرەك.

شۇڭا ئىسلام مەنبەلىرىدە كەلگەن «**تطهير النفس**» يەنى «نەپسنى پاكلاش» دېگەن ئىبارىنى «روھنى پاكلاش» دەپ تەرجىمە قىلىش توغرا بولمىسا كېرەك. چۈنكى روھ ئۆزى پاك نەرسە، ئۇنى پاكلاشقا ھاجەت يوق. پاكلاشقا تېگىشلىك نەرسە نەپستۇر. چۈنكى نەپس ئادەمنى يامان ئىشلارغا ئۈندەيدۇ، ھەتتا باشلاپ ماڭىدۇ. ئەمما روھ ئادەمنى ھەرىكەتكە سېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، ئۇنى باشلىيالمايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئاللاھ تائالا ئىنسانغا روھ بىلەن نەپسنى ئاتا قىلغان بولۇپ، ئىنساننىڭ روھى ئۇنىڭدىكى ئىچكى گۈزەللىكلەرگە، ئۇنىڭ نەپسى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭدىكى يامانلىقلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ ئەقلى، ساغلام پىكرى، ئار ـ نومۇسى (ئىپپىتى)، سېخىيلىقى، ۋاپادارلىقى ۋە بارچە گۈزەل ئەخلاقى ئۇنىڭدىكى روھىي گۈزەللىكنىڭ ئىپادىسى بولغىنىدەك، ئىنساننىڭ شەھۋانىيلىقى، شەخسىيەتچىلىكى، ئازغۇنلۇقى، ئەقىلسىزلىكى، غەزەپ ـ نەپرىتى ئۇنىڭدىكى نەپس ـ خاھىشنىڭ ئىپادىسىدۇر.

شۇڭا ئاللاھ تائالا بىزلەرنى نەپس ـ خاھىشىمىزغا، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىگە ئەگەشمەستىن، ئىچىمىزدىكى پاك روھىمىزنىڭ

چاقىرىقىغا ئەگىشىپ، ئەقلىمىزنى قوللىنىپ، ھەقىقەت يولىدا ئىزچىل داۋام قىلىشىمىزغا بۇيرۇغان.

# نەپسنى پاكلاش ۋە ئۇنىڭ چارىلىرى

## نەپسنى پاكلاش ئالدىنقى قاتاردىكى پەرزلەرنىڭ بىرى

ئىسلام دىنى پۈتۈن تەلىماتلىرىدا ئەڭ ئاۋۋال نەپسنى پاكلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن. نەپسنى پاكلاشتىن مەقسەت — نەپس ئىشتىھا قىلىدىغان ۋە ھەۋەس قىلىدىغان بارچە گۇناھ ـ مەسىيەتلەر، ھارام ۋە يامان قىلىقلاردىن ئۇنى يىراق تۇتۇش، شەيتاننىڭ ئۇنى بۇلغىۋېتىشىدىن ساقلاپ، ئۇنى ئۆز كونتروللىدا تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. ئىنسان نەپسى پاكلانغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى دۇرۇسلۇق، ھەققانىيلىققا قاراپ يول ئالغان بولىدۇ.

قاچانكى، ئىنسان نەپسىدە بۇ پاكلىنىش ئەمەلگە ئاشىدىكەن، ئۇنىڭدا گۈزەل ئەخلاق ۋە پەزىلەتلەر بىخ ئۇرغان بولىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ياخشىلىقلار قاينىمىغا ئايلىنىدۇ.

ئىنساننىڭ نەپسى پاكلانغان، تەبىئىتى تۈزەلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئەھۋالىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىدا شەك يوق.

## ئىچى گۈزەل بولمىغانلارنىڭ تاشقى گۈزەللىكى ئەھمىيەتسىزدۇر

ئىسلاھ قىلىشنى ئىنساننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگىلا قاراتقاندا، بۇ مەقسەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا « تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال» نەرسە بولۇپ قالغان بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش تۈۋرۈكسىز ئۆي سالغانغا ئوخشايدۇ. ئاساسى مەھكەم بولمىغان ھەر قانداق بىنا

يېقىلىشقا مەھكۇمدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنساننىڭ تاشقى كۆرۈنىشى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ.

شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى كىشىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن كۆرە، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەرگەن. چۈنكى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى تۈزەلگەندىلا تاشقى تەرىپى تۈزىلىدۇ. شۇڭا ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى خاراب تۇرۇپ، ياسالمىلىق بىلەن تاشقى كۆرۈنىشىنى ناھايىتى ياخشى ۋە چىرايلىق كۆرسىتىشكە ئورۇنغانلار مۇناپىقلار دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداقلارنىڭ ئەخلاقىي كۆرۈنىشى تەبىئىي بولمىغان بىر خىل ياسالمىلىقتىن ئىبارەت بىر نەرسىدۇر. ئۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق.

## ئاللاھ تائالا قەلبلەرگە قارايدۇ

شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرى ۋە ئەمەللەرنى كۆزىتىشى ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قارىتىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرنىڭ تەققى ـ تۇرۇقۇڭلارغا ياكى شەكلىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ.»(1)

شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەمەللەرنىڭ ساۋاب جەھەتتىن بولىدىغان قىممىتى بۇ ئەمەللەرنى قىلغۇچىلارنىڭ نىيەتلىرىنىڭ قىممىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى نىيەتلەرگە باغلىقتۇر.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ھەركىم ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقۋالىقنىڭ ئورنى قەلب ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ: «تەقۋالىق مانا بۇ يەردە» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە ئىشارەت قىلغان.[2]

## نەپسنى پاكلىغانلار مەقسىتىگە يېتىدۇ

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا ۞ وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا**﴾ يەنى ﴿نەپسنى يامانلىقلاردىن پاكلىغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يەتتى. نەپسنى يامانلىقلارغا كۆمگەن ئادەم زىيان تارتتى.﴾[3] دېگەن ئۆزگەرمەس پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق نەپسنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭغا تەقۋالىق قىلىش بىلەن پاكلىغانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مۇرادىغا يېتىدىغانلىقىنى، ئەكسىچە، ئاللاھ تائالاغا كۇفرىلىق قىلىش، گۇناھ ـ مەسىيەتكە چۆمۈش بىلەن نەپسنى خاراب قىلغانلارنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقىنى ئوچۇق جاكارلىغان.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿**ثُمَّ لَا يَمُوْتُ فِيْهَا وَلَا يَحْيَى ۞ قَدْ أَفْلَحَ مَنْ تَزَكَّى**﴾ يەنى ﴿پاكلانغان، رەببىنى ياد ئېتىپ، ئۇنىڭغا قۇلچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلغان ئادەم چوقۇم مەقسىتىگە

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(3) 91ـ سۈرە شەمس9ـ، 10ـ ئايەتلەر

يەتتى.﴾[1]

ئىنسانىنىڭ ئەمەللىرى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى راستچىللىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بۇ ئەمەللىرى نەپسنى پاكلاش يولىدىكى كۈرەشلىرىنىڭ ئەڭ ئوبرازلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ مەنىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿**فَأَنْذَرْتُكُمْ نَارًا تَلَظَّى ۞ لَا يَصْلَاهَا إِلَّا الْأَشْقَى الَّذِيْ كَذَّبَ وَتَوَلَّى ۞ وَسَيُجَنَّبُهَا الْأَتْقَى ۞ الَّذِيْ يُؤْتِيْ مَالَهُ يَتَزَكَّى ۞ وَمَا لِأَحَدٍ عِنْدَهُ مِنْ نِّعْمَةٍ تُجْزَى ۞ إِلَّا ابْتِغَاءَ وَجْهِ رَبِّهِ الْأَعْلَى ۞ وَلَسَوْفَ يَرْضَى**﴾ يەنى ﴿(ئى ئىنسانلار!) مەن سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتىن ئاگاھلاندۇردۇم. ئۇنىڭغا پەقەت ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن بەختسىز ئادەملا كىرىدۇ. پاكلىنىش ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى سەرپ قىلىدىغان تەقۋا ئادەم ئوتتىن يىراق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ( بۇ قىلغىنى) بىراۋنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ رەببىنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش يۈزىسىدىندۇر. مۇنداق ئادەم (قىلغانلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرگەندە) ئەلۋەتتە مەمنۇن بولىدۇ.﴾[2]

ئايەتتە، روھنى پاكلاش يولىدا خەير ـ ئېھسان قىلغان ئادەمنىڭ مۇرادىغا يېتىدىغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

## ئەمەللەردىكى سەممىيلىك نەپسنى پاكلاشقا تۈرتكە بولىدۇ

(1) 87 ـ سۈرە ئەئلا 14 ـ، 15ـ ئايەتلەر
(2) 92ـ سۈرە لەيل 14~21ـ ئايەتلەر

بەزى تائەت ـ ئىبادەتلەردىكى سەممىيلىك نەپسنى پاكلاشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ياخشى ئەمەللەرنىڭ يېنىدا يامان ئەمەللەرنىمۇ قىلىپ قويىدىغان، ئەمما گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ پۇل ـ مېلىدىن بىر قىسمىنى سەدىقە يولىدا ئېلىشنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ نەپسىنى پاكلىشى ئۈچۈن ۋەسىلە بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَآخَرُوْنَ اعْتَرَفُواْ بِذُنُوبِهِمْ خَلَطُواْ عَمَلاً صَالِحًا وَآخَرَ سَيِّئًا عَسَى اللّهُ أَنْ يَتُوْبَ عَلَيْهِمْ إِنَّ اللّهَ غَفُوْرٌ رَّحِيْمٌ ۞ خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيْهِم بِهَا وَصَلِّ عَلَيْهِمْ إِنَّ صَلاَتَكَ سَكَنٌ لَّهُمْ وَاللّهُ سَمِيْعٌ عَلِيْمٌ ۞ أَلَمْ يَعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ هُوَ يَقْبَلُ التَّوْبَةَ عَنْ عِبَادِهِ وَيَأْخُذُ الصَّدَقَاتِ وَأَنَّ اللّهَ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيْمُ﴾ يەنى ﴿يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا، گۇناھلىرىنى ئېتىراپ قىلدى، ياخشى ئىشقا يامان ئىشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويدى.(ئەگەر تەۋبە قىلسا) ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىدلىكتۇر. چۈنكى ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر. (ئى پەيغەمبەر!) ئۇلارنى پاكلىشىڭ ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتىشىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئۇلار بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغان، بەرگەن سەدىقىسىنى قايتۇرىۋەتمەيدىغان زات پەقەت ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ھالا بىلمەمدۇ؟

(شۇنىمۇ ئۇنۇتمىسۇنكى) ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1]

## نەپسنى پاكلاشتا تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتى

نەپسنى پاكلاش يولىدا تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭدۇر. بەلكى تەربىيەنىڭ ئەڭ چوڭ خىزمىتى نەپسنى پاكلاش بولسا كېرەك. شۇڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ۋەزىپىسى ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرنىڭ روھىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە نەپسىنى پاكلاشتىن ئىبارەت بولغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿**كَمَا أَرْسَلْنَا فِيْكُمْ رَسُوْلاً مِّنْكُمْ يَتْلُوْ عَلَيْكُمْ آيَاتِنَا وَيُزَكِّيْكُمْ وَيُعَلِّمُكُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُعَلِّمُكُمْ مَّا لَمْ تَكُوْنُواْ تَعْلَمُوْنَ**﴾ يەنى ﴿شۇنىڭدەك، ئۆز ئىچىڭلاردىن سىلەرگە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، سىلەرنى (يامانلىقلاردىن) پاك قىلىدىغان، سىلەرگە كىتابنى (قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى (سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، سىلەرگە بىلمىگەنلىرىڭلارنى بىلدۈرىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق.﴾[2]

﴿**لَقَدْ مَنَّ اللّهُ عَلَى الْمُؤمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولاً مِّنْ أَنفُسِهِمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِن كَانُواْ مِن قَبْلُ لَفِي ضَلالٍ مُّبِينٍ**﴾ يەنى ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى

---

(1) 9- سۈرە تەۋبە 102~104- ئايەتلەر

(2) 2- سۈرە بەقەرە 151- ئايەت

ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق ئازغۇنلۇقتا ئىدى.﴾[1]

(1) 3ـ سۈرە ئال ئىمران 164ـ ئايەت

# گۈزەل ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ سىرى

شۈبھىسىزكى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ پايدىسى ۋە ئۇنىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتىكى نەتىجىسى نۇرغۇنلىغان ئىبادەتلەرنىڭ ساۋابىدىن ۋە پايدىسىدىن كۆپتۇر.

ئەكسىچە، ناچار ئەخلاقلاردىن ساقلىنىش بولسا كۆپلىگەن ئاشكارا گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىشتىن مۇھىمدۇر.

گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى قىممىتى زىكىر، ئىستىغپار ۋە نۇرغۇنلىغان زاھىرى ئىبادەتلەرنىڭ قىممىتىدىن ئەلۋەتتە يۇقىرىدۇر.

شۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى گۈزەل ئەخلاققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا ئىسلام مەنبەلىرىدە گۈزەل ئەخلاققا كۈچلۈك تەشەببۇس قىلغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىنى كۆرىمىز. ئۇ ھەدىسلەردىن بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمانى ئەڭ كامىل مۇئمىن ئەڭ ئەخلاقلىق بولغىنىدۇر، سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى بولغانلىرىدۇر.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق ئىمان ئەڭ ئەۋزەل ئىمان بولىدۇ؟

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

دەپ سورالغىنىدا: «گۈزەل ئەخلاق!»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ھەدىسلەردە، ئىماندا كامالەت دەرىجىلىرىگە يۈكسىلىشنى گۈزەل ئەخلاق دەرىجىلىرىدىكى يۈكسىلىشكە باغلىق قىلغان. چۈنكى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن چىققان ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئۇنىڭ چىن قەلبىدىن چىققان ھەقىقىي ئىمانىنىڭ تۈرتكىلىرىدىن بىردۇر.

ئىبادەتنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن سەممىي قىلىش گۈزەل ئەخلاقتۇر. چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى ئادا قىلغانلىق بولۇپ، بەندىلەر تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنىش يالغۇز ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر.

كىشىلەرگە توغرا ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىش گۈزەل ئەخلاقتۇر. چۈنكى بۇ باشقىلارنىڭ ماددىي ۋە ئەدەبىي ئالاقىدار ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلغانلىقتۇر.

بۇ ماۋزۇدا ئىچكىرىلەپ كىرىدىغان بولساق، ئىماننىڭ گۈزەل ئەخلاقىنىڭ تاجىسى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ئىمان كەلتۈرۈش ھەقنى ئېتىراپ قىلغانلىق ۋە ھەقىقەت ئالدىدا باش ئەگكەنلىك بولۇپ، قانداقلا بىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئېتىراپ قىلىش، ھەقىقەتكە باش ئېگىش گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ تاجىسىدۇر.

ئەكسىچە، ھەقنى ئىنكار قىلىش ۋە ھەقىقەتكە بويسۇنۇشتىن باش تارتىش ئەڭ رەزىل ۋە تولىمۇ ناچار ئەخلاقتۇر.

بۇ چۈشەنچىلەرنى ئومۇمىي ئىسلام چۈشەنچىسىگە باغلايدىغان

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

بولساق، ئىنساندىكى گۈزەل ئەخلاقنىڭ شاخچىلىرىدىن ھەر بىرى ئىسلام شاخچىلىرىدىن بىر شاخچە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى قەلبتىكى چىن ئىمان بىلەن روھتىكى گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىر ئەسەر ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئەمەلىي مېۋىلىرىدۇر.

بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىنى تولۇق نەتىجە چىقارغىنىمىزدا، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: «ئىمانى ئەڭ كامىل مۇئمىن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشى» ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىمىز.

چۈنكى، ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغان ئادەم ئىمانىدا ئەڭ سادىق، نىيىتىدە ئەڭ خالىس، ئاللاھ تائالاغا ۋە ئىنسانلارغا قارىتىلغان مۇئامىلىسىدە ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ مۇكەممەل بولىدۇ.

بىراۋنىڭ ئىنسانلارغا قارىتا تولىمۇ ئەخلاقلىق ــــ ھەقىقەتپەرۋەر، سېخىي، كەمتەر، سەۋرچان، شەپقەتلىك، ياخشى سۆزلۈك بولۇپ، ئاللاھ تائالاغا قارىتا ئەخلاقسىز ــــ ھەقنى قوبۇل قىلمايدىغان، ھەقىقەتكە بويسۇنمايدىغان، بەندىچىلىك بۇرچىنى ئادا قىلمايدىغان، بۇيرۇغانلىرىنى قىلمايدىغان، توسقانلىرىدىن يانمايدىغان بولۇشى تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. مۇنداق ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەم سانالمايدۇ.

شۇنىڭدەك، بىراۋنىڭ ئىنسانلارغا قارىتا ناھايىتى ئەخلاقلىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپ، ئاستىرتتىن ئۇلارنىڭ پۇل ـ مېلىنى يەۋالىدىغان، ماددىي ۋە مەنىۋى ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىدىغان، ئۇلارنى زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىدىغان بولۇشى تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش گۈزەل ئەخلاق تارازىسىغا چۈشمەيدۇ.

ئەخلاق ئاساسلىرى بىلەن ئىمان ئاساسلىرىنىڭ مەنبئى بىردۇر. بۇ ئىككىسى قەتئىي ئايرىلالمايدۇ. ئەخلاق ئىمانسىز تولۇقلانمىغاندەك، ئىمانمۇ ئەخلاقسىز تولۇقلانمايدۇ.[1]

(1) مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەنەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى( ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

# ئائىلىدىكى ئەھۋالىڭىز ئەخلاقىڭىزغا باھا بېرىدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى بولغانلاردۇر» دېگەن سۆزى ئىنسان ئەخلاقىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆلچەيدىغان ۋە بۇ ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان ئەڭ توغرا مىزاندۇر.

چۈنكى، بەزى ئىنسانلار باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ناھايىتى ئەخلاقلىق قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. بولۇپمۇ يېڭىدىن تونۇشقان كىشىلىرىگە مەلۇم ۋاقىتقىچىلىك ئۆزىنى ئەخلاقلىق ۋە ياخشى قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. ئەمما ھەمىشە شۇنداق قىلالىشى، ھەتتا ئۆمۈر بويى شۇنداق ياسالما ئەخلاق بىلەن ئىش كۆرەلىشى ناتايىن.

ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئېنىق ۋە روشەن كۆرۈۋېلىشنىڭ ۋاستىلىرى نوپۇز، ئائىلە، مۇئامىلە ۋە بىرگە سەپەر قىلىشتۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى مىزان ئائىلە ھاياتىدۇر.

بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

ياسالما گۈزەل ئەخلاقى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلىپ كەلگەن بىر ئىنسان، جەمئىيەتتە مەلۇم نوپۇزغا ياكى مەنسەپكە ئېرىشكەندە بىردىنلا ئۆزگىرىدۇ. بولۇپمۇ، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى مەلۇم ئورنىنى ۋە نوپۇزىنى ھېس قىلغىنىدا، ئۇ چوقۇم ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭ نوپۇزى ياكى مەنسىپى ئۇزۇنغا سوزۇلغانسېرى ئۇنىڭدىكى ياسالمىلىق تېخىمۇ ئاشكارىلىنىشقا باشلايدۇ، ئاندىن باشقىلار بىلەن بولغان ماددىي ۋە ئەدەپ ـ قائىدە مۇئامىلىلىرىدە بۇ ياسالمىلىق ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ئوپئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

ئەگەر ئىنسان مەنسەپ تۇتقان ياكى مەلۇم نوپۇزغا ئىگە بولغان مەزگىللىرىدە، ئائىلىسىدىكى مەڭگۈلۈك تۇرمۇش جەريانىدا، باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشقانلىرىدا، قىلچە ئۆزگەرمەستىن، ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئاخىرغىچە بىر خىل داۋام قىلدۇرالىسا، ئۇ ھەقىقەتەن ئەڭ ئەخلاقلىق كىشىدۇر!

يەنە بىر مىسال، ئائىلىدە ئادەتتە ئەر كۈچلۈك، ئايال ئاجىز بولىدۇ. بەزىدە ئايالدىن ئەرنى سەۋرچانلىقتىن چىقىرىدىغان، كەڭ قورساقلىقتىن يىراق قىلىۋېتىدىغان، راستچىللىق پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشتىن توسۇپ قويىدىغان بەزى قىلىقلار ۋە ھەرىكەتلەر سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى تۇرمۇشتا كىشىلەر ھەر كۈنى بىر خىل ئۆتمەيدۇ. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى بىر خىل ساقلاپ قالالىغان ئەر راستتىنلا ئەڭ ئەخلاقلىق ئەردۇر!

شۇڭا، ئىراۋنىڭ ئەخلاقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان تارازىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئائىلە ھاياتىدۇر.

بەزى ئىنسانلار ئۆزىنى گۈزەل ئەخلاق ۋە پەزىلەتلىك قىلىپ كۆرستەلەيدۇ. ئەمما ئۇلار بىلەن پۇل ـ مال مۇئامىلىسى قىلغىنىڭىزدا ياكى بىرگە سەپەر قىلىپ كۆرگىنىڭىزدە، ئۇنىڭدىكى رەزىللىكلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىغا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر گۇۋاھچىدىن: «سەن گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان كىشىگنى تونۇمسەن؟» دەپ سورايدۇ. گۇۋاھچى: «ھەئە، تونۇيمەن» دەپ جاۋاب

بېرىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭدىن: «سەن ئۇنى قانداق تونۇيسەن؟ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن قوشنىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. گۇۋاھچى: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۆمەر ئۇنىڭدىن يەنە: «سەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەپەر قىلىپ باققانمۇ؟» دەپ سورايدۇ. گۇۋاھچى: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۆمەر ئۇنىڭدىن يەنە: «سەن ئۇنىڭ بىلەن پۇل مۇئامىلىسى قىلىپ باققانمۇ؟» دەپ سورايدۇ. گۇۋاھچى يەنە: «ياق» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا خەلىپە ئۆمەر : «يوقال! سەن ئۇنى تونۇمايدىكەنسەن» دەيدۇ ۋە ئۇنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىنى رەت قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى مۇئمىن كىشىنىڭ مىزانىدا گۈزەل ئەخلاقتىن سالماقراق كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوق».[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە قىيامەت كۈنى مۇئمىن ئادەمنىڭ ئەمەللىرى تارتىلىدىغان ئادالەت تارازىسىدا، ئەڭ سالماق كېلىدىغان، ئەڭ پەزىلەتلىك ئەمەل گۈزەل ئەخلاق ئىكەنلىكىنى كەسكىن ئېلان قىلىدۇ.

بەزى كىشىلەر بۇ ھەدىسنى چۈشىنىشتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن. ئۇلار: ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە چىن ئىشىنىش، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى تولۇق ئورۇنلاشتۇر. بۇنداق بولغان ئىكەن، قىيامەت كۈنى مۇئمىن ئادەمنىڭ مىزانىدا ئەڭ سالماق كېلىدىغان ئەمەل ئىمان بولۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداقمۇ «قىيامەت كۈنى مۇئمىن كىشىنىڭ مىزانىدا

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

گۈزەل ئەخلاقتىن سالماقراق كېلىدىغان ھېچ نەرسە يوق» دەيدۇ؟ دەپ ھەيران قېلىشى مۇمكىن.

لېكىن بۇ ھەيرانلىق ئىمان بىلەن ئىبادەتنىڭ ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق پىرىنسىپلىرى بەلگىلىگەن زۆرۈرىيەتلەردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھامان ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ.

شۈبھىسىزكى، گۈزەل ئەخلاق پىرىنسىپى بەلگىلىگەن زۆرۈرىيەتلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ـ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، گۈزەل ئەخلاق پىرىنسىپى توسقان يامانلىقلارنىڭ بىرىنچىسى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىشتۇر. چۈنكى ئالدىنقىسى ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق بولسا، كېيىنكىسى ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىگە تېنىش ۋە ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلماسلىقتىن ئىبارەت رەزىل ئەخلاقتۇر.

شەكسىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى ئىنسانلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، ئىبادەت قىلىنىشىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ يەنى ﴿مەن ئىنسانلارنى، جىنلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم (يەنى مېنىڭ خالىغىنىم بويىچە، مېنىڭ ئەمرىمنى تۇتقان ھالدا ھايات كەچۈرسۇن ئۈچۈن ياراتتىم)﴾[1] دەيدۇ.

چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىنساننى يوقتىن بار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەقىل ـ

---

(1) 51ـ سۈرە زارىيات 56ـ ئايەت

ئىدراك ئاتا قىلىپ، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ئۇنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن يارىتىپ، ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەردى. ئىنساننى مەۋجۇداتلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى ۋە خوجايىنى قىلدى. ئۇنىڭغا تۈرلۈك نېمەتلەرنى ئاتا قىلىپ، رىزىقلاندۇردى. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا بۇ قىلغانلىرىنىڭ بەدىلىگە ئىنسانلاردىن پەقەت ئۆزىنىڭ يەككە - يېگانە، تەڭداشسىز ئىلاھ ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگىلا قۇلچىلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ شۇنچىلىك ئېغىر تەلەپمۇ ياكى ئىنسانلار شۇنچىلىك تۇزكورمۇ؟

مۇشۇنداق زور ۋە چوڭ ھەققىنى ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەققىنى تونۇماسلىق ۋە ئېتىراپ قىلماسلىق راستتىنلا رەزىللىك ئەمەسمۇ؟!

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەمەللەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە پەزىلەتلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى بولغان ئىمان ئىنساندىكى كامالي ئەخلاقنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرىدۇر.

بۇنىڭ بىلەن قىيامەت كۈنى مۇئمىن ئادەمنىڭ تارازىسىدا ھەممىدىن ئېغىر كېلىدىغان ئەمەلنىڭ گۈزەل ئەخلاق ئىكەنلىكى بىزگە ئايدىڭلاشقان بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى جەننەتكە ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە سورالغىنىدا: «ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاق» دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە كىشىلەرنى دوزاخقا ئەڭ كۆپ

كىرگۈزىدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە سورالغىنىدا: «ئېغىز بىلەن ئەۋرەت»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

تەقۋالىق ـــ ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ياشاش ۋە دىن ھەم دۇنيالىق مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش دېگەنلىكتۇر.

ئېغىز بىلەن ئەۋرەتنىڭ كىشىلەرنى دوزاخقا ئەڭ كۆپ كىرگۈزىدىغان نەرسىلەر بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى بۇ ئىككىسىگە مۇناسىۋەتلىك ناچار ئەخلاق تۇپەيلىدىن ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ھەدىستە، بۇ ئىككىسىنى تەقۋالىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەكسى قىلىپ كۆرسەتكەن.

ھەدىستە ئېغىز بىلەن ئەۋرەتنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقى ئىنسانىنىڭ بۇ ئىككىسى بىلەن ھارام ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى سەۋەبتىن ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىش، يالغان سۆزلەش، كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش، بىراۋغا لەقەم قويۇش، پىتنە قوزغاش، باتىل دەۋالارنى تارقىتىش قاتارلىق جىنايەتلەر ئېغىزنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشقاندەك، زىنا ـ پاھىشە ئىشلارنى سادىر قىلىش ئىنساننىڭ ئۇياتلىق يېرى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئەڭ

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

ئەخلاقلىق بولغىنىڭلاردۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ ھەدىستە، كىشىلەرنىڭ ياخشىسى كۆپ ئىبادەت قىلغانلار ئەمەس، بەلكى ئەخلاقلىق بولغانلىرى ئىكەنلىكى قارارلاشتۇرۇلغان.

يەنە بىر ھەدىستە: «قىيامەت كۈنىدە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە مېنىڭ مەجلىسىمگە ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغىنىڭلاردۇر. قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغىنىڭلار ۋە مېنىڭ مەجلىسىمدىن ئەڭ يىراق بولىدىغىنىڭلار كۆپ سۆزلەيدىغان، سۆزلەشتە ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرسەتمەكچى بولغانلار ۋە ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغانلاردۇر.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئادەم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى سايىسىدا كېچىسى ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقانىنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ.»[3]

بۇنىڭدىكى سەۋەب ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن ھالدا، گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە ئىش كۆرىدىغان كىشىلەر ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا گۈزەل ئەخلاقنى تەقەززا قىلىدىغان ئىشلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتلاردىكى ھالىتى ئۇلارنى داۋاملىق قىلىۋاتقان ئىبادەتلەر ساھەسىگە ئېلىپ كىرىدۇ. چۈنكى شۇ لەھزىلەردە ئاچچىقىنى يىغىپ، سەۋرچانلىقنى ئاشۇرۇپ، نەپسى ھەۋىسىنى يېڭىپ، ئىنتىقام ئېلىش پەيلىدىن يېنىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەل

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى
(3) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

ئەخلاقىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئىش كۆرۈش جەريانىدا تارتقان جاپالىرى ھەققىدە كېچىسى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقان ئابىدنىڭ ئىبادىتىگە تەڭلىشىدۇ، گاھىدا ئېشىپ چۈشىدۇ.

يەنە كېلىپ، بىراۋنىڭ كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئىبادەتكە مەھكەم بولغانلىقى كاتتا ساۋابلىق ئەمەل بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ پايدىسى شۇ كىشىنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىبادىتىدىن باشقىلارغا پايدا يەتمەيدۇ. ئەمما بىراۋنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئومۇم خەلققە مەنپەئەتلىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۇ كىشىنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنىڭ پايدىسىنى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن ھەممە بىردەك بەھرىمەن بولىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئادەمنىڭ ئەخلاقىي ئەمەللىرى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە كاتتا ئىبادەتلەردىن سانىلىپ، ئۇ ئادەم ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇئمىن ئادەم ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى سايىسىدا كېچىسى ناماز ئوقۇپ، كۈندۈزى روزا تۇتقانىنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقلىق بولسىمۇ دۇنيالىق ئۈچۈن جېدەللىشىشنى تەرك ئەتكەن كىشىنى جەننەتنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قەسىرگە، چاقچاق ئۈچۈن بولسىمۇ يالغان سۆزلەشنى تەرك ئەتكەن كىشىنى جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر قەسىرگە ۋە ئەخلاقى ياخشى بولغان كىشىنى جەننەتنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدىكى

قەسىرگە كىرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلالايمەن.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: « ياخشىلىق ـــ گۈزەل ئەخلاقتۇر، گۇناھ ـــ سېنى بىئارام قىلغان ۋە باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشى ياقتۇرۇلمىغان ئىشتۇر.»[2]

ھەدىستىكى «ياخشىلىق» پۈتۈن ياخشىلىق تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىنچام سۆز بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى «گۈزەل ئەخلاق» دەپ تەرىپلىگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، گۈزەل ئەخلاق بارلىق ياخشىلىق تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر ئىسىمدۇر.

ئەمما گۇناھنىڭ كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان ۋە باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشى ياقتۇرۇلمايدىغان بولۇشى ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئاتا قىلغان ۋىجداننىڭ سەۋەبىدىن بولۇپ، ئىنساندىكى بۇزۇلمىغان ۋىجدان ياخشى پەزىلەتلەرنى ھېس قىلغاندەك، گۇناھلارنىمۇ ھېس قىلىدۇ، پەزىلەتلىك ياخشى ئىشلارنى قىلغىنىدا راھەتلىنىدۇ، يامان ئىش قىلغىنىدا ئۇۋايسىزلىنىدۇ. ئىنسان گۇناھ ـ مەسىيەت ئۆتكۈزگەندە ئۆزىدە بىئاراملىق ھېس قىلغان چېغىدا، ئەگەر بۇ ئىشنى باشقىلار كۆرۈپ قالغىنىدا، ئۇلارنىڭمۇ شۇنداق ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ساپ تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغان بۇ يامان ئىشنى قىلغانلىقى سەۋەبلىك باشقىلارنىڭ ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇشىدىن قورقىدۇ. شۇڭا قىلغان يامان ئىشنى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ياقتۇرمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلىگەن بۇ ئۆلچەم تەبىئىتى ساپ، ۋىجدانى ئويغاق كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن توغرا ۋە بەكمۇ نازۇك ئۆلچەمدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئادەم جېدەلخور ئادەمدۇر»(1) دەپ كۆرسەتكەن.

مەلۇمكى، جېدەلخور ئادەم ئادەتتىكى كىچىك ئىشلار ئۈچۈنمۇ جېدەل قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەمنىڭ نەپسىدىكى ناچارلىق ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈپ قويىدۇ. جېدەلخور ئادەم ئىنسانلارغا ئارام بەرمەيدۇ، بىرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىدۇ، بىرىنىڭ ھەققىنى تارتىۋالىدۇ، بىرىنى قاقشىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مۇنداق ئادەم ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئادەم بولۇشقا تېگىشلىك. ئاللاھ تائالا شۇنداق بەك مېھرىبانكى، بەندىلىرىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن رەنجىشىنى ۋە ھەقسىزلىكلەرگە ئۇچرىشىنى ياقتۇرمايدۇ. شۇڭا ئۇ بەندىلىرىگە پايدىلىق بولغانلارنى سۆيىدۇ، ئۇلارنى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىتىدىغانلارنى يامان كۆرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « نەدىلا بولمىغىن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانغىن. يامانلىق قىلىپ قويساڭ، ھامان ياخشىلىق قىلغىنكى ئۇنى ئۆچۈرسۇن. ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى

قىلغىن »[1] دېگەن.

بۇ ھەدىس ئەمەل قىلغان كىشىنى ئىنسانىي كامالەتلەرگە يۈكسەلدۈرىدىغان ئەڭ چوڭ ئەخلاقىي پىرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ياراتقۇچىسى ۋە باشقا ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەققىدە تەلىمات بېرىدۇ.

ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ بېشى ئۇنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن، كېچە ۋە كۈندۈز، نەدىلا بولمىسۇن ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن يىراق بولغان ھالدا، تولۇق تەقۋادارلىق ئىچىدە بولۇشىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىنى، ھەتتا كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئادەم نەدىلا بولمىسۇن ۋە قانداقلا بىر ئىشنى قىلمىسۇن، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشتىن يىراق، تەقۋالىق ئىچىدە بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە، مەسجىدتە تەقۋادار، ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدا ئالدامچى، ئۆيدە دىن بىلەن كارى يوق يۈرىدىغانلار ساختىپەزلەر بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداقلارنى ياقتۇرمايدۇ. بۇ بىرىنچى قائىدە.

ئىككىنچى قائىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «يامانلىق قىلىپ قويساڭ، ھامان ياخشىلىق قىلغىنكى ئۇنى ئۆچۈرسۇن» دېگەن سۆزى بولۇپ، بۇنىڭدا ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىش، توغرا يولغا قايتىش ۋە گۇناھ ـ مەسىيەت ئۆتكۈزۈش سەۋەبى بىلەن نەپسىنى تۆۋەنلەتكەندىن كېيىن ئۇنى پاكلاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىلاھىي كۆرسەتمە بار. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئاجىزلىقى ۋە ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىكى

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

سەۋەبلىك گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، بۇزۇلمىغان ۋىجدانىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق بۇرۇنقى خاتالىقلىرىنى ۋە يامانلىقلىرىنى يوققا چىقىرالايدۇ.

بۇ قائىدە ئاللاھ تائالانىڭ ﴿**وَأَقِمِ الصَّلاَةَ طَرَفَيِ النَّهَارِ وَزُلَفًا مِّنَ اللَّيْلِ إِنَّ الْحَسَنَاتِ يُذْهِبْنَ السَّيِّئَاتِ ذَلِكَ ذِكْرَى لِلذَّاكِرِيْنَ**﴾ يەنى ﴿كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ۋە كېچىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ناماز ئۆتىگىن. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئىشلار ئارقىلىق يامان ئىشلار يۇيۇلىدۇ. بۇ چۈشەنگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر﴾ [1] دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان.

ئۈچىنچى قائىدە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن» دېگەن سۆزى بولۇپ، بۇ ئىنسانىنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى ئەخلاق پىرىنسىپىنى بەلگىلىگەن چوڭ قائىدە. بۇ قائىدە ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئاللاھ تائالا سىزىپ بەرگەن گۈزەل ئەخلاق دائىرىسى ئىچىدە مۇئامىلە قىلىشنى پەرز قىلىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق بۈنچىلىك ئۇلۇغ ۋە يۇقىرى ماقامنى ئىگىلىگەن ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەخلاقلىقى ۋە ئەڭ ياخشىسى ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەخلاقىنى مەدھىيەلەپ: ﴿**وَإِنَّكَ لَعَلى خُلُقٍ عَظِيْمٍ**﴾ يەنى ﴿سەن ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئەخلاققا

(1) 11ـ سۈرە ھۇد 114ـ ئايەت

ئىگىسەن﴾[1] دېگەن.

ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەخلاقلىقى ئىدى» دەپ كەلگەن.

(1) 68- سۈرە قەلەم 4- ئايەت

## ئەخلاقنى ئۆلچەيدىغان ئومۇمىي پىرىنسىپلار

گۈزەل ئەخلاق بىلەن ناچار ئەخلاقنى ئۆلچەيدىغان ئومۇمىي پىرىنسىپ ئۈچ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە(1):

### بىرىنچى پىرىنسىپ

ئىنساننى باشقىلاردىكى بىلىم ـ قابىلىيەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت، بايلىق، تەلەي قاتارلىق قانداقلا بىر ئارتۇقچىلىقنى ــگەرچە ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولغان تەقدىردىمۇــ ئېتىراپ قىلىشقا ئۈزلۈكسىز ئىتتەرگەن ھەرقانداق بىر كۈچ گۈزەل ئەخلاق تۈرتكىلىرىدىن سانىلىدۇ.

بۇ پىرىنسىپنىڭ ئەكسى بولسا رەزىل ئەخلاق تۈرلىرىدىن سانىلىدۇ. ئىنساننى باشقىلاردىكى بىلىم ـ قابىلىيەت، ئەخلاق ـ پەزىلەت، بايلىق، تەلەي قاتارلىق قانداقلا بىر ئارتۇقچىلىقنى شەخسىيەتچىلىك، كۆرەلمەسلىك، ئىچى تارلىق قاتارلىق نەپسى خاھىش سەۋەبلىك ـ ئېتىراپ قىلماسلىققا ئىتتەرگەن ھەرقانداق بىر كۈچ ناچار ئەخلاق تۈرتكىلىرىدىن سانىلىدۇ.

### ئىككىنچى پىرىنسىپ

ئىنساننى ئۈستىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلارنى تولۇق ئادا قىلىشقا ياكى

---

(1) مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەنەكە مەيدانىينىڭ «ئىسلام ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ئۆزىنىڭ بىلىمى، كۈچى، پۇل ـ مېلى، جەمئىيەتتىكى ئورنى بىلەن باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ئۆزلۈكىدىن ئىنتىلگەن ھەرقانداق بىر كۈچ گۈزەل ئەخلاق تۈرتكىلىرىدىن سانىلىدۇ.

بۇ پىرىنسىپنىڭ ئەكسى رەزىل ئەخلاق تۈرتكىلىرىدىن سانىلىدۇ. ئىنساننى باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىشقا، ياكى ئۆزىدىن ھېچقانداق بىر چىقىم ياكى كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان ئىشلاردىمۇ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن، ياكى ئىختىيارىي ۋە بىرەر مەنپەئەت كۆزلىمىگەن ھالدا، بىراۋنى زىياندىن قۇتۇلدۇرۇپ قويۇشتىن ۋاز كېچىشكە ئىنتىلگەن ھەرقانداق بىر كۈچ ناچار ئەخلاق تۈرتكىلىرىدىن سانىلىدۇ.

## ئۈچىنچى پىرىنسىپ

ئىنساننى باشقىلارنىڭ قوللىرىدىكىسىگە كۆز قىزارتماستىن، ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتىغا قارشى چىقماستىن، ئۆزىگە بېرىلگەنلەرگە قانائەتلىنىپ، ئۇنىڭغا رازىلىق بىلدۈرۈشكە ئۆزلۈكىدىن ئىنتىلگەن ھەرقانداق بىر كۈچ گۈزەل ئەخلاق تۈرتكىلىرىدىن سانىلىدۇ.

بۇ پىرىنسىپنىڭ ئەكسى رەزىل ئەخلاق تۈرتكىلىرىدىن سانىلىدۇ. ئىنساننى باشقىلارنىڭ ئىگە بولغانلىرىغا كۆز قىزارتىش، كۆرەلمەسلىك ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ تەقسىماتىغا قارشى چىقىشقا ئىنتىلگەن ھەرقانداق بىر كۈچ ناچار ئەخلاق تۈرتكىلىرىدىن سانىلىدۇ.

# ئەخلاق بىلەن ئەدەپنىڭ پەرقى

«ئەخلاق ــ ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا مۇستەھكەم ئورۇن ئالغان ئىچكى تۈزۈلمە بولۇپ، ئۇنىڭدىن سادىر بولىدىغان ئىشلار ھېچقانداق تەكەللۇپ ياكى تەييارلىق تەلەپ قىلماستىن، ھەتتا ئويلاشقىمۇ ھاجەت بولماستىنلا تەبىئىي ھالدا چىقىدۇ. ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن سادىر بولغان ئىشلاردىن ئەقىل ۋە دىنىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇپ ياخشى ۋە چىرايلىق سانالغانلىرى گۈزەل ئەخلاق، ئەكسىچە بولغىنى ناچار ئەخلاق دەپ ئاتىلىدۇ.»(1)

ئەمما ئەدەپ ــ ئىنساننى ئېسىل خىسلەتلەر ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن بېزەپ، ئۇنى گۈزەللەشتۈرىدىغان نەرسە بولۇپ، ئىنساننىڭ ئىش ــ ھەرىكىتىنى تىزگىنلەش ئارقىلىق، ئۇنى تۈرلۈك خاتالىقلارغا ۋە يامانلىقلارغا چۈشۈپ قېلىشتىن قوغداش رولىغا ئىگە.

خەلقىمىزمۇ ئەل ــ جامائەتنىڭ نەزىرىدە ئەيىبلىنىشكە سەۋەب بولىدىغان ناشايان ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى ساقلىغان كىشىنى «ئەدەپلىك ئادەم» دېگەندەك، جامائەتنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلغان كىشىنى «ئەدەپسىز ئادەم» دەيدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئەخلاق بىلەن ئەدەپنىڭ پەرقىنى تۆۋەندىكىدەك ئايرىش مۇمكىن:

---

(1) ئۇستاز ئەمر خالىدنىڭ «مۇئمىننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

1. ئەدەپ ئاساسەن تەلىم ـ تەربىيە ۋە نەپسنى ياخشى ئىشلارغا چېنىقتۇرۇش بىلەن ھاسىل بولىدىغان نەرسە. ئەمما ئەخلاق كۆپىنچە ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن كېلىدىغان، تەربىيە بىلەن ئۆزگىرىدىغان نەرسە.

2. تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئەدەپنى يېتىشتۈرۈشتىكى تەسىرى ئەخلاقنى يېتىشتۈرۈشكە نىسبەتەن كۈچلۈك بولىدۇ.

3. ئەدەپ قارىتىلغان تەرەپلىرى ئېتىبارى بىلەن ھەر خىل شەكىلدە ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئەمما ئېسىل ئەخلاق ھەممىلا جايدا ۋە ھەر قانداق كىشىگە بىر خىل بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ.

مەسىلەن: ئاتا ـ ئانىغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەدەپ بولسا بالىلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەدەپكە ئوخشىمىغاندەك، ئۇستازلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەدەپمۇ ساۋاقداشلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەدەپكە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ھەممىسىنىڭ ئايرىم ئورنى بار. ئەمما گۈزەل ئەخلاق ھەممە كىشىگە ۋە ھەممىلا جايدا بىر خىل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش، كەمتەر، راستچىل، ۋاپادار، مېھرى ـ شەپقەتلىك، سېخىي ـ مەرد بولۇش قاتارلىق ئىشلار مەيلى ئاتا ـ ئانىغا بولسۇن، مەيلى بالىلارغا بولسۇن، مەيلى ئۇستازلارغا بولسۇن، مەيلى ساۋاقداشلارغا بولسۇن، مەيلى باشقا ھەر قانداق بىر ئىنسانغا بولسۇن، ھەمىشە بىر خىل بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

4. ئەدەپ كۆپ ھاللاردا ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى قانداقلا بىر جەمئىيەتتە ياشىغان ئادەم شۇ جەمئىيەتتىكى كىشلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورققانلىقتىن بولسىمۇ، شۇ جەمئىيەت خەلقىنىڭ ئەدەپ ۋە

قائىدىلىرىدىن چەتنەپ كېتىشنى خالىمايدۇ-دە، چىن كۆڭلىدىن بولمىسىمۇ ئەدەپلىك بولىدۇ.

ئەمما ئەخلاق ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مۇستەھكەم تۈزۈلمە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن سادىر بولىدىغان ئىشلار كۆپىنچە ئىختىيارسىز سادىر بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق شۇ كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

# تاشقى كۆرۈنۈشلەر ئىچكى ئەخلاقنى ئىپادىلىمەيدۇ

ئادەمنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىكى ئەخلاقىي كۆرۈنىشى ئۇنىڭدا بار بولغان ئەخلاقنى ئىپادىلىمەيدۇ، يەنى تاشقى كۆرۈنۈشلەر ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا ئادەمدىكى بەزى ئەخلاقىي كۆرۈنۈشلەر كۆپ ھاللاردا، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا مەۋجۇت بولغان ئەخلاقنى ئىپادىلىمەيدۇ. چۈنكى ئىنسان قايسىبىر غەرەز بىلەن بەزى ئەخلاقىي قىلىقلارنى خۇددى شۇنداق قىلىش ئۇنىڭ تەبىئىي ئەخلاقىدەكلا ئوخشىتىپ قىلالايدۇ. بۇ گاھىدا رىيا (كۆرسەتمىچىلىك)، گاھىدا نىفاق (مۇناپىقلىق) تۈرىگە كىرىدۇ. ياكى مۇنداق قىلىقنى بەزى كىشىلەر نەپسىنى ياخشى ئەخلاقلارغا كۆندۈرۈش نىيىتى بىلەن قىلىشىمۇ مۇمكىن.

ئەخلاق دېگەن ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بولىدىغان تەبىئىي ياكى ئۆگىنىپ يېتىشتۈرۈلگەن ئىچكى قۇرۇلما بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسىرى ئىنساننىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىدا كۆرۈنىدۇ. لېكىن مۇنداق كۆرۈنۈشنى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئەينىكى ياكى دەلىلى دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسان مەشىق قىلىش بىلەن ئۆزىدە بولمىغان ئەخلاقنى يېتىشتۈرەلىگەندەك، يالغاندىنمۇ ئۆزىنى ئەخلاقلىق قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. مەسىلەن: ئىنتايىن بېخىل بىر ئىنسان بىرەر غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ناھايىتى سېخىي قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. بۇ جەرياندا مال ـ دۇنياسىنى ئايىماي تۆكەلەيدۇ. ئەمما ئۇ ئىنساننىڭ تەبىئىي ئەخلاقى يەنىلا شۇ بېخىللىقى بىلەن داۋام قىلىۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلى ئەخلاقى بېخىللىق ئەمەسمۇ؟

مۇنداق ئادەم سېخىيلىقنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا نەپسىنى بويسۇندۇرۇپ، سېخىيلىققا ئادەتلەنمىگىچە ئۇنىڭ ئەخلاقىدىكى بېخىللىق شۇ بويىچە قېلىۋېرىدۇ.

مەسىلەن: بىر يىگىت بىر قىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى ھەر جەھەتتە ياخشى كۆرسىتىشى مۇمكىن. قىزلارمۇ شۇنداق. ئەمما قىزنى رەسمىي ئۆزىگە قارىتىپ بولغاندىن ياكى تويدىن كېيىن، ئۇنىڭ ساختىلىقى بىر ـ بىرلەپ ئېچىلىشقا باشلايدۇ.

## ھېكمەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئەقىل

ھېكمەت بىلەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟

ھېكمەت — يۈرۈش ـ تۇرۇشنى ساغلام ئەقىل ۋە توغرا دىننىڭ تەقەززاسىغا قارىتىپ توغرىلاش، باشقۇرۇش ۋە يېتەكلەش دېگەنلىكتۇر.

ھېكمەت مۇنداق ئىككى ۋەزىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. دۇرۇسلۇقتىن چەتنەپ كېتىشتىن توسۇش

2. دۇرۇسلۇققا يېتەكلەش ۋە ئۇنىڭغا ئىتتىرىش

توسۇش ۋە يېتەكلەشنىڭ مەنبەئى ساغلام ئەقىل بىلەن توغرا دىندۇر. بۇ ئىككى مەنبەنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن ئەقىلنىڭ نەپسى ھەۋەسلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا قېلىشتىن، ياكى ھەرقانداق بىر نۇقساندىن ساغلام بولۇشى، ئالغان دىنىي تەلىماتنىڭ، دىنىي چۈشەنچىنىڭ ساغلام ھەم توغرا بولۇشى شەرتتۇر.

ئەقىل بىلەن دىن بۇ شەرتكە توشقان ۋاقىتتا ھېكمەتنىڭ مەنبەئى بولالايدۇ.

ھېكمەت ئىنسانىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە تەلەپ قىلىنىدۇ. مەيلى ئەخلاقىي تەرەپتىن بولسۇن، مەيلى قائىدە ـ يوسۇن تەرەپتىن بولسۇن، مەيلى ئىبادەت تەرەپتىن بولسۇن، مەيلى ئۆرپ ـ ئادەت تەرەپتىن بولسۇن، مەيلى نەپسىنىڭ تەبىئىي تەلەپلىرىنى ئورۇنداش تەرەپتىن بولسۇن ھەممىسىدە ھېكمەت بىلەن ئىش كۆرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

شۇڭا ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرگە رىئايە قىلىش، رەزىل ئەخلاق ۋە يامان قىلىقلاردىن يىراق بولۇش ھېكمەتلىك ئىش قىلغانلىقتۇر. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھېكمەت ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان چوڭ بىر ماۋزۇ بولۇپ، ئىنسانىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىكى ھېكمەتلىك ئىشلار ھېكمەتنىڭ بىر پارچىسىدۇر.

ھېكمەت بىلەن ئەقلىنىڭ مۇناسىۋىتى نېمە؟

ئەقلنى بەزىلەر مۇھىت بىلەن، ھادىسە ۋە ۋەقەلىكلەر بىلەن ئەڭ مۇناسىپ رەۋىشتە ماسلىشىش، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئادەتتە ھېكمەت بىر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش ئۈچۈن ساغلام ئەقىلگە ھاجەت بولىدۇ. ئەمما كۆپىنچە ھاللاردا ئەقىل تېپىلغان يەردە ھېكمەت تېپىلمايدۇ. شۇڭا مۇھىت، ھادىسە ۋە ۋەقەلىكلەر بىلەن ئەڭ مۇناسىپ رەۋىشتە ماسلىشىش ئەقىل ۋە ھېكمەت بىلەن بولغىنىدەك، بەزى ھاللاردا ھېكمەت بولماستىن ئەقىل بىلەنلا بولىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھنىڭ دىنىغا ئىشەنمەيدىغان مۇناپىقلارمۇ مۇسۇلمانلار ياشايدىغان مۇھىت، ھادىسە ۋە ۋەقەلىكلەر بىلەن ئەڭ مۇناسىپ رەۋىشتە ماسلىشىپ كېتەلەيدۇ. لېكىن بۇنداق بىر مۇناپىقلىق ئەقلىنىڭ كۈچى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان بولسىمۇ، ھېكمەتتىن مەھرۇمدۇر.[1]

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولدىكى، ئەقىل باشقا نەرسە، ھېكمەت باشقا نەرسە. لېكىن ئەقىل بەزىدە ھېكمەتنىڭ يوللىرىنى تونۇشنىڭ ۋاستىسى ياكى ماددىسى بولالايدۇ.

---

(1) مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەنىنەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى( ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردە ھېكمەت ناھايىتى زور ماختالغان. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالانىڭ «ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى» ۋە «ھېكمەت ئىگىسى» ئىكەنلىكى ھەققىدە 90دىن كۆپرەك ئايەت كەلگەن. ئۇندىن باشقا ھېكمەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا تەلىم بېرىشتىكى رەببانىيلىقىنىڭ ئۇنۋانى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان:

﴿**وَلَمَّا جَاء عِيسَى بِالْبَيِّنَاتِ قَالَ قَدْ جِئْتُكُم بِالْحِكْمَةِ...**﴾ يەنى ﴿ئىسا روشەن مۆجىزىلەر بىلەن كېلىپ ئېيتتى: «سىلەرگە مەن ھېكمەت ئېلىپ كەلدىم...»﴾[1]

﴿**هُوَ الَّذِي بَعَثَ فِي الْأُمِّيِّينَ رَسُوْلًا مِّنْهُمْ يَتْلُوْ عَلَيْهِمْ آيَاتِهِ وَيُزَكِّيْهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَإِنْ كَانُوْا مِنْ قَبْلُ لَفِيْ ضَلَالٍ مُّبِيْنٍ**) يەنى (ئاللاھ ئۇممىيلەرگە (ساۋاتسىز ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدىغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى.)(2)

(1) 43- سۈرە زۇخرۇف 63- ئايەت
(2) 62- سۈرە جۇمۇئە 2- ئايەت

## ئەخلاقنىڭ پۈتۈن ھايات ساھەلىرىگە ئومۇمىيلىقى

ئەخلاق ئىنسان ھاياتىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە ۋە ئىنساننىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: تەپەككۇر ئەخلاقى، ئېتىقاد ئەخلاقى، قەلب ئەخلاقى، نەپس ئەخلاقى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇش ئەخلاقى قاتارلىقلاردۇر.

1. تەپەككۇر ئەخلاقى

پىكىر ـ تەپەككۇرنى ئۆزىگە ۋە ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان ئىلىم ـ مەرىپەت، پەن ـ مەدەنىيەت، تەجرىبە ـ ساۋاق، كېلەچەك ئۈمىدى ۋە ھەرقانداق ئىجابىي ماۋزۇلارغا بېغىشلاپ، ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، دۈشمەنلىك، ھەسرەت ـ نادامەت، قايغۇ ـ ھەسرەت، غەزەپ، ئاچچىق قاتارلىقلارنىڭ ئوتلىرىنى ياندۇرىدىغان، ھارام ئىشلارغا قارىتا ئادەمنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ھەر قانداق تەپەككۇر ۋە خىياللاردىن يىراق بولۇش تەپەككۇر ئەخلاقىدىن سانىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسى پىكىر ـ تەپەككۇردىكى ئەخلاقسىزلىقتۇر.

2. ئېتىقاد ئەخلاقى

سەپسەتىلەرگە، ئىلىم يولى بىلەن ئىسپاتلانمىغان گۇمانلارغا، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە، ئىسلام ئېتىقادىغا يات ئېقىملارغا، تەقلىدچىلىككە قەلبتىن ئورۇن بەرمەستىن، قەلبنى مۇستەھكەم ئېتىقاد بىلەن تولدۇرۇش ئېتىقاد ئەخلاقىدىن سانىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسى ئېتىقادتىكى ئەخلاقسىزلىقتۇر.

3. قەلبنىڭ ئەخلاقى

ھەقىقەتنى ۋە ياخشىلىقنى سۆيۈش، باتىلنى، يامانلىقنى يامان كۆرۈش، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك ۋە كۆرەلمەسلىك قاتارلىق ناچار تۇيغۇلارنى ساقلىماسلىق قاتارلىقلار قەلبنىڭ ئەخلاقىدىن سانىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسى قەلبتىكى ئەخلاقسىزلىقتۇر.

4. نەپسنىڭ ئەخلاقى

ئىپپەت، سەۋرچانلىق، ھىممەت، ئالىي تىلەك، سېخىيلىق، كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق ۋە باشقىلار نەپسنىڭ ئەخلاقىدىن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەكسى نەپسىدىكى رەزىللىكتۇر.

5. يۈرۈش ــ تۇرۇش ئەخلاقى

ھەر ۋاقىت ۋە ھەر قانداق جايدىكى يۈرۈش ــ تۇرۇشلاردا، ئىش ــ ھەرىكەتلەردە، گەپ ــ سۆزدە ۋە بارلىق ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى راستچىللىق بىلەن ئىپادىلەش يۈرۈش ــ تۇرۇشتىكى گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يوشۇرۇپ، ياسالمىلىق قىلىش يۈرۈش ــ تۇرۇشتىكى رەزىل ئەخلاقتۇر.

**ئەخلاقنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلىرى**

ئەخلاق ئىنسانىنىڭ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. ئىنسانىنىڭ شەخسىي تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئەخلاقلار ــــ قانائەت، رازىمەنلىك، ئىنتىزامچانلىق، قېتىرقىنىش، چىن ئىرادە، ئۈمىدۋارلىق ۋە باشقىلار.

2. ئىنسانىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەپلىرىنى ئۆزئىچىگە ئالىدىغان ئەخلاقلارــــ راستچىللىق، ئىشەنچلىك بولۇش، ۋاپادارلىق، كەمتەرلىك،

باشقىلاردىن كەلگەن ئەزىيەتلەر ئالدىدا سەۋرچان بولۇش، ئىپپەت ـ نومۇسلۇق بولۇش، كەڭ قورساقلىق، ئەپۇچانلىق، سېخىيلىق، شىجائەت ۋە باشقىلار.

ئىجتىمائىي ئەخلاق پىرىنسىپىنى بىر جۈملە سۆز بىلەن چۈشەندۈرگەندە، ئىنساننىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قانداق مۇئامىلە كۆرۈشنى كۈتسە ۋە ئارزۇ قىلسا، باشقىلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىشى دېگەنلىكتۇر.

ئۆزى يامانلىق قىلىپ قويغان، ياكى بىلىپ ـ بىلمەي رەنجىتىپ قويغان بىرىدىن ئۆزىنى ئەپۇ قىلىۋېتىشىنى كۈتكەن ئادەم باشقىلارنىمۇ ئەپۇ قىلسۇن!

باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قارىتا ئېشەنچلىك بولۇشىنى كۈتكەن ئادەم باشقىلارغا ئىشەنچلىك بولسۇن!

باشقىلارنىڭ راست سۆزلىشىنى ياقتۇرغان ئادەم ئۆزى راستچىل بولسۇن، باشقىلارغا پەقەت يالغان سۆزلىمىسۇن!

باشقىلارنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىنى ياقتۇرغان ئادەم ئۆزىمۇ باشقىلارغا قارىتا ئىپپەتلىك بولسۇن!

خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ، ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ئار ـ نومۇسىنى مۇقەددەس بىلگەن ئادەم باشقىلارنىڭمۇ خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ، ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ئار ـ نومۇسىنى مۇقەددەس بىلىشى، ئۇلارنى ئاياق ـ ئاستى قىلىشتىن، ئۇلارنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزۈشتىن ھەزەر قىلسۇن!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دوزاختىن يىراق قىلىنىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلۈشنى خالىغان ئادەم ئىمان بىلەن

ئۆلسۇن، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قانداق كېلىشىنى ياقتۇرسا، ئۇلارغىمۇ شۇنداق كەلسۇن.»[1]

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

## ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋەتتى ئېتىبارى بىلەن تۈرلىنىشى

ئەخلاق قارىتىلغان تەرەپلىرى ئېتىبارى بىلەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ[1].

بىرىنچى تۈرىدىكىسى، ئىنسان بىلەن ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىلغان ئەخلاق بولۇپ، بۇ تۈردىكى ئەخلاق ئىنسانغا كۆپلىگەن ئەخلاقىي بۇرۇچلارنى يۈكلەيدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىماندا راستچىل بولۇش، ئۇنىڭ ئىلاھلىقىدا، جىمى سۈپەتلىرىدە، بارلىق ئىشلىرىدا ئەڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، بۇيرۇغانلىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن قەتئىي يېنىش، ئۇنىڭغا بارچە ئىخلاس ۋە مۇھەببەتنى بېغىشلاش، ئازابىدىن قورقۇپ، رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش، ئۇنى ھەمىشە ياد ئېتىش ۋە باشقىلار.

بۇ تۈرگە مۇناسىۋەتلىك ناچار ئەخلاقلار: ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىش، بۇيرۇغانلىرىنى قىلماسلىق، توسقانلىرىدىن يانماسلىق، ئازابىدىن قورقماسلىق، رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش، ئۇنى ياد ئەتمەسلىك قاتارلىق كۇفرىلىق ۋە گۇناھ ــ مەسىيەتلەردۇر.

ئىككىنچى تۈرىدىكىسى، ئىنساننىڭ باشقىلار بىلەن بولغان

---

(1) مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەنەنەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى( ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

مۇناسىۋەتتىكە قارىتىلغان ئەخلاق بولۇپ، بۇ تۈردىكى ئەخلاق ناھايىتى ئېنىق ۋە ئوچۇقتۇر. ئۇلار: راستچىل، ئىشەنچلىك، ئىپپەتلىك، ئادالەتلىك، ئەپۇچان، مەرد، سېخىي، ھەققانىي بولۇش، مۇئامىلىدە ھەققانىي بولۇش، ۋەزىپىنى قېتىرقىنىپ ئورۇنداش، ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى، پەزىلەت ئىگىسىنىڭ پەزىلىتىنى ئېتىراپ قىلىش قاتارلىق مەنپەئەتىدىن باشقىلار بەھرىمەن بولىدىغان گۈزەل ئەخلاق تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدۇر.

بۇ تۈرگە مۇناسىۋەتلىك ناچار ئەخلاقلار: يالغان سۆز، خىيانەت، ھەقسىزلىق، دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك، كۆرەلمەسلىك، بېخىللىق، يامان مۇئامىلە، ۋەزىپىنى ئادا قىلماسلىق، ياخشىلىق بەدىلىگە تۇزكورلۇق قىلىش، ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى، پەزىلەت ئىگىسىنىڭ پەزىلىتىنى ئىنكار قىلىش قاتارلىق زىيىنى باشقىلارغا يېتىپ بارىدىغان بارلىق يامان قىلىقلاردۇر.

ئۈچىنچى تۈردىكىسى، ئىنساننىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان ئەخلاق بۇرچى بولۇپ، مۇسبەتكە، بالا ـ قازاغا ۋە قايتۇرغىلى بولمايدىغان ھەر قانداق قولدىن بېرىشلەرگە سەۋر قىلىش، تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق بولۇش، دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ھەر قانداق بىر ئىشنى قېتىرقىنىپ ئىخلاس بىلەن قىلىش، ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرمەسلىك ۋە ئىنسان ئۆز ـ ئۆزىنى ياخشى ئىدارە قىلىشتا كېرەكلىك بولغان ھەر قانداق چارىلەر بۇ تۈردىكى ئەخلاقىي بۇرچنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

بۇ تۈرگە مۇناسىۋەتلىك ناچار ئەخلاقلار يۇقىرىقىلارنىڭ تامامەن ئەكسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

تۆتىنچى تۈردىكىسى، ئىنساننىڭ باشقا جانلىقلار بىلەن بولغان

مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان ئەخلاقىي بۇرچى بولۇپ، ئۇلار: ھايۋانلارغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش، ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش، ياخشى مۇئامىلە قىلىش، قىيىنىماسلىق، ئاچ قويماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ جىنسىمۇ خۇددى ئىنسانلارنىڭكىگە ئوخشاش جان ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارمىغان ھالدا مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلاردۇر. ئەكسىچە، ھايۋانلارنى قىيناش، ئاچ قويۇش، بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇش، ئوق ئېتىش مەشىقلىرىدە ئۇلارنى باغلاپ قويۇپ نىشان قىلىش، بىھۇدە ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلار ناچار ئەخلاق نەمۇنىلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «بىر ئايال بىر مۈشۈكنى نان، ياكى سۇ بەرمەستىن، ياكى يەردىن بىر نەرسە تېپىپ يېيىشى ئۈچۈن قويۇپ بەرمەستىن، سولاپ قويۇپ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىقى تۈپەيلى دوزىخى بولۇپ كەتتى.»[1] دېگەن.

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

## ھۆرىيەت ۋە ئۇنىڭ چەك ـ چېگراسى

دۇنيادا چەكسىز ھۆرىيەت بولمايدۇ. ئۇنداق ھۆرىيەت بار دەپ گۇمان قىلغانلار راستتىنلا ئەخمەقلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ گۇمانلىرى رېئاللىقتا تامامەن زىت كېلىدۇ. چۈنكى نېمە قىلىشنى خالىسا شۇنى توسالغۇسىز ۋە چەكلىمىسىز ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش پەقەت بىرلا ياراتقۇچىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، چەكسىز ھۆرىيەت ۋە مۇتلەق ئىختىيار پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا. چۈنكى ئاللاھ تائالا ياراتقۇچى ۋە يوق قىلغۇچى، ھايات بەرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچىدۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا خالىغىنىنى قىلالايدۇ. چۈنكى كائىنات ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق سەۋەبلەر ۋە مۇتلەق كۈچ ـ قۇدرەت ئۇنىڭ قولىدا.

ئىنسان ئۈچۈن بۇ قۇدرەت نەدە بولسۇن؟ ئىنساننىڭ خالىغانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشى ئۇنىڭ ئاجىزلىقى ۋە مەلۇم چەكلىمە ئىچىدە ئىكەنلىكى سەۋەبلىك كۆپ ھاللاردا ئەمەلگە ئاشماي قالىدۇ. مەسىلەن: بىراۋ ئۆزىنىڭ ھۆر ئىرادىسى بىلەن  مۇسابىقىلەردە بىرىنچى بولۇپ چىقىشنى خالايدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغىنىدا ئۆزىنىڭ مۇتلەق ھۆرىيەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئېگىز جايدىن يېقىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئادەم شۇ لەھزىلەردە ئۆزىدە خۇددى قۇشلاردەك ئۇچۇش قۇدرىتى بولۇپ، ئۆلۈمدىن ساق قېلىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىدۇ، لېكىن بۇنداق قۇدرەت ئۇنىڭدا نەدە بولسۇن؟ ئىنسان چوڭ بايلاردىن بولۇشنى ئارمان قىلىدۇ. لېكىن ھەممىسى شۇنداق بولالامدۇ؟

بىزدە قۇشلاردەك ئۇچۇش، لەھەڭدەك سۇ ئۈزۈش ۋە پەرىشتىلەردەك ئاسمانغا ئۆرلەش ھۆررىيىتى بارمۇ؟ بىزگە كەلگەن ئۆلۈمنى تۇسۇپ قالىدىغان ھۆررىيەت بىزدە بارمۇ؟

ئەگەر ئىنساندا مۇتلەق ھۆررىيەت بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئارمان قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولالمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولىدۇ؟

كۈچلۈك دۆلەتلەر ئۆزلىرى زورلۇق بىلەن مۇستەملىكە قىلغان خەلقلەرنى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەن دەۋاسى قىلىش خەۋپىدىن ئۈزۈل - كېسىل خاتىرجەم بولۇشنى قانچىلىك ئارمان قىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇلار ئۆزلىرىدە مۇتلەق ھۆررىيەت بارلىقىنى گۇمان قىلىپ، قىلمىغان قەتلىئاملىرى ۋە ھەرخىل سۇيىقەستلىرى قالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ مىللەتلەرنى يوق قىلالمىغان.

چىشىدىن تىرنىقىغىچە ئەڭ خەتەرلىك ۋە ئەڭ زامانىۋى قۇراللار بىلەن قوراللانغان ئىسرائىلىيە جوھۇتلىرى پۈتۈن كۈچىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ، پەلەستىنىدىكى ئومۇمىي نوپۇس سانى بىر يېرىم مىليونغا يەتمەيدىغان، خەلقى نامرات، دۈشمەنگە ئاتىدىغان تاشتىن باشقا قۇرالى بولمىغان كىچىككىنە غەززە شەھىرىنى نېمە ئۈچۈن بويسۇندۇرالمىدى؟

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى غەززە شەھىرىگە قويۇلغان ئېمبارگو غەززە خەلقىنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇۋەتكەن. غەززە ئاھالىسى يېگىلى يوق، ئىچكىلى يوق، كىيگىلى يوق، داۋالىنىش ئۈچۈن يا دورا يوق، يا پۇل يوق، دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قۇرال تېخىمۇ يوق، شۇنداق، پۈتۈنلەي يوقلۇق ئىچىدە، ئىنتايىن ئېچىنىشلىق

بىر ۋەزىيەتتە ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ نامراتلىقىدا ھايات كەچۈرمەكتە.

ئىسرائىلىيە بولسا پۇقرالارغىچە قوراللانغان، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى دۆلەتلەر، پەلەستىنگە قوشنا بولغان باشقا دۆلەتلەر رەسمىي ياكى غەيرىي رەسمىي ھالدا ئىسرائىلىيەنى قوللىغان، ھەتتا پەلەستىن مىللىي ھاكىمىيتى بىلەن كۆپلىگەن پەلەستىن تەشكىلاتلىرىمۇ غەززەدىكى ھاماس ھاكىمىيتىگە قارشى تۇرۇپ، ئىسرائىلىيەگە يانداشقان، غەززەگە قوشنا دۆلەتلەر غەززە ئاھالىسىغا ياردەم قولىنى سوزۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، يىراق دۆلەتلەردىن كەلگەن دورا-دەرمەك، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق ئىنسانىي ياردەملەرنىمۇ غەززەگە كىرىشتىن توسۇۋاتقان.

بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ۋەزىيەتتە ئىسرائىلىيە ئۈچۈن ھاياتىدا تېپىلمايدىغان شۇنداق چوڭ بىر پۇرسەت بار تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن ئىسرائىلىيە غەززەنى بويسۇندۇرالمىدى؟ ئارقا - ئارقىدىن ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ئەڭ ۋەھشىي ھۇجۇملىرىنى كېچە - كۈندۈز داۋام قىلدۇرۇپ تۇرۇپمۇ نېمە ئۈچۈن كىچىك بىر پارتىزان شەكلىدىكى ھاماسنى يوق قىلالمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئىسرائىلىيە ئەڭ زامانىۋى قوراللىرى بىلەن تۇرۇپ ھاماسنىڭ قولدا ياسالغان ئاددىي قوراللىرىغا تەڭ كېلەلمىدى؟

چۈنكى، چەكسىز ھۆرىيەت ۋە مۇتلەق ئىختىيار ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالا خالىمىدى! ئاللاھ تائالا خالىمىغان ئىكەن، ئىنسانلارنىڭ خاھىشى ئەمەلگە ئاشمىدى.﴿**وَمَا تَشَاؤُوْنَ إِلَّا أَنْ يَشَاءَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِيْنَ**﴾

يەنى﴿ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ خالىمىغۇچە سىلەر خالىيالمايسىلەر﴾[1] دېمەك، سىلەر كۆزلىگەن مەقسەتلىرىڭلارنى ئاللاھ تائالا يول قويمىغۇچە ئەمەلگە ئاشۇرالمايسىلەر.

## ئىنساننىڭ قۇدرىتى چەكلىك

ئىنساننىڭ قۇدرىتى قانچىلىك يۇقىرى بولۇپ كەتسۇن، پۈتۈن شەرت ـ شارائىتلار ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولغان بولسۇن، يەنىلا ئۇ ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ قۇدرىتى ۋە ئۇنىڭ ھۆرىيىتى — مەيلى ئۇ خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن— تەبىئىي ھالدا چەكلىكتۇر.

ئىنساننىڭ ھۆرىيەتتىن بولغان ھەققى كۆپلىگەن ھەق ـ ھوقۇقلارغا زىت كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ ئىنساننىڭ شەخسىي ھەق ـ ھوقۇقلىرى، ئىجتىمائىي ھەق ـ ھوقۇقلار ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقىمۇ بار.

بۇ ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسىگە پەقەت مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە ھەق ـ ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ ھەر بىرىگە ئادالەتلىك تەقسىم قىلىش يولى بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## شەخسىي ھەق ـ ھوقۇقلار

ئىنساننىڭ شەخسىي ھەق ـ ھوقۇقى — ئوقۇپ بىلىم ـ مەرىپەت ئېلىش ھوقۇقى، ئۆزىگە يوللۇق ھالدا بەخت ئىزدەش ھوقۇقى، زىيان ـ زەخمەتتىن ساقلىنىش ھوقۇقى، ئاللاھ تائالا بەرگەن نېمەتلەردىن ۋە

(1) 81ـ سۈرە تەكۋىر 29ـ ئايەت

رىزىقلاردىن ئىسراپ قىلماستىن يوللۇق پايدىلىنىش ھوقۇقى، ھالال قىلىنغان لەززەتلەر بىلەن ھۇزۇرلىنىش ھوقۇقى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما ئىنساننىڭ ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشى ئۇنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس. مەسىلەن: ئىنساندا ئۆزىنىڭ شەخسىي ئەركىنلىك دەۋاسى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش، ياكى نەپسى خاھىشىنىڭ كەينىگە كىرىپ زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش بىلەن ئۆزىنى كېسەل قىلىش، ياكى پىكىر ـ تاقىتىنى، ئەقىل كۈچىنى ئۆزىگە ياكى ئىنسانىيەتكە پايدىسى بولمايدىغان بىھۇدە نەرسىلەر بىلەن زايە قىلىۋېتىش ئەركىنلىكى بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق!

شۇنىڭدەك، ئىنساندا ئۆزىنىڭ شەخسىي ئەركىنلىك دەۋاسى بىلەن باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا، ئار ـ نومۇسىغا تاجاۋۇز قىلىش ھوقۇقى بارمۇ؟ يوق!

نېمە ئۈچۈن يوق؟ ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارغا مۇتلەق ئەركىنلىك ئاتا قىلمىغان؟ چۈنكى دۇنيادا ھەركىم ئۆزىنىڭ شەخسىي ئەركىنلىك دەۋاسى بىلەن كۆڭلىگە كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى، خالىغانلىرىنىڭ ۋە ئارزۇ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولسا، دۇنيانىڭ ئىنتىزامى بۇزۇلغان، ئاجىزلارنىڭ ياشاشتىن ھېچ نېسىۋىسى بولمىغان بولاتتى.

### ئىجتىمائىي ھەق ـ ھوقۇقلار

ئىجتىمائىي ھەق ـ ھوقۇقلار كۆپ بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىي ئەركىنلىك دەۋاسى بىلەن باشقىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلماسلىقى، شەخسنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن

بىرلىكتە ئىجتىمائىي ھەمكارلىقنى، ئادالەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەققانىي ئىلىپ بېرىشى، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئومۇمنىڭ ھەققىنى قۇربان قىلماسلىقى ۋە باشقىلار.

ئىنساننىڭ شەخسىي ئەركىنلىك دەۋاسى بىلەن بىراۋنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش ھەققى بارمۇ؟ ئۆزىنىڭ نەپسى ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش ياكى بىرىگە باسقۇنچىلىق قىلىش ھوقۇقى بارمۇ؟ ياكى تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسىي ئەركىنلىك دەۋاسى بىلەن باشقىلارنىڭ ھەققىنى تارتىۋېلىش ياكى ئوغۇرلاش ھەققى بارمۇ؟

دېمەك، ئىنساننىڭ شەخسىي ھۆرىيىتى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك چەكلىمىسى ئىچىدە بولىدۇ. ھەتتا بىراۋ بىرەر يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئىنسانلار توپلانغان جايغا بېرىش ھوقۇقى چەكلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش باشقىلارغا كېسەل يۇقتۇرۇپ، ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈندۇر.

### ئاللاھ تائالانىڭ ھەقلىرى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەقلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى يەر يۈزىدە خالىس ئىبادەت قىلىنىش، ئۇلۇغلىنىش، سۆيۈلۈش، ياد قىلىنىش ۋە ھەر ئىشتا ئىتائەت قىلىنىشتۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەققىنى بەرمىگەنلەر ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان، ئۆزلىرىنى زىيانغا ئۇچراتقان بولىدۇ. ھەر ئىككىسى ئىنساننىڭ شەخسىي ئەركىنلىكى قاتارىدىن ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى بەرمەسلىك بىر ھەقسىزلىق، ئۆزىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا

تۇتۇشى يەنە بىر ھەقسىزلىكتۇر. ئىنساندا ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىشنى قىلىش ھوقۇقى يوق.

## شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسرى

شەيتان ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سېلىش ۋە گۇناھ، يامان ئىشلارنى ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسىتىشتىن باشقىسىنى قىلالمايدۇ. شەيتانغا ئەگەشكەن ئىنسان خاتالىقلارنى، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى ۋە بارچە يامانلىقلارنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قىلغانلىرىدىن پەقەت ئۆزىلا جاۋابكار بولىدۇ، شەيتانغا بۇلاردىن ھېچ نەرسىنى يۈكلىيەلمەيدۇ. چۈنكى ئازدۇرغان شەيتان بولسىمۇ، گۇناھنى ئىشلىگەن ئىنساننىڭ ئۆزىدۇر.

ئىسلام مەنبەلىرىدە شەيتان ھەققىدە كۆپلىگەن ھەقىقەتلەر بار. ئۇلارنىڭ قىسقىچە بايانى تۆۋەندىكىچە:

**بىرىنچى ھەقىقەت**

شەيتان ئىنساننىڭ ئىرادىسىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. پەقەت شەيتانغا ئەگىشىپ، ئىختىيارىي ھالدا ئۆزىنىڭ تىزگىنىنى شەيتاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا شەيتانلارنىڭ ئاتىسى ئىبلىسقا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿**إِنَّ عِبَادِيْ لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَانٌ إِلاَّ مَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْغَاوِيْنَ**﴾ يەنى ﴿مېنىڭ بەندىلىرىمگە سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ، پەقەت ئازغۇنلاردىن ساڭا ئەگەشكەنلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1]

---

(1) 15ـ سۈرە ھىجر 42ـ ئايەت

﴿إِنَّ عِبَادِيْ لَيْسَ لَكَ عَلَيْهِمْ سُلْطَانٌ وَكَفَى بِرَبِّكَ وَكِيْلاً﴾ يەنى ﴿شۇبھىسىزكى، مېنىڭ بەندىلىرىم ئۈستىدىن سەن ھۆكۈمرانلىق قىلالمايسەن. رەببىڭ ھەقىقەتەن ھامىي بولۇشقا يېتەرلىكتۇر.﴾[1]

﴿فَإِذَا قَرَأْتَ الْقُرْآنَ فَاسْتَعِذْ بِاللّهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ ۞ إِنَّهُ لَيْسَ لَهُ سُلْطَانٌ عَلَى الَّذِيْنَ آمَنُواْ وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُوْنَ ۞ إِنَّمَا سُلْطَانُهُ عَلَى الَّذِيْنَ يَتَوَلَّوْنَهُ وَالَّذِيْنَ هُمْ بِهِ مُشْرِكُوْنَ﴾ يەنى ﴿سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتانىنىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن. شۇبھىسىزكى، مۇئمىنلەرنىڭ ۋە رەببىگە ئىشەنچ بىلەن يۆلەنگۈچىلەرنىڭ ئۈستىدىن شەيتان ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ. شەيتان پەقەت ئۆزىنى دوست تۇتىدىغانلار ۋە ئۆزىنىڭ (ئىغۋا قىلىشى) بىلەن مۇشرىك بولۇپ كەتكەنلەر ئۈستىدىنلا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.﴾[2]

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا شەيتانغا ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سېلىش ۋە يامان ئىشلارنى چىرايلىق قىلىپ كۆرسىتىشتىن باشقا قۇدرەت بەرمىگەن. شەيتانلارنىڭ كۈچى پەقەت ئىختىيارى ھالدا تىزگىنىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلار ۋە ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن رەھبەر ئورنىدا تۇتقانلارغىلا يېتىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن شەيتان قىيامەت كۈنى بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرگە بۇ ھەقىقەتنى ئېلان قىلىدۇ ۋە جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. مۇنۇ ئايەت بۇ ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلىدۇ:

---

(1) 17- سۈرە ئىسرا 65- ئايەت

(2) 16-سۈرە نەھل 98~100- ئايەتلەر

﴿وَقَالَ الشَّيْطَانُ لَمَّا قُضِيَ الأَمْرُ إِنَّ اللّهَ وَعَدَكُمْ وَعْدَ الْحَقِّ وَوَعَدتُّكُمْ فَأَخْلَفْتُكُمْ وَمَا كَانَ لِيَ عَلَيْكُم مِّنْ سُلْطَانٍ إِلاَّ أَنْ دَعَوْتُكُمْ فَاسْتَجَبْتُمْ لِيْ فَلاَ تَلُوْمُوْنِيْ وَلُومُواْ أَنْفُسَكُمْ مَّا أَنَا بِمُصْرِخِكُمْ وَمَا أَنْتُمْ بِمُصْرِخِيَّ إِنِّيْ كَفَرْتُ بِمَآ أَشْرَكْتُمُوْنِ مِنْ قَبْلُ إِنَّ الظَّالِمِيْنَ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيْمٌ﴾ يەنى ﴿(ھېساب ئېلىش ئىشى ئاخىرلىشىپ) ئىش پۈتكەندە، شەيتان: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر ۋەدىنى قىلغان ئىدى، مەنمۇ سىلەرگە ۋەدە قىلغان ئىدىم، ئەمما مەن (ۋەدەمگە) خىلاپلىق قىلدىم. زادى مېنىڭ سىلەرنى (كۇفرىغا زورلىغۇدەك) كۈچۈم يوق ئىدى. مەن پەقەت سىلەرنى دەۋەت قىلدىم، سىلەرمۇ (دەۋىتىمنى) قوبۇل قىلدىڭلار. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئەيىبلەڭلار، مەن سىلەرگە ياردەم بېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزالمايمەن، سىلەرمۇ ماڭا ياردەم بېرىپ مېنى قۇتقۇزالمايسىلەر، مەن سىلەرنىڭ بۇرۇن مېنى ئاللاھقا شېرىك قىلغانلىقىڭلارنى ئېتىراپ قىلمايمەن، شۈبھىسىزكى، زالىملارغا قاقشاتقۇچى ئازاب باردۇر» دەيدۇ﴾[1]

## ئىككىنچى ھەقىقەت

شەيتانىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ۋەزىپىسى پەقەت ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەسۋەسە سېلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭدىن كۆپرەكىگە شەيتانىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. ئىنسان شەيتانىنىڭ ئۇنى يامان ئىشلارنى قىلىشقا ۋەسۋەسە سالغانلىقىنى ئەلۋەتتە ھېس قىلىدۇ، لېكىن ئىنسان ئۆز ـ ئۆزىنى بىر باھانىلەر بىلەن قاندۇرىدۇ-دە، شەيتان قىزىقتۇرغان

(1) 14- سۈرە ئىبراھىم 22- ئايەت

گۇناھقا يۈزلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

﴿**قُلْ أَعُوْذُ بِرَبِّ النَّاسِ ۞ مَلِكِ النَّاسِ ۞ إِلَهِ النَّاسِ ۞ مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ ۞ الَّذِيْ يُوَسْوِسُ فِيْ صُدُوْرِ النَّاسِ ۞ مِنَ الْجِنَّةِ وَ النَّاسِ**﴾ يەنى ﴿«ئىنسانلارنىڭ رەببى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى (ئاللاھ)قا سىغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگىن﴾[1]

﴿**إِنَّ الَّذِيْنَ ارْتَدُّوْا عَلَى أَدْبَارِهِمْ مِّنْ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ الْهُدَى الشَّيْطَانُ سَوَّلَ لَهُمْ وَأَمْلَى لَهُمْ**﴾ يەنى ﴿توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايتىۋالغانلارغا (ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى) شەيتان چىرايلىق كۆرسەتتى، ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى(يالغان ۋەدىلەر بىلەن) تىنىدۇردى﴾[2]

شەيتان ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك كۆپ تەدبىر قوللانسىمۇ، بەرىبىر ئۇنىڭ تەدبىرى ئاجىزدۇر:

﴿**إِنَّ كَيْدَ الشَّيْطَانِ كَانَ ضَعِيْفًا**﴾ يەنى ﴿شەيتاننىڭ تەدبىرى ھەقىقەتەن ئاجىزدۇر﴾[3]

---

(1) 114ـ سۈرە ناس
(2) 47ـ سۈرە مۇھەممەد 25ـ ئايەت
(3) 4ـ سۈرە نىسا 76ـ ئايەت

### ئۈچىنچى ھەقىقەت

ئاللاھ تائالا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ تۈرتكىلىرى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن شەيتاننى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا بەلگىلىگەن.(1)

### شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ دىنىي چارىسى

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن قۇتۇلۇش چارىسىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**وَإِمَّا يَنزَغَنَّكَ مِنَ الشَّيْطَانِ نَزْغٌ فَاسْتَعِذْ بِاللّهِ إِنَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ۞ إِنَّ الَّذِيْنَ اتَّقَواْ إِذَا مَسَّهُمْ طَائِفٌ مِّنَ الشَّيْطَانِ تَذَكَّرُواْ فَإِذَا هُمْ مُّبْصِرُوْنَ**﴾ يەنى ﴿ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، ھامان ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلىغۇچىدۇر ۋە بىلگۈچىدۇر. تەقۋادارلار شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، ئاللاھنى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھامان ھەقىقەتنى كۆرىۋالىدۇ﴾(2)

---

(1) مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەنىنەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى( ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.
(2) 7ـ سۈرە ئەئراف 200ـ، 201ـ ئايەتلەر

## تەۋبە ـ ئىستىغپارغا بۇيرۇشنىڭ سىرى

تەۋبە ـ ئىستىغپار ئادەمنى گۇناھلاردىن پاكلاپ، خاتالىقلاردىن يىراق قىلىپ تۇرىدىغان نەرسە. خاتالىقنى ئوڭشاپ، گۇناھنى تەۋبە بىلەن ئۆچۈرۈپ ماڭمىغاندا، بىر گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى، بىر خاتالىق يەنە بىر ياكى بىر قانچە خاتالىقلارنى تۇغدۇرۇپ مېڭىۋېرىدۇ. ئاخىرى ئادەم ئۆزىنى چىققىلى بولمايدىغان چوڭقۇر پاتقاققا پاتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ خۇددى كۆڭلەكنىڭ بىرىنچى تۈگمىسىنى خاتا ئېتىش بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن تۈگمىلىرى خاتا ئېتىلىپ ماڭغىنىغا ئوخشاش. كۆڭلەكنىڭ دەسلەپ ئەتكەن تۈگمىسىنى قايتىدىن توغرا ئەتكەندىن كېيىنلا، باشقا تۈگمىلەرمۇ توغرا ۋە جايىدا ئېتىلىپ ماڭىدۇ.

تارىخلاردا قەيت قىلىنىشىچە، ئوسمان ئىمپېرىيەسى زەئىپلەشكەن ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، تۈركىيەنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، دۆلەتكە قارشى ئىسيانلار باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان. دۆلەت بۇ ئىسيانلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن تۈرمىلەردىكى جىنايەتچىلەرنى چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ قولىغا قورال تۇتقۇزۇپ، شۇلارنىڭ قولى بىلەن ئىسياننى باستۇرغان بولسىمۇ، كېيىنچە بۇ جىنايەتچىلەر ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققاندا دۆلەت ئۇلارنى باستۇرۇشتىن ئامالسىز قالغان. چۈنكى جىنايەتچىنىڭ قولىغا قورال تۇتقۇزۇش چوڭ خاتالىق ئىدى. بۇ خاتالىق كېيىن ئۆزىدىنمۇ چوڭ ۋە ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغان خاتالىقلارنى تۇغدۇرغان.

ئۆز خاتالىقنى بىلگەن ھامان ئۇنىڭدىن دەرھال قول ئۈزگەن، بىر گۇناھنى ئۆتكۈزگەن ھامان ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغان ئادەم قايتا خاتالىق سادىر قىلىش ۋە يېڭى گۇناھ ئۆتكۈزۈشتىن ئۆزىنى

يىراق تۇتالايدۇ.

دېمەك، تەۋبە ـ ئىستىغپار ئادەمنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ توغرا ۋە مۇستەھكەم بولۇپ داۋام قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان نەرسە. شۇڭا تەۋبىنىڭ ئەھمىيىتى زور، پايدىسى كۆپتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا 70 قېتىمدىن كۆپرەك تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىمەن»[1] دېگەن. ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى پۈتۈن گۇناھلىرى، كەمچىلىكلىرى ۋە خاتالىقلىرى كەچۈرۈم قىلىنىۋېتىلگەن، پاك پەيغەمبەرنىڭ كۈندە ئاللاھ تائالاغا 70 قېتىمدىن ئارتۇق تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ تەۋبە دېگەننى گۇناھ قىلغانلار قىلامدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[2] دېگەن. بۇنىڭدىكى سىر نېمە؟

چۈنكى تەۋبە ـ ئىستىغپار ئىنساننىڭ توغرا يولدىن ئېزىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىپ تۇرىدىغان، خاتالىقلارنىڭ ۋاقتىدا يۇيۇلۇپ، گۇناھلارنىڭ ئۆچۈرۈلۈپ تۇرۇشى ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ مۇرەككەپ خاتالىقلار ۋە ئېغىر گۇناھلاردىن ساقلاپ تۇرىدىغان قالقاندۇر.

ئەمدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنچىلىك كۆپ تەۋبە ـ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى
(2) ئىمام تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

ئىستىغپار ئېيتىشنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، بۇ بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلارغا ئۆلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى بۇ ياخشى ئىشقا ئادەتلەندۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تا قىيامەتكىچە توغرا يولدا مۇستەھكەم بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر» دېگەن ھەدىسىگە كەلسەك، ھەر قانداق ئادەم بىلىپ ـ بىلمەي چوقۇم خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ ۋە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالىدۇ. ھەتتا ھېچ گۇناھ قىلمىغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى گۇناھسىز ھېس قىلىپ مەغرۇرلىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن ئېغىرراق گۇناھتۇر. دېمەك، دۇنيادا گۇناھسىز ئادەم يوق!

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمىساڭلار، ئاللاھ گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلىدىغان بىر خەلقنى يارىتىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ»[1] دېگەن.

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ئاللاھ تائالانىڭ گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى بەندىلىرىنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ﴿الْغَفُوْرُ﴾ (كەچۈرگۈچى) ۋە ﴿الْغَفَّارُ﴾ (گۇناھكارلارنى ناھايىتى بەك كەچۈرگۈچى) دېگەن ئۇلۇغ سۈپەتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزھار قىلىش ۋە بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەشنى خالايدۇ.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ئاللاھ تائالا گۇناھكار بەندىلىرىگە خۇشخەۋەر بېرىپ: ﴿**لَا تَقْنَطُوْا مِنْ رَّحْمَةِ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ يَغْفِرُ الذُّنُوْبَ جَمِيْعًا**﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن پۈتۈن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ﴾[1] دېگەن.

بۇ ئايەتلەر بىرىنچىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ تەۋبە قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە، ئىككىنچىدىن، ھېچكىمنىڭ قىلغان تەۋبىسى بىكارغا كەتمەيدىغانلىقىنى ۋە تەۋبىنىڭ ئاخىرى مەغپىرەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

(1) 39ـ سۈرە زۇمەر 53ـ ئايەت

# تەبىئىي ئەخلاق ۋە يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق

ئەخلاق تەبىئىي ئەخلاق ۋە يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ[1]:

تەبىئىي ئەخلاق ـــ يارىتىلىشتىن بىرى ئىنساندا بولۇپ كەلگەن تەبىئىي (تۇغما) ئەخلاق.

يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق ـــ يارىتىلىش تەبىئىتىدە بولمىسىمۇ، كېيىنچە ئۆگىنىپ تەربىيە يولى بىلەن يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاقتۇر.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى تەبىئىي ئەخلاق بولۇپ، بۇ ئەخلاق ئۇلارنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىلا ئىپادىلىنىشكە باشلايدۇ، ئۇلار ئەخلاق قائىدىلىرىگە ئۆزلۈكىدىن تەبىئىي ھالدا رىئايە قىلىدىغان كېلىدۇ. بۇ تەبىئىي ئەخلاقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ياكى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ، ياكى ھاياتلىقتىن ئالغان تەجرىبىلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق بولۇپ، بۇ ئۆگىنىلگەن ياكى يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاق دەپ ئاتىلىدۇ.

لېكىن بىراۋنىڭ ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئەخلاقنى قوبۇل قىلىدىغان تەبىئىي قابىلىيەت بولۇشى شەرتتۇر. بۇ خۇددى

---

① مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەنىنەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى( ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

قانداقلا بىر ماھارەتنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇناسىپ قابىلىيەت تەلەپ قىلىنىغىنىغا ئوخشاشتۇر. ئىنساندا بىرەر ماھارەتنى ئۆگىنىش ئۈچۈن شۇ ماھارەتكە نىسبەتەن تەبىئىي قابىلىيەت بولسا، ئۇنى چوقۇم ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ. ئەكسىچە، ئادەمدە شۇ ماھارەتكە نىسبەتەن تەبىئىي قابىلىيەت بولمىسا، ئۇنى ئۆگىنەلمەيدۇ.

شۇنداقلا، ئىنساننىڭ ئەزالىرىمۇ شۇنداق بولۇپ، بىرەر ماھارەتنى ئۆگىنىش قابىلىيىتى بولغان ئەزا مەشىق قىلىش يولى بىلەن شۇ ماھارەتنى ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ. مەسىلەن: قول خەت يېزىشنى، رەسىم سىزىشنى ۋە باشقىمۇ ماھارەتلەرنى ئۆگىنىشكە نىسبەتەن تەبىئىي قابىلىيەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن قولنى كۆندۈرۈش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق كېرەكلىك ماھارەتلەرنى ھاسىل قىلغىلى بولغان بىلەن، قۇلاقتا مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئاڭلاش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش قابىلىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان ئادەمنىڭ ئاڭلاش قابىلىيىتىنى مەشىق بىلەن ھاسىل قىلالمىغىنىغا ئوخشاش گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىدە تەبىئىي تەييارلىق ياكى قابىلىيەت بولمىغان ئادەم ئۆگىنىش، تەلىم ئېلىش ۋە باشقا چارىلەر بىلەنمۇ ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ.

## تەبىئىي ئەخلاقمۇ بىر خىل ئەمەس

ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشتىكى مىجەز ـ ئەخلاقتىن بولغان نېسىۋىسى بىر خىل بولمىغان. بۇ ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان بىر ھەقىقەت. ئىنسانلار تۇغما قابىلىيەت جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىمۇ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىق، ئېگىز ـ پاكارلىق، سېمىز ـ ئورۇقلۇق، ساقلىق ـ كېسەللىك، چىرايلىق ـ كۆرۈمسىزلىك جەھەتلەردە پەرقلىق يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ

ئەخلاقىي ۋە غەيرى ئەخلاقىي تەبىئەتلىرىمۇ بىر خىل بولمىغان.

مەسىلەن: كۆرۈۋاتىمىزكى، بەزى ئىنسانلاردىكى تەبىئىي قورقۇنچ خىسلىتى باشقىلاردىن پەرقلىق، يەنە بەزىلەردىكى تەمەگەرلىك باشقىلارنىڭكىدىن قاتتىق بولغان. بەزى كىشىلەر تېز ئاچچىقلىنىدىغان بولسا، يەنە بەزى كىشىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان ۋە ئاچچىقىنى ئاشكارىلىمايدىغان كېلىدۇ. بۇ خىل تەبىئىي پەرقلەرنى تېخى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان كىچىك بالىلاردىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا رىزقىڭلارنى تەقسىم قىلغاندەك ئەخلاقىڭلارنىمۇ تەقسىم قىلغان.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسان تەبىئىتىدىكى پەرقلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلار خۇددى ئالتۇن، كۈمۈشكە ئوخشاش مەدەنلەردۇر، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتە ياخشى بولغانلىرى ئۆگەنسە ئىسلامدىمۇ ياخشىلاردۇر.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئىنسانلارنى ئالتۇن، كۈمۈشكە ئوخشاش مەدەنلەرگە ئوخشاتقان. بۇ ئىنتايىن توغرا ئوخشىتىش بولۇپ، مەدەنلەرمۇ يۇقىرىسى ئالماس، تۆۋىنى كۆمۈرگە ئوخشاش قىممەتتە ۋە شەكىل ھەم خۇسۇسىيەتلەردە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغىنىدەك، ئىنسانلارمۇ يارىتىلىش تەبىئىتىدە، مىجەز ـ ئەخلاقىدا ۋە باشقا كۆپلىگەن جەھەتلەردە، خۇددى مەدەنلەرگە

(1) ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى رىۋايىتى

(2) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئوخشاش پەرقلىقتۇر.

ئەمدى ھەدىستىكى «جاھىلىيەتتە ياخشى بولغانلىرى ئۆگەنسە ئىسلامدىمۇ ياخشىلاردۇر» دېگەن جۈملىگە كەلسەك، بۇ جۈملە ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، تەبىئىتىدە ياخشىلىق بولغانلارنىڭ قانداقلا بىر مۇھىت ۋە قانداقلا بىر جەمئىيەتتە ياشىمىسۇن، شۇ ياخشىلىقىنىڭ ئىپادىسىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئىدى.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت ئەھلىدىن ئەخلاقى ياخشى كىشىلەرنى تاللاپ چىقىپ، شۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ۋە شۇلار ئارقىلىق كۈچلىنىشنى ئاللاھ تائالادىن تىلەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى ئاللاھ! ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن ئەمر ئىبنى ھىشام (ئەبۇ جەھل) ئىككىسىنىڭ قايسىسى ساڭا سۆيۈملۈك بولسا، شۇنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلغانلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىشى نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار ئىبادەتلىرىنى ئاشكارا قىلالايدىغان بولغانلىقى بۇنىڭ مىسالىدۇر.

## ئىنساندىكى ئەخلاق ئۆگىنىش قابىلىيىتى

ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تەبىئىي قابىلىيەت بولغان ھەر قانداق ئەقىللىك ئىنسان ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا تىرىشچانلىقلا كۆرسىتىدىكەن، ئۇ چوقۇم گۈزەل ئەخلاقلارنى ھاسىل قىلالايدۇ. مەسىلەن: تېز ئاچچىقلىنىدىغان ئادەم ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان ئىگىر ھاسىل قىلىش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ، بەل باغلاپ تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، تەربىيە يولى بىلەن ئۇ چوقۇم ئېغىر بېسىقلىقنى ھاسىل قىلالايدۇ.

ئەڭ ئۈچىنچى چىققان شەخسىيەتچى ئادەممۇ ئەگەر ئۇنىڭدا سېخىيلىققا ئادەتلىنىش ئۈچۈن تەبىئىي قابىلىيەت ۋە تەبىئىي تەييارلىق بولۇپ، سېخىيلىققا ئادەتلىنىشكە چىن ئىرادە تىكلىسە، تەربىيە يولى بىلەن ئۇ چوقۇم سېخىيلىققا ئادەتلىنىدۇ ۋە سېخىيلىقتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزىدە يېتىلدۈرەلەيدۇ. مۇنداق بىر شەخسىيەتچى ئادەم بىردىنلا باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئۆز مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىش دەرىجىسىگە يېتەلمىسىمۇ، ئۇ باشقىلارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەق ـ ھوقۇقلارنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك مىقداردا سېخىيلىقنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. باشقا ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىدە تەبىئىي قابىلىيەت بولۇش شەرتى بىلەن ھاسىل قىلىش يولىدا تىرىشقان ھەر قانداق ئادەم چوقۇم ئۇنى ھاسىل قىلالايدۇ.

بۇ ئىنساننىڭ قولىدىكى ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى تەربىيە بىلەن ئىسلاھ قىلىش، ئۆزىدە گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش ئىشىغا ئەھمىيەت بەرمىگەن ئىنسان قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان ھاسىل قىلىش قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن جاۋابكاردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان تۇرۇپ ھاسىل قىلمىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا جازاغا لايىق بولۇپ قالىدۇ.

ئەگەر ئىنسان ئەخلاقىدىكى قىڭغىرلىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن تىرىشماستىن، ئۆزىنى ۋە ئەخلاقىنى ئۆز يولىغا قويۇۋەتسە، قىيامەت كۈنى بۇ مەسئۇلىيەتسىزلىكى سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

## ئەخلاق ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ـ تەربىيە

ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى ياخشىلىق تەرەپكە ئۆزگەرتىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى تەلىم ـ تەربىيە ئىكەنلىكىدە شەك يوق. چۈنكى تەربىيە بىلەن مەشىق ئادەملەرنىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ ۋەھشىي، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىمۇ ئۆي ھايۋانلىرىغا ئوخشاش كۆندۈرۈش كۈچىگە ئىگە . مەسىلەن: سىرك ئويۇنى كۆرسىتىدىغانلار تەبىئىتى ۋەھشىيلىك بىلەن تولغان شىرنى كۆندۈرۈلگەن ھايۋانغا ئۆزگەرتەلەيدۇ ۋە ئىنسانلارغا چېقىلمايدىغان ھالغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئىنسانلار دېلفىن (يۇنۇس بېلىقى)نى مەشىق قىلدۇرۇش ئارقىلىق كىچىك باللارمۇ ئۇنىڭدىن قورقماستىن بىرگە تاماشا قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئەگەر ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدىكى مۇستەھكەم ئەخلاق ئۆزگەرمەيدىغان بولسا ئىدى، ئاللاھ تائالانىڭ شەرىئەتنى چۈشۈرگەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى، ۋەز ـ نەسىھەت قىلغانىنىڭ پايدىسىمۇ بولمىغان بولاتتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**وَذَكِّرْ فَإِنَّ الذِّكْرَى تَنفَعُ الْمُؤْمِنِينَ**﴾ يەنى ﴿ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن. چۈنكى ۋەز ـ نەسىھەت مۇئمىنلەرگە پايدىلىقتۇر﴾[1] دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىمۇ بولمىغان بولاتتى.

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە ئادالىتى سەۋەبىدىن ئىنساننى پەقەت ئۇ ئىنسان ئۆزى قىلغان ئىشلار ئۈچۈنلا جاۋابكارلىققا تارتىدۇ، ئۇنىڭ

---

(1) 51ـ سۈرە زارىيات 55ـ ئايەت

ئۆزىدىكى ئۆزگەرتەلمەيدىغان ئىشلاردىن ئىنساننى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا پاكار ئادەمنى ئۇنىڭ پاكارلىقى، ئېگىز بويلۇق ئادەمنى ئۇنىڭ ئېگىز بويلۇقى سەۋەبلىك جاۋابكارلىققا تارتمىغىنىغا ئوخشاش. شۇڭا ئىنساننىڭ جاۋابكارلىقى ئۆزىنى ۋە ئەخلاقىنى ياخشىلىق ياكى يامانلىق تەرەپكە ئۆزگەرتىش قولىدىن كېلىدىغان ئىشلار دائىرىسىدىلا بولىدۇ.

ئەھۋال مۇنداق ئىكەن، ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ ئۆزىنى ۋە ئەخلاقىنى ياخشىلىق تەرەپكە ئۆزگەرتىش يولىدا تارتقان مۇشەققەتلىرىگە ساۋاب بەرگەندەك، ئۆزىنى ۋە ئەخلاقىنى يامانلىق پاتقاقلىرىغا ئىتتەرگەن كىشىنى جازالايدۇ.

بۇ ھەقتىكى ئىسلام پرىنسىپى مۇنداق: ﴿**قَدْ أَفْلَحَ مَنْ زَكَّاهَا ۞ وَقَدْ خَابَ مَنْ دَسَّاهَا**﴾ يەنى ﴿نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم مەقسىتىگە يېتىدۇ، ئۇنى گۇناھقا پاتۇرغان ئادەم زىيان تارتىدۇ.﴾[1]

﴿**إِنَّ اللّهَ لاَ يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنْفُسِهِمْ**﴾ يەنى ﴿ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.﴾[2]

(1) 91- سۈرە شەمس 9-، 10- ئايەتلەر
(2) 13- سۈرە رەئد 11- ئايەت

# گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش چارىلىرى

شەكسىزكى، گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى تەربىيەدۇر!

ئىسلام دىنى ئەخلاق تەربىيەسىگە ئالاھىدە زور ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئەخلاق تەربىيەسى ئىمان تەربىيەسى بىلەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ھاياتىنىڭ كۆپرەكىنى ئىمان بىلەن ئەخلاقنى تۇرغۇزۇش يولىغا ئاتىغانلىقىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئىنسان تەبىئىتى بىر خىل بولمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ بىرىگە مۇناسىپ كەلگەن تەربىيە چارىسى يەنە بىرىگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام تەربىيەسى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان تەربىيە ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوللانغان.

كىشلەرنىڭ ئۆزلىرىدە ئىسلام ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلارغا تەقدىم قىلغان تەربىيە چارىلىرى: ئەمەلىي مەشىق ، ياخشى مۇھىت، ياخشى ئۈلگە، مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي بېسىمى قاتارلىقلاردۇر.[1]

1. ئەمەلىي مەشىق

---

(1) مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەننەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى( ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

نەپسنى ئىشتىھا قىلغان ۋە ھەۋەس قىلغان ئىشلىرىدىن مەھرۇم قىلىش ۋە ئۇنى شۇنداق قىيىنچىلىقلارغا چېنىقتۇرۇش گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئېسىل ـ پەزىلەتلەرگە ئادەتلىنىشنىڭ چارىلىرىدىن بىرىدۇر. بۇنداق مەشىقلەر دەسلەپتە ئىنسانغا ئېغىر تۇيۇلسىمۇ، كېيىنچە ئۇنى قىيىن كۆرمەيدىغان بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خۇددى جىسمانىي جەھەتتىن چېنىقىش ئارقىلىق بەدەننى كۆچلەندۈرگەنگە ئوخشاش ئىش.

ئىنساندا ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى قوبۇل قىلىشقا تەبىئىي ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن تەربىيە دېيىلگەن نەرسە مەۋجۇت . ئەگەر ئىنساننىڭ ئەخلاقىي قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ئىسلاھ قىلىنمايدىغان بولسا ئىدى، ئىنسان ھاياتىدا تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى.

ئەمما ئىلاھىي تەلىماتلار بىلەن رېئاللىقتىكى تەجرىبىلەرنى ئاساس قىلغان تەربىيە مېتودلىرى ئىنسان تەبىئىتىدە تەربىيەنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ كەلمەكتە. تەربىيەچىلەر ، ئۇستازلار ۋە مۇئەللىملەر بۇ مېتودقا ئاساسلانغان ھالدا، يېڭى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئىلىم دېگەن ئۆگىنىش بىلەن، سەۋر دېگەن سەۋرچانلىققا ئادەتلىنىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ.»

يەنە بىر ھەدىستە: «ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ ئىپپەتلىك قىلىدۇ، كىشىلەردىن بىھاجەت بولۇشنى خالىغان كىشىنى ئاللاھ بىھاجەت قىلىدۇ، سەۋرچانلىقنى مەشىق قىلغان كىشىنى

سەۋرچان قىلىدۇ»[1] دەپ كەلگەن.

نەپسنى يىغىش، ئۇنىڭ ھەۋەسلىرىنى رەت قىلىش ۋە كۆڭلى خالىمىسمۇ ئۆزىنى ياخشى ئىشقا ۋە ئېسىل پەزىلەتكە زورلاشتىن ئىبارەت جاپالىق مەشىق بىلەن گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش ئەلۋەتتە مۇمكىندۇر. مەسىلەن: تىز ئاچچىقلىنىدىغان ئادەم ئۆزىدە ئېغىر بېسىقلىقتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش يولىدا دەسلەپتە قىيىنچىلىق تارتسىمۇ، ئەمەلىي مەشىقنى داۋام قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرى ئېغىر بېسىقلىقنى ھاسىل قىلالايدۇ. باشقا ئەخلاق تۈرلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

2. ياخشى مۇھىت ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەت

پەزىلەتلىك جەمئىيەت ــــ ئىنسانىي خىسلەتلەرنى، ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق ۋە ئالىي پەزىلەتلەرنى ئۆزلىرىگە مۇجەسسەم قىلغان، ياخشى قىلىق ۋە ياخشى ئادەتلەرنى ياقتۇرىدىغان، يامان ئادەت ۋە يامان قىلىقلارنى، شۇنداقلا ناچار ئەخلاقلارنى يامان كۆرىدىغان ئىنسانلار توپلىمىدىن تەركىب تاپقان جامائەتچىلىكتۇر.

پەزىلەتلىك جەمئىيەت «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿**كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُوْنَ بِالْمَعْرُوْفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ وَتُؤْمِنُوْنَ بِاللّٰهِ**﴾ يەنى ﴿سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر﴾[1] دېگەن ئايەتتە ماختالغان ئىنسانلار ياشايدىغان جەمئىيەتتۇر.

ياخشى مۇھىت ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەتكە چوڭكۈپ شۇ جەمئىيەت ئىنسانلىرى بىلەن بىرگە ياشاش ئارقىلىق شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى، ياخشى ئادەتلىرىنى ئۆگىنىپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆزى ياشىغان جەمئىيەتنىڭ ۋە شۇ جەمئىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىنى ۋە ئەخلاقىنى ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا قوبۇل قىلىدۇ، شۇ جەمئىيەت كىشىلىرى ياقتۇرىدىغانىنى ياقتۇرىدىغان، ئۇلار يامان كۆرگەننى يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ شۇ جەمئىيەت كىشىلىرىدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەلەرنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرىدۇ.

تىلىدا راستچىللىق، ئادىتىدە ۋاپادارلىق، مۇئامىلىسىدە ئادالەتپەرۋەرلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئۆلگىلىك بىر جەمئىيەتتە ياشىغان ئادەم ئۇچۇن بۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئېسىل ئادەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىش ئاسانغا توختىمايدۇ. كۆپىنچە خالىمىسىمۇ بۇ ئادەتلەرگە ئۆزىنى كۆندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرىدۇ. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئۇ شۇ جەمئىيەتكە ۋەكىللىك قىلالايدىغانلار قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ.

مەسىلەن: بېخىل ئىنساندىن بىرى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ۋە ساخاۋەتلىك بىر جەمئىيەتتە ياشىسا، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن شۇ

---

(1) 3ـ سۈرە ئال ئىمران 110ـ ئايەت

جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ سىخىيلىقىدىن مەلۇم مىقدارنى ئۆزىگە يەرلەشتۈرەلەيدۇ.

قورقۇنچاق بىرى قورقۇشنى بىلمەيدىغان بىر جەمئىيەت كىشىلىرى بىلەن ياشاش ئارقىلىق ئۆزىدىكى قورقۇنچاقلىق نىسبىتىنى تۆۋەنلىتەلەيدۇ.

ئەكسىچە، ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن نېسىۋىسى بولمىغان جەمئىيەتتە ياشىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۇ جەمئىيەتنىڭ يامان ئادەتلىرى ۋە ناچار ئەخلاقلىرىنى بىلىپ ـ بىلمەي قوبۇل قىلغانلىقتىن گۈزەل ئەخلاقتىن مەھرۇم قالىدۇ.

3. ياخشى ئۈلگە

ياخشى ئۈلگە ـــ ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدىغان ئەمەلىي ئۈلگە دېمەكتۇر. بۇنداق ئۈلگە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭغىلى بولىدىغان ھېسسىي ئۈلگە بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ۋە سۈرىتىنى تارىخلاردىن، قىسسىلەردىن ئوقۇش ئارقىلىق زېھنىلەرگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان مەنىۋى ئۈلگە ھەم بولالايدۇ.

ياخشى ئۈلگە شەخسلەر ئۈچۈن ئۈلگىلىك شەخسلەردىن، كوللېكتىپ ئۈچۈن ئۈلگىلىك جامائەتتىن تەسىرات ئېلىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

ياخشى ئۈلگىنىڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈشتە تەسىرىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنىڭ سىرى مۇنداق:

(1) ياخشى ئۈلگە ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتە ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ ئالىي مەرتىۋىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنداق بىر

مەرتىۋە ئادەتتە ئومۇم خەلقنىڭ سۆيگۈسىگە، تەقدىرلىشىگە، ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىغا ۋە قىزىقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇنداق بىر ئۆلگە يارىتىشقا تۈرتكە بولىدىغان گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەردىن نېسىۋىسى بولمىغانلار ئارىسىدا، ئۆلگىلىك كىشىلەرنى تەقلىد قىلىش روھىنى ئويغىتىدۇ-دە، ئۇلار ئەخلاق ـ پەزىلەتتە ئۆلگىلىك كىشىلەرنى شەكلىي جەھەتتە بولسىمۇ دوراشقا ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئوخشىتىشقا تىرىشىدۇ. بۇ ئەھۋال مەلۇم مۇددەت شۇنداق داۋام قىلىشى نەتىجىسىدە، تەقلىد قىلغۇچىلار تەقلىد قىلىنغۇچىلاردىكى ئەخلاق، پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرىدۇ. ئاخىرىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىغا قاراپ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەردىن تېگىشلىك نېسىۋىلىرىنى ئالىدۇ. چۈنكى ئىنسان قانداقلا بىر ئىشنى مەلۇم مۇددەت تەقلىد قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

(2) كامالەت دەرىجىلىرىدە ئۈزلۈكسىز يۈكسەلگەن بىرەر ئۆلگە ئەقلى ئويغاق كىشىنىڭ قەلبىدە، ئۇنى سۆيۈش، قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىش تەسىرىنى قوزغاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا كامالەتلەرگە يۈكسىلىش روھىنى ئويغىتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ياخشىلىققا مايىللىق بولۇپ، كامالەت مەرتىۋىلىرىگە ئۆرلەش ئىقتىدارى بولسا، ئۆزىگە نىسبەتەن ئۆلگە سانالغان كىشىنىڭ ياخشىلىق تەرەپلىرىنى تەقلىد قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى قىلىش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى مەقسىتىگە يېتىدۇ ۋە تىرىشچانلىقىغا قاراپ كامالەت مەرتىۋىلىرىدىن نېسىۋىسىنى ئالىدۇ.

(3) ياخشى ئۆلگە ئادەتتە ئەڭ ئېسىل پەزىلەت ۋە ئەڭ ياخشى ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلەنگەن كىشى بولۇپ، ئۇ باشقىلارغا بۇ

ئارتۇقچىلىقلارنى ھاسىل قىلىشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىك قانائىتىنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولۇشقا قىزىقىدىغانلار ئىككىلەنمەستىن بۇ يولغا قەدەم قويىدۇ-دە، بۇ يولدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا قاراپ گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەردىن نېسىۋە ئالىدۇ. چۈنكى بۇلارنى ھاسىل قىلىش ئىنساننىڭ ئىقتىدارىدىكى ئىشلاردۇر. رېئاللىقتا كۆرۈۋاتىمىزكى، تەلىم ـ تەربىيە ساھەسىدە كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلالمىغانلىقتىن، بەزى ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ شۇ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى كۆرگىنىدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى سىناپ بېقىش مەقسىتى بىلەن بۇ ئىشلارغا ئاتلىنىپ، ئاخىرى غەلىبە قىلىدۇ.

بۇ غەلىبىگە ئىنساندىكى باشقىلارنى دوراشقا بولغان تەبىئىي مايىللىق ۋە دوراش قابىلىيىتى ئالاھىدە ياردەم قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى ياخشى ئۈلگىنى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ كامالەت دەرىجىلىرىگە قاراپ تەرەققىي قىلىش ۋاستىلىرىدىن بىرى قىلىپ بەلگىلىگەن. ئەخلاق ـ پەزىلەتنە يۈكسىلىشمۇ بۇنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «ئەڭ ياخشى ئۈلگە» قىلىپ كۆرسەتكەن: ﴿**لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُوْلِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَنْ كَانَ يَرْجُوْ اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا**﴾ يەنى ﴿سىلەرگە ــــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد

قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.﴾[1]

بۇ ئايەت ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارغا بېرىلگەن چوڭ تەلىمات بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە، گەپ ـ سۆزلىرىدە ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدا ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەقىقي رەۋىشتە ئەگىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئادەتتىكى كىشىلەر ۋە كامالەت دەرىجىلىرىگە يۈكسىلىشكە ئىنتىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر.

ئۆز زامانىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھايات قايناملىرىنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە روھى ۋە جىسمى بىلەن تىرىك ئۈلگە بولۇپ ئۆتكەن بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شانلىق ھاياتىنى خاتىرىلىگەن ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يېتىپ كېلىشى نەتىجىسىدە، تا ھازىرغىچە پۈتۈن ئىسلام مىللىتى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولۇپ كەلمەكتە.

ھازىرقى ئەسىردە مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىقى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھايات قايناملىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە تولۇق ئۈلگە قىلالمىغان بولسىمۇ، ئۆتكەن 14 ئەسىردىن كۆپرەك تارىختىن بىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پۈتۈن ئىشلىرىدا ئۈلگە قىلىپ كەلگەن بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار توپى ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. گەرچە ئۇلار ھازىرقى زاماندا سان جەھەتتە ئاز بولسىمۇ، ئەمما قىممەت جەھەتتە يەنىلا

(1) 33ـ سۈرە ئەھزاب 21ـ ئايەت

يۇقىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ھەر زامان مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بولغان بىر بۆلۈك كىشىلەر ھەقىقەت يولىدا كۈرەش قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ئىش تا قىيامەتكىچە شۇنداق بولىدۇ.»[1]

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەر زامان بىر تائىپە كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار ۋە ئۇلارنى نائۈمىد قويغۇچىلار ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇ ئىش تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ.»[2]

دېمەك، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقتا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر بۆلۈك چىن مۇسۇلمانلار تا قىيامەتكىچە ھەر ۋاقىت ئۆزىنى ئىسپاتلاپ ۋە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ تۇرىدۇ.

4. مۇسۇلمانلار توپى تەرىپىدىن كېلىدىغان بېسىم

ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا، ئىسلام تەربىيەسى قوللانغان چارە ـ تەدبىرلەرنىڭ بىرى مۇسۇلمانلار توپىنىڭ شەخسلەرنى گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرگە زورلايدىغان مەنىۋى بېسىمىدۇر. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئىنسانلار جەمئىيىتىدە شۇ جەمئىيەت ئەزالىرى بولغان شەخسلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان مەنىۋى نوپۇز ۋە مەلۇم دەرىجىدە بېسىم بولىدۇ.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئەمدى، جەمئىيەتتىكى بۇ مەنىۋى نوپۇز ياكى بېسىمنىڭ مەنبىئى نېمە دېگەندە، ئۇ بولسىمۇ جەمئىيەتتىكى شەخسلەرنىڭ شۇ جەمئىيەتكە بولغان ئېھتىياجى ۋە شۇ جەمئىيەتتىن كۈتىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتلىرىدۇر.

چۈنكى ئىنسان باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي جانلىق بولغانلىقتىن، پەقەت مەلۇم ئىنسانلار توپى ئىچىدە ھايات كەچۈرۈش ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئىنسانىنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان ئېھتىياجىدىن مەيدانغا كەلگەن تەبىئىي مۇناسىۋەتتۇر. قانداقلا بىر نەرسىگە بولغان ئېھتىياج ئېھتىياج ئىگىلىرىنى ئۆزىگە قارىتىدىغانلىقى، ھەتتا ئۆزىگە قۇل قىلىۋالىدىغانلىقى بىز رېئاللىقتا كۆرۈۋاتقان ھەقىقەتلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئېھتىياج ئىگىسى بولغان ئادەم جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى قايىل قىلمىغىچە ۋە ئۇلارنى رازى قىلمىغىچە، جەمئىيەتتىن كۈتكەنلىرىنى ئالالمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن جەمئىيەتتە ئېتىبارلىق كىشىلەردىن بولۇش، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى قايىل قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش يولىدا مەجبۇرىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ يولىغا ئەگىشىدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ماسلىشىدۇ، ئۇلار ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ۋە ئۇلار يامان كۆرىدىغان قىلىقلاردىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ مۇسۇلمانلار توپى ياقتۇرىدىغان گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتلەرنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزىدە يېتىلدۈرىدۇ.

ئەمدى مەنىۋى ئېھتىياجدىن سۆز ئاچقىنىمىزدا، ئىنسانىنى جەمئىيەتكە بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان مەنىۋى ئېھتىياجلارنىڭ بىرى

ئىنساندىكى قەدىر ـ قىممەت ئېھتىياجىدۇر. شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ قوللىشىغا، ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىغا، ھەتتا ماختىشىغا سازاۋەر بولۇش قىزغىنلىقى بىلەن چىن قەلبىدىن بولمىسىمۇ ياخشى ئىشلارنى ئۆزلۈكىدىن قىلىشقا، ئۆزلىرىنى گۈزەل ئەخلاقلارغا ئادەتلەندۈرۈشكە، باشقىلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن نەپسى ھەۋەسلىرىدىن، شەخسىي غەرەزلىرىدىن، ھەتتا بەزى زۆرۈر مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مۇنداق ئىنسانلار بۇ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى جەمئىيەتنىڭ ئىنسان قەلبىدىكى نوپۇزى ۋە بېسىمى يۈزىسىدىن قىلىدۇ. گەرچە مۇنداق شەكىلۋازلىق قىلىش ئىنسانىي ۋە ئىسلامىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، باشقىلاردىن ئۇيۇلۇپ بولسىمۇ يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىشكە، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۆزىنى كۆندۈرگەن ئادەم، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا بۇ ياخشى ئادەتنى ئەخلاققا ئايلاندۇرالايدۇ، يەنى ياخشى ئىشلارنى قىلىش، گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن زىننەتلىنىش، يامان ۋە ناچار قىلىقلاردىن يىراق تۇرۇش ئۇنىڭ ئەخلاقىنىڭ بىر پارچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، بۇنداق ئادەم گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە ئىش كۆرۈشنى بىرەر مەنپەئەتكە باغلىماستىنمۇ داۋاملاشتۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

## ئىككىنچى بۆلۈم

# بىزنىڭ ئەخلاقىي بۇرچىمىز

## بىزنىڭ ئەخلاقىي بۇرچىمىز

بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىي بۇرچىمىز ئالتە تۈرلۈك بولۇپ،[1] ئۇلار:

1 ـ دىنىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز

2 ـ ئۆزىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز

3 ـ ئائىلىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز

4 ـ ۋەتەن ۋە خەلقىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز

5 ـ ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز

6 ـ تەبىئەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز

### دىنىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز

دىنىمىزغا قارىتىلغان ئەخلاقىي بۇرچىمىز تۆت قىسىم، ئۇلار:

(1) دىنىي پىرىنسىپلارغا قارىتىلغان بۇرچىمىز

(2) ئاللاھقا قارىتىلغان بۇرچىمىز

(3) پەيغەمبىرىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز

(4) «قۇرئان كەرىم»گە قارىتىلغان بۇرچىمىز

---

(1)«Temel Din bilgisi» ناملىق (تۈركچە) ئەسەردىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي پىرىنسىپلارغا قارىتىلغان بۇرچىنى ئىخچاملىساق مۇنداق بولىدۇ: دىن مەسىلىلىرىنى توغرا رەۋىشتە ئۆگىنىش، دىنىنىڭ پۈتۈن بۇيرۇغانلىرى ۋە توسقانلىرىغا رىئايە قىلىپ ئەمەل قىلىش ئارقىلىق، ئۆلگىلىك بىر مۇسۇلمان بولۇش.

## ئاللاھقا قارىتىلغان بۇرچىمىز

ئاللاھقا قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: ئاللاھ سۆيگۈسىنى، ئۇنىڭ جازاسىغا ئۇچراپ قېلىش خەۋپىنى قەلبىمىزگە ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراپ، توسقانلىرىدىن يىراق تۇرۇشىمىز، ئۇنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرى ئۈچۈن شۈكۈر ئېيتىپ، ئاللاھنىڭ ياخشى بىر بەندىسى بولۇشقا تىرىشىشىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

## پەيغەمبىرىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز

پەيغەمبىرىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇھەببىتىنى قەلبىمىزگە ئورنىتىش، ئۇنى ئۆزىمىزگە پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا رەھبەر قىلىش، دىنىمىزنى ئۇنىڭ چۈشەنگىنىدەك ۋە ئۇ ياشىغاندەك ياشىتىشقا تىرىشىش، ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىمىزگە ئۆلگە قىلىش، ئۇنىڭغا دۇرۇت ۋە دۇئالارنى يوللاش، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈممىتى بولۇشقا تىرىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

## «قۇرئان كەرىم»گە قارىتىلغان بۇرچىمىز

«قۇرئان كەرىم»گە قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىق بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇنى ھەمىشە تىلاۋەت قىلىش، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆگىنىپ، كۆرسەتمىلىرىنى

ھاياتىمىزدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

## ئۆزىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز

ئۆزىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز بەدىنىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز ۋە روھىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز، دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

بەدىنىمىزگە قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: بەدىنىمىزنىڭ ئاللاھتىن بىزگە ئامانەت ئىكەنلىكىنى بىلىش بىلەن بىرگە ئۇنى پاكىز تۇتۇشىمىز، پاك ۋە ھالال نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇشىمىز، ئىبادەتلىرىمىزنى تولۇق ئورۇندىشىمىز، بەدىنىمىزنىڭ ساقلىقىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، بەدىنىمىزنى پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلىتىش ۋە قىيامەت كۈنىدە ھەر بىر ئورگانىزمىنىڭ بىزنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان بارلىق ئىشلىرىمىزغا گۇۋاھ بولىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

روھىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: روھىمىزنى ئىسلامىي ئېتىقاد، ياخشى ئەخلاق ۋە گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلار بىلەن بېزەش بىلەن بىرگە خاتا ئېتىقاد، ناچار ئەخلاق ۋە يامان ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ روھىمىزدا ئورۇن ئېلىشىدىن ساقلىشىمىزدىن ئىبارەتتۇر.

## ئائىلە ئەزالىرىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز

ئائىلە ئەزالىرىمىزغا قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: ئائىلە جەمئىيەتنىڭ ئاساسى، ئىنسانلارنىڭ تۇنجى مەكتىۋىدۇر. شۇڭا ئائىلىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن غەيرەت كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئائىلىدىكى ئاتا ـ ئانىغا ۋە باشقا چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىشىمىز، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشقا سەۋەب بولىدىغان ھەر قانداق ئىش ـ

ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇشىمىز ۋە ئالLاھنىڭ رازىلىقى ئاتىنىڭ رازىلىقىدا، جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم.

ئەر ـ ئايال ۋە ئائىلىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئارىسىدا سۆيگۈ بىلەن ھۆرمەتنى ھەر نەرسىدىن ئۈستۈن تۇتۇشىمىز، ئائىلىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھالال كەسىپ ۋە توغرا يوللار بىلەن تەمىن ئېتىشىمىز، باللارغا پۈتۈن ئىشلاردا ياخشى ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارنى ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق دائىرىسى ئىچىدە ياخشى تەربىيە قىلىشىمىز، باللار ئوتتۇرىسىدا ئايرىمچىلىق قىلماستىن، ھەممىگە ئوخشاش، ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

## ۋەتەنگە، خەلقىمىزگە ۋە ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز

ھەر قانداق خەلقنىڭ ۋەتىنى ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى بولۇپ، پۇل ـ مېلىنى، جېنىنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەتىنى ۋە خەلقىگە قارىتىلغان ئەڭ ئاددىي بۇرچى ۋەتىنى بىلەن خەلقىنى دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن جان تىكىپ قوغدىشى، ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە خىيانەت قىلماسلىقى ۋە بۇ ئىككىسىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى قوغدىغاندەك قوغدىشىدىن ئىبارەتتۇر.

## پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز

پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز قىسقىچە مۇنداق: دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلار ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىدۇر. ئىنسانلار ئىنسانلىق تەرەپتىن ئۆزئارا قېرىنداشلاردۇر. شۇڭا ھېچبىر ئىنساننى ۋە ھېچبىر مىللەتنى تۆۋەن

كۆرمەسلىك ۋە كەمستمەسلىك لازىم. چۈنكى ئىنسانلار ئۆتتۈرىسىدىكى تىل، رەڭ، ئىرق پەرقلىرى ئاللاھنىڭ ئاجايىپ قۇدرىتىنى كۆرستىدىغان ئالامەتلەردىن سانىلىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنى قەدىرلەش بىلەن بىرگە باشقىلار بىلەنمۇ چىقىشىپ ياخشى ئۆتۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم.

مۇسۇلمان ئادەم پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ تىل، رەڭ، ئىرق، دىن ۋە ۋەتەنلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، چەتكە قاقمايدۇ، كەمستمەيدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ ۋە ياخشىلىق تىلەيدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىغا زىيانكەشلىك قىلغان ياكى ئۇلارنىڭ دىيارلىرىغا خىرىس قىلماقچى بولغانلارغا جېنىنى تىكىپ قويۇپ قارشى تۇرىدۇ.

## تەبىئەتكە قارىتىلغان بۇرچىمىز

ئاللاھ ياراتقان جانلىق ـ جانسىز ھەر قانداق نەرسىنىڭ بىز ئىنسانلار ئۈچۈن بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ئالاھىدە ۋەزىپىسى ۋە پايدىسى بار. بىز مەۋجۇداتلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ بىزگە قانچىلىك پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت بىلەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. ئەمما ئاللاھ ھېچبىر نەرسىنى بىكارغا ياراتقان ئەمەس. شۇڭا مەۋجۇداتلاردىكى گۈزەللىكلەرنى ۋە يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتلەرنى بىلىشكە ۋە پايدىلىنىشقا تىرىشىشىمىز، ئاللاھ ياراتقان مەۋجۇداتلارنىڭ پايدىسىنى كۆرگىنىمىزدە ئاللاھقا شۈكۈر ئادا قىلىشىمىز ۋە ئاللاھ تەبىئەتتە بېكىتكەن تەكشۈكلۈكنى بۇزماسلىقىمىز لازىم.

تەبىئەت ــــ ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىدۇر. ئاللاھ تائالا تەبىئەتنى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن. ھەر قانداق بىر

مۇسۇلمانىنىڭ تەبىئەتكە قارىتىلغان بۇرچى تەبىئەتتىن يوللۇق ھالدا پايدىلىنىش، ئۇنى بۇلغىماسلىق، كىرلەتمەسلىك ۋە بۇزۇلۇشتىن ئاسراش، ئۇنى سۆيۈش ۋە قوغداشتىن ئىبارەتتۇر.

# گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلماننىڭ سۈپىتى

گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلمان مۇنداق بولىدۇ:

(1) ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىگە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىدۇ.

(2) ئاللاھ بۇيرۇغان ئىبادەتلەرنى ئورۇنلايدۇ.

(3) ئىبادەتلەرنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قىلىدۇ.

(4) ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ.

(5) ھەركىمگە گۈزەل ئەخلاق دائىرىسىدە مۇئامىلە قىلىدۇ.

(6) پەيغەمبىرىمىزنى سۆيىدۇ، ئۇنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ.

(7) «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىش بىلەن كۆپ مەشغۇل بولىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە تىرىشىدۇ ۋە كۆرسەتمىسى بويىچە ئەمەل قىلىدۇ.

(8) ۋۇجۇدىنى پاكىز ۋە ھالال نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدە ھارام ۋە زىيانلىق نەرسىلەردىن يىراق تۇرىدۇ.

(9) روھىنى گۈزەل تۇيغۇلار بىلەن تولدۇرىدۇ. قەلبىدىن بۇزۇق خىيال ۋە يامان غەرەزلەرگە ئورۇن بەرمەيدۇ.

(10) ئاتا ـ ئانىسىغا ئەڭ ئالىي ئىھتىرام بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلارنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ھەزەر قىلىدۇ.

(11) ئائىلە چوڭلىرىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا، قوشنىلىرىغا ۋە

دوستلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ.

(12) بالىلىرىغا ۋە جورىسىغا ئەڭ ئېسىل مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئۇلارنىڭ سائادىتى ئۈچۈن تىرىشىدۇ، بالىلىرىنىڭ يامان ئادەتلەرگە كۆنۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

(13) مۇسۇلمانلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك سۆيىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلايدۇ، ئاجىزلارغا ياردەم قىلىدۇ.

(14) خەلقىنىڭ ۋە ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن بىلىدۇ.

(15) ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدا ۋە مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ. باشقا دىن ئەھلىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرىغا ھۆرمەت قىلىدۇ.

(16) پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ۋە ھەر قانداق بىر جان ئىگىسىگە مېھرى-شەپقەتلىك بولىدۇ.

(17) تەبىئەتنى ئاسرايدۇ، مۇھىت تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

(18) دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىلىملەرنى ئۆگەنلەشتىن زېرىكمەيدۇ.

(19) ھەر ئىشتا راست سۆزلۈك، سەمىمىي، ۋاپادار، ۋىجدانلىق ۋە غۇرۇرلۇق بولىدۇ.

(20) دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلاردا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدۇ. ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامداش يولىدا ھېچ ئۆلمەيدىغاندەك ئىشلەيدۇ، ئەمما ئاخىرەتلىكى ئۈچۈنمۇ ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانى قەتئىي ئېسىدىن چىقارمايدۇ، ئۇنىڭ

كۆرسەتكەن داغدام يولىدا ئىزچىل يۈرىدۇ.

## گۈزەل ئەخلاقلىق مۇسۇلمان قىلمايدىغان ئىشلار

گۈزەل ئەخلاقلىق بىر مۇسۇلمان تۆۋەندىكىلەرنى ھەرگىز قىلمايدۇ:

(1) ئىسلام ئېتىقادىغا زىت كېلىدىغان پىكىر ـ ئېقىملارنى قوبۇل قىلمايدۇ.

(2) ئىسلامدا بۇيرۇلغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى تەرك ئەتمەيدۇ، گۇناھ ـ مەسىيەت ئۆتكۈزمەيدۇ.

(3) جەمئىيەتتىكى ئەخلاقسىز كىشىلەرگە ئەگەشمەيدۇ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشنىمۇ ئۇنۇتمايدۇ.

(4) يالغان سۆزلىمەيدۇ، ساختىپەزلىك قىلمايدۇ، غەيۋەت قىلمايدۇ، تۆھمەت قىلمايدۇ.

(5) ھاراق ئىچمەيدۇ، تاماكا چەكمەيدۇ، ئۆسۈم بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ، بىراۋنىڭ ھەققىنى يېمەيدۇ.

(6) بىراۋغا ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك، كۆرەلمەسلىك قىلمايدۇ، كىشىلەرنى مەسخىرە قىلمايدۇ.

(7) ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتمايدۇ، ئائىلىسىدىكىلەرگە قاتتىق قول بولمايدۇ.

(8) ھۇرۇن ، تىرىكتاپ، بېخىل، نامەرد، ئۇياتسىز بولمايدۇ، تۇزكور بولمايدۇ.

(9) پۇرسەتپەرەس، ھىيلىگەر، ئالدامچى، ئوتتۇغۇيرۇق، چېقىمچى بولمايدۇ.

(10) ۋەتىنىگە، خەلقىگە ۋە قەۋم قېرىنداشلىرىغا خىيانەت

قىلمايدۇ.

## ئەخلاقنى ئۆزگەرتىش مۇمكىنمۇ؟

ئەخلاقنى ئۆزگەرتىش تامامەن مۇمكىن. تەربىيە بىلەن يامان ۋە ناچار ئەخلاقلارنى گۈزەل ۋە ئېسىل ئەخلاقلارغا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا تەربىيەنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟!

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن، ئەخلاق ئەخلاقلىنىش بىلەن، سەۋر سەۋرچانلىق بىلەن ھاسىل بولىدۇ.»[1] خۇددى ئادەمنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىكى ناقىس ۋە يېتەرسىز بەدىنى غىزالىنىش ئارقىلىق ئاستا ـ ئاستا تاكامۇللاشقىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئەخلاقىمۇ گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈش يولىدا تىرىشىش ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ.

## يېگانە ئۈلگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بارلىق ياخشى ئىشلاردا، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولغىنىدەك، گۈزەل ئەخلاق، پەزىلەت، ئالىيجانابلىق قاتارلىقنىڭ ھەممىسىدە ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ھەر ئىشتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىشقا بۇيرۇپ: ﴿**لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُوْلِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَنْ كَانَ يَرْجُوْ اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيْرًا**﴾

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

يەنى ﴿سىلەرگە ــــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈننى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــــ رەسۇلۇللاھ ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر﴾[1] دېگەن.

مەلۇمكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەر يۈزىدە ئىنسان ئېھتىياجلىق بولغان پۈتۈن ئىشلاردا، ئۈلگە قىلىپ ئەگىشىشكە ئەرزىيدىغان بىرلا شەخستۇر!

ئۇنداقتا، بىز ئالدى بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تونۇشقا موھتاجمىز . چۈنكى ئۆزىنى تونۇماستىن، ئۇنى ئۈلگە قىلغىلى بولمايدۇ.

(1) 33ـ سۈرە ئەھزاب 21ـ ئايەت

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن ئۈرنەكلەر

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى «قۇرئان كەرىم» ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشتا، ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتا، ئاللاھ مەنئى قىلغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشتا، بارچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئىنسانلارنىڭ ئالدىنقىسى ئىدى. ئۇ گۈزەل ئەخلاق جەھەتتىمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسىگە ئايلانغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى بارلىق ئىش ـ ئىزلىرىدا ئىپادىلەنگەن بولۇپ، تۆۋەندىكى ماۋزۇلاردا تېخىمۇ روشەن كۆرگىلى بولىدۇ:

(1) ئاللاھ تائالاغا قارىتا ئەخلاقى

(2) ئىنسانىيەتكە قارىتا ئەخلاقى

(3) مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئەخلاقى

(4) ئائىلىسىدىكىلەرگە قارىتا ئەخلاقى

(5) باللارغا قارىتا ئەخلاقى

(6) دۈشمەنلىرىگە قارىتا ئەخلاقى

(7) ئۇرۇش ئەسناسىدىكى ئەخلاقى

(8) ھايۋانلارغا قارىتا ئەخلاقى

(9) مۇھىت ۋە تەبىئەتكە قارىتا ئەخلاقىي

(10) سۆھبەتداشلىرىغا قارىتا ئەخلاقى

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا قارىتا ئەخلاقى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانى ئەڭ ياخشى تونۇغان، ئۇنى ھەقىقىي مەنىدە قەدىرلىگەن ۋە ئۇنىڭغا بولغان بەندىچىلىك بۇرچىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن زات ئىدى. ئۇ ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ئۇلۇغلايتتى، ھەمىشە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدلىنىش ۋە غەزىپىگە ئۇچراشتىن ھەزەر ئەيلەشتىن ئىبارەت تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايتتى. دۇنيالىقتىكى ھەممە قىممەتلىك نەرسىسىنى، ھەتتاكى پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھنىڭ يولىغا ئاتاشتا ئىنسانىيەتكە ئۈلگە ئىدى.

ئاللاھتىن كەلگەن خۇشاللىق ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلاتتى، ئاللاھتىن كەلگەن مۇسىبەت ياكى غەم ـ قايغۇ ئۈچۈن ئاللاھتىن سەۋر تىلەيتتى. ئاللاھ ئاتا قىلغان قىسمەتكە كۆڭلىدىن رازى بولاتتى. ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان تۇرۇپمۇ، كېچىلىرى ئاللاھقا ناماز ئوقۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانىيەتكە قارىتا ئەخلاقى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئىمان ئېيتقان ۋە ئېيتمىغان پۈتۈن ئىنسانلارغا رەھىم ـ شەپقەت، كەڭچىلىك، كەچۈرۈم، ئازادىلىك ۋە ھۆرلۈكنى دۇنيا تارىخىدا تۇنجى بولۇپ تەشۋىق قىلغان ھەم ئەمەلىيەتتە بىلەن تەتبىق قىلغان زاتتۇر. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى سۆيگەنلىكىدىن ھەمىشە ئۇلارنىڭ ھىدايەت تېپىپ نىجاتلىققا ئېرىشىشىگە تىرىشاتتى ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق تىلەيتتى. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى دۈشمەنلىرىمۇ بىردەك تەرىپلىشەتتى.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئەخلاقى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئەڭ مېھرى ـ شەپقەتلىك، ئەڭ كۆيۈمچان زات ئىدى. «قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭ ئەخلاقىنى ئالاھىدە مەدھىيەلەپ: ﴿**وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيْمٍ**﴾ يەنى ﴿سەن ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئەخلاقتا ئىگىسەن﴾[1] دېگەن.

«قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارغا بولغان گۈزەل ئەخلاقىنى ماختاپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللّهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيْظَ الْقَلْبِ لاَنْفَضُّواْ مِنْ حَوْلِكَ**﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى.﴾[2]

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە قارىتا ئەخلاقى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەڭ ئۈلگىلىك بىر ئەر، ئەڭ شەپقەتلىك بىر ئاتا ۋە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بىر ئائىلە باشلىقى ئىدى. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ساھابىلەرنىڭ: «ئاياللارغا مېھرىبانلىق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئارتۇق بىراۋنى كۆرمىدۇق»[3] دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىمۇ بۇ ياخشى ئەخلاققا چاقىرىپ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى

---

(1) 68ـ سۈرە قەلەم 4ـ ئايەت

(2) 3ـ سۈرە ئال ئىمران 159ـ ئايەت

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

مۇئامىلە قىلىدىغانلاردۇر. مەن ئۆز ئەھلىگە ئەڭ مېھرىبان كىشىڭلارمەن»[1] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۆلەتنىڭ رەئىسى، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلارنىڭ رەھبىرى، ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى، مەسجىدتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىقى قاتارلىق ئېغىر يۈكلەر ۋە مەسئۇلىيەتلەر ئۈستىگە يۈكلەنگەن تۇرۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىنى جايىدا ۋە تولۇق ئورۇندىغانىنىڭ سىرتىدا، ئائىلىسى ئېھتىياجلىق بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ئۆي ئىشلىرىدا ئاياللىرىغا ياردەملىشىش، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ۋە دەرتلىرىنى ئاڭلاشقا ۋاقىت ئاجرىتىش ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئائىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك بۇرچىنىمۇ ھېچ ئۇنتۇپ قالمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى قەدىر ـ قىممىتىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەن ۋە ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىكتىن، ئۆي ئىشلىرىدا ئاياللىرىغا ياردەملىشەتتى، ئۇلارغا ئېغىرلىق سالمايتتى، ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى ئۆزى ياماپ، بەزىدە ئۆزى يۇيۇپ كىيەتتى، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى كۆپ ھاللاردا ئۆزى تەييارلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيدە قىلىدىغان ئىشلىرى توغرۇلۇق سورالغىنىدا: «رەسۇلۇللاھ ئۆيدە باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش بىر ئىنسان ئىدى، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى يامايتتى، ماللىرىنى ساغاتتى، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

ئۆزى قىلاتتى»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ يەنە بىر قېتىم «رەسۇلۇللاھ ئۆيىدە نېمە ئىش قىلاتتى؟» دەپ سورالغىنىدا: «رەسۇلۇللاھ ئۆيىدە ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىش بىلەن بولاتتى، ناماز ۋاقتى كەلگەن ھامان مەسجىدكە چىقىپ كېتەتتى»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئىنسانىيەتنىڭ ئۈلگىسى بولغان ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى ئالدىدا بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەرلىرىمىز نەدە؟ «ئەر كىشى تاماق ئەتسە بولمايدۇ»، «ئەر كىشى كىر يۇيۇسا بولمايدۇ» ۋە «ئەر كىشى بالا باقسا بولمايدۇ» دېگەنلەرنى كىم ئېيتىپتۇ؟ بىز پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشەمدۇق ياكى ئىسلام ئەخلاقىغا يات كېلىدىغان ناچار ئادەتلىرىمىزگىمۇ؟!

قولىدا بالىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان ياكى ئوچاق بېشىغا كەلگەن ئەرنى ئەيىبلەيدىغان ناچار ئادەتنىڭ ھازىرمۇ بەزى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك ۋە سەسكىنەرلىك ئىش.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلارغا قارىتا ئەخلاقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كىشىگە ئۇنىڭ ئەقلى ۋە سەۋىيەسىگە مۇناسىپ مۇئامىلىدە بولاتتى. بالىلارنى ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. بالىلارنىڭ قىينىلىپ قېلىشىغا زادى چىداپ تۇرالمايتتى. ھەمىشە يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلايتتى. بەزىدە بالىلارنىڭ ئەقلىگە ماسلىشىپ ئۇلار بىلەن ئويۇن ئويناتتى. بالىلارمۇ بۇ ئۈلگىلىك پەيغەمبەرنى ئۆز ئاتا - ئانىسىدىنمۇ بەك سۆيەتتى ۋە

(1) ئىمام ئەھمەت رىۋايىتى
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ھەممىشە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشنى تىلەيتتى. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا : «يا رەسۇلۇللاھ! سىز باللارنى سۆيىدىكەنسىز، مېنىڭ ئون بالام بار، ھازىرغىچە بىرىنىمۇ سۆيۈپ باققىنىم يوق» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تاش يۈرەكلىكىگە ئېچىنىپ: «كىشىلەرگە رەھىم-شەپقەت قىلمىغانلارغا ئاللاھ رەھىم قىلمايدۇ»[1] دېگەن.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارىتا ئەخلاقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەنلىرىگىمۇ ناھايىتى مېھرى ـ شەپقەتلىك زات بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىچىدىمۇ چوڭقۇر ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ چاقىرغان دىنىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى، راستچىللىقىنى ۋە ئىنسانىيەتتە بولۇشقا تېگىشلىك مېھرى ـ شەپقەت، رەھىمدىللىك ، ئادالەت ۋە باشقا بارلىق ئېسىل سۈپەتلەرنىڭ ئۇنىڭدا مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى ئىقرار قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا ئىنسان چىداپ تۇرالمايدىغان ئېغىر زۇلۇملارنى سالغان، ئۇلارنى ئەڭ ۋەھشىي قىيىن ـ قىستاقلارغا ئالغان، ھەتتا ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان، بۇنى ئاز دەپ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە تالان-تاراج قىلغان، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان قۇرەيش قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەر مەككە ئازاد بولغان كۈنى بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى قانداق ئېغىر جازالارغا

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

تارتىدىغانلىقىنى كۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مېھرى ـ شەپقىتى ھەممىگە ئومۇم بولغان بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ شەپقىتىگە تەلمۈرۈپ، قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى: «تارقىلىڭلار، ئازاتسىلەر!» دېگەنلىكى، مەككىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن بىرى بولغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئۆچمەنلىكى بىلەن تونۇلغان ۋە بارچە ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆتكۈزگەنىنىڭ سىرتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇرۇپ قورسىقىدىكى بوۋىقىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ھەببار ئىبنى ئەسۋەد دېگەن ئادەمنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكى ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر كەچۈرۈم بولغانلىقتىن، ئەرەبلەر توپ ـ توپ بولۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلىغان ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىسلام دىيارىغا ئايلانغان.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇش ئەسناسىدىكى ئەخلاقى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەسىلىنى ئۇرۇشسىز ھەل قىلىشقا تىرىشاتتى. پەقەت ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا چارە قالمىغان ياكى دۈشمەنلەر بېسىپ كەلگەن ۋاقىتتىلا ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قېتىم ئۇرۇشقا چىقىشتىن ئاۋۋال مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىگە يول يورۇق بېرىپ: «سىلەرگە تىغ تەڭلىمىگەنلەرنى، ياشانغانلارنى، ئاياللارنى، بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار! زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماڭلار، دۈشمەنلەرنىڭ بەدەنلىرىنى پارچىلىماڭلار، ئەسىرلەرنى خورلىماڭلار» دەپ جېكىلەيتتى.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايۋانلارغا قارىتا ئەخلاقى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەپقىتى ئىنسانلارغىلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارغىمۇ ئورتاق ئىدى . نان، سۇ بەرمەستىن باغلاپ قويغانلىقى تۈپەيلى ئۆلگەن بىر مۈشۈك سەۋەبلىك بىر ئايالنىڭ دوزىخى بولۇپ كەتكەنلىكىنى، بىر بۇزۇق ئايالنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن تىلىنى چىقىرىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر ئىتنى ئۆتۈكىنى سىلىپ، قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ سۇغۇرغانلىقى ئۈچۈن جەننەتتى بولۇپ كەتكەنلىكىنى مۇسۇلمانلارغا سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق بارلىق جانلىقلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنى ئۆگەتكەن زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر.

بىر ھارام ھايۋاننىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىق تۈپەيلى بىر ئايالنىڭ دوزاخقا، يەنە بىر ھارام ھايۋاننىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قويغان بىر بۇزۇق ئايالنىڭ بۇ ياخشىلىقى ئۈچۈن جەننەتكە لايىق بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاددىيغىنا قىسسە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، بىزگە شەپقەتنىڭ ئاللاھ تائالا دەرگاھىدا قانچىلىك كاتتا ئورنى بار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

پەيغەمبىرىمىز ھايۋانلارنى بۇغۇزلىغاندىمۇ ئۇلارغا رەھىم شەپقەت كۆرسىتىشنى بۇيرۇغان ئىدى. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ھەممە نەرسىگە رەھمەتنى پۈتۈۋەتكەن. مال بوغۇزلىغاندا، مالنى قىينىماستىن ياخشى بوغۇزلاڭلار». بىر ئادەمنىڭ پىچاقنى قوينىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ بۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: «پىچاقنى مالغا كۆرسەتمە! ئۇنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟» دەپ كايىغان.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھىت ۋە تەبىئەتكە قارىتا ئەخلاقىي**

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇھىت تازىلىقىنى ۋە تەبىئەت ساپلىقىنى ساقلاشقا ئەڭ زور ئەھمىيەت بەرگەن زات بولۇپ، «پاكىزلىق ـــ

ئىمانىنىڭ يېرىمىدۇر» دېگەن پىرىنسىپنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق، ئۆي ئىچىنى، كىيىم ـ كېچەكلەرنى، يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ۋە بەدەننى پاكىز تۇتۇشقا بۇيرۇغان، ناماز ئوقۇش، «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىش، كەبىنى تاۋاپ قىلىشقا ئوخشىغان ئىبادەتلەرنى تاھارەتتىن ئىبارەت پاكىزلىق بىلەن ئورۇنداشقا، كۆپچىلىك توپلىشىدىغان سورۇنلارغا يۇيۇنۇپ، خۇشبۇيلارنى سۈرتۈپ بېرىشقا ئەمر قىلغان ئىدى.

ئۇندىن باشقا ھەج ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ مەككىنىڭ دەل ـ دەرەخلىرىنى، ئۆسۈملۈكلىرىنى ۋە زىرائەتلىرىنى كېسىشتىن ۋە يۇلۇشتىن مەنئى قىلغانلىقى، ئۇرۇش ئەسناسىدا ئەسكەرلەرنىڭ زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماسلىقنى، دەل ـ دەرەخلەرنى كەسمەسلىكنى ۋە ئوت قويماسلىقنى قاتتىق جېكىلىگەنلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىئەتنى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ئاسراشقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبەتداشلىرىغا قارىتا ئەخلاقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئالىي پەزىلىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن سۆھبەتداشلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ئادەم قايتا سۆھبەتلىشىشنى ئارمان قىلاتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ سۆھبىتىگە تويمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىراۋ بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەيتتى ۋە بۇنداق قىلىشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ بىلەتتى. سۆزلەۋاتقان كىشىدىن ھېچ ۋاقىت يۈزىنى باشقا تەرەپكە بۇرۇمايتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. قارشى تەرەپنىڭ

ئەدەپسىزلىكىگە ھەرگىزمۇ ئاچچىقلاپ قالمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن كىچىك پېئىل ۋە تولىمۇ كەمتەر زات بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ــ باشقا مىللەتلەر كاتتىلىرىغا ئورنىدىن تۇرغاندەك ــ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىنى ياقتۇرمايتتى. ئولتۇرغاندا ئادەتتىكى كىشىلەردەك قەيەردىن ئورۇن تەگسە شۇ يەردە ئولتۇراتتى. ئالاھىدە بولۇۋالمايتتى. شۇڭا بىرەر ناتونۇش كىشى رەسۇلۇللاھنى ئىزدەپ كەلسە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايسىڭلار؟ دەپ سورايتتى. پەيغەمبىرىمىز ئاجىزلارنى ۋە كەمبەغەللەرنى خور كۆرمەيتتى، ئۇلارنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى.

## ئۈچىنچى بۆلۈم

# گۈزەل ئەخلاق تۈرلىرى

# سۆيگۈ ۋە ئۈنىڭ قىممىتى

سۆيگۈ ـ ھاياتلىقنىڭ جېنى، قەلبنىڭ زىننىتى ۋە بەختنىڭ كاپالىتىدۇر. سۆيگۈنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي تونۇغانلار «دۇنيادا سۆيگۈ ئومۇملىشىدىغان بولسا، ئىنسانلار نە ئادالەتكە، نە قانۇنغا موھتاج بولمىغان بولاتتى» دېگەن ئىكەن قەدىمدە. ئۇلۇغ ئالىم جالالىدىن رۇمى مۇنداق دېگەن ئىكەن: «سۆيگۈ ــ ئاچچىقنى تاتلىققا، توپراقنى ئالتۇنغا، كىرنى ساپلىققا، كېسەلنى ساقلىققا، تۈرمىنى بوستانغا، غەزەپنى شەپقەتكە ئايلاندۇرىدىغان، تۆمۈرنى ئېرىتىدىغان، تاشنى يۇمشىتىدىغان، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئابى ھايات بېغىشلايدىغان بىر مۆجىزىدۇر.»[1]

---

(1) مەشھۇر ئەدىپ، شائىر، فىقھشۇناس ئالىم، ئىسلام مۇتەپەككۇرى، مەشھۇر تەسەۋۋۇپ «مەۋلىۋى» تەرىقىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مەۋلانا جالالىددىن رۇمى ھىجرىيە 604ـ يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئايىنىڭ 6ـ كۈنى (1207ـ مىلادىيە سىنتەبىرنىڭ 30ـ كۈنى) ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ خۇراسان ۋىلايىتىگە قاراشلىق بەلخ دېگەن جايدا دۇنياغا كەلگەن، ئائىلىسى خارازىم شاھى بىلەن قۇدا بولغان. مەۋلانا جالالىددىن رۇمى ئۈچ يېشىدا ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە باغدادقا كەلگەن، كېيىنچە، مەككە، شام، ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ھازىرقى تۈركىيەنىڭ كونيا شەھىرىدە مۇقىملاشقان ۋە سەلچۇقلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى نەتىجىسىدە، بۇ يۇرتتا تۇرۇپ قېلىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ جايدا ياشىغان. 1273ـ يىلى كونيادا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ چوڭ زىيارەتگاھ بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپلىقتىكى مۇرىدلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بار. تۈركىيىدە كۆپرەك تېپىلىدۇ. بۇ كىشى ئۆز ئەسەرلىرىنى پارس

## سۆيگۈلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھ سۆيگۈسىدۇر

سۆيگۈلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ئاللاھ سۆيگۈسىدۇر. چۈنكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت كۆپىنچە قارشى تەرەپنىڭ سۆيگۈسى، ياكى ئۇنىڭدىكى قايىل قىلارلىق سۈپەتلەر، ياكى ئۇنىڭدىن كۆرگەن زور ياخشىلىقلار تۈرتكىسى بىلەن قەلبكە ئورنايدىغان نەرسە.

ھالبۇكى، ئاللاھ تائالادا سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە تۈرتكە بولىدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسى تولۇقى بىلەن بار. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بەكمۇ شەپقەتلىك ۋە تولىمۇ مېھرىبان زاتتۇر. ئۇنىڭ بۇ شەپقىتىنى ۋە مېھرىبانلىقىنى ئەقلى بار ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ئانا قارنىدىكى ۋاقتىدىن تارتىپ تاكى چوڭ بولۇپ، ياشاپ ئۆلگىنىگە قەدەر قانداق پەرۋىش قىلىدىغانلىقىنى، خەتەرلەردىن قانداق ساقلايدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە چۈشىنىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇچىقىدا بالىسى بار بىر ئايالنى كۆرستىپ تۇرۇپ، ساھابىلىرىدىن: «بۇ ئايالنى بالىسىنى ئوتقا تاشلاشقا رازى بولىدۇ، دېسەم ئىشىنەمسىلەر؟ دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: بۇ ئايال ھەرگىز بالىسىنى ئوتقا تاشلاشقا رازى بولمايدۇ، دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بىلىڭلاركى، ئاللاھ بەندىلىرىگە مۇشۇ ئايالنىڭ بالىسىغا بولغان مېھرىبانلىقىدىنمۇ بەك مېھرىباندۇر»[1] دېگەن.

---

تىلىدا يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىسمى ئامېرىكىدىكى دۇنياغا داڭلىق شائىرلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەت يولىغا باشلاش ئۈچۈن ئۇلارغا شەپقەت پەيغەمبىرى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتكەنلىكى ۋە ھىدايەت مەنبەئى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى چۈشۈرگەنلىكى، گۇناھكارلارنىڭ تەۋبە قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئىسلاھ قىلىۋېلىشىغا پۇرسەت بېرىپ، ئۇلارنى دەرھال جازالىمايدىغانلىقى ۋە تەۋبىنىڭ ئىشىكىنى تا قىيامەتكىچە ئوچۇق قويغانلىقىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

سۆيۈش ئۈچۈن قايىل قىلارلىق سۈپەتلەردىن سۆز ئاچساقمۇ، ئاللاھ تائالا پۈتۈن سۈپەتلىرىدە، ئىش ـ پائالىيەتلىرىدە ۋە تەدبىرلىرىدە ئەڭ مۇكەممەل يېگانە زات. پۈتۈن گۈزەللىكلەر، مۇكەممەللىكلەر ۋە جىمى ياخشىلىقلارنىڭ مەنبەئى ئاللاھ تائالادۇر.

سۆيۈش ئۈچۈن تۈرتكە بولىدىغان ياخشىلىقتىن سۆز ئاچقاندىمۇ، ئاللاھ تائالا ئەڭ مۇكەممەل سۆيگۈگە لايىق يېگانە زاتتۇر. نورمال ئىنسان خاراكتېرى ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغانغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى سۆيۈشنى تەبىئي بۇرچ، دەپ بىلىدۇ. دۇنيادا قايسى بىرىنىڭ ياخشىلىقى ئىنساننى يوقتىن بار قىلىپ، ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە ياراتقان، ئۇنىڭغا ئەقىل ـ ئىدراك ئاتا قىلىپ، بارچە مەخلۇقاتلاردىن ھۆرمەتلىك ھەم قۇدرەتلىك قىلغان ۋە ئۇنى كائىناتنىڭ خوجايىنى قىلىپ بەلگىلەپ، ھەممىنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن كەرەملىك، شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ ياخشىلىقلىرىغا يېتەلىسۇن؟!

## ئاللاھ سۆيگۈسىنىڭ قىممىتى

ئاللاھ سۆيگۈسى ئىماننىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەركىبى، ھەقىقىي

مۇئمىنلىكنىڭ ئىپادىسى، ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى، سۆيگۈلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿وَالَّذِيْنَ آمَنُواْ أَشَدُّ حُبًّا لِّلَّهِ﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن ئارتۇق دوست تۇتقۇچىلاردۇر﴾ [1] دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۇنىڭدا ئۈچ نەرسە بولىدىكەن، ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ: بىرىنچىسى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن سۆيۈملۈك بولۇشى؛ ئىككىنچىسى، بىراۋنى دوست تۇتسا ئۇنى پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ دوست تۇتىدىغان بولۇشى؛ ئۈچىنچىسى، مۇسۇلمانلىقتىن كېيىن كافىر بولۇشنى، خۇددى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرىدىغان بولۇشى.»[2]

چۈنكى، ئاللاھ تائالا سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ يېگانە مەنبەئى. دۇنيادىكى پۈتۈن سۆيگۈلەر ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز سۆيگۈسىدىن بىر تامچە بولغان ھالدا، ئاللاھ تائالادىن كەلگەن. قەلبلەرگە سۆيگۈ ئوتىنى سالغۇچىمۇ ئاللاھ تائالادۇر.

## ئاللاھ سۆيگۈسى نېمە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؟

ئاللاھ سۆيگۈسى ئۇنىڭغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئىتائەت قىلىش، پۈتۈن ھايات قايناملىرىدا ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى دەستۇر قىلىپ ئەمەل قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 165 ـ ئايەت

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

**پەيغەمبەر سۆيگۈسى**

پەيغەمبەر سۆيگۈسى ئاللاھ سۆيگۈسىدىن قالسا ئەڭ ئەھمىيەتلىك سۆيگۈ بولۇپ، ئىمانىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈشكە كېپىللىك قىلىدىغان ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ھەق دىننى ئېلىپ كېلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى كۇفرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىمانىنىڭ پارلاق نۇرىغا باشلاپ چىققان ۋە بارلىق ياخشى ئىشلارنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىنمۇ سۆيۈملۈك كىم بولسۇن؟!

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىلەرنىڭ ھېچبىرىڭلار مېنى ئاتىسىدىن، بالىسىدىن ۋە بارلىق كىشىلەردىن ئارتۇق سۆيمىگىچە مۇئمىن بولالمايدۇ.»[1]

**پەيغەمبەر سۆيگۈسى قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟**

پەيغەمبەر سۆيگۈسى دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەمەلىي رەۋىشتە ئەگىشىش ۋە ئۇنى ھەقىقىي مەنىدە ئۈلگە قىلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ۋەتەن سۆيگۈسى**

ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆيگۈسىدىن قالسا، ئەڭ شەرەپلىك ۋە ئۇلۇغ سۆيگۈ ـــ ۋەتەن سۆيگۈسىدۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان كىشى ئۆز ۋەتىنىگە سادىق بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلىقنىڭ تەقەززاسى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ۋاپادارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى ئىبادەتلەرمۇ ئىنساننى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بىر مۆجىزات سۈپىتىدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا بۇ كائىناتنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ۋە يەر يۈزىنىڭ خوجايىنلىقىنى ئاتا قىلغان كەرەملىك ئاللاھقا شۈكۈر ۋە مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن قىلىنىدىغان بىر ۋاپا بۇرچى بولغاندەك، ۋەتەننى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ يولىدا مال - مۈلكىنى، جېنىنى ۋە ھەر نەرسىسىنى پىدا قىلىش ھەر قانداق بىر پۇقرانىڭ ئۇنى ئىللىق قوينىدا ئۆستۈرۈپ يېتىلدۈرگەن ئانا ۋەتەنگە ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋاپا بۇرچىدۇر.

## ۋىجدانلىق ئىنسان ۋەتىنىنى سۆيىدۇ

ۋىجدانلىق ئىنسان ۋەتىنىنى سۆيۈشنى ئىنسانلىق بۇرچى دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان خاراكتېرى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشنى، ياخشىلىق قىلغاننى سۆيۈشنى تەبىئىي زۆرۈرىيەت دەپ تونۇيدۇ. دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىللىق باغرىنى ئېچىپ، ئۇنى تۈرلۈك نېمەتلىرى بىلەن كۈتۈۋالغان، ئۇنى بارچە ياخشىلىقلىرىدىن بەھرىمەن قىلغان، كۆكسى ـ قارنى كەڭ، قوينى ئىسسىق ئاشۇ ئانا ۋەتىنىدىنمۇ سۆيۈملۈك بىرى بارمۇ؟! ياخشىلىقنى ياخشىلىق قىلىش بىلەن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ ئەلا بىرى بارمۇ؟!

ۋاپادار ئىنسان چوقۇم ئۆز ۋەتىنىنى سۆيىدۇ. چۈنكى، ھەركىمنىڭ ئۆز ۋەتىنى خۇددى ئانىسىنىڭ قوينىدەك ئىسسىق ۋە يۇمشاقتۇر. شۇڭا ئۇنى «ئانا ۋەتەن» دەيمىز. ئانىمىز خەۋپكە ئۇچرىسا بىزنىڭ قانچىلىك بىئارام بولۇپ كېتىدىغانلىقىمىز ۋە ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمىز ئېنىق تۇرغان يەردە، ۋەتەنمۇ شۇنداق قەدىرلىك ئانا! بەلكى بۇ، بىزنى تۇغقان ئانىمىزدىنمۇ قەدىرلىك ۋە قىممەتلىك ئانىمىزدۇر. چۈنكى، ئانىلارنى ئۆستۈرگەن تۇپراقمۇ ئەنە

ئاشۇ ۋەتەن ئەمەسمۇ؟

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا سۆيگۈسى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر مۇئمىن بولمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلارنى سۆيمىگىچە مۇئمىن بولالمايسىلەر»[1] دېگەن.

مۇسۇلمان ئادەم كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ رەڭگى، تىلى، ئىرقى، دىنى ۋە ۋەتەنلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى سەۋەبلىك دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە بولمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ نەزىرىدە، پۈتۈن ئىنسانلار ھەزرىتى ئادەمدىن، ئادەم تۇپراقتىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تىل، رەڭ، ئىرق پەرقلىرى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەردىن بىرىدۇر. ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ خَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَانِكُمْ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّلْعَالِمِينَ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان ئالامەتلەردىن بىرى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانلىقى، تىلىڭلارنىڭ، رەڭگىڭلارنىڭ ئوخشاشمىغانلىقىدۇر. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا بىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەتلەر باردۇر.﴾[2]

## تەبىئەت سۆيگۈسى

تەبىئەت ـــ ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتىدۇر. ئاللاھ تائالا تەبىئەتنى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(2) 30ـ سۈرە رۇم 22ـ ئايەت

پايدىلىنىش، ئۇنى ئاسراش، ئۇنى سۆيۈش ۋە ئۇنى قوغداش دىنىمىزدا گۈزەل ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ. تەبىئەت بىز ئىنسانلاردەك تۇزكور ئەمەس، بەلكى ئۇ ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەر ئۆز تىللىرى بىلەن ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنى مەدھىيەلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿تُسَبِّحُ لَهُ السَّمَاوَاتُ السَّبْعُ وَالأَرْضُ وَمَنْ فِيْهِنَّ وَإِنْ مِّنْ شَيْءٍ إِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدِهِ وَلَكِنْ لاَّ تَفْقَهُوْنَ تَسْبِيْحَهُمْ﴾ يەنى ﴿يەتتە ئاسمان - زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ نۇقسانسىزلىقىنى سۆزلەيدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھنى (بارچە نۇقسانلاردىن) پاك دەپ مەدھىيەلەيدۇ. لېكىن سىلەر ئۇلارنىڭ مەدھىيەسىنى سەزمەيسىلەر.﴾[1]

تەبىئەت ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولۇپ، ئۇنى ئوقۇشنى بىلگەنلەر چوقۇم ئاللاھ تائالانى تونۇيدۇ. بۇ كىتابتا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرەت كامالى، گۈزەل ـ سەنئەتلىرى، نېمەتلىرىنىڭ تۈرلىرى يېزىلغان. مۇسۇلمان كىشى تەبىئەتنى ئاللاھ تائالانىڭ سەنئىتى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن سۆيىدۇ، ئۇنى ھەر كۆرگىنىدە، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە ئىلىم ـ ھېكمىتىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانى تونۇشى ئاشىدۇ، ئىمانى كۈچلىنىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرى كىشىلەرنى تەبىئەتنىڭ ھەرخىل مەنزىرىلىرىگە قاراپ تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرماقتا.

---

(1) 17ـ سۈرە ئىسرا 44 ـ ئايەت

# ھەقىقەتنى سۆيۈش

ھەقىقەتنى سۆيۈش ھەممە ئىنسانىنىڭ شۇئارى . لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەممە ئادەم ھەقىقەتنى سۆيەلەمدۇ؟

تەبىئىيكى، ھەقىقەتنى ئېغىزدا سۆيگەنلىك ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ. ھەقىقەتنى كۆڭۈلدە سۆيگەنلىكمۇ كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى ھەقىقەتنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن چىن قەلبىدىن سۆيۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار ھەقىقەتنى ئېغىزىمىزدا سۆيگەنىدەك ئەمەلىيىتىمىزدىمۇ سۆيەلىگەن بولساق ھالىمىز باشقىچە بولغان بولار ئىدى، ئەلۋەتتە. خۇددى ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىكى مۇسۇلمانلاردەك، ھېچ بولمىغاندا كېيىنكىلەردەك.

مەلۇمكى، «ھەقىقەتنى سۆيۈش»تىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاق بارچە گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ باش تاجىسى ۋە جەۋھىرىدۇر.

«ھەقىقەتنى سۆيۈش»تىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقتىن ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش، راستچىللىق، ئادالەت، ۋاپادارلىق، ئىشەنچلىك بولۇش، سەمىمىيلىك، ۋەدىسىدە تۇرۇش قاتارلىق كۆپلىگەن گۈزەل ئەخلاقلار تۈرلىنىپ چىقىدۇ. ھەقىقەت يولىدا ئۆز مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش ھەقىقەتنى سۆيگەنلىكنىڭ ئەڭ راستچىل ۋە ئەڭ كۈرۈنەرلىك ئىپادىسىدۇر.

«ھەقىقەتنى سۆيۈش»تىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقتىن چەتنەپ كېتىشتىن يالغانچىلىق، ھەقسىزلىق، خىيانەت، ۋاپاسىزلىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان رەزىل قىلىقلار تۇغۇلىدۇ.

«هەقىقەتنى سۆيۈش»تىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقتىن چەتنەپ كېتىشنىڭ سەۋەبلىرىمۇ كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، نەپسىنىڭ ھەر قانداق ھەۋەسلىرىگە بويسۇنۇش بولسا، بەزىسى كۆڭۈلنىڭ پەسلىكى، باشقىلارنى يامان كۆرۈش خاھىشى ۋە شەيتانغا ئەگىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

«قۇرئان كەرىم»دىن «ھەقىقەتنى سۆيۈش»تىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاققا ئىشارەت قىلغان كۆپلىگەن ئايەتلەرنى تاپالايمىز:

﴿**وَاعْلَمُوْا أَنَّ فِيْكُمْ رَسُوْلَ اللَّهِ لَوْ يُطِيْعُكُمْ فِي كَثِيْرٍ مِّنَ الْأَمْرِ لَعَنِتُّمْ وَلَكِنَّ اللَّهَ حَبَّبَ إِلَيْكُمُ الْإِيمَانَ وَزَيَّنَهُ فِي قُلُوْبِكُمْ وَكَرَّهَ إِلَيْكُمُ الْكُفْرَ وَالْفُسُوْقَ وَالْعِصْيَانَ أُوْلَئِكَ هُمُ الرَّاشِدُونَ ۞ فَضْلًا مِّنَ اللَّهِ وَنِعْمَةً وَاللَّهُ عَلِيْمٌ حَكِيمٌ**﴾
يەنى ﴿بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھ بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىلىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە كۇفرىنى، گۇناھ-مەسىيەتنى ۋە ئىسيانكارلىقنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر. بۇ ئاللاھتىن بىر پەزلى-كەرەم ۋە نېمەتتۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾[1]

بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىنلەرنىڭ قەلبىگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزۈپ، كۇفرى بىلەن گۇناھ ـ مەسىيەتنى يامان

(1) 49ـ سۈرە ھۇجۇرات 7ـ، 8ـ ئايەتلەر

كۆرسەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەلۇمكى، ئىمان ــــ ئەڭ چوڭ ھەقىقەت بولغان ئاللاھ تائالانى ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىماننى سۆيۈش ھەقىقەتنى سۆيگەنلىكنىڭ ۋە ھەقىقەتنى باتىلدىن ئۈستۈن قىلغانلىقنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئىپادىسىدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئىمان كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ھەقتىن كەلگەن ھەقىقەتلەردۇر. ھەقىقەتنى سۆيۈش باتىلنى يامان كۆرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. كۇفرى بىلەن گۇناھ ـ مەسىيەت باتىل بولغانلىقتىن، ھەقىقەتنى سۆيگەن مۇئمىنلەرنىڭ ئۇلارنى يامان كۆرۈشى تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى بىر قەلبتە ئىككى زىت نەرسە بىرلەشمەيدۇ.

مۇئمىنلەر ھەقىقەتنى سۆيۈپ، ئۇنى ئۆز نەپسىنىڭ ھەۋەسلىرىدىن، شەھۋەتلىرىدىن ئارتۇق كۆرگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلار ئىمان ئېيتىپ، توغرا يولغا ھىدايەت تاپقان.

ئەمما كافىرلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ھەۋەسلىرىگە، شەھۋەتلىرىگە زىت كەلگەن ھەقىقەتنى يامان كۆرگەنلىكتىن، ئىسلام دىنىغا كافىر بولغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنى ئىلاھ قىلىۋالغان. ھەقىقەتنى يامان كۆرگەنلەرنىڭ ھەقىقەتكە چاقىرغۇچىلار بىلەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلغۇچىلارنىمۇ يامان كۆرىدىغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ نەپسانىيىتىگە مۇۋاپىق كەلگەن باتىلنى سۆيىدىغانلىقى ۋە ھىدايەتكە ئەگىشىشتىن مەنىۋى كورلۇقنى ئۈستۈن كۆرىدىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال. شۇڭا ئاللاھ تائالا سەمۇد قەۋمى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَأَمَّا ثَمُوْدُ فَهَدَيْنَاهُمْ فَاسْتَحَبُّوا الْعَمَى عَلَى الْهُدَى فَأَخَذَتْهُمْ صَاعِقَةُ الْعَذَابِ الْهُوْنِ بِمَا كَانُوْا يَكْسِبُوْنَ ۞ وَنَجَّيْنَا الَّذِيْنَ آمَنُوا وَكَانُوْا يَتَّقُونَ**﴾ يەنى ﴿سەمۇدقا بولسا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇقنى ئارتۇق

بىلدى. قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارنى خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ھالاك قىلدى. ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە تەقۋادارلارنى قۇتقۇزدۇق.﴾[1]

ئايەتتىن مەلۇمكى، سەمۇد قەۋمى مەنىۋى كورلۇقتىن ئىبارەت كۇفرىنى ھىدايەتتىن ئىبارەت ئىماندىن ئارتۇق كۆرگەن. چۈنكى كۇفرىلىق باتىلنى سۆيگەنلىك، ھىدايەت ھەقىقەتكە ئېرىشكەنلىكتۇر.

## بەزى مۇئمىنلەرمۇ بەزى ھەقىقەتلەرنى يامان كۆرىدۇ

ئىماننى سۆيۈپ، كۇفرىنى يامان كۆرىدىغان مۇئمىنلەردىن بەزى كىشىلەرمۇ گاھىدا ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن ھەقىقەتلەرنى يامان كۆرىدۇ ۋە نەپسى ئاۋارىگەرچىلىكى سەۋەبلىك كۇفرىدىن تۆۋەن بەزى باتىللارنىمۇ سۆيىدۇ. شۇنىڭدەك، كۇفرىنى سۆيۈپ، ئىماننى يامان كۆرىدىغان مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەردىن بەزى كىشىلەرمۇ ئۇلاردىكى ئىنساني خىسلەت ۋە قىسمەن ساغلام تەبىئەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىماندىن باشقا بەزى ھەقىقەتلەرنى سۆيىدۇ.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى نىسپىي ئەھۋال دېيىشكە بولىدۇ. بەزى مۇئمىنلەرنىڭ ئەخلاقىدىكى ناچارلىقلارنى ئۇلاردىكى نەپسى خاھىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن باتىلغا بولغان نىسپىي مايىللىقنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولغاندەك، مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەردىن بەزىسىنىڭ ئەخلاقىدىكى گۈزەللىكلەرنى ئۇلاردىكى ئىنساني ھېس ۋە قىسمەن ساغلام تەبىئەتنىڭ تەسىرى بىلەن

(1) 41- سۈرە فۇسسىلەت 17-، 18- ئايەتلەر

ھەقىقەتكە بولغان نىسپىي مايىللىقىنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ.

## ھەقىقەتنى سۆيۈش گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاساسىدۇر

ھەقىقەتنى سۆيۈش ۋە ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتلىرىدىن ۋاز كېچىش ئىنساندىكى ئەڭ ئېسىل ئەخلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان ئۇلۇغۋار پەزىلەتلەر ۋە گۈزەل ئەخلاقلار مەيدانغا كەلگەندەك، باتىلنى سۆيۈش ۋە باتىلنى مۇداپىئە قىلىش ئىنساندىكى ئەڭ رەزىل ئەخلاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇنلىغان رەزىللىكلەر ۋە يامان قىلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، «ھەقىقەتنى سۆيۈش» ئومۇمىي گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئاساسلىرىدىن بىر ئاساستۇر. ئۇنىڭدىن بارچە گۈزەللىكلەر ۋە ياخشىلىقلار تۈرلىنىپ چىقىدۇ.

## ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىش پەزىلەت

مەلۇمكى، ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلمىغان ئادەم ھەقىقەت ئايان بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا باش ئەگمەيدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم ئەخلاقنىڭ ئاساسلىق جەۋھىرىدىن، ياخشىلىقنىڭ چاقىرىقلىرىغا قۇلاق بېرىش خىسلىتىدىن مەھرۇم قالغان ئادەمدۇر.

ئەقىل ـ ھوشى جايىدا، گەپ ـ سۆزلىرى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى نورمال بىر ئادەمنى ساراڭ دەپ سۈپەتلىگەن ئادەمنى ھەقسىزلىق قىلغۇچى ۋە گۈزەل ئەخلاقتىن مەھرۇم ئادەم، دەيمىز. چۈنكى ئۇ ئۇپئوچۇق بىر ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان بولدى. ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىنكار قىلىش ئەڭ قەبىھ ئەخلاقسىزلىقتۇر. شۇنىڭدەك، پەزىلەت ئىگىسىنىڭ پەزىلىتىنى، ئىلىم ئەھلىنىڭ ئىلمىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىش گۈزەل ئەخلاقتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان، رەزىللىك پاتقاقلىرىغا پاتقان بەختسىزلەرنىڭ ئىشىدۇر.

دۇنيادا ئەڭ كەچۈرۈلمەس تۇزكورلۇق ۋە ئەڭ رەزىل ئەخلاق بىراۋنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئىنكار قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلماسلىقىدۇر. ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ خەسىسلىك ۋە ھەممىدىن بەك ئەخلاقسىزلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىشتۇر. چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئالەملەر ئۈچۈن رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن يېگانە پەيغەمبەر. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئۇ ئېلىپ كەلگەن رەھمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنلىكتۇر.

بۇنىڭدىنمۇ بەك خەسىسلىك ۋە قەبىھ ئەدەپسىزلىك ئۆزىنى يوقتىن ياراتقان رەببىنى ئىنكار قىلىش، ئۇنىڭ ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ھايات بەرگۈچى ۋە ئۇ ھاياتلىقنى قايتۇرۇۋالغۇچى، ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى، يامانلىقنىڭ جازاسىنى بەرگۈچى يېگانە ئىلاھ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتۇر. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تۇزكورلۇق بارمۇ؟!

ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە ئىنكار قىلغان ئادەم ئەڭ چوڭ، تەڭداشسىز بىر ھەقىقەتنى رەت قىلغان بولىدۇ. مۇنداقلاردىن ئىنسانىي خىسلەت ياكى ئەخلاقنىڭ تەسىرىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداقلار رەزىللىكنىڭ پاتقاقلىرىغا بېشىغىچە پاتقانلاردۇر.(1)

(1) مۇتەپەككۇر ئالىم ئابدۇراھمان ھەبەننەكە مەيدانىينىڭ «الأخلاق الإسلامية» يەنى( ئىسلام ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

## ئادالەت

ئادالەت ــــ ھەر بىر ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى كەم ـ زىيادە قىلماستىن بېرىشتۇر.

ئادالەتنى بەرپا قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن دىنىي، ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتتۇر.

ئادالەتنى بەرپا قىلىش ھەقىقەتنى سۆيگەنلىكنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئادالەتنىڭ پرىنسىپلىرى ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەت تەقەززا قىلغان نەرسىنى يۈرگۈزۈشتۇر. دېمەك، ئادالەت بىلەت ھەقىقەتنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ئىنتايىن زىچ باغلىنىشتۇر. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە ئادالەت بىلەن ھەقىقەتنىڭ بىرـ بىرگە باغلىنىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز:

﴿**اللَّهُ الَّذِيْ أَنْزَلَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ وَالْمِيْزَانَ وَمَا يُدْرِيْكَ لَعَلَّ السَّاعَةَ قَرِيْبٌ**﴾ يەنى ﴿ كىتابنى ۋە ئادالەتنى ھەق بولغان ھالدا چۈشۈرگەن زات ئاللاھتۇر. سەن نېمە بىلىسەن؟ بەلكى قىيامەت يېقىندۇ.﴾[1]

﴿**لَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلَنَا بِالْبَيِّنَاتِ وَأَنْزَلْنَا مَعَهُمُ الْكِتَابَ وَالْمِيْزَانَ لِيَقُومَ النَّاسُ بِالْقِسْطِ**﴾ يەنى ﴿بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلىرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن

---

(1) 42ـ سۈرە شۇرا 17ـ ئايەت

دەپ، كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق...﴾[1]

## ھەقىقەتنى سۆيگەنلەر ئادالەتنىمۇ سۆيىدۇ

ھەقىقەتنى سۆيىدىغان ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئادەم چوقۇم ئادالەتلىك بولىدۇ. چۈنكى ئادالەت ئۆزى ئېتىراپ قىلغان شۇ ھەقىقەتنى روياپقا چىقىرىدىغان نەرسە. ئادالەتنى سۆيمىگەن ئادەمنىڭ ھەقىقەتنى سۆيگەنلىكىدە شەك بار.

## ئادالەت تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلار

ئادالەت تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلار ئىنتايىن كۆپتۇر. ئۇلاردىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئادەم باشقۇرۇشتا ئادالەتلىك بولۇش

مەسئۇلىيەت مەيلى خاس بولسۇن، مەيلى ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، ھەر بىرىدە ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ئادالەت پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئومۇمغا مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلىيەتتە ھەق ئىگىلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش، ھەقلىق بولمىغانلارنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىشىغا يول قويماسلىق ۋە ئاممىغا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئىقتىدارىغا قاراپ يۈكسىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش، ئىش تەقسىماتىدا ئادالەت بىلەن ئىش كۆرۈش قاتارلىقلاردۇر.

2. دەۋا ئىشلىرىدا ئادالەتلىك بولۇش

(1) 57ـ سۈرە ھەدىد 25ـ ئايەت

دەۋا ئىشلىرىدا ئادالەتلىك بولۇش دېگەنلىك دەۋاگەرلەر ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلغۇچىنىڭ ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن ئادالەت پىرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈشى، ھېچقايسى بىر تەرەپكە يان باسماسلىقى، ياكى ھەقسىز زىيانغا ئۇچراتماسلىقى، ئادالەتپەرۋەرلىككە نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى قاتارلىقلار.

ئىككى دەۋاگەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۇلاردىن ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى قارشى تەرەپتىن ئېلىپ بېرىش بىلەن بولىدۇ. ئارىسى بۇزۇلغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم قىلىش ئۇلارنى چىرايلىقچە ياراشتۇرۇپ قويۇش بىلەن بولىدۇ. گۇناھكار ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىش ئۇنىڭغا يېتەرلىك جازاسىنى بېرىش بىلەن بولىدۇ.

3. گۇۋاھلىقتا ئادالەتلىك بولۇش

گۇۋاھلىق بېرىشتە ئادالەتلىك بولۇش دېگەن گۇۋاھچىنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن ئەينەن كۆرگەن ياكى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئېنىق ئاڭلىغان ئىشلارغا راستچىللىق بىلەن ئەينەن گۇۋاھلىق بېرىشى دېگەنلىكتۇر. گۇۋاھلىقنى توغرا ئادا قىلىش گۈزەل ئەخلاقتىن بولسا، گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش ياكى يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىش ئەڭ يامان رەزىللىكتۇر. شۇنىڭدەك گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇشمۇ چوڭ گۇناھتۇر. چۈنكى گۇۋاھلىقنى يوشۇرۇش كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى توسۇۋالغانلىق بولۇپ، چوڭ ھەقسىزلىكنى سادىر قىلغانلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**وَلاَ تَكْتُمُواْ الشَّهَادَةَ وَمَنْ يَكْتُمْهَا فَإِنَّهُ آثِمٌ قَلْبُهُ وَاللّٰهُ بِمَا تَعْمَلُوْنَ عَلِيْمٌ**﴾ يەنى ﴿ گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، بىلسۇنكى، ئۇنىڭ دىلى گۇناھكاردۇر. ئاللاھ

قىلمىشىڭلارنى تامامەن بىلگۈچىدۇر .﴾[1]

ئەمما يالغاندىن گۇۋاھلىق بېرىپ بىراۋنى قارىلاش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېغىر، كەچۈرۈلمەس گۇناھ سانالغان «بۆھتانۇل ئەزىم» (ئەڭ چوڭ بوھتان )دۇر.

4. خاتىرىلەپ يازغاندا ئادالەتلىك بولۇش

ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى ھەق ـ ھوقۇقلارنى يازغان كاتىپ ئۇنىڭغا ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى راستچىللىق ۋە ھوشيارلىق بىلەن توغرا يېزىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، ئەكسىچە ئىش كۆرۈش ئەخلاقىي رەزىللىك ۋە ھەق ـ ھوقۇقلارنى زايە قىلىۋەتكەنلىكتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيْنٍ إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى فَاكْتُبُوهُ وَلْيَكْتُب بَّيْنَكُمْ كَاتِبٌ بِالْعَدْلِ وَلاَ يَأْبَ كَاتِبٌ أَنْ يَكْتُبَ كَمَا عَلَّمَهُ اللّهُ فَلْيَكْتُبْ وَلْيُمْلِلِ الَّذِيْ عَلَيْهِ الْحَقُّ وَلْيَتَّقِ اللّهَ رَبَّهُ وَلاَ يَبْخَسْ مِنْهُ شَيْئًا**﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! مۇددەت بەلگىلەپ ئۆزئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى يېزىپ قويۇڭلار، كاتىپ ئۇنى ئاراڭلاردا ئادىللىق بىلەن يازسۇن، ھېچبىر كاتىپ ئۇنى ئاللاھ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى رەت قىلمىسۇن، (ھەممىنى ئەينەن) يازسۇن، زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان(قەرزدار) ئادەممۇ (ئەينەن) يازدۇرسۇن، رەببىدىن قورقسۇن، قەرز ئالغان

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 283ـ ئايەت

نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن.﴾[1]

5. ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىشى

ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئادالەتلىك مۇئامىلە قىلىشى دېگەنلىك ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قارشى تەرەپكە ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلەرنى، مەجبۇرىيەتلەرنى ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن بويىچە تولۇق ۋە ئادالەتلىك ھالدا ئادا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

6. باللارغا ئادالەتلىك بولۇش

باللارغا ئادالەتلىك بولۇش دېگەنلىك باللار ئوتتۇرىسىدا مېھرى ـ مۇھەببەتتە، مۇئامىلىدە، تەربىيەدە ، ئوقۇتۇشتا، ئىشقا بۇيرۇشتا، بىر نەرسە بېرىشتە ۋە ئاتا ـ ئانىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن ئىشلاردا ئادالەت بىلەن ئىش كۆرۈشى دېگەنلىكتۇر.

7. تارازىدا ئادالەتلىك بولۇش

تارازىدا ئادالەتلىك بولۇش دېگەنلىك تارازىدا تارتقاندا ياكى قانداقلا بىر ئۆلچەم ئەسۋابىدا ئۆلچىگەندە ئالدامچىلىقتىن تامامەن خالىي بولغان ھالدا، راستچىللىق بىلەن ئىش كۆرۈش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئالغاندا تولۇق تارتىپ ئېلىپ، ساتقاندا كەم تارتىپ بەرگۈچىلەرنى قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمىگۈچىلەر دەپ سۈپەتلەش ئارقىلىق ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى ۋەدە قىلىش بىلەن تەھدىت

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 283ـ ئايەت

ياغدۇرغان: ﴿**وَيْلٌ لِّلْمُطَفِّفِيْنَ ۞ الَّذِيْنَ إِذَا اكْتَالُواْ عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُوْنَ ۞ وَإِذَا كَالُوْهُمْ أَو وَّزَنُوْهُمْ يُخْسِرُوْنَ ۞ أَلَا يَظُنُّ أُولَئِكَ أَنَّهُمْ مَّبْعُوْثُوْنَ ۞ لِيَوْمٍ عَظِيْمٍ ۞ يَوْمَ يَقُوْمُ النَّاسُ لِرَبِّ الْعَالَمِيْنَ**﴾ يەنى ﴿(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟! ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ ھۇزۇرىدا تىك تۇرىدۇ.﴾[1]

7. نەسەبتە ئادالەتلىك بولۇش

نەسەبتىكى ئادالەتتىن مەقسەت باللارنىڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ نەسەبىگە مەنسۇپ بولۇشى دېگەنلىكتۇر. ئەكسىچە، باللارنىڭ ئۆز ئاتىسىدىن تېنىپ، ئۆزىنى بېقىۋالغان ئۆگەي دادىسىنىڭ نەسەبىگە مەنسۇپ قىلىشى ئادالەتسىزلىكتۇر. مۇنداق قىلىش ئادالەتسىزلىك بولغانىنىڭ ئۈستىگە چوڭ ھەقسىزلىكتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ھەر كىمنى ئۆز ئاتىسىغا مەنسۇپ بولۇشنى بۇيرۇغان: ﴿**وَمَا جَعَلَ أَدْعِيَاءَكُمْ أَبْنَاءَكُمْ ذَلِكُمْ قَوْلُكُمْ بِأَفْوَاهِكُمْ وَاللَّهُ يَقُوْلُ الْحَقَّ وَهُوَ يَهْدِي السَّبِيلَ ۞ ادْعُوْهُمْ لِآبَائِهِمْ هُوَ أَقْسَطُ عِنْدَ اللَّهِ**﴾ يەنى ﴿سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ ئاللاھ (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز) باللىرىڭلارغا ئوخشاش قىلمىدى، بۇ پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر، ئاللاھ ھەقنى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسملىرى بىلەن

(1) 83ـ سۈرە مۇتەففىفىين 1~6ـ ئايەتلەر

چاقىرىڭلار، بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا توغرىدۇر.﴾[1]

8. كىشىلەرنى ياراشتۇرۇشتا ئادالەتلىك بولۇش

بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئىككى پىرقە مۇسۇلمانلارنى، بىر- بىرى بىلەن خۇسۇمەتلىشىپ قالغان كىشىلەرنى، ئارىسى بۇزۇلغان دوستلارنى، ئائىلىسىنى بۇزۇش ئالدىدا تۇرغان ئەر ـ خوتۇننى ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ئادالەت پىرىنسىپلىرى بويىچە ياراشتۇرۇپ قويۇش دېگەنلىكتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئادالەت تەلەپ قىلىدىغان پۈتۈن ئىشلاردا، ھەق ـ ھوقۇق مەسىلىلىرىدە ئادالەت پىرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردە كىشىلەرنى ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا چاقىرغان بۇيرۇقلار ئىنتايىن كۆپتۇر.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**قُلْ آمَنْتُ بِمَا أَنْزَلَ اللَّهُ مِنْ كِتَابٍ وَأُمِرْتُ لِأَعْدِلَ بَيْنَكُمُ**﴾ يەنى ﴿ئېيتقىن: «ئاللاھ چۈشۈرگەن (بارلىق) كىتابلارغا ئىمان ئېيتتىم، ئاراڭلاردا ئادالەتلىك بولۇشقا بۇيرۇلدۇم.﴾[2]

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىمۇ ئادالەتلىك بولۇشقا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُواْ كُوْنُواْ قَوَّامِيْنَ لِلَّهِ شُهَدَاءَ بِالْقِسْطِ وَلاَ يَجْرِمَنَّكُمْ**

(1) 33- سۈرە ئەھزاب 4-، 5- ئايەتلەر
(2) 42- سۈرە شۇرا 15- ئايەت

**شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلاَّ تَعْدِلُواْ اعْدِلُواْ هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَى وَاتَّقُواْ اللّهَ إِنَّ اللّهَ خَبِيْرٌ بِمَا تَعْمَلُوْنَ**﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ ئۈچۈن ھەقىقەتنى بەرپا قىلغۇچى ۋە ئادالەتلىك گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەردىن بولۇڭلار. بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا)ئادالەتلىك بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، ئادالەتلىك بولۇڭلار، بۇ تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلىۋاتقىنىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.﴾[1]

---

(1) 5- سۈرە مائىدە 8- ئايەت

# ئېھسان ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيتى

ئېھسان ــــ ئومۇمي مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن يوقاپ كېتىشكە باشلىغان، ئىسلام دۇنياسىدا كەم تېپىلىدىغان مۇھىم بىر ئەخلاقتۇر. بۇ شۇنچە ئەھمىيەتلىك بىر ئەخلاق بولۇپ تۇرۇپ، ھازىر ئۇنى كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلاردىن، ھەتتا دىيانەتلىك سانالغان كىشىلەردىنمۇ تاپقىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئېھساندىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقتىن ئومۇمي مۇسۇلمانلار پايدىلىنالمىغان بىلەن غەرب دۇنياسى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا غەلىبە قىلغان.

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئىنسان سۈرىتىدە كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئىسلام بىلەن ئىمان ھەققىدە سورىغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا ئېھسان ھەققىدە سورىغان. چۈنكى، ئېھسان ئىماننىڭ تەقەززاسى ۋە گۈزەل ئەخلاقنىڭ تاجىسىدۇر.

ئۇنداقتا، ئېھساننىڭ مەنىسى نېمە؟

**ئېھساننىڭ مەنىسى**

ئېھسان ـ ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش دېمەكتۇر. «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿**الَّذِي أَحْسَنَ كُلَّ شَيْءٍ خَلَقَهُ**﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھەر نەرسىنى

مۇكەممەل ياراتتى﴾[1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى ئەرەب تىلىدىكى «اِحْسَان (ئىھسان )» سۆزى ئومۇمىي مەنىسى بىلەن «إِتْقَان (ئىتقان)» يەنى قېتىرقىنىش، پۇختا ئورۇندىماق، كامالەتكە يەتكۈزۈپ ئىشلىمەك دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش دېگەنمۇ ئەخلاقتىن سانىلامدۇ؟ دەپ ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. شۇنداق، قېتىرقىنىشنى ئۆزىنىڭ يادروسى قىلغان ئېھسان گۈزەل ئەخلاقلار ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىكى سانىلىدۇ.

چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ چاقىرىقى ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىش — ئىبادەت، مۇئامىلە، گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قېتىرقىنىپ، بېرىلىپ، پۇختا ۋە ياخشى قىلىش — ئىسلام ئەخلاقىدىن سانىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ»[2] دېگەن.

«قۇرئان كەرىم»دە: ﴿إِنَّ اللّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالإِحْسَانِ وَإِيتَاء ذِي الْقُرْبَى﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئادالەتلىك بولۇشقا، ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىشقا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ﴾([3]) دەيدۇ.

يەنە بىر ئايەتتە: ﴿إِنَّ رَحْمَتَ اللّهِ قَرِيبٌ مِّنَ الْمُحْسِنِينَ﴾ يەنى

---

(1) 32ـ سۈرە سەجدە 7ـ ئايەت

(2) تەبەرانى رىۋايىتى

(3) 16ـ سۈرە نەھل 90ـ ئايەت

﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئېھسان قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر﴾[1] دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئېھساننى ھەر نەرسىگە پەرز قىلدى.»[2] دېمەك، بىز چوڭ ـ كىچىك، ئاددىي ـ مۇرەككەپ ھەرقانداق ئىشتا ئېھسان بىلەن ئىش قىلىشقا بۇيرۇلغانمىز.

بىز مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلماستىن، ئۇ ھەقلەرنى شەكلىي ئىبادەتلىرىمىزگىلا قىسقارتىپ قويۇپ، ئىبادەتنىڭ ئومۇمىي ۋە چوڭقۇر مەنىسىدىن غەپلەتتە قېلىپ، دىنىمىزنىڭ روھىدىن، ئاللاھ تائالانىڭ بىزدىن ئىستىگەنلىرىدىن يىراقلىشىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن بۈگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قالغانمىز.

ھىدايەت، ئىمان، ئىنساب بىز مۇسۇلمانلاردا بار، رەھىم ـ شەپقەت بىز مۇسۇلمانلاردا بار، دۇنيانىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى يەنىلا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىدىن چىقىدۇ، پەن ـ تېخنىكىدا ئىلگىرىلەش ۋە باشقىلارغا بېقىنماستىن ھۆر، قۇدرەتلىك، باياشات ھايات كەچۈرۈشنىڭ پۈتۈن ئامىللىرى بىز مۇسۇلمانلاردا بار. پەقەت بىزدە كەم بولغىنى ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ ئىشلەش، راستچىللىق، سەمىمىيلىك، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئىنتىزامچانلىق، ئىناقلىق، تىرىشچانلىق، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئەدەپ-ئەخلاقلىق جاسارەت قاتارلىق مۇھىم ئەخلاقلاردۇر!

غەرب دۇنياسى پەن ـ تېخنىكا ياكى ئىلىم ـ مەرىپەت دېگەنلەرنى

(1) 7ـ سۈرە ئەئراف 56ـ ئايەت

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

بىلمىگەن چاغلاردا بىز مۇسۇلمانلار دۇنيا خەلقىنىڭ ئالدىدا ئىدۇق، ھازىرقى ئىلىم ـ پەنلەرنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسلىرىنى سالغۇچىلار ئىبنى سىنا، فارابى، ئىبنى ھەيسەم، ئىبنى رۇشدى، خارەزمى قاتارلىق مۇسۇلمان ئالىملىرى ئىدى. ھەتتا دۇنيانىڭ خەرىتىسىنى تۇنجى قېتىم سىزغان كىشىمۇ بىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىزدىن بىرى مەھمۇد قەشقىرى ئىدى.

ئەمما بىز مۇسۇلمانلار ئەخلاق دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىپ، شەخسىيەتچىلىك بىزدە باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئىلىم ـ پەن، تەرەققىيات ۋە كەشپىيات نۆۋىتىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزىمىز مەنىۋى قاششاقلىق بىلەن ھەر تەرەپتىن نامراتلىققا مۇپتىلا بولدۇق.

ھازىرقى كۈندە ئەڭ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر دەپ سانالغان ياۋروپا دۆلەتلىرىدە، ھەر ئىشنى قېتىرقىنىپ ئىشلەش، راست سۆزلەش، سەمىمىيلىك قاتارلىق ئىنسانىي ئەخلاقلار بار.

ئەمما ئەپسۇسكى، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىمىزدە ئىسلامىي ئەخلاقمۇ يوق، ئىنسانىي ئەخلاقمۇ يوق.

خەلقىمىزدىمۇ «قېتىرقىنىپ ئىشلىگەن ئادەم راۋاج تاپىدۇ» دېگەن مەنىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر بار. بىز قايسىبىر ئىشنى قېتىرقىنىپ قىلىۋاتىمىز؟ شەكلىي ئەخلاقىمىزدىن باشقا قايسىبىر ئەخلاقىمىزنى ئىسلاھ قىلالىدۇق؟

## ئېھساننى نىيەت قىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ داۋامىدا: «مال بۇغۇزلاشتىمۇ ئېھسان قىلىڭلار، پىچاقنى ئىتتىكلىتىپ، مالنىڭ جېنىنى

قىينىماي بۇغۇزلاڭلار» دەپ كۆرسەتكەن.

ئېھسان قىلىشتا نىيەتلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئەمەلدە كۆرستىش ۋە شۇنىڭغا يېتەرلىك سەۋەبلەرنى ھازىرلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. خۇددى ئۆلتۈرمەكچى بولغان مالنىڭ جېنىنى قىينىماستىن ئېھسان تەرىقىسىدە بوغۇزلىماقچى بولغان ئادەم، پىچاقنى ئىتتىكلىتىشكە موھتاج بولغىنىدەك، ئۆگىنىش قىلماقچى بولغان ئوقۇغۇچىمۇ مۇناسىپ ۋاقىتنى ۋە مۇناسىپ جاينى تاللاشقا ۋە مۇناسىپ چىراغ يورۇقىنى تاللاشقا موھتاجدۇر.

## ئىبادەتتە ئېھسان

ئىبادەت بىلەن ئېھسان ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىبادەتنى ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە، تولۇق ئادا قىلىش ئېھساندۇر. شۇڭا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئېھسان دېگەن نېمە؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئېھسان ـ خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئىبادەت قىلىشىڭدۇر، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرەلمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. مانا بۇ، ئىبادەتتىكى ئېھسان.

ئىنسان ناماز، زاكات ۋە روزىغا ئوخشاش ئىبادەتلەرنىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك پۈتۈن ئىشلىرىنى ئېھسان تەرىقىسىدە قېتىرقىنىپ قىلىدىغان بولسا، ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە نەتىجە قازىنالايدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە قۇلچىلىق قىلغان

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

بولىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىشنى ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ ، دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ قىلغان ئادەم پۈتۈن ئىشلىرىدا ئىبادەت ئىچىدە بولغان بولىدۇ.

## ئاتا ـ ئانىغا ئېھسان قىلىش

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا**﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى ، ئاتا ـ ئانىغا قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى﴾[1] دەيدۇ.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! سىز بىلەن بىرگە جىھاد قىلىشنى خالايمەن» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئاتا ـ ئاناڭدىن بىرەرسى ھاياتمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ھېلىقى ئادەم: «ھەئە، ئىككىلىسى ھايات» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «راستىنلا ساۋاب ئىزدەمسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ ئادەم: «ئەلۋەتتە ساۋاب ئىزدەيمەن» دەيدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، قايتقىن، ئاتا ـ ئاناڭغا ياخشى ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغىن» [2] دەپ ئۇنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. مۇسۇلمانلار كۇففارلارغا نىسبەتەن سان ۋە كۈچ جەھەتتە ئاز بولغانلىقتىن، جىھاد قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە شۇنچىلىك زور ئېھتىياجلىق

(1) 17ـ سۈرە ئىسرا 23ـ ئايەت
(2) نەسائى رىۋايىتى

بولغان بۇنداق شارائىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئادەمنى ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت بولغان جىھادتىن مەنئى قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىغا خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن ئۆيىگە قايدۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئاتا ـ ئانىغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك.

## ئاتا ـ ئانىغا قانداق ئېھسان قىلىمىز؟

يۇقىرىقى ئايەتتىكى: ﴿ئاتا ـ ئانىغا ئېھسان قىلىش﴾تىن ئىبارەت بىر جۈملە سۆز نۇرغۇنلىغان مەنىلەرنى ئىخچام ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاللاھ تائالا بۇ بىر جۈملە سۆز ئارقىلىق بىزنى ئاتا ـ ئانىمىزغا ئېھسان قىلىشنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىگە باشلايدۇ. ئۇلارغا ئېھسان قىلىش بولسا ئۇلارغا ھەر ۋاقىت تەبەسسۇم بىلەن قاراشتىن باشلاپ، مۇلايىملىق بىلەن، سىلىق ۋە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش، پەس ئاۋازدا ئەدەپلىك سۆز قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى، دىن ۋە دۇنيالىق قانداقلا بىر خىزمىتى ئۈچۈن ھەمىشە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇشقىچە بولغان بىر يۈرۈش پەرزەنت بۇرچلىرىنى مۇكەممەل دەرىجىدە، قېتىرقىنىپ ئادا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ خىزمىتىنى چىن يۈرەكتىن قېتىرقىنىپ قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئېھسان قىلىش ھەر قانداق پەرزەنت ئۈچۈن پەرزدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادەتتىن كېيىنلا بۇيرۇغان پەرزى ئاتا ـ ئانىغا ئېھسان قىلىشتۇر. «ئېھسان» سۆزى ياخشىلىق قىلىش دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش، پېقىرلارغا ياخشىلىق قىلىش دېگەندەك ئىختىيارىي خەير ـ ئېھسان ۋە سەدىقىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما ئاتا ـ ئانىغا قارىتىلغان ئېھسان سۆزى بۇ مەنىلەردە كەلمەيدۇ. چۈنكى ئاتا ـ ئانىغا

قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش باللار ئۈستىدىكى مۇقەددەس بۇرچتۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىختىيارى ھالدا قىلىپ قويىدىغان خىزمەت ياكى خەير ـ ئېھسان ئەمەس. ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدىكى بۇ مۇقەددەس بۇرچىنى تەرك ئەتكەن كىشى ئاۋۋال بۇ دۇنيادا، ئاندىن ئاخىرەتتە ئۇنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىدۇ.

## قىزلارغا ئېھسان قىلىش

قىزلارغا ئېھسان قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

قىزلارغا ئېھسان قىلىش ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق پۈتۈن ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىلىق بولغان مەنپەئەتلەرنى كەلتۈرۈشتە قېتىرقىنىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ئۇلارنى تەربىيەلەشتە ، بېقىشتا، قاتارغا قوشۇشتا قېتىرقىنىپ ئىش قىلىش دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۇنىڭ ئىككى قىزى ياكى ئىككى ھەمشىرىسى بولۇپ، ئۇلارغا ئېھسان قىلىدىكەن، ئۇ كىشى بۇ ئىككىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ.»[1]

قىزلارغا ۋە ھەمشىرىلەرگە قانداق ئېھسان قىلىنىدۇ؟

تەبىئىيكى، ئېھسان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆگىنىش بىلەن قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن پەرزەنتلىرىگە، خۇسۇسەن، سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئېھساننىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئۈلگىسىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

قاچان فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرگىنىدە، ئۇنىڭغا ئورنىدىن تۇراتتى ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ يېنىدا ئولتۇرغۇزاتتى. ھازىرقى زاماندا قانچىلىك ئاتا قىزلىرىغا شۇنچىلىك مېھرىبانلىقنى ۋە ھۆرمەتنى كۆرستەلەيدۇ؟

مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىسى، دۆلەتنىڭ رەئىسى، مەسجىدنىڭ ئىمامى، ئىسلام قوشۇنىنىڭ ئالىي قوماندانى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەم خەلقنىڭ نەزىرىدە ئەڭ چوڭ ھۆرمەت ـ ئىھتىرامغا سازاۋەر بولغان كاتتا بىر پەيغەمبەر شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىنى قايرىپ قويۇپ، ئالدىغا كىرگەن قىزىغا ئالاھىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سالام بەرگەن ۋە باغرىغا باسقان يەردە، ئادەتتىكى ئىنسانلار قانداق بولۇشى كېرەك؟ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ كەمتەرلىكى ئالدىدا بەزىبىر دىندار قىياپەتتىكى كىشىلەرنىڭ، موللا ئاتالغانلارنىڭ، ھاجى ـ ھەرەم بولغانلارنىڭ ۋە ئاز ـ تولا مەنسەپكە ياكى بايلىققا ئېرىشىپ غادايغانلارنىڭ ئۆزلىرىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماسلىقنى نېمە دېگىلى بولسۇن؟

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدىن سەل يىراق بىر جايدا ماكانلاشقان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: «مەن قىزىمنىڭ يىراقىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم، سېنىڭ ئۆيۈڭدىن ماۋۇ ئۆينى بىزگە سېتىپ بەرسەڭ، قىزىمنى ماڭا يېقىن بۇ جايغا كۆچۈرۈپ كەلسەم» دەيدۇ. ساھابە: «يا رەسۇلۇللاھ! مەن ۋە ئۆيۈم ئاللاھنىڭ يولىغا ئاتالغان، خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغايلا» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۆيىنىڭ يېنىغا كۆچۈرۈپ كېلىدۇ.

## سالام بېرىشتىكى ئېھسان

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِذَا حُيِّيْتُم بِتَحِيَّةٍ فَحَيُّواْ بِأَحْسَنَ مِنْهَا أَوْ رُدُّوهَا**﴾ يەنى ﴿سىلەرگە بىراۋ سالام قىلسا، سىلەر ئۇنىڭدىنمۇ مۇكەممەل سالام قىلىڭلار ياكى سالامنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار.﴾[1]

مەلۇمكى، مۇكەممەل سالام قىلىش «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن كىشىگە، «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ» دېيىش، سالامنى ئەينەن قايتۇرۇش« ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام» دېيىشتۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقىنىدا، بىر ـ بىرىگە سالام بېرىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئېھساندۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلار باشقىلارغا ئوخشاش«ياخشىمۇسىز؟» دەپ ھال سوراپ قويماستىن، ئۇچراشقان كىشىسىگە ئامانلىق ۋە سالامەتلىك تىلەيدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئەھۋال سوراش بارمۇ دۇنيادا؟

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن بىزگە ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىدا، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن يېتەرلىك خەزىنىلەر بار. ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى بۇ ئۇلۇغۋار خەزىنىلەرنى بىلىپ پايدىلىنىشىغا باغلىق ئىش.

## جېدەل ۋە مۇنازىرىدە ئېھسان قىلىش

بۇ ماۋزۇدىمۇ ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بەزى تەۋسىيەلەرنى قىلىشنى چەتتە قالدۇرمىغان ۋە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَجَادِلْهُم بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ**﴾ يەنى

---

(1) 4ـ سۈرە نىسا 86ـ ئايەت

﴿ئۇلار بىلەن ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن.﴾[1]

سىزگە بىراۋ ياقمايدىغان بىر گەپنى قىلسا، «بۇ نېمىدېگەن قاملاشمىغان سۆز» دەيسىز. ئەگەر ئەدەپلىكرەك بولسىڭىز «مەن بۇ سۆزگە قوشۇلمايمەن» دەيسىز. لېكىن ھەر ئىككى جاۋابتا ئېھسان ئەمەلگە ئاشمىغان. ئەگەر سىز «سىزمۇ مېنىڭ كۆز قارىشىمنى ئاڭلاپ باققان بولسىڭىز» دېسىڭىز ھەممىدىن ياخشى ئەمەسمۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنازىلىشىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنەيلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە دەسلەپ ئىسلامنى تەشۋىق قىلغان ۋاقىتلىرىنىڭ بىرىدە، مەككىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن ئۇتبە ئىبنى رەبىئە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان پەس تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇنى ئىسلام دەۋىتىدىن ۋاز كېچىشكە ئۈندەپ، بۇ يولدا ئەگەر بايلىق خالىسا، پۈتۈن مەككىنىڭ بايلىقىنى يىغىپ بېرىشنى، مەنسەپ تىلىسە، ئۇنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىۋېلىشنى، ئەگەر ئەقلىدىن ئازغان بولسا، ئەڭ ئۇستا دوختۇرلارنى تەكلىپ قىلىپ ئۇنى داۋالىتىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق ئېيتىۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىپ، سۆز ئارىلىقىدا: «سۆزلە ئەبۇ ۋەلىد،[2] ئاڭلاۋاتىمەن» دەيدۇ. ئۇتبەنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «سۆزۈڭ تۈگىدىمۇ ئەبۇ ۋەلىد؟»

(1) 16ـ سۈرە نەھل 125ـ ئايەت

(2) ئەبۇل ۋەلىد ـــ ۋەلىدنىڭ دادىسى دېگەن سۆز بولۇپ، ئەرەبلەر ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىر-بىرىنى «پالانىنىڭ دادىسى» دەپ چوڭ بالىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىشىدۇ.

دەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ جاۋابىنى چىرايلىقچە بېرىپ، ئۇنى يولغا سېلىپ قويىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئېسىل ئەخلاقى ئىنسانلارغا ئەڭ ئەدەپلىك رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىش ئۇسۇلىنى ۋە مۇنازىرە ئەخلاقىنى ئۆگىتىدۇ. ھازىرقى يىگىرمە بىرىنچى ئەسىرنىڭ مەدەنىيەتلىك ئىنسانلىرىنىڭ كۆپلىرىدە بولمىغان، بەزىلىرىدە بولغاندىمۇ تېخى يېتىلىپ تولۇقلانمىغان گۈزەل ئەخلاقلار ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا تولۇقى بىلەن بار ئىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلارلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى ئۆگىنىشكە ئىنتايىن موھتاج.

قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ، تولۇق ئاڭلاشنىڭ ئۆزى ئېھسان قاتارىغا كىرىدىغان گۈزەل ئەخلاقتۇر.

### گەپ ـ سۆزدە ئېھسان قىلىش

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**وَقُل لِّعِبَادِي يَقُولُواْ الَّتِي هِيَ أَحْسَنُ**﴾ يەنى ﴿مېنىڭ بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ئەڭ چىرايلىق سۆزلەرنى قىلسۇن﴾[1] دەيدۇ.

ھەر قانداق يەردە ئالقىشلىنىدىغان، ئىنسانلارنىڭ كۆڭلىنى يورۇتىدىغان، تاشتەك قاتتىق يۈرەكلەرنىمۇ ئېرىتىدىغان، قاتتىقلىق بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى ھەل قىلىدىغان سېھىرلىك نەرسە چىرايلىق سۆزدۇر!

(1) 17ـ سۈرە ئىسرا 53ـ ئايەت

ئېھسان ھەممە ئىشتا تەلەپ قىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشلىرىنى ئەستايىدىل قىلىشى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ۋەزىپىسىنى قېتىرقىنىپ ئورۇندىشى، ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشى ، سودىگەرلەرنىڭ ۋە دۇكاندارلارنىڭ خېرىدارلارغا سەمىمىي بولۇشى، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە مۇئەللىملىرىگە ساداقەتمەن بولۇشى، ئەرنىڭ ئايالىغا، ئايالنىڭ ئېرىگە سادىق ۋە راستچىل بولۇشى، دوستىنىڭ دوستقا سەمىمىي بولۇشى قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ھەممىسى ئېھساندىن سانىلىدۇ.(1)

---

(1) ئۇستاز ئەمر خالىدنىڭ «مۇئمىننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

# شۈكۈر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ئەرەب تىلىدىكى «اَلشُّكْرُ (يەنى شۈكۈر)» سۆزىنىڭ مەنىسى: رەھمەت ئېيتىش، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە تەشەككۈر ئېيتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام ئىستىلاھىدا، ياخشىلىق قىلغانىنىڭ ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى قايتۇرۇش، نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۇ مىننەتدارلىقنى تىل، دىل ۋە ئەمەلدە ئىپادىلەش دېگەنلىكتۇر.

شۈكۈر ئىماننىڭ يېرىمى بولۇپ، يەنە بىر يېرىمى سەۋرچانلىقتۇر. ئىمان بۇ ئىككىسى بىلەن تاكامۇللىشىدۇ. بۇ سەۋەبتىن شۈكۈر ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىبادەت سانىلىدۇ.

ئىمام ئىبنى رەجەب «شۈكۈر تىل، دىل ۋە ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدۇ» دېگەن.[1]

(1) تىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر ـــ نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا ـ ئېھسانلىرىنى تىل ئارقىلىق سۆزلەش ھەم ساناش

(1) ئىبنى رەجەب ـــ تولۇق ئىسمى زەينىددىن ئابدۇراھمان ئىبن ئەھمەد بولۇپ، ھەنبەلىي مەزھىبىنىڭ نوپۇزلۇق ئالىملىرىدىن بىرى، ھىجرىيە 736ـ يىلى باغداتتا دۇنياغا كەلگەن، ئىمام ئىبن قەييىم جەۋزىدە ئوقۇغان، ئۆز زامانىسىدا كامالىغا يەتكەن مۇجتەھىدلەردىن سانىلىدۇ. 20 پارچىغا يېقىن چوڭ ھەجىملىك دىنىي ئەسەر يازغان. ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى «فىقھى قائىدىلىرى» ناملىق ئەسىرىدۇر. ئەللامە ئىبنى رەجەب ھىجرىيە 795ـ يىلى ھازىرقى سۈرىيە پايتەختى دەمەشق شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ﴾ يەنى ﴿رەببىڭنىڭ نېمىتىنى سۆزلەپ بەرگىن﴾[1] يەنى ئاللاھ تائالا ساڭا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى باشقىلار كەڭ سۆزلىگىن ۋە مىننەتدارلىقىڭنى سۆزدە ۋە ئەمەلدە كۆرسەتكىن، دەپ تەلىم بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ مەنىنى تېخىمۇ ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ: «ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتنى كىشىلەرگە سۆزلەش شۈكۈر قىلغانلىق، ئۇنى يوشۇرۇش تۇزكورلۇق قىلغانلىقتۇر»[2] دېگەن.

(2) دىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر ـــ نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا ـ ئېهسانلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، چىن يۈرەكتىن ئۇنىڭغا مىننەتدار بولۇش ۋە ئۇنى سۆيۈش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

تەبىئىيكى، بىراۋنىڭ ياخشىلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، ئۇنى يۈرىكىدىن سۆيگەن ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزىنىڭ تەشەككۈر بۇرچى بارلىقىنى هېس قىلغان ئادەم ئۇنى رازى قىلىش ۋە مەمنۇن قىلىش يولىدا قولىدىن كەلگەننى ئايىمايدۇ، ئۇنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ قېلىشتىن هەزەر ئەيلەيدۇ.

ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار بۇنداق بولغان يەردە، تامامى نېمەتلەرنىڭ ۋە چەكسىز ئاتا ـ ئېهساننىڭ يېگانە ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا بولغان تەشەككۈر بۇرچىمىزنى قانداق ئادا قىلىشىمىز كېرەك؟

---

(1) 93ـ سۈرە زۇها 11ـ ئايەت

(2) ئىمام ئەهمەد رىۋايىتى

ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرى ۋە چەكسىز ئاتا ـ ئېھسانلىرى بەدىلىگە بىزدىن كۆپ نەرسە سورىمايدۇ. پەقەت دىن ۋە دۇنيالىق ھەر قانداق بىر ئىشنى ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە قىلىش ۋە ھەر ئىشتا ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇپ، قېتىرقىنىپ قىلىشنى سورايدۇ. بۇنىڭغىمۇ بېخىللىق قىلىمىزمۇ ئەمدى؟

(3) ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن ئادا قىلىنىدىغان شۈكۈر ــ نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە ئاتا ـ ئېھسانلىرىنى گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ھەر قانداق بىر يامان ئىشقا سەرپ قىلماستىن، پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئورۇنداشقا ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

مەسىلەن: تەن ساقلىقتىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتنى ئالايلۇق، ئۇنى ئويۇن ـ تاماشا ۋە ھارام كۆڭۈل ئېچىشلارغا ئىشلىتىپ تۈگەتمەستىن، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۈستىمىزدىكى پەرز، ۋاجىبلارنى ئورۇنداش ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈش بۇ نېمەتنى ئاتا قىلغۇچىغا شۈكۈر ئادا قىلغانلىق بولىدۇ. ئەكسىچە قىلىش، نېمەت بەرگۈچىگە تۇزكورلۇق قىلغانلىق بولىدۇ.

## نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئۇنى كۆپەيتىدۇ

نېمەت بەرگۈچىنىڭ نېمىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا شۈكرى ئادا قىلىش ئەلۋەتتە نېمەتنىڭ تېخىمۇ زىيادە ۋە داۋاملىق بېرىلىشىگە، شۇنداقلا بەرىكەت بىلەن كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿لَئِنْ شَكَرْتُمْ لَأَزِيْدَنَّكُمْ وَلَئِنْ كَفَرْتُمْ

**إِنَّ عَذَابِيْ لَشَدِيْدٌ**﴾ يەنى ﴿ شۈكۈر قىلساڭلار، تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىمەن. ئەگەر تۇزكورلۇق قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ﴾[1] دەپ تەلىم بەرگەن.

دېمەك، ئاللاھ تائالا شۈكۈر قىلغۇچىلارغا تېخىمۇ كۆپ بېرىدۇ، ئەمما ئۆز كۈچۈم بىلەن ئىشلەپ تاپتىمغو، دەپ پىرئەۋننىڭ ۋەزىرى قارۇنغا ئوخشاش مەغرۇرلانغۇچىلارنى ئەڭ ئىبرەتلىك جازالار بىلەن جازالايدۇ.

پۇل ـ مالنىڭ شۈكرىسى ـــ ئۇنى ئىسراپ قىلماستىن، پايدىسىز ئىشلارغا بۇزۇپ چاچماستىن قوللىنىش، ئۇنىڭ زاكىتىنى تولۇق بېرىش ۋە ئاللاھ تائالا رازى بولىدىغان ۋە ساۋاب بولىدىغان ئىشلارغا، شۇنداقلا ياخشىلىق يوللىرىغا سەرپ قىلىش بىلەن بولىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش «شۈكرى خۇدايىم» دەپ ئاغزاكى شۈكۈر ئېيتىش بىلەنلا ئادا تاپمايدۇ. بەلكى بۇ شۈكۈرنى ئەمەلدە قىلىپ كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَنْفِقُواْ مِمَّا رَزَقْنَاكُمْ مِّن قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَ يَوْمٌ لاَّ بَيْعٌ فِيْهِ وَلاَ خُلَّةٌ وَلاَ شَفَاعَةٌ وَالْكَافِرُوْنَ هُمُ الظَّالِمُوْنَ**﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سودا ـ سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەنلەردىن سەرپ قىلىڭلار. (نېمەتكە)تۇزكورلۇق

---

(1) 14ـ سۈرە ئىبراھىم 7ـ ئايەت

قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر﴾[1] دېيىش ئارقىلىق بىزنى شۈكۈرنىڭ ئىقتىسادتىكى مەنىسىگە باشلىماقتا. بۇ تۈردىكى شۈكۈر يوقسۇللارغا ۋە ھەر قانداق ھاجەت ئىگىسىگە ئاتىغانلىرىنى بېرىش بىلەنلا ئادا تاپىدۇ.

ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ شۈكرىسى ــ بىلگەنلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىش، ئۇنى ئىنسانلارغا ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭ بىلمىگەنلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن ئادا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بىلگەن بىلىمگە ئەمەل قىلمايدىغانلارنى سۆكۈپ مۇنداق دېگەن: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا لِمَ تَقُوْلُوْنَ مَا لَا تَفْعَلُوْنَ ۞ كَبُرَ مَقْتًا عِنْدَ اللَّهِ أَنْ تَقُوْلُوْا مَا لَا تَفْعَلُوْنَ**﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر.﴾[2]

پۇل ـ مالنىڭ زاكىتى شۇ پۇل ـ مالدىن مەلۇم مىقدارنى يوقسۇللارغا بېرىش بىلەن ئادا تاپقاندەك، ئىلىمنىڭ زاكىتى بىلگەنلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە بىلدۈرۈش بىلەن ئادا تاپىدۇ.

## ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى شۈكۈرنى لازىم قىلىدۇ

ئۇلۇغ ئىسلام مۇتەپەككۇرى، مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىي

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 254ـ ئايەت
(2) 61ـ سۈرە سەف 2ـ، 3ـ ئايەتلەر

«تۇرمۇشىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ھەر بىر نەپەستە، تۇمۇرلاردىكى قاننى ئىتتىرگەن ھەربىر ھەرىكەتتە بىزنى قورشاپ تۇرىدۇ. ئەمما بىز بۇ كاتتا نېمەتلەرنى كۆپىنچە ھېس قىلمايمىز ۋە بۇ نېمەتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنى لايىقىدا قەدىرلىيەلمەيمىز.»

بىز بارلىق ئېھتىياجلىرىمىزنى ئۆزلۈكىدىن تەييارلانغان ھالدا قوبۇل قىلىمىز. بىز قىلماقچى بولغاننى شۇ ھامانلا كۆڭلىمىزگە كەلتۈرۈش بىلەن بۇ ئىش ئۆزلۈكىدىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن: ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش، يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە ھاكازالارغا ئوخشىغان ئىختىيارىي ھەرىكەتلىرىمىز. بەزى نېمەتلەرنى چەكلىك شارائىتلاردا ۋە كۆڭۈللۈك مۇھىتلاردا ھېس قىلالايمىز. ئەمما بۇنى ھېس قىلىدىغانلارمۇ ئىنتايىن ئاز. بۇ بىزنىڭ ئاللاھتىن يىراقلىقىمىز ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە قارىتا خاتا چۈشەنچىدە بولغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى: ﴿**اَللَّهُ الَّذِيْ جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ قَرَارًا وَالسَّمَاءَ بِنَاءً وَصَوَّرَكُمْ فَأَحْسَنَ صُوَرَكُمْ وَرَزَقَكُمْ مِّنَ الطَّيِّبَاتِ ذَلِكُمُ اللَّهُ رَبُّكُمْ فَتَبَارَكَ اللَّهُ رَبُّ الْعَالَمِينَ**﴾ يەنى ﴿ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۇرالغۇ، ئاسماننى بىنا قىلدى. سىلەرنى سۈرەتكە كىرگۈزدى، سۈرىتىڭلارنى چىرايلىق قىلدى. سىلەرگە تۈرلۈك پاك نەرسىلەرنى رىزىق قىلىپ بەردى. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر، ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.﴾[1]

مۇشۇنداق بايانلار تۇرۇپمۇ، بىز ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا

(1) 40ـ سۈرە غافىر 64ـ ئايەت

قىلالىدۇقمۇ؟!

مەلۇمكى، ياخشىلىق قىلغانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئىنسانىي بۇرچتۇر!

دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ نېمەت ئىگىسىگە شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدۇ. گويا ئۇلار بۇ نېمەتلەرنى ئۆزىنىڭ تارتىۋېلىنغان ھەققىنى قايتۇرۇپ ئالغاندەك، ياكى بۇ نېمەتلەر پەقەت ئۆزىگىلا خاستەك قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداقلار باشقىلارنى ئۆزىگە ھەرگىزمۇ تەڭ قىلمايدۇ. بۇنداق تۇزكورچە چۈشەنچە ۋە تەپەككۇردىن ھەرگىزمۇ شۈكۈرنىڭ غۇنچىلىرى ئۈنمەيدۇ. بۇنداقلاردىن شۈكۈرنى كۈتكىلى بولمايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن سىز بەزى كىشىلەرگە ياخشىلىق قولىڭىزنى سۇنغان ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈن كۆپ جاپا تارتقان بولسىڭىزمۇ، ئۇلارنىڭ سىزگە بولغان پوزىتسىيەسى ناچار، مۇئامىلىسى سوغۇق ۋە رەھمەت سۆزى يوق بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى سىزنى نەپرەتلەندۈرەمدۇ؟ ھالبۇكى ئۇنداقلار مۇندىن بۇرۇن سىزنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ يېگانە رەببى بولغان ئاللاھقىمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولغان ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿وَقَلِيلٌ مِّنْ عِبَادِيَ الشَّكُورُ﴾ يەنى ﴿بەندىلىرىمدىن شۈكۈر قىلغۇچىلار بەكمۇ ئاز﴾[1] دېگەن ئەمەسمۇ؟

دالى كارنېگ[2] بىزگە كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان تۇزكورلۇق

---

(1) 34- سۈرە سەبەئ 13- ئايەت

(2) دالىي كارنېگ ـــ ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى، تونۇلغان پسىخولوگىيە ئالىمى،

مەسىلىسى توغرۇلۇق مۇنداق بىر قانچە مىسالنى كەلتۈرىدۇ: «سىز بىراۋنىڭ ھاياتىنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرغان بولسىڭىز ئۇنىڭدىن شۇ قىلغىنىڭىز بەدىلىگە رەھمەت سۆزى كۈتەمسىز؟ بەلكى شۇنداق قىلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن ‹سەمۇئېل لايپتز› ئاۋۋال ئادۋوكات، كېيىنچە سوتچى بولۇپ ئىشلەش جەريانىدا 78 كىشىنى توك ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، قۇتۇلغانلاردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتمىغان.

ئىسا ئەلەيھىسسالام پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 10 ئادەمنى بىركۈندىلا ساقايتقان بولسىمۇ، ئۇلاردىن قانچە كىشىنى ئىساغا رەھمەت ئېيتتى، دەيسىز؟ ئارانلا بىر ئادەم. ئەمما باشقىلار شۇنچە ئەرزان رەھمەت سۆزىنىمۇ ئېيتماستىن قايتىپ كېتىشكەنىدى.

چارلىز شەۋاب ماڭا مۇنداق بىر قىسسىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ بىر قېتىم ئىمبارگوغا ئۇچرىغان بىر بانكىچىنى تۈرمە جازاسىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان. لېكىن بانكىچى ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتىمۇ؟ ھەئە، بىر كۈنى ئۇنىڭغا رەھمەت سۆزىنى ناھايىتى قىيىن دېيەلىدى، ئاندىن

---

ئامېرىكىدىكى دالى كارنېگ نامىدىكى «ئىنسانىي ئالاقىلار ئىنىستىتوتى»نىڭ سابىق مۇدىرى. 1888- يىلى 24- نويابىر كۈنى ئامېرىكىدا دۇنياغا كېلىپ، 1955- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. دالى كارنېگ ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ «قايغۇرماڭ، ھاياتنى يېڭىدىن باشلاڭ» (قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ)، «سۆزلەش تاكتىكىسى»، «قانداق قىلغاندا دوستلارنى قازانغىلى ۋە كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ»، «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئاجىزلىقلار» ناملىق ئەسەرلىرى دۇنيا بويىچە شۆھرەتكە ئېرىشكەن ئەسەرلەردىن بولۇپ، ھازىرغىچە كۆپلىگەن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇنى ئارقىسىدىن تىللاشقا باشلىدى.»

دالىي كارنىگ گويا ئالالاھنىڭ: ﴿إِنَّ الْإِنْسَانَ لِرَبِّهِ لَكَنُودٌ﴾ يەنى ﴿شەكسىزكى، ئىنسان رەببىگە قارشى بەكمۇ تۇزكوردۇر﴾[1] دېگەن سۆزىنى شەرھلىگەندەك مۇنداق دېگەن: «تۇزكورلۇق شۇنداق بىر تەبىئىي نەرسە بولۇپ، ئۇ يەرگە ئۈنگەن ئوت - چۆپلەرگە ئوخشاش بىراۋ ئۇنى تېرىماستىن ئۆزلۈكىدىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىدۇر، ئەمما شۈكۈر پەقەت ئۇنى ياخشى پەرۋىش قىلىش بىلەنلا ئۈنۈپ چىقىدىغان خۇشپۇراق گۈلگە ئوخشايدۇ. ئىنسان تەبىئىتى يەنىلا شۇ ئەزەلدىنكى تۇزكورلۇق تەبىئىتى بولۇپ، ئۇ مەڭگۈگە ئۆزگەرمەيدۇ!»

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئۇنى شۇ بويىچە قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

نېمە ئۈچۈن ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنىڭ يوقالغانلىقى ۋە تۇزكورلۇقنىڭ ئومۇملاشقانلىقىغا ھەسرەتلىنىمىز؟ كىشىلەرنىڭ ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بۇرچىنى ئۇنتۇشى تەبىئىي ئەھۋال ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىز قىلغان ھەر بىر ياخشىلىقىمىز ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىنى كۈتىدىغان بولساق، ئۆزىمىزگە نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرگەن بولىمىز.

بۇ سۆز ئازراق ئىزاھلاشقا موھتاج . ياخشىلىققا تۇزكورلۇق، ۋاپاغا جاپا قىلىش يامان خۇلقتۇر. كىشىلەر بۇنداق يامان خۇلقتىن قۇتۇلۇشى لازىم. ئۇلارغا ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى، ئېرىشكەن

(1) 100- سۈرە ئادىيات 6- ئايەت

ئىھسانلارنى قەدىرلەشنى ئۆگىتىش كېرەك.[1]

## ئىسلام دىنى ياخشىلىققا ياخشىلىق قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ

ئىسلام دىنى كىشىلەرنى نېمەت بەرگۈچىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتىنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن ئادا قىلىشقا، ئەگەر باشقىلار تەرىپىدىن ئېرىشكەن ياخشىلىق بەدىلىگە ئۇلارغا بېرىشكە ماددىي مۇكاپات تاپالمىساق تىلىمىز بىلەن رەھمەت ئېيتىشقا كۇپايىلىنىپ، ئۇنىڭ تولۇق مۇكاپاتىنى ئاللاھ تائالانىڭ بېرىشىگە تاپشۇرۇش بىلەن كۆڭلىمىزنى راھەتلەندۈرۈشىمىزگە چاقىرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە مۇكاپاتىنى بېرىڭلار، ئەگەر ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىشتىن ئاجىز كەلسەڭلار، نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىقىڭلارنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ھەققىدە ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن شۈكۈرنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ياقتۇرغۇچىدۇر.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىراۋ تەرىپىدىن ئاتا ـ ئىھسانغا ئېرىشكەن كىشى ئۇنىڭ بەدىلىگە لايىق نەرسە تاپالىسا مۇكاپاتىنى ئادا قىلسۇن، ئەگەر تاپالمىسا، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقنى بىلدۈرسۇن. ھەقىقەتەن نېمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ئادەم

(1) مۇتەپەككۇر ئالىم مۇھەممەد غەززالىينىڭ «تۇرمۇشىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.
(2) تەبەرانىي رىۋايىتى

شۈكۈر قىلغان بولىدۇ، ئۇنى يوشۇرغان ئادەم نېمەتكە كۇفرىلىق قىلغان بولىدۇ.»[1]

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەردىن كەلگەن ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمدۇر.»[2]

يەنە بىر ھەدىستە: «ئازغا شۈكۈر قىلمايدىغان ئادەم كۆپكىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ، كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىشنى بىلمىگەن ئادەم ئاللاھقىمۇ شۈكۈر قىلمايدۇ.»[3]

## خەير ـ ئېھساندىمۇ نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرت

خەير ـ ئېھساندىمۇ ئەلۋەتتە نىيەتنىڭ دۇرۇس ۋە توغرا بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى نىيەت ھەر قانداق بىر ئەمەل ـ ئىبادەتتە تەلەپ قىلىنىدۇ. مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالىي «تۇرمۇشىڭىزنى يېڭىلاڭ» دېگەن ئەسىرىدە يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «ئىسلام دىنى مىننەتدارلىق بۇرچىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلغۇچىلارنىڭ رەزىللىكىنى سۆكۈش بىلەن بىرگە خەير ـ ئېھسان ئىگىلىرىدىن ئەمەللىرىنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى نىيەتتە شەكىلۋازلىق قىلىش ئەمەلنى يوققا چىقىرىدۇ. تەقدىرلەشكە سازاۋەر بولىدىغان ياخشىلىق بىراۋنىڭ رەھمەت ئېيتىشى ياكى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى كۆزلىمەستىن،

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

پەقەت خالىس ئاللاھ رازىلىقىنىلا كۆزلەپ قىلىنغان ياخشىلىقتۇر.

ئىسلام دىنى ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا بۇيرۇشتا كۆڭۈللەرنى دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە چوقۇنۇشنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاد قىلىش ئارقىلىق ئۇنى مۇتلەق كامالەت ئىگىسى بولغان ئاللاھقىلا يۈزلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. مۇنداق كۆڭۈل ھەر قانداق بىر ياخشىلىقنى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىش ياكى ئابرۇيغا ئىگە بولۇش تەمەسىدىن قەتئىينەزەر ئىچىدىن كەلگەن تەبىئىي قىزىقارلىق، ھەقىقىي سەممىيەت ۋە ساپ نىيەت بىلەن قىلىدۇ. مانا بۇنداق ئالىيجانابلىق ھەقىقىي ئېھساننىڭ تۈرتكىسىدۇر. مانا بۇ ھەرقانداق گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئۆلگىسىدۇر.

## ئاللاھ خالىس ئۆزى ئۈچۈن قىلىنغان ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ

ئىسلام دىنىنىڭ قەلبلەرنى پاك تۇتۇش ۋە ئىخلاسلىق بولۇشقا چاقىرىشى، شۇنداقلا ھەر ئىشتا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەش، ئەمەللەرنى رىيا، نىفاق ۋە ھەر قانداق بىر دۇنياۋى غەرەزلەردىن خالىي ھالدا ساپ قىلىشنى شەرت قىلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىيدا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مۇنداق دېدى: "مەن ئەڭ ياخشى ھەمراھمەن. كىمكى ماڭا بىراۋنى شېرىك قىلىۋالىدىكەن، ئۇ شۇ شېرىكىگە مەنسۇپ بولىدۇ". ئى ئىنسانلار! ئەمەلىڭلارنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىڭلار. ھەقىقەتەن ئاللاھ ئىخلاسلىق ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ. سىلەر ھەرگىز "بۇ ئاللاھ ۋە سىلەر ـ رەھىم ئۈچۈندۇر" دېمەڭلار. بۇ ۋاقىتتا ئۇ سىلەر ـ رەھىم ئۈچۈنلا بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدا ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغان ھېچ نەرسە يوق. سىلەر "بۇ ئاللاھ ۋە سىلەرنىڭ يۈز-خاتىرەڭلار ئۈچۈندۇر"

دېمەڭلار. بۇ ۋاقىتتا ئۇ پەقەت شۇ يۈز ـ خاتىرىسى قىلىنغان ئىنسانلار ئۈچۈن بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدا ئاللاھ ئۈچۈن ھېچ نەرسە يوق.»[1]

بۇ ھەدىس تولىمۇ توغرا ئېيتىلغان. چۈنكى سىز «بۇ ئىشنى ئاللاھ ئۈچۈن ۋە پالانىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى يۈزىسىدىن قىلىمەن» دېگىنىڭىزدە، سىز ئومۇمەن مەزكۇر پالانىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى كۆزلىگەن بولىسىز، بۇنىڭدا ئاللاھ ئۈچۈن نېسىۋە يوق. ئەگەر ئۇنىڭدا ئاللاھ ئۈچۈن نېسىۋە بولغان تەقدىردىمۇ ئاللاھ ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۆزى ئۈچۈنلا خالىس قىلىنغان ئەمەللەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بىز پۈتۈن ئىش ـ پائالىيەتلىرىمىزدە نىيىتىمىزنى ۋە ئەمەللىرىمىزنى كىشىلەرنىڭ ماختىشى، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشى ۋە رەھمەت ئېيتىشىنى كۈتمەستىن، ئۆزىمىزنى كۆرستىش، ئابروي قازىنىش ۋە باشقىمۇ دۇنيالىق مەنپەئەتلەرنى كۆزلىمەستىن پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا خالىس قىلىشىمىز كېرەك.»[2]

(1) ئىمام بەيھەقىي رىۋايىتى

(2) مۇتەپەككۇر ئالىم مۇھەممەد غەززالىينىڭ «تۇرمۇشىڭىزنى يېڭىلاڭ» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

# رەھىم ـ شەپقەت

رەھىم ـ شەپقەت ھەممىمىز ياخشى بىلىدىغان، قۇلاقلارغا چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان بىر سۆز. رەھىم ـ شەپقەتنىڭ مەنىسى ھەممىگە شۇنچىلىك ئېنىق تونۇشلۇق بولسىمۇ، رەھىم ـ شەپقەت ئارىمىزدا تېپىلىشى ئىنتايىن ئاز بولغان، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ قەلبىدىن ئۆچۈرۈلۈپ كەتكەن بىر ئەخلاقىقا ئايلىنىپ قالدى. ئەسلىدە بىزدىن تەلەپ قىلىنغان نەرسە رەھىم ـ شەپقەتنىڭ مەنىسىنى بىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئەمەلىي ھاياتىمىزدا ئىجرا قىلىش ئىدى.

ھازىرقى ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ بۇ ئەخلاقىقا نەقەدەر زور ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم. رەھىم ـ شەپقەتنىڭ يوقىلىشى بىلەن جىنايەتلەر كۆپەيدى، ئاتوم بومبىلار ئىنسانىيەت ھاياتىنى تەھدىت ئاستىغا ئېلىپ، ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان، بىر لەھزە ئىچىدە مىليونلارچە ئىنساننىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان ھالغا كەلدى.

پۈتۈن ئىنسانىيەت ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم ـ شەپقىتىگە زور ئېھتىياجلىق بولۇپ، ھەممە ئۇنىڭ رەھىم ـ شەپقىتىنى تىلەيدۇ. بىز مۇسۇلمانلارمۇ ھەمىشە، ھەر نامىزىمىزدا ۋە دۇئالىرىمىزدا ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشىنى، گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىنى سوراپ كېلىۋاتىمىز. ئەھۋال شۇنداق بولغاندىكىن، يەنى بىز ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم ـ شەپقىتىگە موھتاج بولغاندىكىن، نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمايمىز؟

ھالبۇكى: «ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن پەقەت رەھىم ـ شەپقەتلىك

بولغانلىرىغىلا رەھىم قىلىدۇ»[1] ئەمەسمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەنىنى ناھايىتى تولۇق ۋە ھەممە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دەرىجىدە ئىپادىلەپ: «رەھىم ـ شەپقەت قىلغانلارغا ئاللاھ تائالا رەھىم شەپقىتىنى بېغىشلايدۇ. يەر يۈزىدىكىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىڭلار، ئاسماندىكى زات (ئاللاھ تائالا) سىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىدۇ»[2] دېگەن.

مەن كۆرگەن بىر ھەدىستە: ئاسماندىكىلەرمۇ سىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىدۇ. دېيىلىپتىكەن. يەنى پەرىشتىلەر سىلەرگە رەھمەت تىلەيدۇ، دېگەن مەنىدە كەپتىكەن. ئىككىسى ئىككى ھەدىسمۇ ياكى، بۇ ھەدىسنى ئىككى خىل چۈشىنىشكە بولامدۇ؟

دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ رەھىم ـ شەپقىتىگە ئېرىشىشنىڭ بىرلا يولى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىشتۇر. بۇ ھەدىستىكى «يەر يۈزىدىكىلەرگە» دېگەن سۆز مۇسۇلمانلارنىلا ئەمەس ياكى ئىنسانلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسان، ھايۋان، ئۇچار قۇش ۋە ھەرقانداق جان ئىگىسىگە رەھىم شەپقەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاتا ـ ئانىلارغا، بالىلارغا، ئەر ـ ئاياللار بىر ـ بىرىگە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا، قوشنىلارغا، قول ئاستىدىكىلەرگە، ھايۋانلارغا قانداق رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدىكى ماۋزۇغا ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە بولغان رەھىم ـ شەپقەتلىرىنى قىسقىچە

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

تونۇۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

### ئاللاھ تائالا رەھمەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان

رەھىم ـ شەپقەت ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرى ئىچىدە ئاساسلىق ۋە دائىمىي سۈپەت. ئەمما غەزەپ بىزنىڭ قىلمىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى بولغان بىر سۈپەت. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ ئەڭ بېشىدا ﴿**الرحمن**﴾ يەنى «رەھىم ـ شەپقەت قىلغۇچى» دېگەن سۈپەت كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**كَتَبَ رَبُّكُمْ عَلَى نَفْسِهِ الرَّحْمَةَ**﴾ يەنى ﴿رەببىڭلار رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى﴾[1] دەيدۇ.

### ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى قىلىپ: ﴿**فَإِنْ كَذَّبُوْكَ فَقُل رَّبُّكُمْ ذُو رَحْمَةٍ وَاسِعَةٍ وَلاَ يُرَدُّ بَأْسُهُ عَنِ الْقَوْمِ الْمُجْرِمِيْنَ**﴾ يەنى ﴿ئەگەر ئۇلار سېنى ئىنكار قىلسا: «رەببىڭلار كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئازابى گۇناھكار قەۋمدىن قايتۇرۇلمايدۇ» دېگىن﴾[2] دەيدۇ.

بۇ ئايەتنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ ئىنتايىن كەڭ ئىكەنلىكىدىن شەكلەنمەيمىز، شۇنداقتىمۇ ئەقلىمىزگە ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كەڭ رەھمىتى قانچىلىك بولىدىغاندۇ ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى

---

(1) 6ـ سۈرە ئەنئام 54ـ ئايەت

(2) 6ـ سۈرە ئەنئام 147ـ ئايەت

بارمىدۇ؟ دېگەن سوئالنىڭ كېلىدىغانلىقى ئېنىق. بۇ سوئالىمىزغا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرمەكتە: ﴿وَرَحْمَتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ﴾ يەنى ﴿مېنىڭ رەھمىتىم ھەممىگە ئورتاقتۇر.﴾[1] يەنى ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ئىنسان، ھايۋان، ئۇچارقۇش ۋە ھەرقانداق مەخلۇقاتقا چەكسىزدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ۋە شەپقىتى ھەممىگە شۇنداق ئورتاقكى، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان دىنسىز ئىنسانلارمۇ بۇ رەھمەتتىن مەھرۇم قىلىنمىغان. سۇ، ھاۋا ۋە بارچە رىزىق ئاللاھ تائالانىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇنى رەھمىتى يۈزىسىدىن بەندىلىرىگە خالىغىنىچە تەقسىم قىلغان. ھەتتا ئاللاھ تائالانى ئىنكار قىلغان كافىر ئىنسانلارنىمۇ بۇ رەھمەتتىن مەھرۇم قىلمىغان. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ دۇنيادىكى رەھمىتى پۈتۈن مەخلۇقاتلىرىغا ئورتاقتۇر. ئەمما ئاخىرەتتىكى رەھمىتى ئاللاھنى تونۇپ، ئۇنىڭغا قۇلچىلىق ئادا قىلغان مۇئمىن، مۇسۇلمان بەندىلەرگىلا خاستۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن مېھماندوست زات ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ياشىنىپ قالغان بىر ئادەم كىرىپ كېلىدۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئادىتى بويىچە ئۇنى تائاملاندۇرۇش ئۈچۈن ئوچاققا ئوت ياققاندا، بۇ ئادەم ئوتقا چوقۇنۇشقا باشلايدۇ، بۇنى كۆرگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرىسى تېشىپ، ئۇنىڭغا: «تۇر! سەن ئوتقا چوقۇنۇۋاتامسەن؟» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم ئۆيدىن چىقىپ

---

(1) 7- سۈرە ئەئراف 156- ئايەت

كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا جىبرىئىلنى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ تىلى بىلەن: «ئەي ئىبراھىم! مەن ئۇنىڭغا ئاتمىش يىل سەۋر قىلىۋاتىمەن، سەن بىر سائەت سەۋر قىلالمىدىڭمۇ؟» دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ، ئۇنى قايتا ئۆيىگە تەكلىپ قىلغىنىدا، ئۇ ئادەم: « يەنە نېمە بولدى؟» دەيدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «رەببىم سېنىڭ يۈزۈڭدىن ماڭا كايىدى» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ئادەم: «ئۇ ھەقىقەتەن رەھىم ـ شەپقەتلىك ئىلاھ ئىكەن، ئىبادەت قىلىشقا تولىمۇ ھەقلىق ئىكەن» دەيدۇ ۋە ئىمان ئېيتىدۇ.

ھەتتا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ: ﴿**رَبِّ اجْعَلْ هَـٰذَا بَلَدًا آمِنًا وَارْزُقْ أَهْلَهُ مِنَ الثَّمَرَاتِ مَنْ آمَنَ مِنْهُم بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ**﴾ يەنى ﴿رەببىم! بۇ يەرنى (مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن﴾ دېگەندە، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رەھمىتىنىڭ چەكسىزلىكىنى ئىزھار قىلىپ: ﴿**وَمَن كَفَرَ فَأُمَتِّعُهُ قَلِيلاً ثُمَّ أَضْطَرُّهُ إِلَى عَذَابِ النَّارِ وَبِئْسَ الْمَصِيرُ**﴾ يەنى ﴿كافىر بولغان ئادەمنىمۇ (رىزىقتىن) ئازغىنە مۇددەت بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى دوزاخقا ھەيدەيمەن﴾[1] دېگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ھەر زامان ئۇنىڭ غەزىپىنى بېسىپ چۈشىدۇ.

---

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 126ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتنى ياراتقىنىدا، ئەرشتىكى كىتابىغا ‹مېنىڭ رەھمىتىم غەزىپىمنى بېسىپ چۈشىدۇ› دەپ يېزىپ قويىدۇ.»[1]

## ئىبادەتلىرىمىزدىن گۇناھلىرىمىز كۆپ

ئەگەر بىز گۇناھلىرىمىز بىلەن ئىبادەتلىرىمىزنى مىزانغا قويۇپ تارتسىپ كۆرىدىغان بولساق ياكى ھېسابلاپ كۆرىدىغان بولساق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز ئەلۋەتتە ئاللاھقا قىلغان ئىبادەتلىرىمىزنى ۋە شۈكرىمىزنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىدا شەك يوق. ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ غەزىپىنى بېسىپ كېتىدىغانلىقىمۇ بىزگە قىلغان ئايرىم رەھمىتىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ چەكسىز رەھمىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، نۇرغۇنلىرىنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە قويۇپ، بۇ دۇنيادا بىزنى رەسۋا قىلمايدۇ، نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**وَرَبُّكَ الْغَفُورُ ذُو الرَّحْمَةِ لَوْ يُؤَاخِذُهُم بِمَا كَسَبُوا لَعَجَّلَ لَهُمُ الْعَذَابَ**﴾ يەنى ﴿رەببىڭ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە رەھىم-شەپقەت ئىگىسىدۇر. ئەگەر ئاللاھ ئۇلارنى قىلمىشىغا قاراپ جازالايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلارغا قىلىنىدىغان ئازابنى تېزلەتكەن بولاتتى﴾[2] دەيدۇ.

## ھېچكىم قىلغان ئەمەلى بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ

---

(1) تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايىتى
(2) 18- سۈرە كەھف 58- ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى: «ھېچكىم ئۆز ئەمەلى بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېگەندە، ساھابىلەر ‹يا رەسۇلۇللاھ! سىزچۇ؟› دەپ سورايدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەنمۇ ئۆز ئەمەلىم بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيمەن، پەقەت ئاللاھنىڭ رەھمىتى مېنى قورشىغاندىلا كىرەلەيمەن»[1] دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا رەھمەتنى ياراتقاندا، ئۇنى يۈز پارچە قىلىپ ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ توقسان توققۇز پارچىسىنى ئۆزىگە ئېلىپ قېلىپ، زېمىنغا پەقەت بىرلا پارچىسىنى چۈشۈرگەن. پۈتۈن مەخلۇقاتلار مۇشۇ بىر پارچە رەھمەت بىلەن بىر ـ بىرىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشىدۇ، ھەتتا ئاتنىڭ تايچىقى ئانىسىنى ئېمىتىۋاتقاندا، بېشى قىسىلىپ كەتمىسۇن دەپ پۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.»[2]

ئاللاھ تائالا توقسان توققۇز رەھمەتنى قىيامەت كۈنى بەندىلىرىگە ئىنئام قىلىش ئۈچۈن ئۆزىگە ئېلىپ قالغان.

ئۇنداقتا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەتلىرى بۇ دۇنيادا يوقمۇ؟

ئەلۋەتتە بار، ھەمدە سان ـ ساناقسىز بار!

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سان ـ ساناقسىز رەھمەتلىرىدىن بەزىسىنى بايان قىلغان.

## ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى رەھمەتلىرىدىن بەزىسى

(1) ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

﴿**وَمِن رَّحْمَتِهِ جَعَلَ لَكُمُ اللَّيْلَ وَالنَّهَارَ لِتَسْكُنُوا فِيهِ وَلِتَبْتَغُوا مِن فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ**﴾ يەنى ﴿ ئاللاھنىڭ سىلەرنى كېچىدە ئارام ئالسۇن، كۈندۈزدە (تىرىكچىلىك قىلىپ) ئۇنىڭ پەزلىنى تەلەپ قىلسۇن ۋە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، سىلەر ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ياراتقانلىقى ئۇنىڭ رەھمىتىدىندۇر.﴾[1]

ئويلاپ باقايلى! ئەگەر دۇنيا پەقەتلا كېچە ياكى پەقەتلا كۈندۈز بولغان بولسا، ئىنسانلارنىڭ تولىسى زېرىكىشتىن ھەرخىل پىسخىكىي كېسەللىكلەرگە دۇچار بولغان ۋە دۇنيانىڭ لەززىتى قالمىغان بولاتتى.

﴿**وَهُوَ الَّذِي يُنَزِّلُ الْغَيْثَ مِن بَعْدِ مَا قَنَطُوا وَيَنشُرُ رَحْمَتَهُ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار (ئۈمىدسىزلىككە پاتقاندىن كېيىن) يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغان ۋە رەھمىتىنى يايىدىغان زات-ئاللاھتۇر.﴾[2]

﴿**فَانظُرْ إِلَى آثَارِ رَحْمَةِ اللَّهِ كَيْفَ يُحْيِي الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا**﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغىنكى، ئۇ زېمىننى ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرىدۇ.﴾[3]

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بولغان يامغۇر بولمايدىغان بولسا، ھايات مەنىسىنى يوقاتقان بولاتتى. چۈنكى ھاياتلىقنىڭ مەنبەئى بولغان سۇنىڭ مەنبەئى يامغۇردۇر. «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿**وَجَعَلْنَا مِنَ الْمَاءِ كُلَّ**

(1) 28- سۈرە قەسەس 73- ئايەت
(2) 42- سۈرە شۇرا 28- ئايەت
(3) 30- سۈرە رۇم 50- ئايەت

﴿شَيْءٍ حَيٍّ﴾ يەنى ﴿ھەممە جانلىقنى سۇدىن ياراتتۇق﴾[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

يامغۇرنى بەرگۈچى ئاللاھ تائالا بولۇپ، ئۇ شاماللارنى ئەۋەتىش بىلەن بۇلۇتلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق يامغۇرنى خالىغان جايغا ياغدۇرۇپ بېرىدۇ.

﴿أَفَرَأَيْتُمُ الْمَاءَ الَّذِيْ تَشْرَبُوْنَ ۞ أَنْتُمْ أَنْزَلْتُمُوهُ مِنَ الْمُزْنِ أَمْ نَحْنُ الْمُنْزِلُوْنَ ۞ لَوْ نَشَاءُ جَعَلْنَاهُ أُجَاجًا فَلَوْلَا تَشْكُرُوْنَ﴾ يەنى ﴿سىلەر ئىچىۋاتقان سۇنى دەپ بېقىڭلارچۇ! ئۇنى بۇلۇتتىن سىلەر چۈشۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز چۈشۈردۇقمۇ؟ ئەگەر بىز خالىساق ئۇنى تۇزلۇق قىلىپ قوياتتۇق. نېمىشقا شۈكۈر قىلمايسىلەر؟﴾[2]

**ئاللاھ تائالانىڭ قەلبلەرگە ئورۇنلاشتۇرغان رەھمەتلىرىدىن نەمۇنىلەر**

﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾ يەنى ﴿ ئۇنىسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەر يارىتىپ، ئاراڭلاردا مېھر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقىمۇ ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن

---

(1)21ـ سۈرە ئەنبىيا 30ـ ئايەت

(2) 56ـ سۈرە ۋاقىئە 68~70ـ ئايەتلەر

ئىبرەتلەر بار.﴾[1]

بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر ئائىلە مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە رەھىم ـ شەپقەت ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. پەقەت بەزىلەرنىڭ ئاسىيلىقى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىدىن يىراقلىشىپ كېتىشى سەۋەبلىك بۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قەلبىدىن رەھىم ـ شەپقەت بىلەن مېھىر ـ مۇھەببەت سۇغۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، جەننەت بولۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئائىلە دوزاخقا ئايلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەتلىرىدىن بىرى شۇكى، گۇناھكارنى شۇ ھامان جازالىمايدۇ، ئۇنىڭغا پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلىش ئارقىلىق ھەقىقەتكە قايتىش پۇرسىتىنى بېرىدۇ. گۇناھ ـ مەسىيەتلەر ۋە جىنايەتلەرنىڭ پۇرىقى بولسا ئىدى، ئۇنىڭ سېسىقلىقىغا ئىنسان تاقەت قىلالمىغان بولاتتى. لېكىن ئاللاھ تائالا رەھمىتى يۈزىسىدىن گۇناھكارلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ساقلايدۇ، تۇنجى قېتىمدا ھېچكىمنى رەسۋا قىلمايدۇ.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدا، بىر ئادەم ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن قارىلىنىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈلگەندە، ھېلىقى ئادەم: «بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىملىق جىنايىتىم ئىدى» دەيدۇ. خەلىپە ئۆمەر ئۇنىڭغا: «يالغان ئېيتتىڭ، ئاللاھ تائالا ھېچقانداق بەندىسىنى تۇنجى قېتىم رەسۋا قىلمايدۇ» دەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئىنسانلار ئالدىدا رەسۋا قىلماسلىق ئۈچۈن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ۋە ئەيىبلىرىنى يۆگەيدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا تەۋبە

---

(1) 30- سۈرە رۇم 21- ئايەت

قىلىپ، توغرا يولغا قايتىشىنى كۈتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا كەڭ پۇرسەت بېرىدۇ. ئەمما بەزى ئىنسانلار گۇناھلارنى داۋاملىق قىلىۋېرىش ئارقىلىق تېخىمۇ ۋەھشىي جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە زىيان سېلىش دەرىجىسىگە يەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى بۇ دۇنيادا پاش قىلىپ، ئۇلارنى جازالاشقا ئۆتىدۇ. شۇڭا ئوغرىنىڭ رەسۋا بولغانلىقى ئۇنىڭ جازاسىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەتلىرىدىن يەنە بىرى بەندىلىرىگە تەۋبە قىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ۋە تەۋبىنى ئاسان قىلىپ بەرگىنىدۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتە خاتالاشقاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىشنى ئۆگەتكەن. ﴿**فَتَلَقَّى آدَمُ مِن رَّبِّهِ كَلِمَاتٍ فَتَابَ عَلَيْهِ إِنَّهُ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ**﴾ يەنى ﴿ ئادەم رەببىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى، رەببى ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾[1]

ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئايالى ھەۋۋا ئانىمىز ئاللاھ تائالاغا: ﴿**رَبَّنَا ظَلَمْنَا أَنفُسَنَا وَإِن لَّمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ الْخَاسِرِينَ**﴾ يەنى ﴿رەببىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 37ـ ئايەت

تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىمىز﴾[1] دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

## ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ چوڭ رەھمىتى

ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ چوڭ رەھمىتى قىيامەتنى ياراتقانلىقىدۇر. بۇ سۆزگە ئەجەبلىنىشىڭىز مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، قىيامەتنىڭ بولىدىغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەر قىيامەتتە ھېساب بېرىشتىن قورقۇپ يامان ئىشلاردىن، زۇلۇمدىن، باشقىلارنىڭ ھەقلىرىنى يەۋېلىشتىن، ئىنسانلارنى زىيانغا ئۇچرىتىشتىن توسۇلىدۇ. يەنە نۇرغۇن ئىنسانلار ناھەقچىلىككە ئۇچرىغۇچى بىلەن ھەقسىز دۇنيادا ئۆزلىرىگە يامانلىق قىلغۇچىلاردىن ئىنتىقام ئالالمىغانلىقى ياكى ھارامخورلاردىن ھەققىنى ئالالمىغانلىقى سەۋەبتىن قايغۇرۇپ، ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنى يوقىتىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئادالىتىگە تاپشۇرىدۇ ـ دە، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھۇزۇر ۋە تىنچلىق ئىچىدە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ رەھمەت ئەمەسمۇ؟!

قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا بەزى ئىنسانلار خۇددى يولۇچى ئائىلىسىگە قايتقاندەك سۆيۈنۈش ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ھازىر بولىدۇ. يەنە بەزى ئىنسانلار خۇددى تۈرمىدىن قاچقان جىنايەتچى تۇتۇپ كېلىنگەندەك يالاپ ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئالدىنقىسى، ئاللاھ تائالانىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇن ھالدا ھايات كەچۈرگەن ۋە ھېچكىمگە يامانلىق قىلمىغان بەختلىك كىشىلەر بولسا، كېيىنكىسى، ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلغان، ئۇنىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغان، ھەق ـ

---

(1) 7- سۈرە ئەئراف 23- ئايەت

ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلغان، مال ـ مۈلكىنى يەۋالغان بەختسىزلەردۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ئاتا قىلغان رەھمەتلىرىنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئاددىيسى، بىز ئىنسان ئۇرۇقنى جەننەتتىن يەر يۈزىگە چۈشۈرگەنلىكمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك سۆز ئەمەس. چۈنكى بىز ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى شۇنداقكى، بىز ئاسانلا ئېرىشكەن نەرسىنىڭ قەدرىنى بىلمەسلىك بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن تېزلا زېرىكىپ قالىمىز. ئەمما جاپا تارتىپ ھاسىل قىلغان نەرسىلەرنىڭ قەدرىنى بىلىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئاسانلىقچە زېرىكمەيمىز. بۇ خۇددى بىراۋ ئۆزىنىڭ مىڭ جاپا بىلەن ئىشلەپ، پۇلىنى مىڭ تەستە جەم قىلىپ ئاران ئېرىشكەن ماشىنىسىنى ناھايىتى ئاسراپ ئىشلەتكىنىگە، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاتىسىنىڭ پۇلى بىلەن مېھنەتسىزلا ماشىنىغا ئېرىشكەن بالىنىڭ ئۇنى ھېچ ئاسرىماستىن ئىشلەتكىنىگە ۋە ئۇنىڭدىن تېزلا زېرىكىپ قالغىنىغا ئوخشايدۇ.

### مەخسۇس رەھمەتلەر

ئاللاھ تائالانىڭ مۇئمىن بەندىلىرىگە مەخسۇس رەھمەتلىرى بولۇپ، بۇلار مۇئمىنلەرگە خاس رەھمەتلەردۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿**فَأَمَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ فَيُدْخِلُهُمْ رَبُّهُمْ فِي رَحْمَتِهِ ذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْمُبِينُ**﴾ يەنى ﴿ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلارغا كەلسەك، رەببى ئۇلارنى رەھمىتى دائىرىسىگە

كىرگۈزىدۇ. مانا بۇ روشەن ئۇتۇقتۇر﴾[1]

ئۇندىن باشقا، مەسجىدلەرگە، «قۇرئان كەرىم» ئوقۇلغان جايلارغا، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن توپلانغان جايلارغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەتلىرى چۈشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيلىرىدىن بىرەر ئۆيدە «قۇرئان كەرىم» ئوقۇش، دىن ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن توپلانغان كىشىلەرگە خاتىرجەملىك ھەمراھ بولىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ئۇلارنى قورشايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارغا مەغپىرەت تىلەيدۇ.»[2]

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**قُلْ بِفَضْلِ اللّهِ وَبِرَحْمَتِهِ فَبِذَلِكَ فَلْيَفْرَحُواْ هُوَ خَيْرٌ مِّمَّا يَجْمَعُونَ**﴾ يەنى ﴿ئېيتقىنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتىدىن خۇشال بولسۇن، بۇ ئۇلارنىڭ توپلىغانلىرىدىن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر.﴾[3]

ھەقىقەتتە، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ بىزنى قورشاپ تۇرغانلىقىنى بىلىشىمىز ۋە ھېس قىلىشىمىزنىڭ ئۆزى خۇشال بولۇشىمىزغا يېتەرلىكتۇر. ئەقىللىك كىشىلەر مال ـ دۇنياسىنىڭ كوپ بولغانلىقىدىن، دۇنيانىڭ ھالاۋەتلىرىنى كۆپ تېتىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرىغا رەھىم ـ شەپقەتلىك مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە سازاۋەر بولغانلىقىدىن

(1) 45- سۈرە جاسىيە 30- ئايەت
(2) ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى
(3) 10- سۈرە يۇنۇس 58- ئايەت

خۇشال بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ۋە خەلقنىڭ سۆيگۈسىگە مۇيەسسەر بولغان، نام ـ نىشانىسى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ خەلقنىڭ تىلىدا داۋام قىلىدىغان، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ تۇقسان توققۇز رەھمىتىگە مۇيەسسەر بولىدىغان كىشىلەردۇر. مۇنداق كىشىلەر خۇشال بولماي كىم خۇشال بولسۇن؟!

ئەمدى مۇنداق بىر سوئال كېلىشى مۇمكىن، ئاللاھ تائالا بىزگە شۇنچىلىك رەھىم ـ شەپقەتلىك بولغان ئىكەن، بىز بۇ ھاياتلىقتا نېمانچە كوپ جاپالارنى تارتىمىز؟ نېمە ئۈچۈن ھەر خىل خاپىلىقلارغا ئۇچرايمىز؟ بىرىنىڭ بالىسى ئۆلگەن، بىرى ئىش تاپالماستىن قاتراپ يۈرگەن، بىرى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي غەمكىنلىككە چۆمگەن... بۇ جاپالار نېمە ئۈچۈن؟

بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ دېيمىزكى، رەھمەتنىڭ مەنىسى بىراۋغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى، ياكى ئۇنى زىيان ـ زەخمەتتىن توسۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. لېكىن بىز كۆپىنچە ھاللاردا نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. سىزگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئىشى گاھىدا سىز يامان كۆرىدىغان شەكىلدە ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئاچچىق دورىنى ئىچىشنى يامان كۆرگەن بالىغا ئوخشاش بولۇپ، بالىنىڭ ئەقلى يەتمىگەنلىكتىن، بۇ ئاچچىق دورىنىڭ ئۇنىڭ كېسەلدىن ساقىيىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئەمما دادىسى ئۇنى ئىچىشكە زورلايدۇ. بالا دادىسىغا تىكىلىپ مەنىۋى بېقىشلىرىدا «دادا نېمە ئۈچۈن مېنى بۇنچە قىينايسىز؟» دېگۈسى كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بالىسىنى قىينىغانلىقمۇ؟!

خۇددى شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە رەھمىتىنى تاماملاش ئۈچۈن ئۇلارنى ئاز ـ تولا سىناقلارغا ۋە بەزى قىيىنچىلىقلارغا دۇچار

قىلىدۇ. بۇ خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردا بىر ئادەمنى خاتالىق بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى سەۋەبلىك مىسىردىن قېچىپ كېتىپ، مەديەن دېگەن جايدا ئون يىل قوي بېقىشقا مەجبۇر بولغىنىغا، ئاخىرىدا، بۇ جاپالىرىنىڭ نەتىجىسىدە پەيغەمبەرلىكتىن ئىبارەت ئۇلۇغ رەھمەتكە نائىل بولغىنىغا ئوخشاش. چۈنكى ھەر قانداق بىر مۇكاپاتنىڭ مەلۇم بىر بەدىلى بولىدۇ، ھەر قانداق بىر مۇكاپات ئۈچۈن ئالدىن تۆلىنىدىغان بەزى بەدەللەر بولۇپ، چوڭ مۇكاپاتنىڭ بەدىلى چوڭ، كىچىك مۇكاپاتنىڭ بەدىلى كىچىك بولىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ تارتقان جاپالىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئېغىرلىقى ئۇلار ئېرىشكەن نېمەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ چوڭ رەھمىتىدۇر

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتىپ: ﴿**وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَالَمِينَ**﴾ يەنى ﴿بىز سېنى پەقەت ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾ [1] دەيدۇ. بۇ ئايەتتىكى ﴿ئالەملەر﴾ سۆزى ئىنسانلار ئالىمىدىن مۇسۇلمان، كافىر، تەقۋا، گۇناھكار ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى سىرتىدا، ھايۋاناتلار ئالىمى، ئۇچارلىقلار ئالىمى، ھاشاراتلار ئالىمى... ۋەھاكازا ئالەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن پەقەت رەھمەت بولۇپلا

(1)21- سۈرە ئەنبىيا 107- ئايەت

ئەۋەتىلدىم...»[1] دېگەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئالەملەرگە، جۈملىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ كاتتا رەھمىتىنى قوبۇل قىلمىغانلار رەھىم ـ شەپقەت دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان، ھەر نەرسىنى ماددىغا باغلايدىغان، مەنىۋى قاششاقلىق دەۋر سۈرگەن جەمئىيەتلەردە ياشاشتىن زېرىكىپ كەتكەن، بەزىلىرى بۇ بۇرۇقتۇم دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش يولىنى تۇتقان. ھازىرقى غەرب دۆلەتلىرى بۇنىڭ جانلىق گۇۋاھچىسىدۇر.

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت كاتتا رەھمىتىنى قوبۇل قىلغانلار ماددىي جەھەتتە ئۇنچىۋالا باي بولۇپ كەتمىسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتە دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ بايلىرىدۇر. مەلۇمكى، بەخت ـ سائادەت ماددىي بايلىقتا ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلنىڭ بايلىقىدىدۇر. «ھەقىقىي بايلىق پۇل ـ مالنىڭ كۆپلۈكىدە ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلنىڭ بايلىقىدۇر.»[2] ـــ «ھەدىس شەرىف»

مۇسۇلمانلار بۇ رەھمەت سايىسىدا، ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، ھاياتىنىڭ غايىسى نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە ئاخىرى نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلگەن كىشىلەر بولۇپ، ئۇلاردا غەربلىكلەردە بولمىغان قىممەتلىك نەرسىلەر باردۇر. مەسىلەن: ئىنسانلارنىڭ ئۆزىمۇ بەختلىك ۋە باشقىلارنىمۇ بەختلىك قىلالىشىغا كاپالەت قىلىدىغان نەرسىلەردىن

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

(2) ئىبنى ماجە، ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى رىۋايىتى

ئىمان ـ ئىنساب ، شەرم ـ ھايا، رەھىم ـ شەپقەت، سەۋر ـ قانائەت قاتارلىق قىممەتلىك بايلىقلارنى مۇسۇلمانلاردىن باشقا كىمدىن تاپقىلى بولىدۇ؟!

## رەھىم ـ شەپقەتنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئەمەلىيىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمىغان ئادەم رەھىم ـ شەپقەتكە ئېرىشەلمەيدۇ»[1] دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە: «رەھىم ـ شەپقەت پەقەت بەختسىز ئادەمدىنلا تارتىۋېلىنىدۇ»[2] دېگەن.

سىز كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردىن بولۇشنى راستتىنلا خالامسىز؟ ئەلۋەتتە خالايسىز.

ئۇنداقتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت ئېتىبارىڭىزنى ئاغدۇرۇڭ:

### 1. ئاتا ـ ئانىلارغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش

ئاتا ـ ئانىغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش ئۇلارنى قانداقلا بىر رەۋىشتە بولمىسۇن، رەنجىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش، ئۇلارنى ئاسراش، ئۇلارغا جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى ئېلىش، ماددىي ۋە مەنىۋى يۆكىنى يەڭگىللىتىش، كۆڭۈلسىزلىكلىرىگە تەسەللى بېرىپ يېنىدا بولۇش، خۇشاللىقلىرىنى بىرگە تەنتەنە قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىپ، ئۇلارنى زار ـ زار يىغلاتقانلار ئۇلارغا

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(2) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ئاتا ـ ئانىسىنى ئالداپ قويۇپ يىگىتلەر بىلەن خۇپىيانە مۇناسىۋەت قۇرغان قىزلار ئاتا ـ ئانىسىغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قاتتىق بىئارام بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ياخشى ئوقۇمىغان ئوقۇغۇچىلار ئاتا ـ ئانىسىغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ئۆيگە كىرگەندە ياكى چىققاندا ئىشىكنى ئاتا ـ ئانىسىنى چۆچۈتىۋاتىدىغان دەرىجىدە قاتتىق قوپال ئاچىدىغان ياكى ياپىدىغانلار ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ئاتا ـ ئانىسىغا سۆز قىلغاندا ئاۋازىنى ئۇلارنىڭكىدىن يۇقىرى كۆتۈرىدىغانلار ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ئاتا ـ ئانىسىنى ھەر دائىم زىيارەت قىلىپ يوقلاپ، ھال ـ ئەھۋال سوراپ تۇرماستىن، تېلېفون ئارقىلىقلا ھال سوراپ قويىدىغانلار (بەزىلەردە ئۇمۇ يوق) ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ھالبۇكى، ئاتا ـ ئانا بالىلىرىنىڭ تېلېفوندىكى ئاۋازىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ دىدارىنى كۆرۈشنى ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانىسىغا ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى ئەۋەتىپ قويۇپ، ئۇلارنى ھەپتىلەپ، ئايلاپ، ھەتتا يىللاپ كۆرمەيدىغانلار ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولامدۇ؟

ھالبۇكى، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ مال ـ دۇنياسىغا، سوۋغا ـ سالاملىرىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ دىدارىغا موھتاج. ئاتا ـ ئانىلارنى

بۇ نېمەتتىن نېمە ئۈچۈن مەھرۇم قىلىمىز؟

شەكسىزكى، مۇنداق قىلىدىغانلار ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقۇچى بەختسىزلەردۇر!

## 2.ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش

ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش ئۇلارنى باي ـ كەمبەغەل دەپ ئايرىماستىن، قىلدى ـ قىلمىدى دەپ ھېسابلاشماستىن، ئىززىتىمدى دەپ ئاغرىنماستىن، ياخشى ـ يامان دەپ پەرقلەندۈرمەستىن، قولىدىن كەلگەن ياخشىلىقلارنى قىلىش، قىيىنچىلىق تارتىپ قالغانلىرىغا ماددىي ياردەم قىلىش، قانداقلا بىر ئىش ئۈچۈن ھازىر بولۇش، ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىرىنچى بولۇپ قەدەم تەشرىپ قىلىش، مۇسىبەتلىك ۋە غەمكىنلىك كۈنلىرىدە ئۇلارنىڭ يېنىدا بىللە بولۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئۇلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس قۇدسىيدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى بايان قىلغان: «مەن رەھىم ـ شەپقەتلىك ئاللاھمەن. سىلە ـ رەھىمنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا مېنىڭ ئىسمىمدىن بىرى بولغان ‹رەھىم› ئىسمىنى بەردىم. سىلە ـ رەھىم قىلىشنى داۋاملاشتۇرغانلارغا مەنمۇ رەھىم ـ شەپقىتىمنى داۋاملاشتۇرىمەن، ئۇنى ئۈزۈپ قويغانلارغا مەنمۇ رەھمىتىمنى ئۈزۈپ قويىمەن.»[1]

## 3. بالىلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىش

---

(1) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن رەھىم ـ شەپقەت تۈرلىرىدە ئىنسانىيەتكە ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولغىنىدەك، باللارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىشتىمۇ ئەڭ ياخشى ئۈلگە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئەقرە ئىبنى ھابىس دېگەن كىشى بىلەن ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەسەن ئىبنى ئەلى كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ باغرىغا باسىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەقرەئ ئىبنى ھابىس بۇ ئىشقا ھەيرانلىقىنى ئىپادىلەپ: «مېنىڭ ئون بالام بار، ئۇلاردىن بىرىنىمۇ سۆيۈپ باقمىدىم» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمنىڭ تاش يۈرەكلىكىگە ئەجەبلىنىپ: «رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدىغانلار رەھىم ـ شەپقەتكە ئېرىشەلمەيدۇ»[1] دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىچىك باللارغا بولغان رەھىم ـ شەپقىتى شۇنچىلىك چوڭ ۋە كۆچلۈك ئىدىكى، ھەتتا نامازنى باشلاپ، ئۇزۇن سۈرىلەرنى ئوقۇشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، «ئانىلىرى بىلەن مەسجىدكە كەلگەن كىچىك باللارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ قېلىپ، نامازنى قىسقا ئوقۇدۇم»[2] دەيتتى. بۇ بىر تەرەپتىن باللارغا ئىچ ئاغرىتىش، يەنە بىر تەرەپتىن ئاياللارنىمۇ مەسجىدلەرگە ھازىر بولۇشقا تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى نەۋرىلىرىنى سۆيۈپ باغرىغا بېسىۋاتقاندا، سەھرالىق ئەرەبلەردىن بىرى، ساھابىلەردىن: «سىلەردە

---

(1) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى
(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

باللارنى سۆيۈش ئادىتى بارمۇ؟» دەپ سوراپ قالىدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئادەمگە ئېچىنىپ: «ئاللاھ سېنىڭ قەلبىڭدىن رەھىم ـ شەپقەتنى تارتىۋالغان تۇرسا، مەن ئەمدى نېمە قىلالايمەن»[1] دەيدۇ.

باللارنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، قورسىقىنى ياخشى تويغۇزۇپ باققانلىقنىڭ ئۆزىلا ئۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغانلىققا ياتمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى كىچىكىدىن ئەلگە پايدىلىق ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيەلەش يولىدا كۆيۈمچانلىق كۆرسىتىش، ئۇلارنىڭ ئەقلىگە چۈشۈپ تۇرۇپ مۈشكۈللىرىنى بىرگە ھەل قىلىش، ئۇلارنى ئۇرماستىن، خورلىماستىن ياخشى ۋە ئۈلگىلىك مۇئامىلە قىلىش رەھىم ـ شەپقەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

باللىرىغا قاتتىق قوللۇق قىلىش، ئۇلارنىڭ دەردىگە قۇلاق سالماسلىق، پىكىرلىرىنى ئاڭلىماسلىق، كۆڭلىنى چۈشەنمەسلىك، باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ كۆڭلىنى ئالماسلىق قاتارلىق بىر يۈرۈش سەلبىي مۇئامىلىلەر رەھىم ـ شەپقەتنى بىلمەيدىغانلارنىڭ قىلىقىدۇر.

باللار ھاياتلىقنىڭ زىننىتى، كۆڭۈلنىڭ شادلىقىدۇر. بالىسى يوق كىشىلەر يېتىملەرنى بېقىپ، بېشىنى سىلاپ، قاتارغا قوشۇش ئارقىلىق جەننەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

يېتىمنى باققان ئادەم بىلەن جەننەتتە خۇددى مۇشۇنداقمىز»[1] دەپ ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئۆي، ئۇنىڭدا يېتىم بولۇپ، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىنغان ئۆي، ئەڭ يامان ئۆي ئۇنىڭدا يېتىم بولۇپ، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىنغان ئۆيدۇر»[2] دېگەن.

## 4. ئاياللارغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا ئەڭ مېھىر ـ شەپقەتلىك زات ئىدى. ئاياللىرىغا بەكمۇ كۆيۈنەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى، دەردلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تىڭشايتتى. پىكىرلىرىنى ئاڭلايتتى، ھەتتا ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردىمۇ ئاياللىرى بىلەن كېڭىشەتتى، پىكىرلىرىنى ئالاتتى.[3]

---

(1) ئىمام بۇخارى ، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى

(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

(3) مەككە ئازات بولۇشتىن ئىككى يىل ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ ئاتلىنىپ، مەككىگە يېقىن «ھۇدەيبىيە» دېگەن جايغا كەلگەندە، مەككىلىك كۇففارلار ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسقان ۋە مەككىگە كىرىشكە يول قويمىغان. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىلىكلەر بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، بۇ يىل مەككىگە بارماي، مەدىنىگە قايتىپ، كېلەر يىلى ئۆمرىگە كېلىش، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئون يىللىق ئۇرۇش توختىتىش... قاتارلىق ئىشلاردا ئىتتىپاقلاشقان. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار ئۆمرە قىلماستىن مەدىنىگە قايتىشى كېرەك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى مەككىدە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى شۇ يەردە بوغۇزلاشقا بۇيرىغاندا، مۇسۇلمانلار مەككىگە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ئاياللىرىغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇشقا قاتتىق تەشەببۇس قىلىپ: «مۆئمىنلەردىن ئىمانى ئەڭ كامىل بولغىنى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغىنىدۇر، سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۆئامىلە قىلىدىغانلىرىڭلاردۇر»[1] دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار سەپەرگە چىققانلىرىدا، ئاياللارنى تۆگىلەر كۆتۈرىدىغان مەپىلەرگە (كاجىۋا) ئولتۇرغۇزۇپ ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ ماڭاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يول بويى تۆگىلەرنى يېتىلەپ ماڭغانلارغا: «بۇ نازۇك شېشىلەرنى سىلىق ئېلىپ مېڭىڭلار»[2] دەپ تەۋسىيە قىلىپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى نازۇك شېشىلەرگە ئوخشاتقان. ھەقىقەتەن ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلى نازۇكلۇقتا خۇددى شېشىگە ئوخشايدۇ، ئاياللار ئومۇمەن ھېسسىياتچان بولغانلىقتىن تېز رەنجىپ قالىدۇ ۋە تېز ئۆزگىرىدۇ. ئۇلارغا ئىنتايىن سىلىق مۆئامىلە قىلىشتىن باشقىسى ئىشقا يارىمايدۇ.

---

كىرەلمىگەنلىكلىرىگە ھەسرەتلىنىپ، ماللىرىنى بوغۇزلاش ئەمرىنى دەرھال ئورۇندىماستىن تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىپ، پىكرىنى سورىغاندا، ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋۋال ئۆزى قۇربانلىق مېلىنى بوغۇزلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قۇربانلىقىنى بوغۇزلاشقا كىرىشىدۇ، بۇنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۆزلىرىنىڭ قۇربانلىقلىرىنى بوغۇزلاشقا باشلايدۇ.

(1) ئىبنى ماجە، دارىمى رىۋايىتى

(2) ئىمام ئەھمەد، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

مېھىر ـ مۇھەببەت ئاياللارنى ئاسراش ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشتىن باشلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەشھۇر ۋىدا خۇتبىسىدە ۋە ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىدە: «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغان.

قىزلارنى ئوغۇللاردىن تۆۋەن كۆرۈش، ئۇلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئېغىر ئىشلارغا بۇيرۇش، «قىز بالا ئوقۇپ نېمە بولاتتى» دەپ ئۇلارنى ئوقۇشتىن مەھرۇم قىلىش، بەزىبىر ئەسكى ئۆگەي ئانىسىنىڭ نەيرەڭلىرىگە ئىشىنىپ ئۇلارنى ئىزىش، ھاقارەتلەش، ھەتتا ئۇرۇش، ئۇلارنىڭ دەردىگە قۇلاق سالماي، نازۇك كۆڭلىگە ئازار قىلىش قاتارلىق ناچار ئىشلارنى قىلىدىغان ئاتىلار قەلبلىرىدىن رەھىم ـ شەپقەت سۇغۇرۇپ ئېلىنغان بەختسىز كىشىلەردۇر. مۇنداقلار قانچىلىك تەقۋا سۈرەتلىك مۇسۇلمان بولۇپ كەتسۇن، قانچىلىك چوڭ ئالىم ـ ئۆلىما ياكى قارىي ـ قۇرئان، ھاجى ـ ھەرەم بولۇپ كەتسۇن، بەرىبىر كۆڭلىدە رەھىم ـ شەپقەت بولمىغان ئىكەن، مۇنداقلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلىشى ناتايىن.

قىزلارنىڭ سەبىيلەرچە پاك ھېسسىياتىنى سۈيئىستېمال قىلىپ، ئۇلارغا يالغاندىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغانلار ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ئورنىدا قويسۇن! ئۇلارنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ئىپپىتى ۋە نومۇسى قانچىلىك قىممەتلىك بولسا، شۇ قىزلارنىڭمۇ ئىپپەت ـ نومۇسى شۇنچىلىك قىممەتلىكتۇر. بىراۋنىڭ نومۇسىنى ئاياق ئاستى قىلىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىك بىلەن تەڭ.

قىزلارنىڭ ساپلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارغا ئۆيلىنىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدىلەرنى بېرىپ، ئۇلارنى ھەسرەتتە قويىدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ

ئاچا ـ سىڭىللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقسۇن، ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ شۇنداق بىر ئۆمۈر ھەسرەت ـ نادامەت چەكمەسلىكىنى خالىسا، باشقىلارنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىغىمۇ بۇ ھەسرەت ـ نادامەتنى چەكتۈرمىسۇن! «بۇ ئالەم ئۆتنە ئالەم» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان. رىئاللىقتىكى تەجرىبىلەرمۇ بۇ ھېكمەتلىك سۆزنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاپ كەلمەكتە.

ساددا قىزلارنى ئالداپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى زالىم خوجايىنلارنىڭ ئويۇن ـ كۈلكىسىنى قىزىتىش ئۈچۈن يېقىلغۇ قىلىپ بېرىۋاتقان ۋىجدانسىز ئىپلاسلار ئاللاھ تائالادىن قورقمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ جىنايەتنىڭ بەدىلىنى ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرى ياكى ئاچا ـ سىڭىللىرى تۆلەيدىغان بىر كۈننىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىسۇن!

ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىش نىيىتى يوق تۇرۇپ بىر قىزنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاشقا تىرىشماقچى بولغانلار بۇ رەزىل پەيلىدىن يانسۇن! كۆڭلىگە بىرىنىڭ مۇھەببىتى كىرىپ قېلىپ، مۇرادىغا يېتەلمەستىن يۈرىكى يانغانلىقنىڭ قانچىلىك تۈگىمەس ئازاب ئىكەنلىكىنى ئويلىسۇن ۋە ئۆزىنى شۇ قىزنىڭ ئورنىدا قويسۇن. «پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا باشقىلارغا سال» دېگەن ھېكمەتنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «نازۇك شېشىلەر» دەپ سۈپەتلىگەن بۇ شېشىدەك نازۇك يۈرەكلەرنى خىيانەت پىچىقى بىلەن تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرۈشتىن، شېشىدەك نازۇك كۆڭۈللەرنى بىر ئۆمۈر ھەسرەت ـ نادامەتكە قويۇشتىن ھەزەر قىلسۇن! بۇ خىيانەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىدىن ياكى كېيىنچە، ئۆز قىزلىرىدىن بىرەرسىگە يېنىپ قېلىشىدىن قورقسۇن!

كۆكۈلگە تۇتاشقان مۇھەببەت ئوتىنىڭ شىرىن ۋە نازۇك كۆكۈللۈك قىزلارنى قانچىلىغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە سالىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

يىگىتنىڭ يالغان ۋەدىسىگە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن نومۇسى دەپسەندە بولغان قىزلارغا يەرنىڭ ئۈستىدىن يەرنىڭ ئاستى ياخشىراق بولۇپ قالىدىغانلىقى، ئاتا ـ ئانىسىنى نومۇستىن زار ـ زار يىغلاتقانلارنىڭ جەننەتتەك ئائىلىسىنىڭ دوزاخقا ئايلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. قىزلار نومۇسنى يوقاتمىغان تەقدىردىمۇ، دەسلەپ كۆڭلى باغلانغان ئالدامچىنىڭ ھەسرىتىدە بىر ئۆمۈر ئازابلىنىدىغانلىقى، ھەتتا بەزى قىزلارنىڭ تۇرمۇشقا چىققاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئاۋۋالقىسىنى خىيالىدىن ساقىت قىلالماي، گۇناھكار بولغانىنىڭ ئۈستىگە، قەلبىنىڭ ئازابلىنىدىغانلىقى ئېنىق.

قىزلارغا بۇنچىلىك تۈگىمەس ئازابنى تېتىتىشقا كىمنىڭ ھەققى بار؟ بۇنىڭ سورىقى يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار! ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيادىلا ئۇنىڭغا جازاسىنى كۆرسىتىپ ئىبرەت قىلىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئار ـ نومۇس دۈشمىنى بولغانلىقى ئېتىبارى بىلەن ئازابنى ئوبدان تېتىتىدۇ.

مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ «قىل» ۋە «قىلما» دىگەن ئەمر ـ پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جازاسىنى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرسىمۇ، «بەندىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىكى ھەققى»نى ئاخىرەتكە كېچىكتۈرگىنى يوق. ئىنسانلارغا قىلىنغان قانداقلا بىر زۇلۇم، ھەقسىزلىق ۋە يامانلىقنىڭ جازاسىنى مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرسىتىپ كەلمەكتە. ھايات مۇساپىسىدىكى تەجرىبىلەر بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر.

## 5. ئائىلىنىڭ خىزمەتكارلىرىغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدىمۇ يېتەرلىك تەۋسىيەلەرنى قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «قول ئاستىڭلاردىكىلەر سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلارغا ئوخشاشتۇر، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا قىلدى، نېمە يېسەڭلار ئۇلارغىمۇ شۇنىڭدىن يېگۈزۈڭلار، نېمە كىيسەڭلار ئۇلارغىمۇ شۇ كىيگەنلىرىڭلاردىن كىيگۈزۈڭلار، ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا سالماڭلار، ئۇلارنى شۇنداق ئىشلارغا بۇيرۇغىنىڭلاردا، ئۇلارغا ياردەملىشىڭلار.»[1]

بۇ نېمىدېگەن ئېسىل تەۋسىيە! قايسى دىن ۋە قايسى قانۇندا بۇنداق باراۋەرلىكنى تاپالايسىز؟ قانداق باي ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسىگە ئۆزى كىيگەن ئالىي تونىنى ياكى قىممەتلىك كاستۇم ـ بۇرۇلكىلارنى كىيگۈزىدۇ؟ قايسى باي ئۆزىنىڭ ئۆي خىزمەتچىلىرى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يەيدۇ؟

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلغان ھەقىقىي مۇسۇلمانلار شۇنداق قىلىدۇ ـــ ئوخشاش كىيگۈزىدۇ ۋە ئوخشاش يېگۈزىدۇ!

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق ھاياتى ۋە ساھابىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى بۇنىڭ جانلىق پاكىتىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ بارلىق ساھابىلەر ۋە ئىسلامنىڭ كېيىنكى ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان ھەقىقىي مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆي خىزمەتچىلىرىنى شۇ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى دەپ تونۇيتتى ۋە ئۇلارغا ئۆز باللىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. پەيغەمبەر

---

(1) ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسى قارا تەنلىك زەيد ئىبن ھارىسەنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى سانىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىسمىنى «زەيد ئىبن مۇھەممەد» دەپ ئاتىغانلىقى ۋە زەيدنىڭ مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئەرەبلەر ئارىسىدا تونۇلغانلىقى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

ئاۋۋالقى مۇسۇلمانلاردا كىيىم ـ كېچەكتە، يېمەك ـ ئىچمەكتە خوجايىن بىلەن خىزمەتچىنىڭ قىلچە پەرقى يوق ئىدى. ھەتتا ئەينى ۋاقىتتىكى مۇسۇلمان ئەمەس خەلقلەر مۇسۇلمانلارنىڭ قايسىسى خوجايىن ۋە قايسىسى خىزمەتكار ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەيتتى. قوشنا دۆلەتلەردىن مەدىنىگە كەلگەن ئەلچىلەر كىمنىڭ خەلىپە ئىكەنلىكىنى بىر قاراش بىلەن پەرق ئېتەلمەيتتى. چۈنكى مۇسۇلمانلار باشلىق ـ پۇقرا، ئۆلىما ـ ئاۋام، باي ـ كەمبەغەل، خوجايىن ـ خىزمەتچى ھەممىسى ئوخشاش ھۆرمەت ۋە بىرخىل قىياپەتتە ئىدى.

شوپۇرلىرىنى ئىشىك ئالدىدا كۈتكۈزۈپ ئاچ قويۇپ، ئۆزى زىياپەتلەردىن قانغىچە ھۇزۇر ئالىدىغان بايلار بىلەن ئۆي خىزمەتچىلىرىنى ئىت ـ مۈشۈكنىڭ ئورنىدا كۆرىدىغان ئاياللارنى ھەقىقىي مەنىدە مۇسۇلمان دېيىشكە بولامدۇ؟ ئۇلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى دېگىلى بولامدۇ؟!

## 6. ھايۋانلارغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ قاتتىق ئۇسساپ كەتتى، يولدا بىر قۇدۇق ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا چۈشۈپ سۇ ئىچتى. سىرتقا چىققىنىدا، ئۇسسۇزلۇقتىن تىلى ساڭگىلاپ، تۇپراقنى يەۋاتقان بىر ئىتنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئادەم ئۆز ـ ئۆزىگە ‹بۇ ئىت ماڭا ئوخشاش قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ› دېدى ـ دە،

قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆتۈكىگە سۇ تولدۇرۇپ، چىشى بىلەن ئۆتۈكىنى چىشلەپ، قولى بىلەن قۇدۇقنىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇپ قۇدۇقتىن چىقىپ، ھېلىقى ئىتنى سۇغاردى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا خۇرسەن بولۇپ، ئۇنىڭ بارچە گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋەتتى.»[1]

سىز ھاياتىڭىزدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ كوچىدا يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ يۈرگەن بىرەر ئىتنىڭ قورسىقىنى تويغۇزدىڭىزمۇ؟ ياكى سىزگە تەلمۈرۈپ كەلگەن بىچارە ئىتنى ‹پاسكىنا ھايۋان› دەپ تېپىۋېتىپ كېتىپ قالدىڭىزمۇ؟

ئاللاھ تائالا ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتچىسى قىلىپ يارىتىپ بەرگەن ۋە ئۇلارغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن بىچارە ھايۋانلارنى ئۆزلىرىنىڭ تاماشاسىنى قىزىتىش ئۈچۈن قۇربان قىلىپ، ئىتلارنى تالاشتۇرۇش، قوچقارلارنى ئۈسۈشتۈرۈش، خورازلارنى چوقۇشتۇرۇش، قۇشلارنى ئوق ئېتىش مەشقلىرىدە نىشان قىلىش قاتارلىق شەپقەتسىزلىكلەرنى قىلغۇچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىمكى بىرەر قۇشقاچ چاغلىق جانلىقنى ھەقسىز ئۆلتۈرىدىكەن، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سورىقىنى قىلىدۇ»[2] دېگەن سۆزىنى بىلمەمدۇ؟!

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كىمكى قۇشقاچ ياكى ئۇنىڭدىن چوڭ قۇشنى ناھەق ئۆلتۈرسە، قىيامەت كۈنى الله ئۇنىڭدىن بۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ، - دېدى. ساھابىلەردىن بىرى: — ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ھەققى بىلەن ئۆلتۈرۈش قانداق بولىدۇ؟ -

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى

دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ـ ئۇنىڭ بېشىنى ئۈزۈپلا تاشلاپ قويماي، يېپىش كېرەك، ـ دېدى. (نەسائى: 4445)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىنى ھايۋانلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىشقا تەشەببۇس قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇلارغا بىر مۈشۈك سەۋەبلىك دوزىخى بولۇپ كەتكەن بىر ئايالنىڭ قىسسىسىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بىر ئايال بىر مۈشۈكنى نان ياكى سۇ بەرمەستىن ئۆيگە سولاپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن دوزىخى بولۇپ كەتكەن.»[1]

بىر مۈشۈكنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان بىر ئايال دوزاخقا كىرگەن يەردە، ھايۋانلارنىڭ قىينىلىشلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىش ۋە تاماشانى قىزىتىش ئۈچۈن قاراپ تۇرۇپ ھايۋانلارنى قىينايدىغانلارنىڭ، ھەتتا بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولىدىغانلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ئەھۋالى قانداق بولار؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «كىمكى بىر قۇشقاچ چاغلىق بىر جانلىقنى بوغۇزلىغاندىمۇ، ئۇنىڭغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنىدە رەھىم ـ شەپقىتىنى چوقۇم كۆرسىتىدۇ»[2] دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بىزگە ئۆلتۈرۈپ يېيىشنى ھالال قىلىپ بەرگەن ھايۋاننى بوغۇزلاشتىمۇ، ئۇنىڭغا رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆگەتكەن.

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىمام بۇخارى، تەبەرانى رىۋايىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى بىر ئادەمنىڭ بىر قولىدا پىچاق تۇتقان ھالدا، بىر قوينى ئۆلتۈرگىلى سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ ئادەمگە: «ھەي سېنى! مالنى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟ ئۇنى ئۆلۈمگە سىلىق ئېلىپ بار، پىچاقنى مالنىڭ كۆزىگە كۆرسەتمە، ئۇنى ئىتتىكلىتىپ ئاندىن بوغۇزلا» دەپ كايىغان.

ئاللاھ تائالا خىزمىتىمىزگە سېلىپ يوللۇق پايدىلىنىشىمىز ئۈچۈن بىزگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەن شۇ ھايۋانلارنىڭ جېنى بىزنىڭكىگە ئوخشاشلا جان ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنىڭمۇ جېنى ئاغرىيدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ دەرىجىدىكى تاش يۈرەك ئىنسانلارنىڭ جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالىشى ناتايىن! چۈنكى جەننەت رەھمەتتۇر. ئۇ پەقەت رەھىم ـ شەپقەتلىك بولغانلارنىلا قوبۇل قىلالايدۇ!

جەننەتكە ئىبادەتنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلبنىڭ شەپقىتى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بىلەنلا كىرگىلى بولىدۇ!

### رەھىم ـ شەپقەت پۈتۈن ئىشلاردا تەلەپ قىلىنىدۇ

رەھىم ـ شەپقەت بىلەن سىلىقلىق مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى جىمى ھەرىكەتلىرىدە ـ ئىبادەتلىرى، دەم ئېلىشى، مۇئامىلىسى، ئولتۇرۇپ-قوپۇشى، شۇنداقلا بارلىق ئىشلىرىدا ـ بولمىسا بولمايدىغان نەرسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «سىلىقلىق قايسى نەرسىگە كىرسە، ئۇنى چىرايلىقلاشتۇرىدۇ، ئۇ قايسى نەرسىدىن يۇلۇپ ئېلىنسا، شۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

## 7. ئاسىي ـ گۇناھكار كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**كَذَلِكَ كُنْتُم مِّنْ قَبْلُ فَمَنَّ اللّٰهُ عَلَيْكُمْ**﴾ يەنى ﴿ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق ئىدىڭلار، كېيىن ئاللاھ سىلەرگە ئىلتىپات قىلدى﴾[1] دېيىش ئارقىلىق بىزنى ئۆتكەن كۈنلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىزغا، كىشىلەرنى گۇناھ ـ مەسىيەتلىرى سەۋەبلىك مەسخىرە قىلماسلىقىمىزغا، ئۇلارغا نەپرەت قىلغانلىقتىن، ئۇلارنى چەتكە قاقماسلىقىمىزغا ۋە ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ، يامان يولدىن قايتۇرۇشىمىزغا چاقىرىدۇ.

دۇنيادا گۇناھ قىلمايدىغان، خاتالاشمايدىغان ئادەم يوق. ھەر قانداق ئادەم گۇناھ قىلىدۇ ۋە خاتالىشىدۇ. ئەمما مۇھىم بولغىنى ئۆز گۇناھىنى تونۇپ، توغرا يولغا قايتىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ھەر قانداق ئادەم بالىسى خاتالىشىدۇ، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

بىز مۇسۇلمانلاردا ھازىرلا مەسجىدتىن چىقىپ، ھەتتا تاھارەت بىلەن تۇرۇپ يالغان سۆزلەيدىغانلارنى، ئادەم ئالدايدىغانلارنى ۋە كىشىلەرگە قوپال سۆز ۋە قوپال مۇئامىلە قىلىدىغانلارنى ئۇنچىۋالا ئەيىبلەپ كەتمەيدىغان، ئەمما بىراۋنى قىسمەن شەخسىي گۇناھ بىلەن ياكى ئازراق ئەيىب بىلەن ئۇچرىتىپ قالغىنىمىزدا، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ كېتىدىغان ئەھۋال بار. ئاللاھ تائالا گۇناھلارنىڭ

(1) 4ـ سۈرە نىسا 94ـ ئايەت

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ھەممىسىنى يامان كۆرىدۇ، مۇسۇلمان ئادەممۇ گۇناھنى مەيلى كىچىك بولسۇن، مەيلى چوڭ بولسۇن، ھەممىسىنى يامان كۆرۈشى لازىم. لېكىن ئاللاھ تائالا گۇناھ قىلىپ ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقان بەندىدىن يالغان ئېيتىپ باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتقان بەندىنى بەكرەك يامان كۆرىدۇ. چۈنكى ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقنىڭ گۇناھى ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، ئاللاھ تائالا خالىسا ئۇنى كەچۈرۈۋېتىدۇ . ئەمما باشقىلارنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقنىڭ گۇناھى ئۇنداق ئاسان كەچۈرۈلمەيدۇ. زىيانغا ئۇچرىتىلغۇچى شەخس ئۇنى كەچۈرمىگۈچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ شۇ بەندىنىڭ ھەققى ئەمەسمۇ؟!

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇئمىن ئادەم قورقۇنچاق بولامدۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن، يەنە «مۇئمىن ئادەم بېخىل بولامدۇ؟» دەپ سورالغاندىمۇ، «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاندىن «مۇئمىن ئادەم يالغانچى بولامدۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن.(1) چۈنكى قورقۇنچاقلىق بىلەن بېخىللىقنىڭ زىيىنى شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگە بولغىنىدەك، يالغانچىلىقنىڭ زىيىنى يالغان ئېيتقۇچىنىڭ ئۆزىدىن كۆرە باشقىلارغا بەكرەك زىيانلىقتۇر. چۈنكى گاھىدا بىرلا يالغان بىلەن ھەقىقەت ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ، ئاق قارىغا، قارا ئاققا ئايلىنىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟!

ھەر قانداق بىر گۇناھنى كىچىك ساناشقا بولمايدۇ. چۈنكى كىچىك گۇناھلار ئۇنىڭغا داۋام قىلىش ئارقىلىق چوڭ گۇناھلارغا

---

(1) ئىمام مالىك رىۋايىتى

ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك، گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى يامان كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا رازى بولماسلىق مۇسۇلمانلىقنىڭ تەلەپلىرىدىن بىرى. ئەمما گۇناھ ئۆتكۈزگەن ياكى خاتالاشقان بىرىنى خۇددى ئۆزى ھاياتىدا پەقەت گۇناھ ئۆتكۈزۈپ باقمىغاندەك، ھېچ خاتالاشمىغاندەك ئەيىبلەپ كېتىش، ئۇلارنى سۆكۈش ۋە ئۇلاردىن نەپرەتلىنىپ، ئۇلارنى چەتكە قېقىش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىغا ياراشمايدۇ. مۇسۇلماننىڭ قىلىشقا تېگىشلىكى گۇناھ ـ مەسىيەت ئۆتكۈزگەنلەرگە سىلىقلىق بىلەن نەسىھەت قىلىش، ياخشى سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى قايىل قىلىپ ھەقىقەتكە قايتۇرۇشتۇر. مۇنداق قىلغانلار ھەقىقەتەن چوڭ ساۋابقا ئېرىشكۈچىلەردۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە بۇيرۇلغان ئەمرۇ ـ مەرۇپ، نەھى ـ مۇنكەر، ۋەز ـ نەسىھەت پەرزىنى ئادا قىلغانلىقتۇر. شۇڭا بۇ پەرزنى ئورۇندىغانلار ساۋابقا ئېرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بىر كىشىنى ھىدايەت قىلسا، بۇ سېنىڭ ئۈچۈن دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتۈن شەيئىلەردىن ياخشىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

گۇناھكار بەندىلەرگە رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش بابىدا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ياسىن سۈرىسىدە قىسسىسى بايان قىلىنغان ھەبىب نەججار دېگەن كىشىنىڭ قەۋمى ئۇنى ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتقانلىقى سەۋەبلىك ناھەق ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ زور ئىنئامىغا ئېرىشىپ، ئۇنىڭغا «جەننەتكە كىرىڭ» دېيىلگەندە، جەننەتتىكى ئالىي نېمەتلەرنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا قىلغان كاتتا

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئىلتىپاتلىرىنى كۆرگەن ھەببە نەججار دۇنيادا ئىمان ئېيتمىغانلىقى سەۋەبلىك بۇ ئېسىل نېمەتلەردىن مەھرۇم قالغان ئاسىي ـ گۇناھكار قەۋمىگە ئىچ ئاغرىتىپ: «كاشكى قەۋمىم رەببىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى» دېگەن.

ئىنسانلار گۇناھ ـ مەسىيەتلەرگە چۆكۈپ، قانچىلىك يامان يوللارغا كىرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ياخشىلىقنى سۆيۈش ۋە ياخشىلىققا قايتىش ئىقتىدارى يوقالمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**اُدْعُو إِلِى سَبِيْلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ**﴾ يەنى ﴿رەببىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن﴾[1] دېگەن ئۇلۇغ كۆرسەتمىسىنى شوئار قىلىش بىلەن ھەقىقەتكە قايتۇرغىلى بولىدۇ.

## 8. ئېزىلگەنلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىش

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئېزىلگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا ھەركىمنىڭ قۇدرىتى يېتىشىچە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشى پەرزدۇر. ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ھەققانىي دەۋالىرىنى يۇرگۈزۈش، پۇل ـ مال ياردەم قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىش، بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلالمىغاندا، ئۇلار ئۇچۇن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش بىلەن بۇ دىنىي قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش مۇمكىن.

---

(1) 16- سۈرە نەھل 125- ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەر بىر ـ بىرىنى سۆيۈش، بىر ـ بىرىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىش ۋە بىر ـ بىرىگە ھېسداشلىق قىلىشتا، قايسىبىر ئەزاسى ئاغرىسا، پۈتۈن ئەزالار ئىسىمداش ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئورتاق بولىدىغان بىر پۈتۈن بەدەنگە ئوخشايدۇ.»[1]

## كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يۆگەشنىڭ زۆرۈرلۈكى

گۇناھكارلارنى ئىنسانلار ئالدىدا رەسۋا قىلماسلىق، كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى يۆگەش گۈزەل ئەخلاقتۇر. ئەكسىچە، كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ئاچىدىغانلار، گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئىنسانلار ئارىسىغا يايىدىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا لايىق بولغۇچى ئەخلاقسىز مەخلۇقلاردۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَن تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ**﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغانلارغا، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابىق باردۇر﴾[2] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قانداقلا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئەيىبىنى ياپىدىكەن، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ»[3] دېگەن.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) 24ـ سۈرە نۇر 19ـ ئايەت
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ئەمما كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنى يېپىش ۋە ئەيىبلىرىنى يۆگەش ئىشى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارىتا قىلىنغان گۇناھلار دائىرىسىدىلا بولىدۇ. ئەمما گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى يۆگىدىم دەپ، جىنايەتكارلارنىڭ قىلمىشلىرىغا سۈكۈت قىلىشقا، ناھەقچىلىككە جىم تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئوغرىنىڭ ئوغرىلىغىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىمىگەن ئىشچىنىڭ ياكى كادىرنىڭ كەمچىلىكىنى يوشۇرۇش، ئىمتىھاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆچۈرىشىگە يول قويۇش قاتارلىق ئىشلار بۇ يامان قىلمىشتا ئۇلارغا شېرىك بولغانلىق سانىلىدۇ.

## 9. ئادەم ئۆز ـ ئۆزىگە رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش

ئادەم باشقىلارغا رەھىم ـ شەپقەتلىك ۋە كۆيۈمچان بولۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالسا بولامدۇ؟ ئادەم ئۆزىگە قانداق رەھىم ـ شەپقەت قىلىدۇ؟

ئادەم ئۆزىنىڭ تەن ساقلىقىغا زىيانلىق بولغان نەرسىلەرنى تەرك ئېتىش، ھاراق ئىچمەسلىك، تاماكا چەكمەسلىك، زىنا قىلماسلىق بىلەن، ئۆزىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ناشايان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش بىلەن ۋە ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن زىيانلىق بولغان گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن قول ئۈزۈش بىلەن ئۆزىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلغان بولىدۇ.

## 10. پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش

مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى كافىر بولسۇن، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش ھەرگىز قىيىن ئىش ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئاساندۇر. ئىنسانلار قايسى دىنغا، قايسى ئىرققا، قايسى رەڭگە ۋە قايسى دۆلەتكە تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارغا ناھايىتى

يۇمشاقلىق بىلەن ئادالەتلىك ھالدا مۇئامىلە قىلىش، ھەركىمگە تەبەسسۇم بىلەن قەلبىنى ئېچىش، پېقىرلارغا ھېسداشلىق قىلىپ، مەيلى ماددىي جەھەتتىن، مەيلى مەنىۋى جەھەتتىن كۈچىنىڭ يەتكىنىچە ياردەم قولىنى سۇنۇش، يېتىملەرنى سۆيۈش ۋە ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئۆزگە يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرۈۋېتىش، تونۇمايدىغان كىشىلەرنىڭمۇ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم قىلىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن رەھىم ـ شەپقەتنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

لەززەتلىك تائاملار بىلەن غىزالىنىۋاتقان ۋاقتىلىرىڭىزنىڭ بىرەرسىدە، قوشنىلىرىڭىزدىن بەزى بىچارىلەرنىڭ يېگىلى يوق، ئىچكىلى يوق، ۋە باشقا نۇرغۇن يوقلۇق ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئۇلارغا بىرەر قاچا تاماق بەرگىنىڭىزنى ئەسلىيەلەمسىز؟

ئاتىسى يوق، ئائىلىسى كەمبەغەل بىر يېتىم بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كىرىپ، بىرەر قۇر كىيىم كىيگۈزۈپ قويغىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

ئانىسى يوق، دادىسى سىرتتا ئىشلەپ ئۆيىنىڭ كەملىرىنى تولۇقلاش يولىدا يۈرگەنلىكتىن، ھالىغا يېتەلمىگەن، بىراۋ بىلەن بىر سائەت مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشقا زار ـ زار بولۇۋاتقان ، كۆڭلى دەردلىك بىرەر يېتىم بالىنى ئۆيىڭىزگە چاقىرىپ، باش ـ كۆزىنى سىلاپ، ئىسسىق بىر قاچا تاماق يېگۈزۈپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بەش مىنۇت مۇڭداشقىنىڭىزنى، دەردلىرىگە قۇلاق سالغىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

بىرەر قېتىم بولسىمۇ، كوچىدا ياكى يولدا بىر ناتونۇش ئادەم بىرەر تاغار يۈكنى ئۈستىگە ئېلىپ قويۇشقىز ئۈچۈن سىزدىن ياردەم

سورىغاندا، ئىشىم ئالدىراش دېمەستىن دەرھال يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

ياشىنىپ قالغانلىقتىن ياكى كېسەللىكتىن ئاران ـ ئاران مېڭىپ كېتىۋاتقان بىر ناتونۇشنى ماشىنىڭىزغا ياكى ئاپتوۋۇزغا ئولتۇرغۇزۇپ بارىدىغان يېرىگە ئاپىرىپ قويغىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

ماشىنىسى بۇزۇلۇپ يولدا قالغان بىرى ئۈچۈن ئالدىراش ئىشىڭىز بولسىمۇ توختاپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

گېزىت ـ ژۇرناللاردا، ياكى تېلېۋىزوردا، ياكى ئىنتېرنېت تورلىرىدا، جىددىي ماددىي ياردەمگە موھتاج بولۇۋاتقانلار توغرۇلۇق بېرىلگەن ئېلانلارنى كۆرگىنىڭىزدە، بىرەر قېتىم شۇلارغا ئاز بولسىمۇ ياردەم پۇلى ئەۋەتكىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

ئەگەر يۇقىرىقى سوئاللارنىڭ جاۋابى «ھەئە» بولسا، سىز رەھىم ـ شەپقەتلىك ئادەمسىز، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىزنى قورشايدىغانلىقىدىن خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ.

ئەگەر جاۋابىڭىز «ياق» بولسا، سىز تاش يۈرەك ئادەمسىز، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن تولىمۇ يىراقتا ئىكەنسىز، كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلىنىشكە زور ئېھتىياجلىق ئىكەنسىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە باشقىلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنى ئۆگىتىپ مۇنداق دېگەن: «كىم بىرەر مۇسۇلماننىڭ دۇنيادىكى قىيىنچىلىقلىرىدىن بىرەر قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بەرسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، كىم بىرەر يوقسۇلغا ئاسانلىق يارىتىپ بەرسە، ئاللاھ تائالا

ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلىق بېرىدۇ. كىمكى بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى يۆگىسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يۆگەيدۇ، بەندە بۇرادىرىنىڭ ياردىمىدە بولغان مۇددەتچە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ.»[1]

خۇلاسە كالام، رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش قىيىن ئەمەس، مۈشكۈلات دېگەن ۋاقىتنىڭ يېتىشمىگەنلىكىدە، ياكى قول ئىلكىدە بولمىغانلىقىدا، ياكى رەھىم ـ شەپقەت قىلىشنى بىلمىگەنلىكتە ئەمەس، بەلكى ئاساسلىق مۈشكۈلات قەلبلەردىن رەھىم ـ شەپقەتنىڭ سۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىدە، يۈرەكلەرنىڭ تاشقا ئايلىنىپ قالغانلىقىدا!

ئاللاھ تائالانىڭ قەلبلەرنى لەرزىگە سالىدىغان، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىدىغان ئىبرەتلىك ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغاندا، ياكى يېگىلى يوق، ئىچكىلى يوق، كىيگىلى يوق بىچارىلەرنى كۆرگەندە يۈرىكى ئېزىلمەيدىغان ئادەمدىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ.

مۇنداقلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ سېنىڭ قەلبىڭدىن رەھىم ـ شەپقەتنى تارتىۋالغان تۇرسا، مەن ئەمدى نېمە قىلالايمەن»[2] دېگەن سۆزى يېتەرلىك.

يەنە بىر ھەدىسىدە: «رەھىم ـ شەپقەت پەقەت بەختسىز ئادەمدىنلا تارتىۋېلىنىدۇ» دېگەن.

كۈندىلىك بەش ۋاخ نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە فاتىھە سۈرىسىنى

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ئۇقۇش جەريانىدا، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۈرىدىكى (**اَلرَّحْمنِ الرَّحِيْم**) (ئەررەھمانىر رەھىم) يەنى «ناھايىتى مېھرىبان ۋە تولىمۇ شەپقەتلىك» دېگەن سۈپىتىنى ئەڭ ئاز دېگەندە بىر كۈندە، 33 قېتىم تەكرارلاپ تۇرۇپمۇ يەرىكى يۇمشىمىغان مۇسۇلماننى نېمە دېگىلى بولسۇن؟!

## ئىلىم ـ پەننى ئىشلىتىشتە رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇش

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئىلىم ـ پەن ئۈچۈنمۇ رەھىم ـ شەپقەت كېتەمدۇ؟ دەپ ھەيران قالغانلىقىڭىز ئېنىق. ئەمما رەھىم ـ شەپقەتنى چىقىش يولى قىلمىغان ئىلىم ـ پەننىڭ بالايىئاپەت ئىكەنلىكىنى بىلگىنىڭىزدە، بۇ پىكرىنىڭ توغرىلىقىغا قوشۇلىسىز.

ھازىرقى دۇنيانىڭ ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق، ئىلىم ـ پەن كۈندىن ـ كۈنگە ئىلگىرىلىگەنسېرى رەھىم ـ شەپقەت ئازىيىۋاتماقتا. ئىلىم ـ پەن ئېلىپ كەلگەن ئاتوم بومبىلىرى ۋە راكېتالار بىلەن مىليونلىغان ئىنسان ئۆلمەكتە.

نېمە ئۈچۈن ئىلىم ـ پەننىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن رەھىم ـ شەپقەت ئازلاپ كېتىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟

چۈنكى رەھىم ـ شەپقەت بىلەن ئەخلاقلانمىغان ھەر قانداق ئىلىم ـ پەن بالايىئاپەت ۋە كىرىزىستۇر! شۇڭا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئىلىم ھەققىدىكى پۈتۈن بايانلىرىدا رەھىم ـ شەپقەتنىمۇ بىللە بايان قىلغان. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن رەھىم ـ شەپقەت يانداشتۇرۇپ كەلتۈرۈلمىگەن ئىلىم ھەققىدىكى بىرەر بايانىنىمۇ تاپالمايسىز.

﴿**رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَيْءٍ رَّحْمَةً وَعِلْمًا**﴾ يەنى ﴿ئۇلار «رەببىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەيدۇ.﴾[1]

﴿**فَوَجَدَا عَبْدًا مِّنْ عِبَادِنَا آتَيْنَاهُ رَحْمَةً مِنْ عِندِنَا وَعَلَّمْنَاهُ مِن لَّدُنَّا عِلْمًا**﴾ يەنى ﴿ئۇ ئىككىسى بىزنىڭ بەندىلىرىمىزدىن چوڭ رەھمىتىمىزگە ئېرىشكەن ۋە بىز ئۇنىڭغا ئۆزىمىزگە خاس ئىلمىمىزنى بىلدۈرگەن بىر بەندىنى ئۇچراتتى.﴾[2] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر.[3]

---

(1) 40ـ سۈرە غافىر 7ـ ئايەت

(2) 18ـ سۈرە كەھف 65ـ ئايەت

(3) ئۇستاز ئەمر خالىدنىڭ «مۇئمىننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

# راستچىللىق

راستچىللىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئەخلاقى. ھېچقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ يالغانچى بولۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبەرلەرنى ئالدى بىلەن «راستچىللار» دەپ سۈپەتلىگەن ۋە «راستچىللار» دەپ ماختىغان:

﴿وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّهُ كَانَ صِدِّيقًا نَّبِيًّا﴾ يەنى ﴿قۇرئاندا ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى.﴾[1]

﴿وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِدْرِيسَ إِنَّهُ كَانَ صِدِّيقًا نَّبِيًّا﴾ يەنى ﴿قۇرئاندا ئىدرىسنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى.﴾[2]

﴿وَاذْكُرْ فِي الْكِتَابِ إِسْمَاعِيلَ إِنَّهُ كَانَ صَادِقَ الْوَعْدِ وَكَانَ رَسُولًا نَّبِيًّا﴾ يەنى ﴿قۇرئاندا ئىسمائىلنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە راستچىل بىر ئەلچى ۋە بىر پەيغەمبەر ئىدى.﴾[3]

پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇنقى ئەڭ مەشھۇر سۈپىتى ۋە لەقىمى «راستچىل، ئىشەنچلىك» ئىدى. ئەرەبلەر مۇھەممەد

---

(1) 19 ـ سۈرە مەريەم 41 ـ ئايەت

(2) 19 ـ سۈرە مەريەم 56 ـ ئايەت

(3) 19 ـ سۈرە مەريەم 54 ـ ئايەت

ئەلەيھىسسالامنى چاقىرماقچى ياكى تەرىپلىمەكچى بولسا «**محمد أمين**» يەنى «راستچىل، ئىشەنچلىك مۇھەممەد» دەيتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كېلىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇنى: ﴿**فَاصْدَعْ بِمَا تُؤْمَرُ وَأَعْرِضْ عَنِ الْمُشْرِكِينَ**﴾ يەنى ﴿ساڭا بۇيرۇلغاننى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلارغا پەرۋا قىلمىغىن﴾[1] دەپ ئەمر قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سافا تېغىغا چىقىپ، مەككىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئىسمى بىلەن ئاتاپ چاقىردۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا كېلەلمىگەنلەرنىڭ ۋەكىللىرى ھازىر بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا سۆز قىلىشقا باشلاپ: «قاراڭلارچۇ، ئەگەر مەن سىلەرگە مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا سىلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان قوشۇن بار دېسەم، ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟» دەيدۇ، ئۇلار ھەممىسى بىر ئېغىزدىن چىققاندەكلا: «سېنىڭ مۇندىن بۇرۇن بىرەر قېتىم بولسىمۇ يالغان سۆزلىگەنلىكىڭنى بىلمەيمىز» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ چاغدا ئۇلارغا: «سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرمەن»[(2)] دېگەندە، ئەبۇ لەھەب «ساڭا ھالاكەت بولسۇن! شۇنىڭ ئۈچۈن توپلىدىڭمۇ بىزنى؟» دەيدۇ.

راستچىللىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقى بولغاندەك، ياخشىلارنىڭمۇ

---

(1) 15- سۈرە ھىجر 94- ئايەت

(2) مۇسلىم، تىرمىزى، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ئەخلاقىدۇر. دۇنيادا راستچىللىقنى ۋە راستچىل كىشىلەرنى سۆيمەيدىغان بىرەر مىللەت ياكى قانۇن ياكى دىن يوق. ئەكسىچە، يالغانچىلار ھەممىلا يەردە كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ، راست سۆزلەپ، ھەمىشە راستچىللىق بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ‹راستچىل بەندە› دەپ يېزىلىدۇ. يالغانچىلىق گۇناھقا باشلايدۇ، گۇناھ دوزاخقا باشلايدۇ، يالغان ئېيتىدىغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ‹يالغانچى› دەپ يېزىلىدۇ.»[1]

سىز ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە، پەرىشتىلەرنىڭ دەپتىرىدە، ئىنسانلارنىڭ ئېغىزىدا يالغانچى بولۇپ ئاتىلىشنى ياقتۇرمايسىز ھەقاچان؟!

يۇقىرىقى ھەدىستىكى «راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ» دېگەن سۆز بىلەن «يالغانچىلىق گۇناھقا باشلايدۇ» دېگەن سۆزگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرغىنىمىزدا، پۈتۈن ياخشىلىقلارنىڭ بېشىدا راستچىللىقنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. گوياكى راستچىللىق ياخشىلىقنىڭ مۇقەددىمىسى ياكى ئۇنۋانى ئورنىدا تۇرىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەر قانداق بىر يامانلىقنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم يالغانچىلىق بولىدۇ. ئالدامچىلىق، خائىنلىق، ساتقۇنلۇق، ئوغرىلىق، قاتىللىق، قارا چاپلاش، غەيۋەت ـ شىكايەت... ۋەھاكازالارنىڭ

---

(1) ئىمام ئەھمەد، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

مۇقەددىمىسىدە چوقۇم يالغانچىلىق بولىدۇ. يامان ئىشلارنى قىلىدىغان بىرىگە، «يالغان ئېيتما، ئەمما خالىغان يامانلىقلىرىڭنى قىلغىن» دېسىڭىز، ئۇنى قىلالامدۇ؟ ھەرگىز قىلالمايدۇ.

زىنا قىلغان بىرىدىن «سەن ئۇ ۋاقىتتا نېمە قىلىۋاتاتتىڭ؟» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ «مەن زىنا قىلغانىدىم» دېمەيدۇ، بەلكى يالغانلارنى ئويدۇرىدۇ.

شۇڭا ئۆلىمالار «يالغان ئېيتىشنى ئادەت قىلىۋالغان ئادەم ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى ئىككىلەنمەستىن قىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن نەتىجىنى چىقارغان.

راستچىللىق پەيغەمبەرلەرنىڭ، مۆئمىنلەرنىڭ ۋە ياخشىلارنىڭ ئادىتى بولغاندەك، يالغانچىلىق مۇناپىقلارنىڭ ئادىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچتۇر: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا خىيانەت قىلىدۇ.»(1)

## راستچىللىق جەننەتكە كىرىشنىڭ كاپالىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ماڭا ئالتە ئىشتا كاپالەت بېرىڭلار، مەن سىلەرگە جەننەتكە كىرىشىڭلارغا كاپالەت قىلىمەن: سۆزلىگەندە راست سۆزلەڭلار، ۋەدە قىلساڭلار ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىڭلار، ئامانەت تۇتساڭلار ئۇنى ۋاقتىدا ئادا قىلىڭلار، ئەۋرىتىڭلارنى زىنادىن ساقلاڭلار، كۆزۈڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار، قولۇڭلارنى يامان

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئىشلاردىن ۋە هارامدىن يىغىڭلار.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «راستچىللىق ــــ خاتىرجەملىك، يالغانچىلىق ــــ تەشۋىشتۇر.»[2] چۈنكى ئىنسان راست سۆزلىگەندە خاتىرجەملىك ۋە بىر خىل راھەت ھېس قىلىدۇ، تەشۋىشلەنمەيدۇ ھەمدە راست سۆزلەشتە ھېچقانچە تەسلىك ياكى ئوڭايسىزلىق ھېس قىلمايدۇ، ئىككىلەنمەيدۇ، دۇدۇقلىمايدۇ.

ئەمما ئىنسان يالغان سۆزلەشتە قىيىنچىلىق تارتىدۇ، ھەتتا بەزى شارائىتلاردا چېكىسىدىن تەر ئاقىدۇ، چىراي ئىپادىسى تەبىئىي بولمايدۇ، سۆزلىرى ئانچە قاملاشمايدۇ، يالغانچىلىقى ئاشكارا بولۇپ قېلىشىدىن تەشۋىشلىنىدۇ.

ھەرقانچە سۆزگە ئۇستا ۋە يالغاننى قاملاشتۇرۇشقا ماھىر كاززاپلارمۇ بەربىر بىلىنىپ قالىدۇ ۋە بىر كۈنى رەسۋا بولماي قالمايدۇ. «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن سۆزمۇ بىكارغا ئېيتىلمىغان بولسا كېرەك.

يۇقىرىقى ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىك سۆزلىرىدىن بولۇپ، ھاياتلىق مۇساپىلىرى بۇ سۆزنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلاپ كەلمەكتە. چۈنكى بۇ سۆز مەيلى كۇففار، مەيلى مۇسۇلمان، ھەرقانداق ئادەمنىڭ نەزىرىدە ھەق سۆزدۇر.

ھاياتىدا مەكتەپ كۆرمىگەن، ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەنمىگەن،

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(2) ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

پەقەت ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بىلەنلا يېتىشكەن بىر پەيغەمبەرنىڭ ئىنسانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى خۇددى پىسخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىدەك ئانالىز قىلىشى ھەمدە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى رېئاللىقتىكى تەجرىبىلەرنىڭ تەستىقلاۋاتقانلىقى ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى ۝ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوْحَى**﴾ يەنى ﴿ئۇ ئۆز خاھىشى بىلەن سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾[1] دېگەن سۆزىنى كۈچلەندۈرمەكتە. مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم» ئايىتى ۋە مەنىسى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسى، ئەمما ھەدىسنىڭ تېكىستى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن، مەنىسى ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىدۇر.

## يالغانچىلىقنىڭ خىيانەت تۈرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەڭ چوڭ خىيانەت سېنى راستچىل دەپ بىلىدىغان بىرىگە يالغان ئېيتىپ ئۇنى ئىشەندۈرىشىڭدۇر.»[2]

سىزگە يۈرىكىدىن ئىشىنىدىغان، سىزنىڭ قانداقلا بىر سۆزىڭىزنىڭ راستلىقىدىن قىلچە شەكلەنمەيدىغان دوستىڭىزغا يالغان سۆزلىشىڭىز، ئۇنىڭ سىزگە بولغان چىن ئىشەنچىسىگە ۋە دوستلۇقىنىڭ ھېسابىغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ خىيانەت ئەمەسمۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى نېمىدېگەن توغرا ـ ھە!

ساھابىلەر دەيدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن

(1) 53ـ سۈرە نەجم 3ـ، 4ـ ئايەت
(2) ئەبۇ داۋۇد، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

يالغانچىلىقتىنمۇ يامان كۆرۈلىدىغان ئىككىنچى بىر خۇلق يوق ئىدى، بىراۋ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا يالغان ئېيتقان ھامان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولاتتى، تاكى يالغان ئېيتقۇچىنىڭ شۇ گۇناھىغا تەۋبە قىلغانلىقىنى بىلگىنىگە قەدەر ھەمىشە بىئارام بولاتتى ۋە كۆڭلى سىقىلاتتى.

## يالغانچىلىق مۇناپىقلىقنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿**لِيَجْزِيَ اللَّهُ الصَّادِقِينَ بِصِدْقِهِمْ وَيُعَذِّبَ الْمُنَافِقِينَ**...﴾ يەنى ﴿ئاللاھ راستچىللارغا راستچىللىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىش، مۇناپىقلارنى جازالاش ئۈچۈن...﴾[1]

ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ قىيامەت كۈنىدە، راستچىللارنىڭ مۇكاپاتىنى ۋە يالغانچىلارنىڭ جازاسىنى بېرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، «راستچىل»نىڭ ئەكسى بولغان «يالغانچى» سۆزىنىڭ ئورنىغا «مۇناپىق» سۆزى قوللىنىلغان. بۇنىڭدا ئۆمرىنى يالغانچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئاقىۋىتى مۇناپىقلىق بىلەن خۇلاسىلىنىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان. چۈنكى ئىماننىڭ ئاساسى راستچىللىق بولسا، مۇناپىقلىقنىڭ ئاساسى يالغانچىلىقتۇر. شۇڭا ئىمان بىلەن يالغاننىڭ بىر قەلبتە بىرلىششى مۇمكىن ئەمەس!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «مۇئمىن ئادەم قورقۇنچاق بولامدۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن، يەنە «مۇئمىن ئادەم بېخىل بولامدۇ؟» دەپ سورالغاندىمۇ، «ھەئە» دەپ

(1) 33- سۈرە ئەھزاب 24- ئايەت

جاۋاب بەرگەن. ئاندىن «مۇئمىن ئادەم يالغانچى بولامدۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن.[1]

چۈنكى بىراۋنىڭ قورقۇنچاقلىقى ياكى بېخىللىقىنىڭ زىيىنى كۆپىنچە ئۆزىگە بولىدۇ. ئەمما بىراۋنىڭ يالغانچىلىقىنىڭ زىيىنى كۆپىنچە باشقىلارغا بولىدۇ. يالغانچىلىق ئىنسانلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغۇسىز زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ گۇناھىمۇ ئېغىر، جازاسى قاتتىق بولىدۇ. يالغانچىنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى مۇئمىنلەردىن بولالمايدىغانلىقى يالغانچىلىقنىڭ گۇناھىنىڭ چوڭلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر.

## ھەقىقىي راستچىللىق

ھىجرىيە ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ ئۆلىمالىرىدىن جۇنەيد مۇنداق دېگەن ئىكەن: «ھەقىقىي راستچىللىق ـــ يالغاندىن باشقا نەرسە سېنى قۇتۇلدۇرالمايدىغان شارائىتتا راست سۆزلىشىڭدۇر». راستچىللىقنىڭ ئىنساننى ھەمىشە قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. «راست سۆزلىگەن نىجات تاپىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

قۇتۇلۇش ئۈچۈن يالغان ئېيتىشتىن باشقا چارىسى قالمىغان ئادەمنىڭمۇ راست سۆزلىشى تەلەپ قىلىنغان يەردە، ئاددىي ئىشلار ئۈچۈن، ھەتتا يالغان ئېيتىمىسىمۇ ھېچقانداق زىيان بولمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن يالغان ئېيتىۋاتقانلارنى نېمە دېگىلى بولسۇن؟!

---

(1) ئىمام مالىك رىۋايىتى

ئۇمەۋىيلەرنىڭ يەتتىنچى خەلىپىسى، ۋاپادار خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز: «يالغان ئېيتىشنىڭ نومۇسسىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ۋاقتىمدىن بىرى بىر قېتىممۇ يالغان سۆزلەپ باقمىدىم» دېگەن ئىكەن.

## راستچىللىققا ئادەتلىنىشنىڭ يولى

شەكسىزكى، ئادەم ئۆزىدە راستچىللىقنى يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاللاھ تائالاغا تەقۋالىق قىلىشى (يەنى ھەر ئىشتا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئورۇندىشى)، ئاندىن راستچىل، تەقۋادار، ياخشى كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ قوپۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ وَكُونُواْ مَعَ الصَّادِقِينَ**﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىڭلار ۋە راستچىللار بىلەن بولۇڭلار﴾[1] دېيىش ئارقىلىق راستچىللىقنىڭ تەقۋالىق ئىكەنلىكى ۋە راستچىللار بىلەن بولۇشنىڭ تەقۋالىققا يېتىشنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

(1) 9- سۈرە تەۋبە 119- ئايەت

## راستچىللىقنىڭ تۈرلىرى

### 1 ـ نىيەتتىكى راستچىللىق

نىيەتتىكى راستچىللىق ـــ قىلماقچى بولغان ھەرقانداق بىر ئىشتا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەشتۇر. ئىنسان ھەر ئىشتا ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەش ئارقىلىق ئادەتتىكى دۇنيالىق ئىشلىرىنىمۇ ئىبادەت قاتارىغا ئۆتكۈزەلەيدۇ ۋە ساۋابقا ئېرىشىدۇ، شۇنداقلا بۇ ياخشى نىيەتنىڭ بەرىكىتى بىلەن مەقسىتىگە يېتىدۇ. دېمەك، ياخشى نىيەت ئادەتنى ئىبادەتكە ئۆزگەرتىدىغان سېھىرلىك خىسلەتتۇر. «ياخشى ئۆگىنىش قىلىپ، ياخشى ئوقۇپ دىنىمغا، ۋەتىنىمگە، خەلقىمگە ۋە ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك ئادەم بولىمەن» دېگەن نىيەت بىلەن دەرس مۇزاكىرە قىلغان ئوقۇغۇچى، «باي بولۇپ ئائىلەمنىڭ ئېھتىياجىنى ھالالدىن قامدايمەن»، «خەير ـ ئېھسان ۋە سەدىقىلىرىم بىلەن ئاللاھنىڭ يوقسۇل بەندىلىرىنىڭ بېشىنى سىلايمەن» دېگەن نىيەت بىلەن تىرىشقان تىجارەتچى، «ئىشىمنى قېتىرقىنىپ راۋاجلىق قىلىش ئارقىلىق ھالالدىن تاپقانلىرىمنى ئائىلەمگە سەرپ قىلىمەن» دېگەن نىيەت بىلەن كەسىپ قىلغان ھۈنەرۋەن، «ۋەزىپەمنى قېتىرقىنىپ، توغرا يوسۇندا ۋە ھەققانىي ئىشلەش ئارقىلىق ئالغان مائاشىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ ھەم ئائىلەمنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قامدايمەن» دېگەن نىيەت بىلەن ئىشلىگەن ئىشچى ـ خىزمەتچى، «تۇرمۇش قۇرۇش ئارقىلىق ھارام ئىشلاردىن ساقلىنىمەن ۋە دىيانەتلىك بىر ئائىلە قۇرۇپ چىقىمەن» دېگەن نىيەت بىلەن ئۆيلەنگەن قىز ـ يىگىت ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ.

## 2 ـ سۆزدىكى راستچىللىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە: «ئى ئاللاھ! ماڭا راستچىل تىل ئاتا قىلغىن» [1] دەپ دۇئا قىلاتتى. باللىق دەۋرىدىن باشلاپ راستچىللىقى بىلەن تونۇلغان، ھەتتا كۇففارلارمۇ ئۇنىڭ راستچىللىقىنى ئەستىقلىغان بىر پەيغەمبەر بۇ دۇئانى ئوقۇغان يەردە، بىز كېچە ـ كۈندۈز بۇ دۇئانى ئوقۇپ ئاللاھتىن بىزنى راستچىل بەندىلەردىن قىلىشىنى تىلەشكە قانچىلىك موھتاج بولۇۋاتقانلىقىمىزنى بىلەمسىز؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «راستچىل تىجارەتچى قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەرلەر، راستچىللار ۋە شېھىتلار بىلەن بىرگە بولىدۇ.» [2] بۇ ھەدىس ھۈنەرۋەن، ئىشچى ـ خىزمەتچى، دېھقان، چارۋىچى قاتارلىق رىزىق يولىدا يۈرگەن ھەرقانداق كىشىگە قارىتىلغان بولۇپ، راستچىللار قانداق ئىش بىلەن، ياكى قانداق جايدا ئىشلىگەن بولمىسۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشارەت بەرگەن راستچىل تىجارەتچىگە قوشۇلىدۇ. چۈنكى راستچىللىق ھەرقانداق جايدا، پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەت ۋە گەپ ـ سۆزلەردە تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 3 ـ ئەمەلدىكى راستچىللىق

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا : ﴿**وَقُل رَّبِّ أَدْخِلْنِي مُدْخَلَ صِدْقٍ وَأَخْرِجْنِي مُخْرَجَ صِدْقٍ**﴾ يەنى ﴿ئى رەببىم كىرىدىغان يېرىمگە دۇرۇسلۇق بىلەن كىرىشىمنى، چىقىدىغان

---

(1) ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(2) ئىبنى ماجە، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

يېرىمدىن دۇرۇسلۇق بىلەن چىقىشمىنى نەسىب ئەتكىن› دېگىن﴾[1] دەپ تەلىم بەرگەن.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿**مِنَ الْمُؤْمِنِينَ رِجَالٌ صَدَقُوا مَا عَاهَدُوا اللَّهَ عَلَيْهِ**﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان نۇرغۇن كىشىلەر بار.﴾[2]

بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى مۇنداق ئىدى: ساھابىلەردىن ئۇمەير ئىبنى ھەمام بەدرى غازىتى بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: «يا رەسۇلۇللاھ! ئەگەر مەن ئاشۇ دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەم، راستىنلا جەننەتكە كىرىمەنمۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە، ئەلۋەتتە كىرىسەن» دەپ جاۋاب بېرىپ، ساھابىلىرىگە: «تۇرۇڭلار! كەڭلىكى ئاسمان ۋە زېمىنغا تەڭ كېلىدىغان جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن جىھاد قىلىڭلار» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇمەير «پاھ، پاھ» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ: «ئەي ئۇمەير ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورايدۇ، ئۇمەير: «يا رەسۇلۇللاھ! مەن راستىنلا جەننەت ئەھلى بولالامدىمەن؟» دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «سەن زادى جەننەت ئەھلىدىنسەن»[3] دەيدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئۇمەير: «مەن بىلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدا پەقەت مۇشۇ خورمىلا قالدى» دېگىنىچە قولىدىكى يەۋاتقان خورمىنى تاشلايدۇ ۋە ئۇرۇش مەيدانىغا كىرىپ كېتىدۇ، ئاخىرى شېھىتلىك

(1) 17ـ سۈرە ئىسرا 80ـ ئايەت

(2)33ـ سۈرە ئەھزاب 23ـ ئايەت

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

شەرىپىنى ئېچىشكە نائىل بولىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرىقى ئايەت چۈشىدۇ.

بۇ ھەدىس ياخشى ئىشنى نىيەت قىلىشنىڭ ئۆزىلا مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى، شۇڭا ياخشى نىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەل قىلىش يەنى قول سېلىپ ئىشلەشنى شەرت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى ئاللاھ! ماڭا پەيغەمبىرىڭنىڭ مۇشۇ شەھرىدە شېھىدلىقنى نېسىپ ئەتكىن» دەپ دۇئا قىلاتتى. ھالبۇكى مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھىرى ئىسلام شەھىرى بولغانلىقتىن، ئۇ شەھەردە جىھاد بولمايتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان بولۇپ، ھىجرىيەنىڭ 23 - يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 26 - كۈنى (مىلادى 644- يىلى 3 - نويابىر) ئەبۇ لۇئلۇئ ئىسىملىك ئىرانلىق بىر مەجۇسىي تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن شېھىت قىلىنغان.

## راستچىللىقنىڭ مەرتىۋىسى

راستچىللىق مەرتىۋىسى پەيغەمبەرلىك مەرتىۋىسىدىن كېيىنلا كېلىدىغان ئەڭ شەرەپلىك مەرتىۋىدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**وَمَن يُطِعِ اللّهَ وَالرَّسُولَ فَأُوْلَئِكَ مَعَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللّهُ عَلَيْهِم مِّنَ النَّبِيِّينَ وَالصِّدِّيقِينَ وَالشُّهَدَاء وَالصَّالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقًا**﴾ يەنى ﴿كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىتلار ۋە ياخشىلار

بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار﴾[1] دەيدۇ. ئايەتتە ئاۋۋال پەيغەمبەرلەر، ئاندىن كېيىنلا راستچىللار بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، راستچىللىق پەيغەمبەرلىك بىلەن شېھىتلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئالى مەرتىۋىدۇر.

## قايسى ۋاقىتتا يالغان ئېيتىشقا بولىدۇ؟

ئىسلام ئۆلىمالىرى تۆۋەندىكى ئۈچ ھالەتتە يالغان ئېيتىشقا بولىدىغانلىقىنى قارارلاشتۇرغان:

1. ئۇرۇشتا يالغان سۆزلەشكە بولىدۇ. دۈشمەننى ئازدۇرۇش، خاتا مەلۇمات بېرىش، تاكتىكا قوللىنىش قاتارلىق ئىشلاردا يالغان سۆزلەشكە بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئۇرۇش دېگەن تاكتىكىدۇر» دېگەن.

2. بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن يالغان ئېيتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: بىرى يەنە بىرىنى سۆككەن بولسىمۇ، قارشى تەرەپكە «سىزنىڭ ياخشى گېپىڭىزنى قىلدى» دەپ يالغان ئېيتقانغا ئوخشاش.

3. ئايالىغا يالغان ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەمما ئايالىغا يالغان ئېيتىش شۇ ئايالغا پايدىلىق بولغان ئىشلار دائىرىسى ئىچىدىلا بولىدۇ. مەسىلەن: «سىز دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق ئايالسىز» دېگەنگە ئوخشاش. ئايالىمغا يالغان ئېيتتىم، دەپ، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىشقا، ئالداشقا، كۆزىنى بوياشقا بولمايدۇ. چۈنكى مۇنداق قىلىش چەكلەنگەن ھارام ئىشلاردىن

---

(1) 4ـ سۈرە نىسا 69ـ ئايەت

سانىلىدۇ.[1]

---

(1) ئۇستاز ئەمر خالىدنىڭ «مۇئمىننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

# ئامانەت

ئامانەت ئىسلام دىنىدا ئەڭ ئاساسلىق ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. ئامانەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھەممە ياخشى بىلىدۇ، ئەمما بەزى كىشىلەر ئامانەت ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەنىلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلمىگەنلىكتىن، ياكى ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئامانەتكە نىسپىي مۇئامىلە قىلىدۇ. مەسىلەن: بىراۋ «مەن ئامانەتكە ھەرگىز خىيانەت قىلمايمەن، ماڭا قويۇلغان ئامانەتنى ئىگىسىگە ۋاقتىدا تاپشۇرىمەن» دەيدۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى. ئەمما بۇ ئامانەتنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى ئامانەتنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى بىر تۈرى بەس. ئامانەت سۆزى ئامانەت قويۇلغان پۇل ـ مال ۋە تاۋارغا ئوخشاش ماددىي نەرسىلەرنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، مەنىۋى قىممەتلەرنى، شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان چوڭ مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَخُونُواْ اللّهَ وَالرَّسُولَ وَتخُونُواْ أَمَانَاتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ**﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار﴾[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئامانەتنىڭ ئەكسى خىيانەتتۇر.

ئاللاھقا خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

---

(1) 8ـ سۈرە ئەنفال 27ـ ئايەت

ئاللاھقا خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى ـــ ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە بوي سۇنماسلىق، بۇيرۇغانلىرىنى ئادا قىلماسلىق ۋە توسقانلىرىنى تەرك ئەتمەسلىكتۇر. ئاللاھنىڭ ئەمرلىرى گەردىنىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئېغىر ئامانەتلەردۇر.

پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى ـــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى ئۆگىنىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ئەگەشمەسلىك ۋە ئىجرا قىلماسلىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى تىرىلدۈرۈش ۋە ھايات قايناملىرىدا ئۇنى ئىجرا قىلىش ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدىن سانىغان ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىكى ئامانەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى زامانىمىزغىچە مۇشۇ يول بىلەن يېتىپ كەلگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ماڭا ئالتە ئىشتا كاپالەت بېرىڭلار، مەن سىلەرگە جەننەتنى كاپالەت قىلىمەن: سۆزلىگەندە راست سۆزلەڭلار، ۋەدە قىلساڭلار ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىڭلار، ئامانەت تۇتساڭلار ئۇنى ۋاقتىدا ئادا قىلىڭلار، ئەۋرىتىڭلارنى زىنادىن ساقلاڭلار، كۆزۈڭلارنى ھارامدىن ساقلاڭلار، قولۇڭلارنى يامان ئىشلاردىن ۋە ھارامدىن يىغىڭلار.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنى ھالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن ھايانى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ،

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ئۇنىڭدىن ھايا سۇغۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ ھەر كىمنىڭ نەپرىتىگە ۋە غەزىپىگە لايىق بىرى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ ھەمىشە خىيانەت قىلىدىغان خائىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ خائىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن رەھىم ـ شەپقەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن رەھىم ـ شەپقەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى لەنەتكەردىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ لەنەتكەردى بولغاندىن كېيىن، ئىمان ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ.»[1]

بۇ ھەدىس ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا. شەرم ـ ھايادىن نېسىۋىسى بولمىغانلاردىن خىيانەت، شەپقەتسىزلىك ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئىمانسىزلىق قاتارلىق بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى سادىر بولماقتا. چۈنكى ئىنساندىكى شەرم ـ ھايا ئۇنىڭ كىيىمگە ئوخشاش بولۇپ، ھاياسى يوقالغان ئادەم خۇددى يالىڭاچ قالغانغا ئوخشاش قىممەتلىك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئامانەتنى ساقلىيالمايدىغان ئادەمدە ئىمان بولمايدۇ»[2] دېگەن سۆزى بۇ ماۋزۇنى تېخىمۇ روشەن يورۇتۇپ بەرمەكتە.

## ئامانەت بۆلۈنمەيدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرغىن، ساڭا

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

خىيانەت قىلغان كىشىگىمۇ خىيانەت قىلما»[1] دەپ تەلىم بەرگەن. ئامانەت بۆلۈنمەيدۇ، يەنى بەزى كىشىلەرگە ۋاپا قىلىپ، بەزى كىشىلەرگە خىيانەت قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋنىڭ ئۆزىگە خىيانەت قىلغان بىرسىگىمۇ خىيانەت قىلىشى توغرا ئەمەس. مەسىلەن: بىراۋدا سىزنىڭ 500 يۈەن نەق پۇل قەرزىڭىز بولۇپ، ئۇنى ئالالماي تۇرغان پەيتىڭىزدە، باشقا بىرى ھېلىقى قەرزدار كىشىگە يەتكۈزۈپ بېرىشىڭىزنى تاپىلاپ سىزگە مىڭ يۈەن نەق پۇلنى تاپشۇرغان بولسا، سىزنىڭ بۇ مىڭ يۈەندىن 500 يۈەن پۇلىڭىزنى ئېلىۋېلىشىڭىز خىيانەت ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى سىز بۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىزگە ئىشىنىپ ئامانەت قويغان كىشىنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە پۇلنىڭ ئىگىسىگە خىيانەت قىلغان بولىسىز. قەرزداردىن قەرزىڭىزنى ئېلىشنىڭ يوللۇق ئۇسۇلى ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن قەرزىڭىزنى سوراشتۇر.

ئامانەت ئەنە شۇنداق ئىنچىكە ۋە نازۇك نەرسە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئامانەتنى ساقلىغانلار ۋە ۋاقتىدا تاپشۇرغانلار ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

## ئامانەتنىڭ تۈرلىرى

ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ كۆپ تارقالغان مەشھۇر ئامانەت تۈرى پۇل-مال ئامانىتى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان — مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلى ۋە قولى بىلەن زىيان يېتىشىدىن سالامەت بولالىغان كىشىدۇر، مۇئمىن — ئىنسانلار قېنى ۋە مال - مۈلكىگە ئۇنىڭدىن زىيان يېتىشىدىن ئامان بولالىغان

(1) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

كىشىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ ھەدىستىن مەلۇمكى، ھەقىقىي مۇئمىن ئادەم كىشىلەر مال ـ مۈلكىنى ۋە ھەر قانداق نەرسىسىنى ئۇنىڭدا ئامانەت قويۇشقا خاتىرجەم بولالىغان كىشىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە مۇئمىن كىچە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىدىغان، ياكى كوپ زىكىر ئېيتىپ، كوپ يىغلايدىغان كىشى دېگىنى يوق. تەبىئىيكى، كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇش، كوپ زىكىر ئېيتىش زامانىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەر قىلالمايۋاتقان ئەڭ كاتتا ئىبادەتلەردۇر. ئەمما بۇ ئىبادەتلەر يەنىلا شۇ كىشى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئامانەتكە سادىق بولۇشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەخلاق بولسا، ھەم شۇ كىشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ھەم ئومۇم خەلق ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولغان ئىبادەتتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولۇشىنى بەكرەك ياقتۇرىدۇ.

ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، پايدىسى ئۇنى ئورۇندىغان كىشىنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئىبادەتتىن، پايدىسى باشقىلارغا ئومۇم بولىدىغان ئىبادەت ئورۇنداش تەرەپتىنمۇ ئەھمىيەتلىك، ساۋاب جەھەتتىنمۇ چوڭدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى تاشلاپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى بولغان ۋاقىت مەككە كۇففارلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەممە بىرلىكتە بىر كېچىدىلا ئۇجۇقتۇرۇشنى پىلانلىغان ئەڭ خەتەرلىك ۋاقىت ئىدى. شۇنداق بىر خەۋپلىك ۋاقىتتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز جېنىنى قوغداش بىلەن قالماستىن، ئۆزىنى

---

(1) تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ئۆلتۈرمەكچى بولغان مەككىلىكلەرنىڭ ئۇنىڭدا قويغان ئامانەتلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇپ، ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا ئامانەتلەرنى ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان ۋە ئۇنىڭغا: «ئەي ئەلى! سەن ئامانەتلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بولغىچە بۇ يەردە قال، مېنىڭ ئارقامدىن كەلمە» دېگەن.

## كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كىچىك سانالغان چوڭ ئامانەتلەر[1]

ئادەتتە كىشىلەر پۇل مۇئامىلىلىرىدىكى ئامانەتنى ئادا قىلىشنى مۇھىم بىر مەجبۇرىيەت دەپ تونۇسىمۇ، كۆپ كىشىلەرنىڭ نەزەرلىرىدىن ساقىت بولۇپ كېلىۋاتقان ئامانەتلەرمۇ كۆپ. مەسىلەن: سىز بىرەر دوستىڭىزدىن بىرەر كىتاب، ياكى بىرەر ئۆتنەئالغۇ لېنتىسى ، ياكى سىن ئالغۇ لېنتىسىغا چاغلىق نەرسىنى ئارىيەت ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ماددىي قىممىتىنى ئاددىي سانىغانلىقتىن، ئۇنى ئىگىسىگە ۋاقتى قەرەلىدە ياپشۇرمىسىڭىز، ياكى قوشنىڭىزدىن بىرەر تال يىڭنىگە چاغلىق نەرسىنى ئۆتنە ئېلىپ، ئۇنى كىچىك سانىغانلىقتىن قوشنىڭىزغا قايتۇرمىسىڭىز، سىز ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز.

بىراۋ سىزگە بىر ئامانەت سۆزنى تاپشۇرۇپ، بۇ سۆزنى پالانىغا يەتكۈزۈپ قويۇشىڭىزنى سورىغان بولسا، بۇ سۆزنى شۇ كىشىگە يەتكۈزمىسىڭىز، ياكى ئەكسىچە، يەتكۈزۈشكە تېگىشلىك بولمىغان باشقا بىراۋغا يەتكۈزسىڭىز ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز.

(1) ئۇستاز ئەمر خالىدنىڭ «مۇئمىننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

بىراۋنىڭ ئۆي ئىچىگە رۇخسەتسىز قاراش، ياكى دېرىزىسىدىن، ياكى ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن ماراش، ياكى بىراۋ ئىشىكنى ئاچقاندا، سىزنى كىرىڭ دېمىگىچە ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتۈش چوڭ ئەدەپسىزلىك ۋە ئېغىر خىيانەتتۇر.

ئامانەت مەيلى كىچىك ۋە ئاددىي بىر نەرسە بولسۇن، مەيلى چوڭ ئامانەت بولسۇن، بەربىر ئامانەتتۇر. ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ئېغىر گۇناھ.

## ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدىكى ئامانەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «راستچىل تىجارەتچى قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەرلەر، راستچىللار ۋە شېھىتلار بىلەن بىرگە بولىدۇ»[1] دېگەن سۆزى ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىنى بېجىرىشتىكى ئامانەتنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى راستچىللىق بار يەردە ئامانەتمۇ بولىدۇ. مالنىڭ ئەيىبىنى ئېنىق ئېيتىپ ساتقان ئادەم ئامانەتنى ئادا قىلغىنىدەك، مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇپ، ئالغۇچىنىڭ كۆزىنى بوياپ، ياكى تاۋارغا ساختا ماركىلارنى چاپلاپ ساتقان ئادەم خېرىدارلارغا خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

## ئىش ئۈستىدىكى ئامانەت

بىر دوختۇرنىڭ يەنە باشقا بىر دوختۇرغا ياخشىچاق بولۇش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ھاجەت بولمىغان كېسەلنى بۇيرۇپ بېرىشى، ياكى دوختۇرخانىغا كۆپ كىرىم كىرگۈزۈپ بېرىپ ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن

(1) ئىبنى ماجە، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ئاددىي بىر ئاغرىق بىلەن يېنىغا كەلگەن كېسەلنى ئادەتتە ھاجەت بولمايدىغان تەكشۈرۈشلەرنى قىلىشقا بۇيرۇشى، رېمونتچىنىڭ ئاپتوموبىلنىڭ ئازراق رېمونتى ئۈچۈن ئالماشتۇرمىسىمۇ بولىدىغان زاپچاسلارنى ئاپتوموبىل ئىگىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇشى، ئىشچىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىپ قويۇپ ھەق ئېلىشى، كادىرنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماستىن سائەتكە قاراپ كۈن ئۆتكۈزۈشى، ئوقۇغۇچىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىمەستىن كۆز بويىشى ياكى ئىمتىھاندا كۆچۈرۈشى، ئاتىنىڭ بالىلىرىنى ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىمان ـ ئىنساب ئىچىدە تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلماسلىقى، مۇئەللىمنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە ئىلىم ـ مەرىپەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچىنى ئۇنتۇپ ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى، قىممەتلىك ۋاقتىنى ۋە زېھنىنى زايە قىلىشى قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ چوڭ خىيانەتچىلىكتۇر. بۇ ئىشلار كۆرۈنۈشتە بەكمۇ ئاددىيدەك كۆرۈنگەن بىلەن گۇناھى بەك ئېغىردۇر. چۈنكى مۇنداقلار خائىنلاردۇر!

## سىر ساقلاشتىكى ئامانەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىراۋ سۆز قىلىۋېتىپ ئەتراپقا قارىۋەتسە، بۇ سۆز ئامانەتتۇر»(1) دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى، ئىككى ئادەم سۆزلىشىۋېتىپ، بۇ سۆزنى ئاڭلاۋاتقان ئۈچىنچى شەخس بار ياكى يوقلۇقىدىن خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىرى ئوڭ ۋە سولغا قارىۋەتسە، بۇ سۆز باشقىلار ئاڭلاپ قالسا بولمايدىغان سىر بولۇپ،

---

(1) ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

ئامانەت سۆزگە ئايلىنىدۇ. ئۇنى ساقلاش ئاڭلىغۇچىنىڭ ئۈستىگە ئامانەت بولۇپ بەلگىلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى «بۇ سىر، بۇنى ھېچكىمگە دېمەڭ» دېيىش ھاجەتسىز.

**ئەڭ چوڭ خىيانەت**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ چوڭ خىيانەت ئۆزىنىڭ ئايالىنى گەپكە سېلىپ، ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىرىنى سىرتقا يايغان ئەرنىڭ خىيانىتىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

دۇنيادا شۇنداق رەزىل ۋە پەس ئىنسانلار باركى، ئۇلار باشقىلارنىڭ ئاجىز نۇقتىسىنى تۇتىۋېلىپ ھەمىشە پۇرسەتپەرەسلىك بىلەن جان باقىدۇ. مۇنداقلار ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسى ۋە يۈز ـ ئابرۇيىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق. مۇنداق ئىنسانلار ئىنسان تۈرىنىڭ ھايۋان دەرىجىسىدىكى رەزىللىرى بولۇپ، شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن ھەر قانداق ئادەمنى سېتىۋېتىشتىن ئىككىلەنمەيدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ ھايات شېرىكى ۋە قويىنىدىكى ئايالىنىڭمۇ ئاجىز نۇقتىسىنى تۇتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بەزىبىر ئەيىبلىرىنى، خاتالىقلىرىنى خەلقى ئالەمگە يېيىپ، ئۆزىنى ۋە ئايالىنى رەسۋا قىلىشتىن قورقۇپ قالمايدۇ. مۇنداقلار قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ پەسكەشلىكىدىن ئۇلارغا نەزەر سالماستىن ۋە گەپ ـ سۆز قىلماستىن دوزاخقا تاشلايدىغان نومۇسسىزلاردۇر.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

## ئايالنىڭ ئامانىتى

كۆپ كىشىلەر ئايالنى نىكاھلاپ ئالغاندىن كېيىن، ئايالنى خۇددى يانچۇقىدىكى پۇلدەك خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان ئۆز مۈلكى دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا چۈشەنچە بولۇپ، ئايال ئەرنىڭ مۈلكى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر!

ئايالنى نىكاھلاپ ئېلىش بىلەن بۇ ئايال ئالغۇچى ئەرنىڭ گەردىنىدە ئامانەتكە ئايلىنىدۇ، قىيامەت كۈنى بۇ ئەر ئاللاھنىڭ ئالدىدا بۇ ئامانەتنىڭ جاۋابكارلىقىدىن سورىلىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿وَأَخَذْنَ مِنْكُم مِّيْثَاقًا غَلِيْظًا﴾ يەنى «ئۇلار سىلەردىن مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا...»[(1)] دېگەن ئايەتتە بۇ ئامانەتنى «مۇستەھكەم ئەھدە» دەپ ئاتىغان. مەلۇمكى، ئايالنىڭ ئېرىدىن ئالغان مۇستەھكەم ئەھدىسى نىكاھلىنىش ئالدىدا، ئەرنىڭ ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك شېرىك بولۇش ھەققىدىكى تەلىپىنى قوبۇل قىلغانلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا نىكاھتىن باشقا ھېچقانداق ئەھدىنى «مۇستەھكەم ئەھدە» دەپ سۈپەتلىگەن ئەمەس. مانا بۇ، ئەر ـ ئاياللىق رىشتىسىنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. شۇنداق مۇقەددەس بىر رىشتىگە خىيانەت قىلىش ھەقىقەتەن ئەڭ چوڭ خىيانەتتۇر. ئۇنىڭ گۇناھىمۇ ئەلۋەتتە ئېغىردۇر.

## باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا مۇئامىلە قىلىشىدىكى ئامانەت

باللارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قىلىدىغان مۇئامىلىسىدىكى ئامانەت

---

(1) 4ـ سۈرە نىسا 21ـ ئايەت

ئۇلارغا خىيانەت قىلماسلىقى، ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيىدىن پۇل ـ مال ياكى ئاددىي بىر نەرسىنىمۇ ئالماسلىقىدۇر. گەرچە ئالغان نەرسىسى تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئاز مىقداردىكى نەرسە بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىشى بولسا خىيانەتتۇر، ھەممە تەدرىجىي ھالدا كۆپرەك ئېلىپ تېخىمۇ چوڭراق خىيانەت قىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر.

قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ھالدا، يىگىتلەر بىلەن ئىچ ـ پەش تارتىشىپ يۈرۈشى، مەخپىي جايلاردا ئۇچرىشىشى ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە قارشى قىلىنغان ئەڭ چوڭ خىيانەتتۇر. قىز ئەگەر ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇشقا تەرەققىي قىلىپ بارسا، خىيانەت دەرىجىسىمۇ ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى خەلقى ئالەم ئالدىدا يەرگە قاراتقانلىق جىنايىتى ئايرىم بىر خىيانەتتۇر.

شۇنداقلا يىگىتلەرنىڭمۇ قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن مەخپىي ھالدا ئۇ قىز بىلەن ئۇچرىشىشى خىيانەت بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا، كىشىلەرنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا ۋە يۈز ـ ئابرۇيىغا قارشى ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتتۇر. قىيامەت كۈنى بۇنداق خىيانەتلەرنىڭ سورىقى ئەلۋەتتە بولىدۇ، جازاسى ئېغىر بولىدۇ.

**سىز ئىگە بولغان ھەممە نەرسە ئامانەتتۇر**

ئاللاھ تائالا سىزگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى سىزگە ئامانەت بولۇپ، ئۇلارنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: جان سىزگە ئامانەت. ئۇنى ھالاك قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلسىڭىز بۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز.

تېنىڭىزنىڭ ساقلىقى سىزگە ئامانەت. ئۇنى ئاسراشقا ئەھمىيەت

بەرمىسىڭىز ياكى ئۇنىڭغا زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلسىڭىز، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان بولىسىز.

ئەقىل سىزگە ئامانەت. ئەقىلنى كەتكۈزىدىغان ئىچىملىكلەرنى ياكى زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلسىڭىز بۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز.

تىلىڭىز سىزگە ئامانەت. ئۇنى غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىش، يالغان سۆزلەش، گەپ توشۇش، يامان سۆزلەرنى سۆزلەش، كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىش ئۈچۈن قوللانسىڭىز، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان بولىسىز. چۈنكى ئاللاھ تائالا تىلنى ياخشى سۆز قىلىش ئۈچۈن ياراتقان.

بالىلىرىڭىز سىزگە ئەڭ چوڭ ئامانەت. ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلىمەستىن ئۆز ھالىغا قويۇۋەتسىڭىز بۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز. بالىلارنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، قورسىقىنى ياخشى تويغۇزۇپ، كۆيۈنۈپ باققىنىڭىز ھېساب ئەمەس. چۈنكى ئىت، مۈشۈكلەرمۇ بالىلىرىنى باقىدۇ ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈپ باغرىغا باسىدۇ.

بىلىمىڭىز سىزگە ئامانەت. ئۆگەنگەن بىلىمىڭىزنى دىنغا، خەلققە ۋە ۋەتەنگە پايدىلىق ئىشلار ئۈچۈن قوللانمىسىڭىز، بۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز.

كەسپىڭىز ياكى خىزمىتىڭىز سىزگە ئامانەت. ئۇنى قېتىرقىنىپ قىلمىسىڭىز، كۆز بويامچىلىق قىلسىڭىز، ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز.

مەنسىپىڭىز سىزگە ئامانەت. مەنسەپنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، شەخسىي مەنپەئەتىڭىز ئۈچۈن ئۆز كۆمۈچىڭىزگە چوغ تارتسىڭىز، ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز.

پۇل ـ مېلىڭىز سىزگە ئامانەت. ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل ـ مالنى هارام يوللارغا ئىشلەتسىڭىز، ياكى ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمىسىڭىز ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان بولىسىز.

دېمەك، ئاللاھ تائالا سىزگە ئاتا قىلغانلارنىڭ ھەممىسى سىزدىكى ئامانەت.

ئاللاھ تائالا بۇ نېمەتلەردىن چوقۇم سوئال ـ سوراق قىلىدۇ، قانداق ئىشلەتكەنلىكىڭىزدىن ھېساب ئالىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى ﴿**ثُمَّ لَتُسْأَلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ النَّعِيمِ**﴾ يەنى ﴿ئاندىن ئۇ كۈندە نېمەتلەردىن ئەلۋەتتە ھېسابقا تارتىلىسىلەر﴾[1] دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت مەيدانىغا بەندىنىڭ قەدىمى قويۇلغان ھامان تۆت نەرسىدىن سورىلىدۇ: ئۆمرىنى نېمە بىلەن تۈگەتكەنلىكىدىن، ياشلىقىنى نېمە بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن، پۇل ـ مالنى نەدىن تېپىپ، نەگە ئىشلەتكەنلىكىدىن، ئۆگەنگەن بىلىمى بىلەن قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن.»[2]

## دىنىنى يەتكۈزۈش ئامانىتى

ئاللاھ تائالانىڭ دىنىنى ئىنسانلار ئارىسىدا تەشۋىق قىلىش، ئۇنىڭغا چاقىرىش ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر. خۇسۇسەن ئۆلىمالار ئۈچۈن ئۇنىڭدىن باش تارتىپ بولالمايدىغان مۇھىم

(1) 102ـ سۈرە تەكاسۇر 8ـ ئايەت

(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

مەجبۇرىيەتتۇر. ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان ئىسلام دىنىدىن مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ كىشىلەرگە يەتكۈزۈڭلار»[1] دەپ بۇيرۇغان. كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئىلگىرىكى ساماۋى (ئاللاھتىن كەلگەن) دىنلارنىڭ ھېچقايسىسىدا تولۇق مەنىدە ئىپادىسىنى تاپالمىغان، پەقەت ئىسلام ئۇممىتىدە تولۇقى بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلمەكتە. شۇڭا كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئەڭ ئالاھىدە خىسلەتلىرىدىن بىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۇممىتىنىڭ (مۇسۇلمانلارنىڭ) خىسلىتىنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: ﴿**كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ**﴾ يەنى ﴿ سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.﴾[2]

كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، ئۇنىڭغا يېتەكلەش، ئۇنىڭ گۈزەللىكلىرىنى ۋە ئەۋزەللىكلىرىنى باشقىلارغا نامايان قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن چوڭ ئامانەتتۇر.

### ئەمدى مۇسۇلمانلار بۇ ئامانەتنى قانداق ئادا قىلىدۇ؟

مۇسۇلمانلار كىشىلەرنى سۆزى ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن يېتەكلەيدۇ.

(1) ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(2) 3ـ سۈرە ئال ئىمران 110ـ ئايەت

شۇنداق قىلغاندىلا بۇ ئامانەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىققان بولىدۇ. كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىش ئېغىز بىلەنلا بولىدۇ، دېگۈچىلەر خاتالاشقانلاردۇر! پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى دىنغا چاقىرىشتا نۇتۇق سۆزلەش، تەبلىغ قىلىش ۋە نەسىھەت قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزى دەۋەت قىلىۋاتقان دىننى ئەمەلىي ھاياتىدا تولۇقى بىلەن گۈللەندۈرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك قىلغان 23 يىللىق شانلىق ھاياتى بۇنىڭغا گۇۋاھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى قانداقلا بىر ئىشقا بۇيرىسا، ئاۋۋال ئۇنى ئۆزى قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇلارنى قانداقلا بىر ئىشتىن توسسا، ئاۋۋال ئۆزى ئۇنىڭدىن قول يىغاتتى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ يەنى ﴿ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنىڭغا چىداملىق بولغىن﴾[1] دەپ بۇيرۇغان ئۇلۇغۋار پىرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرەتتى.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى باشقىلارغا نامازدا باشلامچى بولۇشقا بۇيرۇشى ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشلاردا شۇنداق باشلامچى بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ئايەت يەنە، پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى بولغان پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ، خۇسۇسەن پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا، يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈشتە كىشىلەرگە باشلامچى بولۇشى لازىملىقىنى تەقەززا قىلىدۇ.

---

(1) 20- سۈرە تاھا 132- ئايەت

ئىسلام دىنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن تارقالغان. ئىسلام دىنىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ، ھەرخىل مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەرگىچە يېرىپ تارقىلىشى ۋە ھەر مىللەت كىشىلىرىنىڭ قەلبىدە مۇستەھكەم ئورۇن ئېلىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللارنىڭ ئەڭ چوڭى ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئەمەلىيەتچانلىقى، سۆزى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەك بولغانلىقى ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئاسىيا قىتئەسىدە كەڭ ئورۇن ئېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئىسلام دىنىنى تارقاتقان سودا كارۋانلىرىنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن كىشىلەرنى قايىل قىلغانلىقى ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يىلتىز تارتىشىمۇ شۇنداق بولغان. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى توغرىسىدىكى قىسسە بۇنىڭ جانلىق مىسالى.

# ۋاپادارلىق

ۋاپادارلىق دېگەن سۆز قولاققا چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان، قەلبلەرگە يېقىملىق تۇيۇلىدىغان بىر سۆز. ھەركىمنىڭ كۆڭلىدىكى ۋاپادار كىشىلەرگە بولغان ھۆرمەت ـ ئېھتىرام ، ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئىشلىرىدىكى خاتىرجەملىك، ئىشەنچ ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. چۈنكى ۋاپادارلىقتىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاق كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى ئىشەنچ ۋە خاتىرجەملىكنىڭ كاپالىتىدۇر.

ۋاپادارلىق ئەڭ گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل خىسلەت، ئۇلۇغ پەزىلەت بولۇپ، تۇزكورلۇق ھۆكۈم سۈرگەن بۇ دۇنيادا تېپىلىشى ئىنتايىن ئاز بولغان، ھەركىم ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدىغان قىممەتلىك نەرسە. كاشكى، ۋاپادارلىق ھەر بىر ئۆينىڭ ئىشىك، دېرىزىلىرىدىن ھەر بىر قەلبكە ۋە ھەر بىر ئۆيگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ، شاقاۋەتكە تولغان بۇ دۇنيانى جەننەتكە ئايلاندۇرسا ئىدى...

كىمدىن سورىسىڭىز «مەن ۋاپادارمەن» دەيدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە شۇنداقمۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئاۋۋال «ۋاپادارلىق» دېگەن سۆز ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىشلارنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر «ۋاپادارلىق» دېگەن سۆزنى ۋەدىسىگە تۇرۇش، ياخشىلىق قىلغان كىشىگە شۇ ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىش دېگەن ئاددىي مەنىسىدىلا چۈشىنىدۇ. ئەمما ۋاپادارلىقنىڭ مەنىسى بۇنىڭدىن چوڭ، دائىرىسى كەڭ، ئەلۋەتتە.

**ۋاپادارلىق تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار**

تۆۋەندىكى ئالتە ئىشتا ۋاپادارلىق كۆرسىتىشكە سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ:

1. ئاللاھ تائالاغا ۋاپادار بولۇش.

2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاپادار بولۇش.

3. ئىنسانلارغا مۇئامىلە ئىشلىرىدا ۋاپادار بولۇش.

4. سىزگە ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرگە ۋاپادار بولۇش.

5. ھايات مۇساپىسىدە سىز تونۇغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ۋاپادار بولۇش.

6. ۋەدىگە ۋاپادار بولۇش.

## 1. ئاللاھ تائالاغا ۋاپادار بولۇش

مەن ئاللاھ تائالاغا بىرەر ئىشتا ۋەدە قىلمىغان تۇرسام، نېمىگە ۋاپادارلىق قىلىمەن؟ دەپ ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى ئېسىڭىزگە ئالغىنىڭىزدا، ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالاغا مىننەتدار ئىكەنلىكىڭىزنى ۋە ئۇنىڭغا ۋاپادار بولۇشنىڭ تەبىئىي بۇرچ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز. «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿وَمَا بِكُم مِّن نِّعْمَةٍ فَمِنَ اللَّهِ﴾ يەنى ﴿سىلەردىكى قانداقلا بىر نېمەت بولمىسۇن، ئۇ چوقۇم ئاللاھتىندۇر﴾[1] دەيدۇ.

قېنى ئويلاپ بېقىڭ... بالام دەپ باغرىغا باسقان، بىر ئۆمۈر

(1)16- سۈرە نەھل 53- ئايەت

ياخشىلىق قىلغان، بارلىق ئېهتىياجلىرىنى تەل قىلىپ هازىرلاپ بەرگەن، هەممىنى ئۇنىڭغا بەدەلسىز بەرگەن ئاتا ــ ئانىسىغا تۇزكورلۇق قىلىپ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈگەن بىر ئىنسانغا قانداق باها بېرىسىز؟ خەلقى ئالەم ئۇنى نېمە دەيدۇ؟

ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان ياخشىلىقلىرى، ئىنئاملىرى ۋە بەرگەن نېمەتلىرى ئاتا ــ ئانىڭىزنىڭ قىلغانلىرىدىن كۆپ ئەمەسمۇ؟ سىزنى چىرايلىق شەكىلدە هۆرمەتلىك ئىنسان قىلىپ ياراتتى، پۇت، قولىڭىزنى ساق قىلدى، تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەر بىلەن سىزنى ئوزۇقلاندۇردى ئەمەسمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «سىلەر ئۆزۈڭلاردىن يۇقىرى كىشىلەرگە ئەمەس، سىلەردىن تۆۋەنلەرگە قاراڭلار. بۇ ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى تونۇشۇڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر»[1] دېگەن. ئاللاھ تائالانىڭ سىزگە ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى تونۇشىڭىز ئۈچۈن بۇ هەدىس ئۆلچەم بولالايدۇ.

سىزدىن تۆۋەن ئادەملەرگە قاراڭكى، ئاللاھ سىزنى ئۇلاردىن قانداق يۇقىرى، قانداق هۆرمەتلىك قىلدى ـ هە؟ لەززەتلىك رىزىقلار بىلەن سىزنى قانداق ئوزۇقلاندۇردى؟ ئاتا ــ ئانىڭىزدىكى سىزگە بولغان مېهرى ــ شەپقەتنىمۇ ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە سىڭدۈرگەن ئەمەسمۇ؟

قەلبىدىن مېهرى ــ شەپقەت سۇغۇرۇپ ئېلىنغان ئادەملەر بالىلىرىنى سىزنىڭ ئاتا ــ ئانىڭىزدەك كۆيۈنۈپ قاتارغا قوشالامدۇ؟

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

مەسئۇلىيەتسىز، تەربىيەسىز تاشلىۋېتىلگەن بالىلارنىڭ جەمئىيەت داشقاللىرىغا ئايلىنىپ، پۈتۈن بالايىئاپەتلەرنىڭ مەنبىئى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەمسىز؟

ئەمدى ئاللاھ تائالا بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ بەدىلىگە مۇكاپات بېرىشىمىزگە ياكى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىزگە موھتاجمۇ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىپ دەيمىزكى، ئاللاھ تائالا بىزگە موھتاج ئەمەس، شۇنداقلا بىزنىڭ ھېچ نەرسىمىزگە موھتاج ئەمەس، شۈكۈر قىلغۇچىلارنىڭ شۈكرىسى بىلەن، ئاللاھ تائالاغا پايدا بولۇپ كەتمەيدۇ، تۇزكورلۇق قىلغۇچىلارنىڭ تۇزكورلۇقى بىلەن ئۇنىڭغا زىيان يەتمەيدۇ. پايدا ــ زىيان پەقەت ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر.

## ئۇنداقتا ئاللاھ تائالاغا قانداق ۋاپادارلىق قىلىش كېرەك؟

ئاللاھ تائالاغا بولغان ۋاپادارلىق مۇنۇ ئۈچ ئىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ:

(1) ئاللاھ تائالاغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىش.

(2) ئەمەل ــ ئىبادەتلەرنى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا قىلىش.

(3) بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يېنىش.

بۇ ئۈچ ئىشنى تولۇق ئادا قىلسىڭىز سىز ئاللاھقا ۋاپادار بەندە بولغان بولىسىز.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ**﴾ يەنى ﴿مەن ئىنسانلارنى، جىنلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت

قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾ دېگەن. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: مەن ئىنسانىنى مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنۇپ، مەن خالىغان رەۋىشتە ھايات كەچۈرۈشى ئۈچۈن ياراتتىم، دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن شەرىئەت پرىنسىپلىرى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىپ، ئۇ خالىغان رەۋىشتە ھايات كەچۈرۈش ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغانلىقتۇر.

ئاللاھ تائالاغا ئىمان ئېيتىشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا چىن ئىخلاس قىلىش، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، بۇيرۇغانلىرىنى ئورۇنداپ، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي بويسۇنۇشتىن ئىبارەت ۋاپادارلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا مۇنداق دېگەن: ﴿**يَا بَنِي إِسْرَائِيلَ اذْكُرُواْ نِعْمَتِيَ الَّتِي أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَوْفُواْ بِعَهْدِي أُوفِ بِعَهْدِكُمْ وَإِيَّايَ فَارْهَبُونِ**﴾ يەنى ﴿ ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار، ماڭا بەرگەن ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلاركى، مەنمۇ سىلەرگە ۋەدە قىلغانلىرىمنى بېرەي. يالغۇز مەندىنلا قورقۇڭلار.﴾[1]

## ۋاپادارلىق ئۈلگىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق كەمچىلىكلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان، ھەر قانداق بىر گۇناھتىن پاك بىر زات تۇرۇپ، كېچىلىرى ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىپ نامازدا ئۇزۇن

---

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 40ـ ئايەت

تۇرغانلىقتىن پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا: «يا رەسۇلۇللاھ! سىزنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھىڭىز ئەپۇ قىلىنغان تۇرسا، نېمانچە ئۆزىڭىزنى قىينايسىز؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئاللاھ تائالانىڭ شۈكۈر قىلغۇچى بەندىسى بولمامدىمەن»[1] دەپ جاۋاب بېرەتتى.

سىز دۇنيادا سىزگە ياخشىلىق قىلغان بىرىنىڭ شۇ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان يەردە، سىزگە سان ـ ساناقسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان شەپقەتلىك رەببىڭىزنىڭ شۇ ياخشىلىقلىرىغا ۋاپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشامسىز؟ ھەمدە، رەببىڭىز سىزنىڭ بۇ ۋاپادارلىقىڭىزنى مۇكاپاتسىز قويمايدۇ ئەمەسمۇ؟!

بىزنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋاپا بۇرچىمىز ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئىبادەت بابىدا بىزنى : ﴿**وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ**﴾ يەنى ﴿ناماز ئوقۇڭلار، زاكاتنى ئادا قىلىڭلار﴾[2] دەپ بۇيرىدى. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرىگە تولۇق ۋاپا قىلدۇقمۇ؟

ئەخلاق بابىدا: ﴿**قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ**﴾ يەنى ﴿مۇئمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن﴾[3] ﴿**وَقُل لِّلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ**﴾ يەنى ﴿مۇئمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن،

(1) ئىمام ئەھمەد، ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(2) 2ـ سۈرە بەقەرە 43ـ ئايەت
(3) 24ـ سۈرە نۇر 30ـ ئايەت

ئەۋرەت ئورگانلىرىنى ياپسۇن...﴾[1] دەپ بۇيرىدى. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئەمرىگە ۋاپا قىلالىدۇقمۇ؟

ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن بەدىر غازىتىغا قاتنىشالمىغان ۋە ئاللاھ تائالاغا ۋەدە قىلىپ: «ئاللاھ تائالا ئەگەر ماڭا مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش پۇرسىتىنى بەرسە، مېنىڭ قانداق جەڭ قىلىدىغانلىقىمنى ئاللاھ چوقۇم كۆرسىتىدۇ» دېگەن بولۇپ، ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلار دەسلەپتە يېڭىلىپ چېكىنىۋاتقان پەيتتە، ئەنەس ئىبنى نەزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۈشمەن تەرەپكە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. سەئىد ئىبنى مۇئاز ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «ئەي ئەنەس، ھەممە ئادەم مەدىنە تەرەپكە چېكىنىۋاتسا، سەن نەگە كېتىۋاتىسەن؟» دېگەندە، ئەنەس ئىبنى نەزىر قەتئىيلىك بىلەن: «جەننەتكە كېتىۋاتىمەن، جەننەتنىڭ خۇش پۇرىقى بۇرنۇمغا كىرىۋاتىدۇ» دەپ يولىغا داۋام قىلغان ۋە ئاخىرى شېھىت بولغان.

## ۋاپاسىزلىق ئۈلگىلىرى

ئاللاھ تائالا بەزى ئىنسانلارنىڭ ۋەدىسىدە تۇرالمايدىغان ۋاپاسىزلىق خاراكتېرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمِنْهُم مَّنْ عَاهَدَ اللّهَ لَئِنْ آتَانَا مِن فَضْلِهِ لَنَصَّدَّقَنَّ وَلَنَكُونَنَّ مِنَ الصَّالِحِينَ ۞ فَلَمَّا آتَاهُم مِّن فَضْلِهِ بَخِلُواْ بِهِ وَتَوَلَّواْ وَّهُم مُّعْرِضُونَ ۞فَأَعْقَبَهُمْ نِفَاقًا فِي قُلُوبِهِمْ إِلَى يَوْمِ يَلْقَوْنَهُ بِمَا أَخْلَفُواْ**

---

(1) 24ـ سۈرە نۇر 31ـ ئايەت.

**اللّهَ مَا وَعَدُوهُ وَبِمَا كَانُواْ يَكْذِبُونَ**﴾ يەنى ﴿ئۇلاردىن بەزىلەر: «ئەگەر ئاللاھ بىزگە ئۆز پەزلىدىن ئاتا قىلسا، ئەلۋەتتە سەدىقە بېرەتتۇق، ئەلۋەتتە ياخشىلاردىن بولاتتۇق»دەپ ئاللاھقا ئەھدە قىلدى. ئاللاھ ئۇلارغا ئۆز پەزلىدىن (بايلىق)ئاتا قىلغان چاغدا، بېخىللىق قىلىپ(ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن) يۈز ئۆرۈپ ئەھدىسىدىن يېنىۋالدى. ئۇلار ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسگە خىلاپلىق قىلغانلىقى، يالغانچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھقا ئۇچرىشىدىغان كۈنگە قەدەر ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مۇناپىقلىقنى ئورنىتىۋەتتى.﴾[1]

زامانىمىزدا شۇنداق ئىنسانلار باركى، ئاللاھ تائالاغا قارىتا ۋاپادار بولۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ. مەسىلەن: بىرى يەنە بىرىگە: «سەن ماڭا شۇ ياخشىلىقنى قىلغىن ياكى بۇ قىيىنچىلىقىمنى ھەل قىلغىن، مەن سىېنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق قىلىمەن، مۇنداق قىلىمەن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سۆزۈمدە تۇرىمەن» دەپ قارشى تەرەپنى قايىل قىلىدۇ، ئەمما ئىشنى ھەل قىلىۋالغاندىن كېيىن، تەبىئىتىگە سىڭگەن تۈزكورلۇقى سەۋەبلىك ئىلگىرى بەرگەن ۋەدىسگە ۋاپا قىلمايدۇ. مانا بۇ، ئەڭ سەسكىنىشلىك خىيانەت ھەم مۇناپىقلىقتۇر.

ھۆنەرۋەن ياكى رېمونتچى بىراۋغا پالانى كۈنى كېلىڭ ئىشىڭىز ھازىر بولىدۇ، دەپ ۋەدە قىلىدۇ، ئەمما دېگەن كۈندە كەلگىنىدە، بۇ كاززاپ ھۆنەرۋەن ياكى رېمونتچى ھېچقانداق خىجىللىق ھېس قىلماستىن ياكى ئۆزۈرمۇ ئېيتماستىن، يوق باھانىلەرنى ئويدۇرۇپ،

(1) 9- سۈرە تەۋبە 75~77- ئايەتلەر

ئۇنىڭغا يەنە باشقا بىر كۈنى كېلىشنى ئېيتىدۇ. بۇ بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن ناچار بىر ئادەت.

بىز مۇشۇ ھالىتىمىز ۋە مۇشۇ ناچار ئەخلاقىمىز بىلەن تۇرۇپ قانداقمۇ «ئاللاھ بىزگە ياردەم بەرمەمدۇ؟ تۇرمۇشىمىزنى غەربلىكلەرنىڭكىدەك پاراۋان قىلىپ بەرمەمدۇ؟ ئاللاھ مۇئمىنلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدى؟» دېيەلەيمىز؟

گەرچە غەربلىكلەر ئىمانسىز بولسىمۇ، ئۇلاردا بىر ـ بىرىنى ئالداش، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق، يالغان سۆزلەش يوق! ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزدە تولۇقى بىلەن بار. ئاللاھنىڭ دىنىدىن ۋە ئۇنىڭ ياردىمىگە ھەقلىق بولۇشتىن قانچىلىك يىراقلىشىپ قالغانلىقىمىزنى ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ؟!

## 2. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاپادار بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق ۋاپادار بولىمىز؟ ھالبۇكى، ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشاش شەرىپىگە نائىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ۋاپادار ئىدى. ئەمدى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشىمايۋاتىمىز، ئۇنىڭغا قانداق ۋە نېمە ئىشتا ۋاپادار بولالايمىز؟ دېگەن سوئال كاللىڭىزغا كېلىدۇ.

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى بىر جۈملە سۆز بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگىشىش، ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى ھاياتىمىزنىڭ پۈتۈن ساھەلىرىدە ئۈلگە قىلىشتۇر.

### بىرىنچى خەلىپىنىڭ ۋاپادارلىقى

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن

بىرگە كېتىۋاتاتتى. ئۇ ساھابىلەرنىڭ يوقسۇللىرىدىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا ئۇنىڭغا: «ئەي جابىر! ئەگەر بەھرەيننىڭ بايلىقلىرى كېلىپ قالسا، مەن ساڭا مۇشۇنچىلىك ۋە مۇشۇنچىلىك بايلىق بېرىمەن»[1] دېگەن بولسىمۇ، بەھرەيندىن بايلىق كەلمىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ۋاپات بولدى. بەھرەيننىڭ بايلىقلىرى پەقەت بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدىلا كېلىشكە باشلايدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىر كۈنى ساھابىلەرنى چاقىرىپ: «كېلىڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا كىمنىڭ قەرزى قالغان بولسا، ئېلىۋالسۇن» دەيدۇ. جابىر ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا كېلىپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: ‹ئەگەر بەھرەيننىڭ بايلىقلىرى كېلىپ قالسا، مەن ساڭا مۇشۇنچىلىك ۋە مۇشۇنچىلىك بايلىق بېرىمەن› دېگەن ئىدى» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭغا بىر ئۇچۇم دىرھەمنى ئېلىپلا بېرىۋېتىدۇ. جابىر ئەمدى قايتاي دەپ تۇرۇۋشىغا، ئەبۇ بەكرى ئۇنىڭغا: «توختا! چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا ‹مۇشۇنچىلىك ۋە مۇشۇنچىلىك بايلىق بېرىمەن› دېگەن ئەمەسمىدى، بۇنىمۇ ئال» دەپ يەنە بىر ئۇچۇم دىرھەمنى بېرىدۇ.

## ئىككىنچى خەلىپىنىڭ ۋاپادارلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن بىرگە مەككىنى تاشلاپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغاندا، مەشھۇر سەھرا يولباشچىسى سۇراقە ئىبنى مالىك ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ

(1) ھۇمەيدى رىۋايىتى

يېتىشۋالىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۇنىڭ ئېتى بىلىگىچە قۇمغا پېتىپ قېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەچۈرۈم سورايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كەچۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆلارنى كۆرمىگەن بولۇپ قايتىپ كېتىشى بەدىلىگە، ئۇنىڭغا: «قايتقىن ئەي سۇراقە! سەن كىسرانىڭ [1] بىلەزۈكلىرىگە ئىگە بولىسەن» دەيدۇ. كېيىنچە سۇراقە مۇسۇلمان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولىدۇ، ئەبۇ بەكرىمۇ ۋاپات بولىدۇ. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئىران ئىسلام دۆلىتى تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، كىسرانىڭ بايلىقلىرى ئولجا ئېلىنىپ مەدىنىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى ئۆمەر سۇراقەنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەدە قىلغان ئالتۇن بىلەزۈكنى بېرىدۇ. سۇراقە ھاياجانغا تولۇپ، قاتتىق يىغلاپ كېتىدۇ ۋە بېشىنى سەجدىگە قويۇپ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىدۇ.

## 3. ئىنسانلارغا مۇئامىلە ئىشلىرىدا ۋاپادار بولۇش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمانلار شەرتلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر» [2] دەپ كۆرسەتكەن. مۇسۇلمان بەلگىلىگەن شەرتلىرىگە، قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ئادەمدۇر! ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئەھدىنى بۇزۇش مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى بولۇپ، بىر ئادەمدە كامىل مۇسۇلمانلىق بىلەن مۇناپىقلىق ھەرگىز بىرلەشمەيدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى غالىب كەلسە، شۇ تەرەپ بېسىپ چۈشىدۇ ۋە ئۇ

(1) كىسرا ـــ قەدىمكى ئىران دۆلىتىنىڭ پادىشاھى.
(2) ئىمام بۇخارى، ھاكىم رىۋايىتى

ئادەم شۇ سۈپەتكە مەنسۇپ بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى: ﴿**وَأَوْفُواْ بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْؤُولاً**﴾ يەنى ﴿ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار. چۈنكى ئەھدە ئۈستىدە چوقۇم سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر﴾[1] دەپ بۇيرۇغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھدىسىنى بۇزىدىغان، ۋەدىسىگە تۇرمايدىغانلارنىڭ ئىمانى كامىل ئەمەسلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەمدە دىيانەت يوق»[2] دېگەن. چۈنكى ئىنسانىنىڭ ئەھۋالى ئىسلامنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، ئەمەل قىلمىغىچە تۈزەلمەيدۇ. ئىسلام بىر پۈتۈن ھايات نىزامى بولۇپ، ئۇ بۆلۈنمەيدۇ.

## قەرز ئىشلىرىدىكى ۋاپا بۇرچى

زامانىمىزدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقان ۋاپاسىزلىقنىڭ بىرى قەرز مۇئامىلىسىدە ۋاپاسىزلىق قىلىشتۇر. بىراۋغا ھاجىتى چۈشكەندە، ئۇنىڭدىن بىرەر يۈز يۈەن چاغلىق قەرز ئېلىش ئۈچۈنمۇ قىلمىغىنى قالمايدىغان، ئەۋرىشىمدەك تولغىنىپ يۈرۈپ، قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ تۆۋەنچىلىك بىلەن نەچچە قېتىم تازىم قىلىپ، ئۆزىنى يالغاندىن ۋاپادار كۆرسىتىپ تۇرۇپ ھاجىتىنى راۋا قىلىۋالغاندىن كېيىن، تەتۈر قارىۋالىدىغان، قەرزنى سورىسا يالغان ۋەدىلىرى ۋە يوق ئۆزرىلىرى بىلەن قەرز ئىگىسىنى ئالداپ، قەرزنى

---

(1) 17ـ سۈرە ئىسرا 34ـ ئايەت

(2) ئىمام ئەھمەد، تەبەرانى رىۋايىتى

ئارقىغا سۆرەيدىغان، ھەتتا ئۇنىڭغا قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان نامەردلەرنى ھەر جايدا كۆرۈۋاتىمىز.

مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەققى بولغان ‹قىل›، ‹قىلما› دېگەن ئەمر ـ پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى خالىسا ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشى بىلەن، خالىسا تەۋبىسىز كەچۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا تولىمۇ كەچۈرۈمچان ۋە بەندىلىرىگە بەكمۇ مېھرىبان زاتتۇر. ئەمما بەندە ھەققى يەنى ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىشى، مال ـ مۈلكىنى يەۋېلىشى ۋە ھەر قانداق بىر زىيانغا ئۇچرىتىشى قاتارلىق گۇناھلىرىدىن ئاللاھ تائالا ئۆتمەيدۇ. پەقەت ھەق ئىگىسى رازى بولغاندىلا، ئاندىن ئاللاھ تائالا رازى بولىدۇ. شېھىتلەرنىڭ سوئال ـ سوراقسىز ھالدا، ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بىر ھەقىقەت. ئەمما بىراۋنىڭ ھەققىنى تۆلىمەستىن ئۆلۈپ كەتكەن شېھىت جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى ئۆلىمالار سۆزلىمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شېھىدنىڭ قەرزدىن باشقا پۈتۈن گۇناھى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ»[1] دېگەن ھەدىسى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى قەرز ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە توسقۇن بولىدۇ. شۇڭا ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار بىراۋغا قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيتتى. ھەتتا ئاللاھ يولىدا جىھادقا ھازىر بولغان مۇسۇلمانلار جىھادقا چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇلارغا «كىمدە بىراۋنىڭ ھەققى ياكى قەرزى بولسا قايتىپ كەتسۇن!» دەپ ئېلان قىلىناتتى.

---

(1) ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

قەرز دېگەننى پەقەت چارە قالمىغاندا، ئۇنىڭسىز ھەل قىلىشقا ئىمكانىيەت قەتئىي قالمىغان يامان شارائىتتا مۇپتىلا بولۇپ قالغان ۋاقىتتىلا ئالىدىغان نەرسە. قەرزدار بولۇپ قېلىش خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئاۋارىچىلىكتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاسىدا ھەمىشە: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، بىراۋغا قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمەن»[1] دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «كىمكى قايتۇرماسلىق نىيىتى بىلەن بىراۋدىن قەرز ئېلىپ، شۇ قەرز بىلەن ئۆلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىغا ئوغرى بولۇپ كېلىدۇ»[2] دېگەن.

زامانىمىزدا، بەش ۋاخ نامازنى مەسجىدتە ئوقۇيدىغان، قولىدىن تەسۋى، ئېغىزىدىن زىكىر چۈشمەيدىغان، تاشقى كۆرۈنۈشىدىن دىندارلىقتىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغان، تەقۋالىق تونىغا كىرىۋالغان، ئەمما كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن قورقمايدىغان ساختا مۇسۇلمانلار ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتمەكتە. دىيانەتتىن، ۋاپادىن ۋە ئەخلاقتىن سۆزلىسە سىز ئاغزىغا قاراپ قالىدىغان، سۆزگە ئۇستا ساختىپەزلەرنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى ناچارلىقنى كۆرسىڭىز ھەقىقەتەن ئۇنداقلاردىن سەسكىنىسىز. يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان بىر غەربلىك ئادەمنىڭ ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەلگىنىدە : «ئاللاھقا مىڭ شۈكرىكى، مەن مۇسۇلمانلارنى كۆرمەي تۇرۇپ مۇسۇلمان بولغان ئىكەنمەن» دېگەن

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

(2) تەبەرانى رىۋايىتى

سۆزىمۇ بۇ سەۋەبتىن ئىپتىلىغان بولۇشى مۇقەررەر. چۈنكى باشقىلار سىزنىڭ نامىزىڭىز، روزىڭىز ۋە زاكات بېرىشتىكى مەرتىلىكىڭىزگە قارىمايدۇ. بەلكى سىزنىڭ ئەخلاقىڭىزغا، مۇئامىلىڭىزگە قاراپ باھا بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟! ئۆزىمىز مەنسۇپ بولغان پاك دىننى ناچار ئەخلاقىمىز، ساختىپەزلىكىمىز بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرستىشكە نېمە ھەققىمىز بار؟ بۇ ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا زىيانكەشلىك قىلغانلىق بولمامدۇ؟!

ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قولىدىن كەلگىنىچە كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىش، ئۇلارنى ياخشى ئىشلارغا تەشەببۇس قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش مەسئۇلىيىتى بار. چۈنكى بۇ دىن بىزنىڭ دىنىمىز. ئۇنى خۇددى ئۆز جېنىمىزنى، ئائىلىمىزنى، مال ـ مۈلكىمىزنى، يۇز ـ ئابرۇيىمىزنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىمىزنى قوغدىغاندەك قوغدىشىمىز، كىشىلەرنى بۇ دىنغا چاقىرىشىمىز، دەۋەت قىلىشىمىز ئۈستىمىزدىكى دىنى بۇرچتۇر (يەنى پەرزدۇر).

مۇسۇلمانلار ھازىرقى مۇشۇ ئەخلاقى بىلەن قانداقمۇ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا يېتەكلىيەلىسۇن؟ قاراخانىيلار خانى سۇتۇق بۇغراخاننى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقي دىندارلىقى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن قايىل قىلىپ مۇسۇلمان قىلىش ئارقىلىق ئاتۇش ۋە قەشقەر ئەھلىنىڭ، شۇنداقلا بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن مىللەت بويىچە مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئەبۇ نەسر سامانىي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى نەدە؟ بىز نەدە؟ بۇنى ئويلاپ باقتۇقمۇ؟! بىزمۇ شۇلارغا ئوخشاش مۇسۇلمان ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ساختىپەزلىك، ۋاپاسىزلىق ۋە ئالدامچىلىق ئىللەتلىرى جەمئىيەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە ۋە ھەر قايسى

ساھەلىرىگىچە يامراپ كەتكەن. ئادەتتىكىلەر ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىبادەتلەرنى جايىدا قىلىدىغان، دىندار سوپەتلىك نۇرغۇن تىجارەتچىلەر ئېلىشنى بىلىپ، بېرىشنى قەتئىي بىلمەيدۇ. گەدىنىگىچە قەرزگە بوغۇلغان تۇرۇپ، ئۆزىنى چوڭ سودىگەر كۆرسىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈپ، توختىماي باشقىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىۋاتقان، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان بىر قىسىم ئەبگارلار ھەمىشە خەلقنى شۇنداق ئالداپ كېتەلەيمىز، دەپ خام خىيال قىلىشىدۇ.

باشقا مىللەتنىڭ تىجارەتچىلىرى بىر ـ بىرىگە يول قويۇش ئاساسىدا تىجارەت قىلسا، بىزنىڭ كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىمىز تىجارەتنى بىر ـ بىرىنىڭ سودىسىنى بۇزۇش، ئۆز نەپسىگىلا چوغ تارتىش، باشقىلارنىڭ بازىرىنى كاسات قىلىش، ئۇلارنىڭ پايدا تېپىش يوللىرىنى توسۇش ئاساسىدا قىلىدۇ. ئۇلار «كارۋاننىڭ يولى بىر، رىزقى مىڭ» دېگەن ھېكمەتنى بىلمەمدۇ ياكى بىلسىمۇ ئىشەنمەمدۇ؟ ئۇلار بۈگۈننىلا ئويلايدۇ، كېلەچەككە مەھكەم ئۇل سېلىپ راۋاجلىق تىجارەت قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەممىلا يەردە بازىرى كاسات. چۈنكى ئۇلار بىلەن بىر قېتىم مۇئامىلە قىلىشقانلار ئىككىنچى قېتىم ئۇلارنى ئىزدىمەيدۇ، ئۇلاردىن قاچىدۇ.

ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەج قاتارلىق ئۇلۇغ ئىبادەتلەرنىڭ قۇل ھەققىنى (كىشىنىڭ ھەققىنى) ئادا قىلمىغان ئادەمنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋە ئازابتىن خاتىرجەم قىلىشقا يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ھارام يەيدىغان، بەندە ھەققىدىن قورقمايدىغان ئىنسانلارنىڭ ئىمانىدا چوقۇم چاتاق بار.

### ۋاقتىدا رىئايە قىلماسلىق مەسلىسى

ۋاقىتقا رىئايە قىلىش ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئاددىي سانىلىپ كەلگەن چوڭ مەسىلىدۇر. ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق، ۋەدىلەشكەن سائەتتە ھازىر بولماسلىق، باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى زايە قىلىش ئەڭ يامان ۋاپاسىزلىقتۇر. بۇ تۈردىكى ۋاپاسىزلىقتىن ھەممىمىز نېسۋىمىزنى ئالماقتىمىز. بۇ ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ مۈشكىلىسىدۇر.

بىكار تەلەپلەردىن باشقا ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەتلىك بىر نەرسە. تىرىشچان ئادەملەر ھەمىشە ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن شىكايەت قىلىدۇ ۋە كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلىغۇسى كېلىدۇ. ئەمما بىكار تەلەپلەر ئۈچۈن كۈن ئۆتسە، سائەت توشسا بولدى. ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئوغرىلايدىغان بىپەرۋالاردۇر. ھازىر توي ـ مەرىكىلەرگە چاقىرىدىغان تەكلىپنامىلەرگە «سەمىگىزدە بولسۇن، ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت» دېگەن ئەسكەرتىشلەر يېزىلىسىمۇ، بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇل ھەمسا مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى مەككىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىشتا ۋەدىلەشكەن ئىدىم، ئۇنىڭغا كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ قويۇپ كېيىن ئۇنى ئۇنتۇپ قالدىم، ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېلىقى ۋەدەم ئېسىمگە كېلىپ، ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشكەن جايغا بارسام، بۇ جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاپتىم. ئۇ: «مېنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇڭغۇ يىگىت! مانا مەن بۇيەردە، ئۈچ كۈندىن بېرى سېنى

كۆتۈۋاتىمەن»[1] دېدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قەدەر ۋاپادارلىقى ئالدىدا بىز نەدە؟

سائەت ئونغا ۋەدە قىلغان ئادەمنى سائەت ئون بىر ياكى ئون ئىككىلەردە ئاران تاپقانغا خوش بولىدىغان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئىنسانلار غەربلىكلەرنىڭ ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھاياسىزلىقلىرىنى دوراشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ ۋاقىتقا رىئايە قىلىشتەك ياخشى ئادەتلىرىنى ۋە ۋاقىتنى ئالتۇن بىلىپ ئۇنى زايە قىلماستىن پايدىلىنىدىغان روھىنى دورىسا بولمامدۇ؟!

ۋاقىت ــــ ھايات، ۋاقىت ـــ پۇل، ۋاقىت ــــ ئىلىم، ۋاقىت ـــ سالامەتلىك، ۋاقىت ــــ پەن ـ تېخنىكا، ۋاقىت ــــ قىممەتلىك ھەر نەرسە. بەزى شىركەتلەر بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشسە، بەزىسىنىڭ بىر مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ۋەيران بولىدىغانلىقى، جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېھتىياجلىق بەزى كېسەللەرنىڭ داۋالاشقا بىر مىنۇت كېچىكىش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمۇ بىر رېئاللىق.

قولدىن كەتكەن ھەممە نەرسە قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ۋاقىت قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىنساننىڭ قولىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىتتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن ئەقىل ئىگىسى بولغان ھەر بىر ئىنسان ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يېتىشى، ئۇنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى بىلىشى، شۇنداقلا

(1) ئەبۇ داۋۇد، تەبەرانى رىۋايىتى

باشقىلارنىڭ ۋاقتىنىمۇ زايە قىلماسلىقى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «كۆپىنچە كىشىلەر قەدرىنى بىلەلمەيدىغان ئىككى نەرسە باردۇر: ئۇنىڭ بىرى تەن ساقلىقى، يەنە بىرى ۋاقىتتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بىلىدىغان، ئەقىللىق كىشىلەر چوقۇم ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ. چۈنكى ۋاقىت ئۇنىڭ ھاياتى. ئەگەر ئۇ ۋاقىتنىڭ قولدىن كېتىشىگە يول قويسا، ئۇنى ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتسە، نادانلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانغا ئوخشاش بىلىدۇ. شۇڭا «ۋاقىت قىلىچقا ئوخشايدۇ، سەن كەسمىسەڭ، ئۇ سېنى كېسىدۇ» دېگەن ھېكمەت بىكار ئېيتىلغان ئەمەس.

## 4. سىزگە ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرگە ۋاپادار بولۇش

مەيلى چوڭ، مەيلى ئاددىي قانداقلا بىر ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە شۇ ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىش، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭغا رەھمەت سۆزىنى ئېيتىش ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدىغان گۈزەل ئەخلاق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە مۇكاپاتىنى بېرىڭلار، ئەگەر ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىشتىن ئاجىز كەلسەڭلار، نېمەتكە شۈكۈر قىلغانلىقىڭلارنى ئىسپاتلاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ھەققىدە ئاللاھقا دۇئا قىلىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن شۈكۈرنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ياقتۇرغۇچىدۇر.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «بىراۋ تەرىپىدىن ئاتا ـ ئېھسانغا ئېرىشكەن كىشى ئۇنىڭ بەدىلىگە لايىق نەرسە تاپالىسا مۇكاپاتىنى ئادا قىلسۇن، ئەگەر تاپالمىسا، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرسۇن. ھەقىقەتەن نېمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ئادەم ــ شۈكۈر قىلغان ۋە ئۇنى تەرك ئەتكەن ئادەم ــ نېمەتكە كۇفرىلىق قىلغان بولىدۇ.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئەڭ شۈكۈر قىلىدىغان كىشى كىشىلەرنىڭ ئېھسانىغا رەھمەت ئېيتىدىغان كىشىدۇر» يەنە بىر رىۋايەتتە: «كىشىلەردىن كەلگەن ياخشىلىققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى بىلمەيدىغان ئادەم ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەمدۇر»[3] دەپ كەلگەن.

ئىسلامنىڭ مەككە دەۋرىدە مۇسۇلمانلار ئاجىز، كۇففارلار كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا چىدىغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى سالغاننىڭ سىرتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبىلىسى بىلەن بىللە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا مۇھاسىرە قىلىش (ئېمبارگو ) جازاسىنى يۈرگۈزگەن. ئۈچ يىللىق مۇھاسىرىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار ناھايىتى قىيىن كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەن. شۇ ۋاقىتتا ئەبۇل بۇختەرى ئىسىملىك بىر كافىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ھېسداشلىق

---

(1) تەبەرانى رىۋايىتى
(2) تىرمىزى رىۋايىتى
(3) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

قىلىپ، كۇففارلارنىڭ مۇھاسىرە قىلىش جازاسىغا قارشى تۇرغان.

مۇھاسىرىمۇ ئاخىرلىشىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ، ئارىدىن يىللار ئۆتىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بۇختەرى دېگەن كافىر ئادەمنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ياخشىلىقىنى قەتئىي ئېسىدىن چىقارمايدۇ. بەدىر غازىتىغا ئاتلىنىشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىگە نۇتۇق سۆزلەپ: «ئۇرۇش مەيدانىدا كىم ئەبۇل بۇختەرىگە ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇنى ئۆلتۈرمىسۇن!» دەپ پەرمان قىلىدۇ. ئۇرۇش ئەسناسىدا، ساھابىلەردىن بىرى ئەبۇل بۇختەرىنى تۇيۇقسىز كۆز ئالدىدا ئۇچرىتىپ قالىدۇ، ساھابە ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشماستىن، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىرى بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەبۇل بۇختەرى ساھابىگە: «نېمە ئۈچۈن مېنىمۇ ئۆلتۈرمەيسەن؟» دېگەندە، ساھابە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە سېنىڭ بۇرۇنقى ياخشىلىقىڭغا ۋاپادارلىق قىلىش يۈزىسىدىن سېنى ئۆلتۈرمەسلىك پەرمانىنى بەرگەن ئىدى» دەيدۇ. ئەبۇل بۇختەرى: «ساڭا مېنىڭ ئاۋۇ ئادىمىمنى ئۆلتۈرمە دېسەم، سەن شۇنداق قىلامسەن؟» دەيدۇ. ساھابە: «ياق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنىلا ئۆلتۈرمەسلىككە بۇيرۇغان» دەپ باشقا ياققا بۇرۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئەبۇل بۇختەرى ساھابىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، ئۇنى تۇيۇقسىز ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىدا، ساھابە بۇنى تۇيۇپ قېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ سالغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق بىئارام بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەپۇ سورىغىلى كېلىدۇ ۋە ئەھۋالنى بايان قىلىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئىنتىلمىگەن بولسا ئىدى، ئۇنى ھەرگىز ئۆلتۈرمىگەن بولاتتىم» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاللاھ سېنى ئەپۇ

قىلدى» دەيدۇ.

مۇسۇلمانلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا چىققان بىر كاپىرنىڭ بىر قېتىملىق ياخشىلىقى يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىپ ۋاپا بۇرچىنى ئادا قىلىش كېرەك بولغان يەردە، ئەقىدە ۋە ئىماندا قېرىنداشلىرىمىز بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلىقلىرىغا ياخشىلىق قايتۇرۇشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر بولغان ۋاپا بۇرچى ئىكەنلىكىنى ئەقلى بار ئادەم ئەلۋەتتە چۈشىنىدۇ.

## ئۇستازلارغا ۋاپادار بولۇش

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل: «ئوتتۇز يىلدىن بېرى ئۇستازىم ئىمام شافىئىيغا بىر كۈنمۇ دۇئا قىلماي قالمىدىم» دېگەن بولسا، ئىمام ئەزەمنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھەر كۈنى ئاتا ـ ئانامغا دۇئا قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇستازىم ئەبۇ ھەنىفىگە دۇئا قىلىمەن» دېگەن.

چۈنكى ئۇستاز باغۋەن، ئۇستاز ئۇلۇغ، ئۇستاز قەدىرلىكتۇر. ئۇنى ھەر ۋاقىت ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش ۋاپادارلىق بۇرچىدۇر.

## ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇش

شەكسىزكى، دۇنيادا ۋاپادارلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق، ھەققى بىزدە ئەڭ كوپ بولغان كىشىلەر ئاتا ـ ئانىلاردۇر. ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئاللاھ تائالا بىزنى ئاتا-ئانىلارنىڭ بۇ ھەقلىرىنى قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە ئادا قىلىپ ئۇلارغا بولغان ۋاپا بۇرچىمىزنى ئورۇنداشقا بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنىڭ ياخشىلىق قىلىشىم ئۈچۈن ئەڭ ھەقلىق بولغان كىشىم كىم؟ دەپ سورىغان سوئالىغا: «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن، ھەر قېتىم

سورىغان سوئالىغا «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بېرىپ، تۆتىنچى قېتىم يەنە قايتا سورىغىنىدا: «ئاتاڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاتا ـ ئانىغا قىلىشقا تېگىشلىك ياخشىلىق ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن توختاپ قالمايدۇ. بۇ ۋاپا بۇرچى ئۇلار ھاياتتىن كۆز يۇمغاندىن كېيىنمۇ باللىرىنىڭ گەردەنلىرىدە قالىدۇ. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! ئاتام بىلەن ئانام ئۆلۈپ كەتتى، ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا قىلىشقا تېگىشلىك ياخشىلىقلار بارمۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەلۋەتتە بار، ئۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىش، گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى تىلەش، ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنداش، ئۇلار قىلىپ كەلگەن سىلە ـ رەھىمنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ھۆرمەتلەش» دەپ جاۋاب بەرگەن.[1]

راستىنلا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ روھىنى شاد قىلاي دېگەن ئادەم ئاتا ـ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار يامان كۆرگەنلەرنى يامان كۆرىدۇ. پەرزەنتلىرى ئىچىدىن ئۇلار ياخشى كۆرگەن باللىرىنى ئۇلارنىڭ خاتىرىسى يۈزىسىدىن ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار قىلىپ كەلگەن ياخشى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

مەرھۇمە ئانام كىچىك ۋاقتىمدا، ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرىدىن باشلاپ ھەر جۈمە كۈنىدە كەھف سۈرىسىنى ئوقۇشنى ئادەت قىلىۋالغانلىقىنى ئېيتاتتى ۋە ھەر جۈمە شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى

---

(1) ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى

كۆرەتتىم. مەنمۇ مەرھۇمە ئانامغا ۋاپا قىلىش ۋە ئۇنىڭ قىلىپ كەلگەن ياخشى ئىشنى داۋاملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئانامدىن ئايرىلغان 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بىرى ھەر جۈمە سۈرە كەھفنى ئوقۇپ ئانامغا دۇئا قىلىشنى ئادەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ياخشى ئادەتكە پەرزەنتلىرىمنى كۆندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىمەن.

## 5. ھايات مۇساپىسىدە تونۇغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسگە ۋاپادار بولۇش

ھاياتلىق سەپىرىدە تونۇغان، بىللە بولغان، بىرگە ياشىغان بارلىق كىشىلەرگە ۋاپا بۇرچىنى ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بالىلىق چاغلىرىڭىزدا بىرگە ئويناپ ئۆسكەن دوستلىرىڭىزغا، مەكتەپ ھاياتىنى بىرگە ئۆتكۈزگەن ساۋاقداشلىرىڭىزغا، قوشنىلىرىڭىزغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭىزغا، تونۇش ـ بىلىشلىرىڭىزگە ۋاپادار بولۇپ، ئۇلارنى ئونۇتماسلىقىڭىز، قولىڭىزدىن كەلگەن ياخشىلىقلارنى ئايىماي قىلىشىڭىز سىز ئۆتەشكە تېگىشلىك ۋاپا بۇرچىدۇر.

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپادارلىقىدىن ئۆرنەكلەر

مەككە ئازاد بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى ئالدىراش ئىدى، ئۇنىڭغا سالام بەرگىلى كەلگەنلەر، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يامانلىقلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغىلى كەلگەنلەر، يېڭىدىن ئىمان ئېيتىپ كەلگەنلەر، ئۇنى ئۇزۇن زامان كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەھۋاللاشقىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسنى ھۇزۇرىغا قوبۇل قىلىپ ئولتۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەكمۇ ياشىنىپ قالغان بىر ئايالنى كۆرۈپ قېلىپ، كەلگەنلەرنى قايرىپ قويۇپ شۇ ئايالنىڭ

يېنىغا بېرىپ، چاپىنىنى يەرگە سېلىپ ئۇنى چاپاننىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتكە كىرىشىپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئايال بىلەن بىر سائەت مىقدارى سۆھبەتلىشىپ، ئۇنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئەھۋالنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھېلىقى ئايالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئۇ ئايال خەدىجىنىڭ دوستى ئىدى، خەدىجە ھايات ۋاقتىدا بۇ ئايال بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تۇراتتى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ ئايال بىلەن نېمە توغرۇلۇق سۆھبەتلەشكەنلىكىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆتكەن كۈنلەرنى، خەدىجىنى ئەسلەپ پاراڭلاشتۇق» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۈندەشلىكى قوزغىلىپ: «سىز ھازىرمۇ شۇ تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەن قېرى خوتۇننى ئەسلەۋاتامسىز؟ ئاللاھ سىزگە ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بەردى ئەمەسمۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ياق، ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بەرمىدى. ئىنسانلار مېنى ھەر نەرسىسىدىن مەھرۇم قىلغاندا، ئۇ ماڭا بارلىقىنى بەرگەن ئىدى، ئىنسانلار مېنى ئىنكار قىلغاندا، ئۇ ماڭا ئىمان ئېيتقان ئىدى»[1] دېگەن.

ۋاپادارلىق ھايات قايناملىرىدا سىز ئۇچرىشىپ قالغان ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىنسانىي بۇرچتۇر. گەرچە سىز

(1) ئىمام ئەھمەد، تەبەرانى رىۋايىتى

بىراۋنى ياقتۇرمىسىڭىزمۇ ئۇنىڭغا ۋاپادار بولۇشىڭىز گۈزەل ئەخلاقتۇر. بۇ سۆزگە ئەجەبلەنسىڭىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ قىسسىسىنى ئاڭلاڭ:

كەبىنىڭ ئاچقۇچى ئۇزۇن زامانلاردىن بىرى ئابدۇددار قەبىلىسىنىڭ قولىدا ئىدى. بۇ قەبىلىنىڭ كاتتىبېشى ئوسمان ئىبنى تەلھە قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بەزى كاتتىباشلىرىنىڭ كەبىنىڭ ئىچىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىپ، كەبىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرەتتى. ئىسلام دەۋىتىنىڭ باشلىرىدىكى مەككىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىز ۋاقىتلىرىدا بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئىبنى تەلھەنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئەي ئوسمان! مېنىڭ كەبىنىڭ ئىچىگە كىرىشىمگە رۇخسەت بەرسەڭكەن» دەپ سىلىق سورايدۇ. لېكىن ئوسمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمانغا: «ئەي ئوسمان! بىر كۈن كېلىپ كەبىنىڭ ئاچقۇچى مېنىڭ قولۇمغا ئۆتۈپ قالسا، ئۇنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن» دەيدۇ. ئوسمان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «ئەگەر شۇنداق بىر كۈن كېلىپ قالسا، مېنىڭ ئۇچۇن يەرنىڭ ئۈستىگە قارىغاندا يەرنىڭ ئاستى ياخشى بولۇپ قالىدۇ (يەنى ئۆلگىنىم ياخشى) » دەيدۇ. يىللار ئۆتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيدۇ. مەككە ئازاد بولىدۇ، ئوسمان ئىبنى تەلھەمۇ مۇسۇلمان بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمانغا: «ئەي ئوسمان! كەبىنىڭ ئاچقۇچى قېنى؟» دەيدۇ. ئوسمان: «يا رەسۇلۇللاھ! ئاچقۇچ ئۆيدە ئىدى، مەن ھازىرلا ئۆيگە بېرىپ ئاچقۇچنى ئانامدىن ئېلىپ كېلەي» دەپ كېتىپ قالىدۇ. ئوسمان ئانىسىدىن كەبىنىڭ ئاچقۇچىنى سورىغىنىدا، ئانىسى: «سەن ئۇنىڭ بۇرۇن ساڭا دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟» دەپ ئاچقۇچنى

بېرىشنى رەت قىلىدۇ، ئوسمان ئانىسىغا يالۋۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئوسمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئاچقۇچنى ئېلىپ كېلىشتىن كېچىكىپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى ئاچقۇچنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى كۆرگەن ئوسماننىڭ ئانىسى ئاچقۇچنى دەرھال قويىنىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭغا بېرىدۇ. چۈنكى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ كەسكىنلىكىنى ھەممە ياخشى بىلەتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ: «ئەي ئوسمان! ‹بىر كۈن كېلىپ كەبىنىڭ ئاچقۇچى مېنىڭ قولۇمغا ئۆتۈپ قالسا، ئۇنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن› دېگەن سۆزۈم ئېسىڭدە بارمۇ؟» دەيدۇ. ئوسمان خىجالەتتىن ھېچ نەرسە دېيەلمەي سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرىدۇ. ئاندىن شۇ ئارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ: «يا رەسۇلۇللاھ! ئاچقۇچنى ماڭا بەرگىن (كەبىنىڭ ئاچقۇچى بىزنىڭ ئائىلىمىزدە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولايلى) دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ياق، ئەي ئابباس! بۈگۈن ياخشىلىق ۋە ۋاپادارلىق كۈنىدۇر. ئېلىڭلار، ئەي ئابدۇددار قەبىلىسى! بۇ ئاچقۇچ مەڭگۈلۈك سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولسۇن، بۇ ئاچقۇچنى سىلەردىن ئېلىۋالغان ئادەم چوقۇم زالىمدۇر»(1) دەيدۇ ۋە ئوسمان ئىبنى تەلھەنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ.

كەبىنىڭ ئاچقۇچى ھازىرمۇ ئابدۇددار قەبىلىسىنىڭ قولىدا بولۇپ كەلمەكتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش

---

(1) تەبەرانى رىۋايىتى

يۈزىسىدىن كەبىگە كىرمەكچى بولغان ھەرقانداق پادىشاھ، ياكى رەئىس جۇمھۇر ئابدۇددار قەبىلىسىنىڭ رۇخسىتىسىز كىرەلمەيدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئەمەلدارلىرى ھەر ۋاقىت كەبىگە كىرمەكچى بولغانلىرىدا، كەبىنىڭ ئاچقۇچىنى ئابدۇددار قەبىلىسىنىڭ ۋارىسلىرىدىن سوراپ ئالىدۇ، ئاندىن يەنە ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

## جورىسىغا ۋاپادارلىق قىلىش

ھايات مۇساپىسىدىكى شېرىكىڭىز بولغان، خۇشاللىق ـ غەمكىن، راھەت ـ جاپالىق كۈنلىرىڭىزدە سىزگە ھەمراھ بولغان جورىڭىزغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىڭىز ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ۋاپا قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق بولغان كىشىڭىز جورىڭىزدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا سىلىق ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۆي ئىشلىرىدا ئۇلارغا ياردەملىشىش، دەرتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، كۆڭۈللىرىنى ئېلىش، ئۇلارنىڭ ئازارلىرىغا سەۋر قىلىش، كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرۈش، ئۇلارنى ئۇرماسلىق، ئازار بەرمەسلىك، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى، تۇغقانلىرىنى ۋە ئۇلگىلىك دوستلىرىنى زىيارەت قىلىشنى توسۇماسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاياللارغا ۋاپادارلىق قىلغانلىقتۇر.

## ئىبرەتلىك قىسسە

ساھابىلەردىن بىرىنىڭ ئايالى ھەمىشە ئۇنىڭغا ئاۋازىنى يۇقىرى

(1) ئىمام ئەھمەد، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

كۆتۈرۈپ، جېدەل قىلىشىدىكەن. بۇ ساھابە بىر كۈنى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەرز قىلماقچى بولۇپ، خەلىپىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، ئۆي ئىچىدە خەلىپىنىڭ ئايالىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جېدەللىشىۋاتقان يۇقىرى ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ، «مېنىڭ ئايالىملا شۇنداق ئەمەسكەن، خەلىپىنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بار ئىكەن» دېگەن خىيال بىلەن قايتاي دەپ تۇرۇشىغا خەلىپە ئۆمەر ئۆيىدىن چىقىپ ئۇنى كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورايدۇ. ساھابە دەردىنى بايان قىلىپ: «خەلىپىنىڭ ئەھۋالى شۇنداق بولغان يەردە، ماڭا نېمە بوپتۇ ؟» دەيدۇ. خەلىپە ئۆمەر بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تەسەللى قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ۋاپادارلىق مۇجەسسەملەنگەن مۇنۇ مەشھۇر سۆزىنى ئېيتىدۇ: «ئايالىم مېنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىمنى كۆتۈرىدۇ، بالىلىرىمنى تەربىيەلەيدۇ، كىيىملىرىمنى يۇيىدۇ، تامىقىمنى ئېتىدۇ، ئۆيۈمنى پاكىز تۇتىدۇ. ئايالىم بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا بۇيرۇلمىساممۇ شۇنداق قىلىدۇ. مەن ئەمدى ئۇنىڭ ماڭا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ دەرتلىنىشلىرىنى كۆتۈرمىسەم بولامدۇ؟!»

## 6. ۋەدىگە ۋاپادار بولۇش

ئىنسان كېلىشىم تۈزسە كېلىشىمىگە رىئايە قىلىشى، بىرەر ئىشقا ۋەدە قىلغان بولسا ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشى لازىم. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاق بولسا، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش بەكمۇ قاتتىق رەزىللىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»دە ساختىلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ۋاپادارلىققا ئۈندەيدىغان ئايەتلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىسرا سۈرىسىدە: ﴿**وَأَوْفُواْ بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْؤُولاً**﴾ يەنى ﴿ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار. چۈنكى

ئەھدە ئۈستىدە چوقۇم سوئال ـ سوراق قىلىنىسىلەر﴾ دەپ كەلگەن. (ئىسرا، 34/17)

ئادەمنىڭ گېپىدە تۇرۇشى، كىشىلەر ئارىسىدا ئىشەنچلىك، گېپىدىن يېنىۋالمايدۇ، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغۇرلىمايدۇ، دەپ تونۇلۇشى ئۇنىڭ ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاقىنىڭ نىشانىسىدۇر. ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئادەمدە ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ بىرى ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، يەنە بىرى ئىرادىنىڭ چىڭ بولۇشىدۇر.

## سەگەك مېڭە بىلەن چىن ئىرادە ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنىڭ ئاملى

مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالى «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىلەن ئىرادىنىڭ سۇس بولۇشى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش يولىدىكى ئىككى چوڭ توسالغۇدۇر. ئىنساننىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ھەرخىل، قىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى ئىشلار ئىنساننىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەگەك مېڭىنىڭ بولۇشى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەم ۋەدىسىگە قانداقمۇ ئەمەل قىلالىسۇن! ئىنسان بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە ئالغاندىن كېيىن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش ئىرادىسىگە كېلىشى، قانچىلىك بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلسىمۇ بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. كىشىلەر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش يولىدا ئوخشاشمىغان تەقدىر ـ قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرىشى مۇمكىن. چۈنكى تۆلىنىدىغان بەدەل ئېغىر بولۇشى مۇمكىن. ئۆزىدە سەگەك مېڭە بىلەن ئۇلۇغۋار قەلبنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئادەم چوقۇم ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ.»

## ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەستە تۇتۇشمۇ ۋاپادارلىقتۇر

بىر ئادەمنىڭ ھازىر ۋە كەلگۈسىدە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي ئەسلەپ تۇرۇشمۇ ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن: ئىلگىرى نامرات بولۇپ، ئاللاھ ھازىر بايلىق بەرگەن بولسا، ئىلگىرى كېسەلچان بولۇپ، ھازىر ساقلىقتا ئېرىشكەن بولسا، خۇددى ھېچقاچان نامرات بولمىغاندەك، ئاغرىپ يېتىپ باقمىغاندەك مەغرۇرلىنىشى، نامراتلارنىڭ ۋە كېسەلچانلارنىڭ ھالىغا يەتمەستىن ئۆزىنىلا ئويلاپ ياششى تولىمۇ قوپاللىق ۋە نېمەتنىڭ ھېسابىغا قىلىنغان ئەڭ كەچۈرۈلمەس تۇزكورلۇقتۇر.

## پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ۋاپادار بولۇش

ۋاپادارلىق ئېسىل پەزىلەت بولۇپ، ئۇ بارلىق ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ دىنى، ئىرقى ۋە رەڭگىدىن قەتئىينەزەر ئومۇم بولۇشى لازىم. چۈنكى پەزىلەت دېگەن پارچىلانمايدىغان بىر پۈتۈن نەرسە، ئادەمنىڭ بەزى كىشىلەرگە ۋاپادار بولۇپ، يەنە بەزى كىشىلەرگە رەزىل ۋە سۆزىدە تۇرمايدىغان بولۇشى توغرا ئەمەس. قىلىنغان ۋەدە، تۈزۈلگەن كېلىشىم قانداقلا كىشى بىلەن بولسۇن، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش شەرتتۇر. ھەقىقىي دىيانەتلىك توغرا ئادەم ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇلارنىڭ رەڭگى، دىنى ۋە ئىرقى سەۋەبلىك ئايرىم مۇئامىلىدە بولمايدۇ. بەلكى ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ياخشىلىق كىمگە قىلىنمىسۇن، ئۇ ھامان ياخشىلىقتۇر. شۇنداقلا يامانلىق كىمگە قىلىنمىسۇن، ئۇ ھامان يامانلىقتۇر. ئىنسانلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئوخشاشلا ھۆرمەتكە ئىگىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا مۇئامىلىدە ئادىل بولۇپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە ئادالەتسىزلىك قىلىش، ياكى مۇسۇلمانلارغا سىلىق بولۇپ، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە قوپال بولۇش توغرا

ئەمەس.

## ۋاپادارلىقنىڭ دائىرىسى كەڭ

ۋاپادارلىق دېگەن بۇ ماۋزۇ ئىنتايىن چوڭ ماۋزۇ بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋەتەننىڭ غېمىنى يېيىش، ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن ئىزدىشىپ تۇرۇش، يوقسۇللارنىڭ ھالىغا يېتىش، يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش، پەرزەنتلىرىنى ياخشى بېقىش، جورىسىغا سادىق بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ۋاپادارلىقنىڭ جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

## شەرم ـ ھايا

شەرم ـ ھايا ـــ رەزىل ۋە قەبىھ ئىشلار ئالدىدا كۆڭۈلنىڭ سىقىلىپ، ئۇنى قىلىشتىن تارتىنىشى دېگەنلىكتۇر. ھايالىق ئادەم ئەخلاقسىزلىقلارنى ۋە قانداقلا بىر رەزىل ئىشنى قىلىش بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا، ئىنسانلار ئالدىدا ۋە ۋىجدانى ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا تاقەت قىلالمايدۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىدۇ.

شەرم ـ ھايا گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىكى بولۇپ، ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى ئەڭ زور ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىدۇر. شەرم ـ ھايا خۇددى مېۋىنىڭ پوستىغا، ئادەمنىڭ كىيىمگە ئوخشايدۇ، پوستى سويۇۋېتىلگەن مېۋە تېزلا بۇزۇلغاندەك، كىيىمسىز قالغان ئادەمنىڭ ئۇياتلىق جايلىرى ئېچىلىپ قالغاندەك، شەرم ـ ھايادىن ئايرىلىپ قالغان ئادەم ئىچكى دۇنياسىدىن بۇزۇلىدۇ، ئۇ تۈرلۈك يامانلىقلارنىڭ پاتقىقىغا پاتىدۇ.

### شەرم ـ ھايا ۋە نومۇسچانلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر

شەرم ـ ھايا يامان ئىشلاردىن ساقلىنىشقا، ھەر قانداق ھەق ئىگىسىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان بىر خىل گۈزەل ئەخلاق. ھايا كىشىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەسۋا بولۇپ قالارمەنمۇ دېگەن غەم ـ ئەندىشە قورقۇنچىسىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشى ناچار ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ.

شەرم ـ ھايا ۋە نومۇس ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇل تېمى. قىسقىسى ئىماننىڭ پوستى شەرم ـ ھايا ۋە نومۇستۇر. پوستى سويۇۋېتىلگەن

دەرەخ قۇرۇپ كەتكەندەك، شەرم ـ هايا ۋە نومۇستىن ئايرىلغان ئىنسانمۇ ئىمانى خىسلەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ۋىجدان بولسا ئىچكى نومۇستۇر. شەرم ـ هايا بىلەن نومۇسچانلىق هەر قانداق ئىنساننىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى بېيىتىپ، هۆرمىتىنى ئاشۇرىدىغان يوشۇرۇن گۈزەللىكىدۇر.

## هايانىڭ يوقىلىشى پۈتۈن پالاكەتلەرنىڭ باشلىنىشىدۇر

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىرەر بەندىسىنى هالاك قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭدىن هايانى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن هايا سۇغۇرۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇ هەر كىمنىڭ نەپرىتىگە ۋە غەزىپىگە لايىق بىرى بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئامانەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ هەمىشە خىيانەت قىلىدىغان خائىنغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇ خائىنغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن رەھىم ـ شەپقەت يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن رەھىم ـ شەپقەت يوقالغاندىن كېيىن، ئۇ لەنەتكەردىگە ئايلىنىدۇ، ئۇ لەنەتكەردى بولغاندىن كېيىن، ئىمان ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىدۇ.»[1]

بۇ هەدىس قەلبىتىكى كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى، بۇ باسقۇچلارنىڭ بارغانسېرى يۇقىرىلاپ ماگىدىغانلىقىنى بىزگە ئىنچىكىلەپ بايان قىلىپ بېرىدۇ. كىشىنىڭ هايا چۈمبىلى يىرتىلسا، ئۇ قىلغان ئىشلىرىدا ئەيىبلىنىشلەردىن تەپتارتىپ قالمايدۇ. مۇنداقلار كىشىلەرگە ئازار قىلىدۇ. قول ئاستىدىكىلەرنى ئېزىدۇ. پەرزەنتلىرىگە ۋە قوشنىلىرىغا يىرىكلىك

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

قىلىدۇ. بۇنداق ئادەمنى ھېچكىم ياقتۇرمايدۇ. ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىگە ئۆچمەنلىك ئۇرۇقىنى سالىدۇ. بۇ دەرىجىگە يېتىپ قالغان ئادەمگە ھېچكىم ئىشەنچ قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن خاتىرجەم بولالمايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ پۇل - مېلىنى يەۋېلىش ياكى ئابرۇيىنى تۆكۈشتىن خىجىل بولۇپ قالمايدىغان، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشنى كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيدىغان، ياكى مەجبۇرىيەتكە سەل قارايدىغان، ياكى سودىدا ھىيلە ئىشلىتىدىغان ئادەمگە قانداقمۇ ئىشەنچ قىلغىلى بولسۇن؟!

## ھايا ــــ ھاياتلىقتۇر

ئەرەب تىلىدىكى ھايا سۆزى ھايات سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ھايالىق ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتى ھايات، يەنى تىرىك بولىدۇ. ھايا قىلغان ئادەمنىڭ ھاياسى ئىچكى ھايات قايىنىمىدىن چىققان بىر خىل كۈچ بولۇپ، بۇ كۈچ ئۇنى رەزىللىكلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

ھايالىق ئادەمنىڭ قەلبى تىرىك، ھاياسىز ئادەمنىڭ قەلبى ئۆلۈك بولىدۇ. قەلبىنىڭ ئويغاقلىقى ئاشقانسېرى ئۇنىڭ ھاياسى ئاشىدۇ. قەلبى ئۆلگەن ئادەمدە ھايانى قوزغايدىغان ھېسسىياتمۇ ئۆلگەنلىكتىن، مۇنداق ئادەم رەزىللىكلەرنى رەزىللىك دەپ بىلمەيدىغان ۋە ھېس قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا شەرم ـ ھايانىڭ يوقلىشى بارلىق رەزىللىك ۋە يامانلىقلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. ھاياسىز ئادەمدىن ھەممە يامانلىقلارنى كۈتۈشكە بولىدۇ.

## ھايا بىلەن خىجىللىقنىڭ پەرقى

نۇرغۇن كىشىلەر ھايا قىلىش بىلەن خىجىل بولۇشنى بىر مەنىدە چۈشىنىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە ھايا بىلەن خىجىللىق ئوتتۇرىسىدا

ناهايىتى چوڭ پەرقلەر بار.

پسىخولوگىيە ئالىملىرى خىجىللىقنى مەلۇم شارائىتلاردا ئىنساندا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئەندىكىش دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ خۇددى مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا قورقۇنچتىن جاۋاب بېرەلمىگەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. خىجىللىق قورقۇنچاقلىقتىن كېلىدىغان نەرسە. خىجالەتچان ئىنسان ئىرادىسى ئاجىز ئىنساندۇر. ئەمما شەرم ـ هايا بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىرادىسى كۈچلۈك، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان ئادەمدە بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم رەزىللىكلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتىدۇ.

خىجالەت سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ يوللۇق ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كەچكەن ئادەم هايالىق سانالمايدۇ. چۈنكى هايالىق ئادەم ئېزىلىشكە، بوزەك قىلىنىشقا رازى بولۇپ تۇرالمايدۇ.

## هايا بىلەن ئىمان قوشكېزەكتۇر

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام : «هايا بىلەن ئىمان ئىككىسى قوشكېزەكلەر بولۇپ، بىرى يوقالسا، ئىككىنچىسىمۇ يوقىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. «هاياسىزدا ئىمان يوق» دېگەن سۆز بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئېيتىلغان بولۇشى ئېھتىمال.

يەنە بىر مەشهۇر ھەدىستە : «ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچە بولۇپ، ئۇنىڭ بىر شاخچىسى هايادۇر»[2] دەپ كەلگەن.

(1) هاكىم رىۋايىتى
(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

## ھايا دەرىجىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى

شەرم ـ ھايا دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ۋە ئەڭ كاتتىسى ئاللاھ تائالادىن ھايا قىلىشتۇر. گۇناھ ـ مەسىيەتلەر پەقەت ئاللاھ تائالادىن ھايا قىلمىغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق ئىشلىرىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ كۆز ئالدىدا يامان ئىش قىلىشتىن ھايا قىلىدۇ ـ دە، نەدە بولمىسۇن، يامان ئىش قىلىشتىن توسۇلىدۇ.

ئىنسان گاھىدا چوڭ گۇناھلارنى ئىشلەپ قويغانلىقىغا ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ ۋە ھايا قىلىپ ھامان تەۋبە قىلىدۇ ـ دە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. گاھىدا ئۇ كىچىك بىر گۇناھ ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلماستىن، ئاللاھ تائالادىن ھايا قىلماستىن يۈرۈۋېرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭ بۇ كىچىككىنە گۇناھى چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. مۇندىن باشقا ئاللاھ تائالادىن ھايا قىلماسلىق، گۇناھنى كىچىك ساناپ ئۇنىڭغا داۋام قىلىش چوڭ گۇناھلارغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بىر كىچىك گۇناھ ئۈچۈنمۇ تەۋبە قىلىش كېرەك.

ئىبنى قەييىم جەۋزى ھايا توغرۇلۇق مۇنداق ئېسىل بىر سۆزنى قالدۇرغان: «ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە گۇناھ بىلەن خۇشال بولۇش ئۆتكۈزگەن گۇناھتىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە گۇناھ قىلىۋېتىپ كۈلۈش ئۇ گۇناھتىن ئېغىردۇر، گۇناھ ئىشنى قىلالمىغانلىق سەۋەبلىك غەمكىن بولۇش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە گۇناھ قىلغاندىن ئېغىردۇر، گۇناھقا قىزىقىش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە گۇناھتىن ئېغىردۇر.»

## شەرم ـ هايا قىممەتلىك جەۋھەردۇر

ھەقىقىي ھايا ۋە نومۇس كۆپچىلىك ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىشقا ھەر قانداق ۋەزىيەتتە جۈرئەت قىلىشنى بىلىشتۇر. نومۇس، ھايا ئېگى ئىنساننى جازا ھەققىدىكى ھەر قانداق ۋەز ـ نەسىھەت كىتابلىرىدىنمۇ بەكرەك توغرا يولغا سالىدۇ. شۇڭا بارچە ساماۋى دىنلار ئىنسانغا شەرم ـ ھايا ۋە نومۇسنى ئۆگەتكەن ۋە ئۇنىڭغا تەشەببۇس قىلغان.

ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى، مۇكەممەلسىزلىكىنى ھېس قىلىش ئىقتىدارى مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئۇياتنى يەنى ئۆز كەمچىلىكلىرى، مۇكەممەلسىزلىكى ۋە ئاجىزلىقىدىن ئويۇلۇش تۇيغۇسىنى ئاتا قىلغان. شۇڭا قانۇن توسۇپ قالالمىغان ئىشلارنى ھايا ـ نومۇس توسۇپ قالالايدۇ. ئىنسان ئۆزىدىن خۇددى باشقا ئادەملەردىن ھايا قىلغاندەك ھايا قىلىشى ۋە يالغۇز ئۆزىلا بىلىپ تۇرۇپمۇ باشقىلارنىڭ بىلىش ـ بىلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر يامان ئىشتىن قەتئىي قول ئۈزۈشى لازىم. ئەدەپ ـ ئەخلاقنى نومۇستىن، نومۇسنى ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن ئاجراتقىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئۇمۇ، بۇمۇ يىمىرىلىشكە باشلىسا بارلىق كۆركەم بىنا يېقىلغان بولىدۇ، قەدىرسىز بولىدۇ ۋە ئۇ نەپرەتتىن باشقا ھېچبىر تۇيغۇنى ئويغاتمايدۇ. شۇڭا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلشىر نەۋايى : «ھاياسىزدا ۋاپا يوق، ۋاپاسىزدا ھايا يوق» دېگەن ئىكەن.

ئەجدادلىرىمىزمۇ : «ھايالىق كىشى باھالىق كىشى»، «ھاياسىزدا ئىمان يوق» دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەتلەرنى قالدۇرغان. ھايا ۋاپادارلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ۋاپادارلىقنى پەقەت شەرم ـ ھايالىق كىشىلەردىنلا كۈتۈش مۇمكىن.

## شەرم ـ ھايا بىلەن مېھرى ـ مۇھەببەت ئىككىسى قوش كېزەكتۇر

شەرم ـ ھايا بىلەن مېھرى ـ مۇھەببەت بىر ۋاراق قەغەزنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشايدۇ. پەقەت بىرلا يۈزى بار قەغەزنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك، شەرم ـ ھاياسىز مېھرى ـ مۇھەببەتنى، مېھرى-مۇھەببەتسىز شەرم ـ ھايانىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مېھرى ـ مۇھەببەت بىلەن شەرم ـ ھايا دەرىخىنىڭ رەڭدار چاقناپ تۇرىدىغان، خۇشبۇي، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان مېۋىسىدۇر.

ئەڭ پەسكەش ئادەملەر نومۇس، ھايا ئېڭى يوق كىشىلەردۇر. مۇنداق كىشىلەرگە ھەممىلا يەردە نەپرەتلەر يېغىپ تۇرىدۇ. شەرم ـ ھايا بىلەن نومۇسنى يوقاتقان كىشىنى ئۆلۈك دەپ سانىسا بولىدۇ. ئىنسانىنىڭ بىرلا كەتكەن ئۇيات، نومۇسى قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا ھەركىم ئۆزىنىڭ ئۇيات، نومۇسنى جېنىدىنمۇ ئەزىز بىلىپ قوغدىشى لازىم. شائىر تاگور: «گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى رەڭدار» دېگەن ئىكەن. دۇنيادا قايسى رەڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ رەڭدار دېسە نومۇسچانلىقنى بىلدۈرىدىغان رەڭ ئەڭ گۈزەل، دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. ئادەم خىجىل بولغاندا، ھايا قىلغاندا، نومۇس قىلغاندا تەنلىرى تىترەپ، يۈزى قىزىرىدۇ. مانا مۇشۇ چاغدىكى قىزارغان ۋە ئوت ئالغان يۈزنىڭ رەڭگى ئەڭ گۈزەلدۇر.

### ھايا ۋە نومۇسچانلىق چوڭ نېمەت

ھايا ۋە نومۇسچانلىق ئاللاھ ئاتا قىلغان چوڭ نېمەت، شۇنداقلا ئاڭنىڭ، تەربىيەنىڭ ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. دېمەك، شەرم ـ ھايا بىلەن نومۇس پۈتكۈل گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ يۈرىكى ۋە تۈپ يىلتىزىدۇر. شەرم ـ ھايا بىلەن نومۇس تۇيغۇسى ئىنسانلاردىكى

ئەڭ ساپ، ئەڭ تەبىئىي بولغان ھېسسىي ھادىسە، ئۇ ئەڭ ئالىي ماقامدىكى ئەخلاق ئۇستازى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قۇلاقنىڭ قىزىرىشى بىلەن كۆزنىڭ ھەرىكىتى كىشىنىڭ چېھرىدە گەۋدىلەنگەن نومۇس تۇيغۇسىنى چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. نومۇس تۇيغۇسى بولماي تۇرۇپ نومۇسچان يۈز بولمايدۇ. نومۇس تۇيغۇسى ئىنسانلارغىلا خاس ئالاھىدىلىك. شۇڭا ھايۋانلاردا مۇنداق تۇيغۇ بولمايدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ھايالىق ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆرمەسكە سالاتتى. ئەبۇ سەئىد خۇدرى ئىسىملىك ساھابە: «رەسۇلۇللاھ يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ بەك ھايالىق ئىدى. ئۇنىڭ بىرەر ئىشنى ياقتۇرمىغانلىقىنى چىرايىدىن بىلگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆڭى سۆزلۈك ۋە نېپىز ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئالىيجاناب ، ھايالىق بولغانلىقتىن كىشلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشنى ئۇلارغا يۈزمۇ ـ يۈز تۇرۇپ ئېيتمايتتى» دېگەن.

دېمەك، قىز ـ ئاياللار ئۈچۈنمۇ شەرم ـ ھايا ۋە نومۇس تۇيغۇسى ھاياتلىق دېمەكتۇر. ھەتتا ھاياتىنىمۇ قىممەتلىكتۇر. نومۇسنى قوغداش يولىدا جاننى پىدا قىلىش ئەڭ ئاددىي تەلەپتۇر.

شۇڭا ئۇيغۇر دىيارىدىكى نۇزۇگۇم ۋە يەتتە قىزلىرىمدەك نومۇس ئابىدىلىرى تارىختىن بويان ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ بىلەن يادلىنىپ كەلمەكتە.

## ھايالىق بولۇش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ساپلىقىدۇر

بىر ئادەمدىكى شەرم ـ ھايا بىزگە شۇ ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ ۋە

ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. سىز بىر ئادەمنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ھەرىكەتتىن ئۆزىنى تارتىۋاتقانلىقى، ياكى قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى قىلىپ قويغان ۋاقتىتا چىرايىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئويغاق، ئەسلىنىڭ پاك، تەبىئىتىنىڭ ساپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز. شۇنداقلا بىرەرسىنىڭ پەس، گۇناھ ئىشلارنى ھايا قىلماستىن قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، ئالغان ـ قويغىنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا، ئۇنىڭ قولىدىن ياخشى ئىش كەلمەيدىغان كۆڭلى قارا، يۈزى قېلىن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ھەر قانداق دىنىنىڭ بىر ئەخلاقى بار، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ھايادۇر» دېگەن. مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالى «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىمان بەندە بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدىكى بۈيۈك ئالاقە بولۇپ، قەلبنى پاكلاش، ئەخلاقنى توغرىلاش، ھەرىكەتنى دۇرۇسلاش قاتارلىقلار بۇ بۈيۈك ئالاقىنىڭ تەلىپى، بەلكى ئۇنىڭ تۇنجى ئىزناسىدۇر. قەلبنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇپ، خاتالىقلار ۋە پەس ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمىغۇچە بۇ تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. يامان ئىشلارنى قىلىشتىن تەپتارتماسلىق تەدرىجىي ھالدا گۇناھلارنى قىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىمانىمۇ يوقىلىدۇ. ئاخىرىدا ئۆزىنى ئەڭ پەس ۋە تۆۋەن ئورۇندا كۆرىدۇ».

### ھايانى يوقاتقان ئادەم ئامانەتنىمۇ يوقىتىدۇ

ھايانىڭ يوقىلىشى ئىشەنچ ـ ئامانەتنىڭ يوقىلىشىدۇر. كىمكى

هايانى يوقىتىدىكەن، ئۇ ئامانىتنى يەنى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىگەن ئادەم جەمئىيەتتە قىممەتسىز ئادەم بولۇپ قالىدۇ. مۇنداقلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ھەۋىسىنى قاندۇرۇش يولىدا يۈگۈرىدىغان ياۋايىلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. مۇنداقلار ئۆزلىرىدىكى ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك ئىللەتلىرى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ۋە ئەقلى قېلىن پەردىلەر بىلەن پەردىلەنگەن بولۇپ، ئۆزىنى تېخىمۇ ئازدۇرىدىغان، تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغان نەپسى ھەۋەسلەردىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ. قۇلاقلىرى ھەم ھەقنى ئاڭلىيالمايدۇ.

ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ قىلغان خاتالىقلىرى ۋە بەزى يامانلىقلىرىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن تەپ تارتىش ھايانىڭ ئۆزىدۇر.

# سەۋرچانلىق گۈزەل ئەخلاق

سەۋر ـــ كۆڭۈل ھاۋايى ـ ھەۋەسنى ۋە گۇناھ ئىشلارنى قىلىشنى ئىشتىھا قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەقىلنىڭ نىداسىغا قۇلاق سېلىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، بۇنداق ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش، ئازار ـ كۈلپەتلەرگە، ئوڭۇشسىزلىقلارغا، كېسەللىكلەرگە، نامراتلىققا، مۇسىبەتلەرگە ۋە بالايىئاپەتلەرگە چىداشلىق بېرىپ، ئۆزىنى يوقاتماسلىق دېگەنلىكتۇر. سەۋرنىڭ مۇكاپاتىمۇ چوڭدۇر. «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿**وَلَنَجْزِيَنَّ الَّذِينَ صَبَرُواْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ**﴾ يەنى ﴿سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.﴾[1] دېگەن ئايەت بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ھەقىقىي سەۋر ئىنساننى گۇناھ، مەسىيەتلەردىن توسىدۇ ۋە ئۇ ئىشلارنى قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ. ھەقىقىي سەۋر ـ چىدامغا ئىگە بولغان ئادەم ھاياتىدا ئۇچرىغان چوڭ ـ كىچىك سىناقلار ئالدىدا تىت ـ تىت بولمايدۇ، گاڭگىراپ قالمايدۇ، تەقدىردىن ئاغرىنمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى ئاللاھنىڭ سىنىقى دەپ چۈشىنىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ۋە سىناقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىدۇ. سەۋر كۆپلىگەن كىشىلەر چۈشەنگەندەك، ناھەقچىلىككە، زۇلۇمغا ۋە يامانلىققا كۆز يۇمۇپ جىم تۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە، يامانلىقنى قايتۇرۇش، زۇلۇمنى يوق قىلىش ۋە ھەققانىيلىقنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھارماي ـ

---

(1) 16ـ سۈرە نەھل 96ـ ئايەت

تالماي ئىشلەش ۋە بۇ يولدا چىداملىق بولۇش سەۋرنىڭ جەۋھىرىدۇر.

ساقلاش، سەۋر قىلىش ۋە كۈتۈشلەر دۇنيا قانۇنىيىتى ۋە رەت تەرتىپىدۇر. مەسلەن: ئۇرۇقنى يەرگە سېلىپ بولغۇچىلا ئۈنمەيدۇ. ئۈنسىمۇ هامان هوسۇل بەرمەيدۇ. بەلكى ئۈنۈپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ پىشقىچە كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. تۆرەلمىمۇ تولۇق ئىنسان بولۇشى ئۈچۈن ئانىنىڭ قورسىقىدا بىر قانچە ئاي تۇرىدۇ. ۋاقىت دۇنيادىكى هەر بىر هەرىكەت ۋە جىملىقنىڭ كىيىمى. ئەگەر بىز ۋاقىتتىن هالقىپ چىدامسىزلىق قىلساق، چىدىماسلىقنىڭ ئوتىدا ئازابلانغاندىن باشقا قانۇنىيەت بويىچە هەرىكەت قىلىدىغان شەيئىلەرنىڭ ماهىيىتىدىن هېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيمىز.

كىرىزىس كۈچىيىپ مۇرەككەپلەشسە، قىيىنچىلىق ئېغىرلىشىپ زۇلمەتلىك كېچە ئۇزارسا، پەقەت سەۋرلا ئىنسانغا گاڭگىراشتىن قوغدايدىغان نۇر، چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان يول ئاتا قىلىدۇ. سەۋر هەر قانداق ئىنسان دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئېھتىياجلىق بولغان پەزىلەت. ئىنساننىڭ ئىش ـ هەرىكىتى، ئارزۇ ئۈمىدلىرى، سەۋرچانلىق ۋە چىدام بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇشى زۆرۈر. بىر هەدىستە: «سەۋر ـــ چىراغدۇر» دەپ كەلگەن. چىراغ قاراڭغۇنى يورۇتقاندەك، سەۋرچانلىقمۇ ئىنساننىڭ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

بۇ دۇنيا سىناق ۋە ئىمتىهان دۇنياسى بولغانلىقتىن، ئىنسان باشتىن كەچۈرگەن هەر بىر چوڭ ـ كىچىك سىناق ئاشۇ سىناقلار ئىچىدىكى بىر هالقىدۇر. ئېغىر سىناقلارنىڭ سەۋەبلىرىمۇ يوشۇرۇن بولىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۆزىنى جەڭ مەيدانىدىكى ئەسكەردەك هەرقانداق سىناققا هازىر تۇتۇشى زۆرۈردۇر. كىشىلەر ئادەتتە سەۋردىن ئىبارەت

ھەقىقەتنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ قىيىنچىلىقتا دۇچ كەلگەندە گاڭگىراپ قالىدۇ. بىئارام بولىدۇ. ئىنسان ئۈمىدسىزلىكتە ئۇچرىسا، بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلسە كەڭ جاھان ئۇنىڭغا تارىيىدۇ. كۈنلەر قىيىنلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشنى تېزرەك بىر تەرەپ قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. سەۋرچانلىق بۈيۈكلۈكنىڭ نامايەندىسى، مۇكەممەللىكنىڭ بەلگىسى، روھنىڭ ئەتراپتىكى ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.[1]

## سەۋرچانلىق پىشىپ يېتىلگەنلىكنىڭ ئالامىتى

سەۋرچانلىق پىشقان ئەرلىكنىڭ، يۈكسەك باتۇرلۇقنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. تۇتۇرۇقسىز ئادەملەر ھاياتلىقنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئادەتتە بىراۋدا يۈتكىمەكچى بولغان ئېغىر يۈك بولسا، ئۇ كىچىك بالا، كېسەلچان ياكى ئاۋاق كىشلەرنى ئىشلەتمەيدۇ. بەلكى كۈچلۈك ئەرنى تاللايدۇ. ھاياتلىقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ۋەزىپىسى ھاياتلىقنى بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈشنى پەقەت ئەڭ چىداملىق، سەۋرچان، پىشقان كىشلەرلا ئۈستىگە ئالالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېتەكچى ۋە يولباشچىلارنىڭ سىناق ۋە مۇشەققەتلەردىكى نېسىۋىسى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ.

## نەپسنىڭ شەھۋانىي ئىستەكلىرىنى پەقەت سەۋرلا توختىتالايدۇ

ئادەتتە ئۆزى قىزىقىپ كەتمەيدىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش، قىزىقىدىغان نەپسانىيەتچىلىكتىن ئۆزىنى تارتىش پەقەت سەۋرچانلىق

---

(1) مۇتەپەككۇر ئالىم مۇھەممەد غەززالىينىڭ «**خلق المسلم**» (خۇلقۇل مۇسلىم، مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. چۈنكى ئىرادىلىك كىشىلەر ئۇلۇغۋار غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا، نەپسىنىڭ ۋاقىتلىق ئىستەكلىرىنى سەۋرچانلىقىنىڭ سايىسىدا قايرىپ قويالايدۇ ۋە يولىغا داۋام قىلىدۇ. ئۆرۈكنى پىشىشتىن بۇرۇن قېقىۋەتكەن باغۋەن مول ھوسۇلدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭا «سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ» دېگەن ھېكمەت بار. ئىنسان ئۆزىنى سەۋر بىلەن قوراللاندۇرۇپ، قىيىنچىلىقلار ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدىغان، مەنزىل يىراق بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان، مەسئۇلىيەتچانلىق قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ ئۈستىگە ئېلىشتىن قورقمايدىغان، ئىرادىلىك، پاراسەتلىك، قىيىنچىلىقتىن كېيىن ھامان ئوڭايلىقنىڭ، قاراڭغۇلۇقتىن كېيىن يورۇقلۇقنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئۈمىدۋار، يىراقنى كۆرەر، تەدبىرلىك بولۇشى لازىم.

## سەۋرچانلىق گۈزەل ئەخلاق

سەۋر قىلىش ۋە چىداملىق بولۇش ھەر قانداق بىر ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئېسىل ئەخلاق ۋە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنىڭ بىرى. سەۋر بىلەن چىدام ئىنسان ئۆزىنىڭ روھى ۋە نەپسى خاھىشى بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان گۈزەل ئەخلاق بولۇپ، بىر ھەدىستە: «ھېچكىمگە سەۋردىن ئارتۇق چوڭ سوۋغا بېرىلگىنى يوق» (1) دېيىلگەن. چۈنكى سەۋرچانلىق بىلەن چىدام ئىنساننىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

## سەۋرنىڭ ئەھمىيىتى

---

(1) ئۇسۇلى خەمسەدە رىۋايەت قىلىنغان.

ئىنسان رىئال تۇرمۇشتا تەقدىرنىڭ نۇرغۇن سىناقلىرىغا ئۇچرايدۇ. بەزىلىرى شۇ ئوڭۇشسىزلىقلارغا ۋايساپ تەقدىردىن ۋە زاماندىن ئاغرىنىدۇ، سىناقلار ئالدىدا تەمتىرەيدۇ، بۇنى ھەرگىزمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن سىناق دەپ قارىمايدۇ. نەتىجىدە شۇ سىناقلاردىن ئۆتەلمەي بىر ئۆمۈر قايمۇقىدۇ. بەزىلەر بولسا سىناق ۋە كۆلپەتلەرگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا، بۇ سىناق ۋە كۆلپەتلەرنى يېڭىش ئۈچۈن بارلىق سەۋەبلەرنى ۋە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە ئاللاھنى ئەسلەيدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ. نەتىجىدە ئاللاھ ئۇنىڭ مۈشكۈلاتلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ، سىناقلاردىن ئۆتۈشكە ياردەم قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ سەۋر قىلغانلىقىغا ۋە چىداملىق بولغانلىقىغا كاتتا ئەجىر ۋە ساۋاب بېرىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**وَلَنَجْزِيَنَّ الَّذِينَ صَبَرُواْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ**﴾ يەنى ﴿سەۋر قىلغۇچىلارغا، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.﴾[1] دەپ كۆرسىتىلگەن.

چىداملىق بولۇش تۇرمۇشقا ئادىل قارايدىغان كىشىلەرنىڭ شوئارى، پىششىپ يېتىلگەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مىزانى بولۇپ، سەۋر بىلەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سەۋرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن قىيىن. شۇڭا چىداملىق بولۇش ئۈچۈن سەۋرچان بولۇش كېرەك.

## ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىش سەۋرچانلىق ئەمەس

(1) 16ـ سۈرە نەھل 96ـ ئايەت

نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھ تائالا ساۋاب ۋە كوپ ئەجىر بېرىشنى ۋەدە قىلغان سەۋرچانلىقنى توغرا چۈشەنمەستىن، زۇلۇمغا، ناھەقچىلىككە ۋە ئېزىلىشكە رازى بولۇپ قاراپ تۇرۇش قاتارلىقلارنى سەۋردىن سانايدۇ. بۇ ئىنتايىن خاتا چۈشەنچە بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارنى يامان كۆرىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿**أَلَمْ تَرَ إِلَى الَّذِينَ خَرَجُواْ مِن دِيَارِهِمْ وَهُمْ أُلُوفٌ حَذَرَ الْمَوْتِ فَقَالَ لَهُمُ اللّهُ مُوتُواْ ثُمَّ أَحْيَاهُمْ إِنَّ اللّهَ لَذُو فَضْلٍ عَلَى النَّاسِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَشْكُرُونَ**﴾ يەنى ﴿ئۆزلىرى مىڭلارچە تۇرۇقلۇق، ئۆلۈمدىن قورقۇپ، يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان كىشىلەردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟[1] ئاللاھ ئۇلارنى «ئۆلۈڭلار» دېدى (ئۇلار ئۆلدى). ئاندىن كېيىن ئۇلارنى تىرىلدۈردى، ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىكتۇر ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى شۈكۈر قىلمايدۇ﴾[2] دېگەن ئايەتتە قىسسىسى بايان قىلىنغان ئىنسانلارمۇ زۇلۇمغا رازى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانلار ئىدى.

(1) بۇ ئايەتتە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر قەۋمنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبىرى ئۇلارنى دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشقا بۇيرۇغان. ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقۇپ يۇرتلىرىدىن قېچىپ چىققان، ئاللاھنىڭ قازاسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئۆلگەن، ئاندىن پەيغەمبىرىنىڭ دۇئاسى بىلەن تىرىلگەن.

(2) 2ـ سۈرە بەقەرە 243 ـ ئايەت

## مەنىۋى بايلىق بەخت ـ سائادەت

بەختكە ئېرىشىش ھەممە ئادەمنىڭ ئارزۇسى، مەيلى ساددا پىكىرلىك ئادەتتىكى كىشىلەر بولسۇن ياكى يېتىشكەن مۇتەپەككۇر، ئالىم بولسۇن ھامان بەختكە ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ. شاھلار ئۆزلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىلىرىدا بەخت ئۈچۈن ئاھ ئۇرسا، گادايلار غېرىبانە كۈلبىلىرىدە بەخت ئىزدەپ چوت سوقىدۇ ۋە ئەڭ شېرىن چۈشلەرنى كۆرىدۇ. كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، مەنىۋىيىتى ساغلام، ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولغان ھەر قانداق ئادەم ئۆزىگە جاپا ـ مۇشەققەت ئىزدىمەيدۇ، ئۆز بەختسىزلىكىگە رازى بولمايدۇ. بىراق ئۇ ئاھ ئۇرۇپ، بۇ چوت سوقۇپ ئىزدەۋاتقان، ئىنتىلىۋاتقان بەخت زادى قەيەردە؟ ھەقىقىي بەخت زادى نېمىدە؟ بەختنىڭ ئۆلچىمى بارمۇ؟

تارىختا تالايلىغان كىشىلەر بەخت ئىزدەپ ياشىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن توختاۋسىز كۈرەش قىلىپ كەلدى. بىراق ھەقىقىي بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن نۇرغۇن كىشىلەر بەخت ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان جايلاردىن بەخت ئىزدەپ خۇددى باياۋاندىن گۆھەر ئىزدىگەن كىشىدەك ھالسىرىغان، سالپايغان ھالدا قۇرۇق قول قايتىشتى. دەرۋەقە كىشىلەر ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ماددىي مەئىشەتكە چۆككەنسېرى، نەپسى خاھىشلىرىغا بېرىلگەنسېرى يېڭى كىرىزىسلارغا پېتىپ قېلىشتىن باشقا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇنداقتا بەخت زادى نەدە؟ ئۇ نېمىدە؟

### بەخت ـ سائادەت مال ـ دۇنيادا ئەمەس

نۇرغۇن ئىنسانلار ماددىي ئېھتىياجىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋېلىپ، ماددىي يۈكسەكلىكنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئىنتىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان ئاشۇ ماددىي پاراغەتلەردە بىر قىسىم نەرسىلەرگە ئېرىشكەندەك قىلغان بىلەن، يەنە بىر قىسىم قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىشماقتا.

دېمەك، مال دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى، قورساقنىڭ توق، كىيىمنىڭ پۈتۈن بولۇشىلا بەختتىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ بەختنىڭ ئەمەلگە ئېشىش يولىدىكى ئاساسلىق ئامىلمۇ ئەمەس. ئەكسىچە مال ـ دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى بىر مۇنچە كىشىلەردە تولا چاغلاردا غەم ـ قايغۇنىڭمۇ كۆپ بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ، ئاخىرەتتىلا ئەمەس، دۇنيادىمۇ بۇ كىشىگە نىسبەتەن بىر ئاپەت بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بىر مۇنچە كىشىلەر باي ـ باياشات بولۇشنى بەخت ھېسابلىشىدۇ. بىراق بىز تۇرمۇش سەۋىيەسى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، ماددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرى قولاي بولغان، يېمەك ـ ئىچمەكتىن غەم ـ ئەندىشىسى بولمىغان، تۇرالغۇلىرى، قاتناش ۋاستىلىرى ھەتتا يېزا ئىگىلىككە قەدەر يۈكسەك دەرىجىدە ماشىنىلاشقان، زامانىۋىلاشقان، ئومۇمەن باياشاتچىلىققا تولغان تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە قارايدىغان بولساق، شۇ ئەل پۇقرالىرىدىن نۇرغۇنلىغانلىرى ھەر ۋاقىت تۇرمۇشنىڭ مەنىسىزلىكى، قەلب ئازادىلىكىدىن مەھرۇم ئىكەنلىكلىرىدىن قاقشايدۇ. بەختلىك بولۇش ئۈچۈن باشقا يوللارنى ئىزدەپ يۈرىدۇ. لېكىن يەنىلا ئۆزلىرى بىزارلىق ھېس قىلىۋاتقان بۇرۇقتۇرما، بىر خىل قېلىپتىكى تۇرمۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى ئىنسان تەن ۋە روھتىن پۈتۈلگەن يارالما. ئۇ فىزىيولوگىيەلىك جەھەتتىن ئاش نانغا موھتاج بولغاندەك، روھىي جەھەتتىنمۇ مەنىۋى ئوزۇققا موھتاج بولىدۇ.

جىسمانىي ئېچىرقاش تەننى زەئىپلەشتۈرۈپ، ئىنساننى نورمال جىسمانىي مەشغۇلات ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلسا، مەنىۋى ئېچىرقاش ئىنساننى ساغلام تەپەككۇر قىلىشتىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇ مەھرۇملۇق ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن بىر پاجىئەدۇر. پاجىئە بولغاندىمۇ ھەر قانداق بىر پاجىئەنى بېسىپ چۈشىدىغان، ئۆز ئىچىدىن تۈگىشىش پاجىئەسىدۇر.

## بەخت ـ سائادەت بالا ـ چاقىدا ئەمەس

بالىلار ھاياتلىقتىكى گۈھەرلەر. خۇددى ئەجدادلار «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەندەك، بالىلارسىز تۇرمۇشتا سائادەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. بىراق بۇنىڭلىق بىلەنلا بەخت ـ سائادەت بالىلاردا دېيەلمەيمىز. چۈنكى رېئاللىقتا كۆرۈۋاتىمىزكى، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋاپادارلىق بىلەن ھەقلىق يوسۇندا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنى تۈزكورلارچە قاقشاتقان بالىلارمۇ ئاز ئەمەس.

بالىلار بىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت بولغىنىدەك، ھەم يەنە بىر تۈرلۈك سىناقتۇر. سىناقلاردىن ھەممىلا ئادەم ئۆتۈپ چىقالمايدۇ. ﴿**وَاعْلَمُواْ أَنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلاَدُكُمْ فِتْنَةٌ**﴾ يەنى ﴿بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر.﴾[1]

## بەخت پەن ـ تېخنىكىدىمۇ ئەمەس

بىزگە يىراقنى يېقىن، مۈشكۈلنى ئاسان قىلىپ بېرىپ

(1) 8- سۈرە ئەنفال 28- ئايەت

تۇرمۇشىمىزغا ھېسابسىز قولايلىقلارنى بەخش ئەتكەن پەن ـ تېخنىكىمۇ بىزنى بەختلىك قىلىشقا قادىر ئەمەس. ئەنگلىيەنىڭ ھازىرقى زامان پەيلاسوپى روسسېل «ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن كۈرەشتە پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ غەلىبە قىلدى. بىراق ئۆزى (يەنى روھى) بىلەن بولغان كۈرەشتە غەلىبە قىلالمىدى. بۇ كۈرەشتە پەن ـ تېخنىكا ئەسقاتمىدى» دەپ يازىدۇ.

## بەخت مەنىۋىيەتتە، ئۆزىمىزدە

بەخت دېگەن مەنىۋىيەتكە تەئەللۇق ئۇقۇم. شۇڭا ئۇنى كۆز بىلەن كۆرۈپ، تارازا بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئۇنى بايلىق كانلىرىدىن ياكى ئوردا خەزىنىلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ھەقىقىي بايلىق ماددىي بايلىق ئەمەس، روھىي بايلىقتۇر» دەپ كۆرسەتكەن. بەخت شۇنداق نەرسىكى، ئىنسان ئۇنى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ھېس قىلىپ تەگداشسىز لەززەتكە نائىل بولالايدۇ. ئۇ قەلبنىڭ ئارامى، ۋىجداننىڭ راھىتى، كۆڭۈلنىڭ روشەنلىكىدۇر. ئۇنىڭغا ئېرىشكەن كىشىنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن تىرىنقنىڭ ئۇچلىرىغىچە ئازادىلىك بولىدۇ. بەخت ئىنسان قەلبىدىن ئۇخچۇپ تۇرىدۇكى، ئۇ سىرتتىن ئىمپورت قىلىنمايدۇ. ئۇنى ئالالاھتىن باشقا ھېچكىم ئاتا قىلالمايدۇ.

ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكەن كىشىلەر باشلىرىغا ھەر قانداق بالايى- قازا، دىشۋارچىلىق كەلسىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ. تۇرمۇش ئۇلارنى مۇشەققەتلىرى بىلەن كۈتۈۋالسىمۇ، ئۇلار ھاياتلىققا مەردانە ھالدا كۈلۈمسىرەيدۇ.

# خورما دەرىخى ۋە مۆئمىن ئادەم

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ۋاستىلەرنىڭ بىرى ئوخشىتىش بولۇپ، مەلۇم بىر ئۇقۇمنى چۈشەندۈرۈشتە ئۇنىڭ رولى ئىنتايىن زور. چۈنكى ئۇ تىلنىڭ كونكرېت ، جانلىق ئوبرازلىق بولۇشىغا ياردەم بېرىپ، كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشىنى ئوڭايلاشتۇرىدۇ. ئوخشىتىش ئارقىلىق ئوي ـ پىكىرنى ۋە چوڭقۇر بىر مەزمۇننى ئوبرازلىق ئۇقتۇرغىلى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «دەرەخلەر ئىچىدە يوپۇرقى تۆكۈلمەيدىغان، ھەر دائىم ئالالاھنىڭ ئىززنى بىلەن مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان بىر دەرەخ بار، ئۇ مۆئمىنگە ئوخشايدۇ. ئۇ بولسا، خورما دەرىخىدۇر»(1) دېگەن. چۈنكى خورما دەرىخىدە ھەقىقىي مۆئمىن ئادەمنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى سۈپەتلىرى گەۋدىلەنگەن:

1. خورما دەرىخى تۈپتۈز ئۆسىدىغان دەرەخ، ئۇنىڭ ئەگرى ياكى سىڭارىيان يېرى يوق. مۆئمىن كىشىمۇ شۇنداق تۈز بولىدۇ. بىر ئالالاھقا ئىشىنىدۇ، ھەمىشە ئىنسانلارغا پايدىلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن بولىدۇ، ئىلاھىي تەلىماتلاردىن قايرىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئوي ـ پىكرىدە تۈز، ئېتىقادتا توغرا، سۆزىدە راستچىل، ئىش ـ ھەرىكىتىدە دۇرۇس بولىدۇ.

2. خورما دەرىخىنىڭ يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىغا پېتىپ كەتكەن،

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

شاخلىرى كۆككە تاقاشقان بولىدۇ. مۇئمىن كىشىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىمانى مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى ئاللاھقا خۇددى خورما دەرىخىدەك كۆتۈرۈلىدۇ .

3. خورما دەرىخى مەزمۇت ۋە كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بويى ئاسمانغا تاقاشسىمۇ بوران ـ چاپقۇنلار ئۇنى تەۋرىتەلمەيدۇ. مۇئمىن ئادەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى بالايى ـ ئاپەتلەر، مۇسىبەتلەر ۋە ئېغىر كۈنلەر يېقىتالمايدۇ. چۈنكى مۇئمىن دېگەن سەۋرچان كېلىدۇ.

4. خورما دەرىخىنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى گۈزەل، مېۋىسىمۇ تەملىك كېلىدۇ. مۇئمىن ئادەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى پاكىز، رەتلىك ۋە يېقىملىق بولىدۇ، دىلىمۇ پاك، تەبىئىتى ساپ بولىدۇ، يامان قىلىق، بەدنىيەتلىك، كۆرەلمەسلىك، پىخسىقلىق، قورقۇنچاقلىق ۋە باشقا يامان ئىللەتلەردىن خالىي بولىدۇ. ئىنسانلارغا مەنپەئەتلىك بولىدۇ.

5. خورما دەرىخىنىڭ ھەممە يېرى پايدىلىق. ئۇنىڭ مېۋىسى يېيىلىدۇ، ئوزۇقلۇق مىقدارى يۇقىرى بولىدۇ. ياغىچى چەللە ـ باراڭ ياساشقا، شاخلىرى قەپەس ياساشقا، ياپراقلىرى سېۋەت ياساشقا، پاخاللىرى ئارغامچا ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ ، مېۋىسىنى ئىنسانلار يېسە، ئۇرۇقى ھايۋانلارغا ھەلەپ قىلىپ بېرىلىدۇ. مۇئمىن ئادەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ھەممە تەرەپتىن پايدىلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەقلى ھەققانىيلىقنى ئويلايدۇ، تىلى راست ۋە پايدىلىق سۆزلەرنى سۆزلەيدۇ، غەيۋەت قىلمايدۇ، گەپ توشۇمايدۇ، تۆھمەت چاپلىمايدۇ. شۇڭا ھەركىم مۇئمىن ئادەمدىن ياخشىلىق كۈتىدۇ، ئۇنىڭدىن يامانلىق كەلمىگەچكە ئۇنىڭغا ھەركىم ئىشىنىدۇ ۋە خاتىرجەم بولىدۇ.

6. خورما دەرىخىنىڭ مېۋىسى يىل بويى ئۈزۈلمەي قالمايدۇ، يىل بويى بازارغا كىرىدۇ. خورما غورا ھالىتىدىمۇ، پىشقان ھالىتىدىمۇ، قۇرۇغان ھالىتىدىمۇ يېيىلىدۇ. مۇئمىن ئادەممۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە توختاپ قالماي ئۈزلۈكسىز پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، ياردەم قىلىدۇ، سىلە ـ رەھىم قىلىپ يوقلايدۇ.

7. خورما دەرىخىگە چالما ئاتسىڭىز مېۋە تاشلاپ بېرىدۇ، مۇئمىن ئادەممۇ يامانلىقنى يامانلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ياخشىلىق بىلەن قايتۇرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا ئەڭ ئېسىل ئۈلگىدۇر. ئۇ ئۆزىگە بەرمىگەنلەرگە بەرگەن، ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلارغا ياخشىلىق قىلغان، ئۆزىنى يوقلىمىغانلارنى يوقلىغان، يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرۈۋەتكەن.

8. خورما دەرىخى يىل بويى ياپراقلىق ھالەتتە ياپ ـ يېشىل تون كىيگەن بولىدۇ. مۇئمىننىمۇ گۈزەل ئەخلاق، تەقۋالىق ۋە ئالىيجانابلىق تونىنى ئۆمۈر بويى سالمايدۇ.

9. خورما دەرىخىنىڭ سايىسى كىچىك بولۇپ، ئەتراپىتىكى زىرائەتلەر ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، زىيان يەتكۈزمەيدۇ. مۇئمىن ئادەممۇ ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىغا، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە، خىزمەتداشلىرىغا ئېغىرچىلىق سالمايدۇ، زىيان يەتكۈزمەيدۇ.

دېمەك، مۇئمىن ئادەم خۇددى خورما دەرىخىگە ۋە مېۋىسىگە

ئوخشاش ئىنسانلارغا ھەمىشە پايدىلىق ۋە مەنپەئەتلىك بولىدۇ.[1]

## سىلىق ۋە ئەدەپلىك سۆزلەش گۈزەل ئەخلاقنىڭ مېۋىسىدۇر

تىل ـ ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىش، پىكىر، ئىدىيە، ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش قورالى. بىر شەخسنىڭ سۆزلەش سەنئىتى شۇ شەخسنىڭ بىلىمى، ئىقتىدارى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. سۆزلەش ماھارىتى دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان ئالاھىدە چوڭ سەنئەت.

ئىسلام دىنى تىلدىن ئىبارەت بۇ قورالنى قانداق جايلارغا ئىشلىتىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى ئۆگەتكەن. «قۇرئان كەرىم» بىزگە بۇ ھەقتە تەلىم بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿لاَّ خَيْرَ فِي كَثِيرٍ مِّن نَّجْوَاهُمْ إِلاَّ مَنْ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوْ مَعْرُوفٍ أَوْ إِصْلاَحٍ بَيْنَ النَّاسِ﴾ يەنى ﴿ ئۇلارنىڭ پىچىرلىشىشلىرىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشقا ئەمر قىلغانلار (نىڭ پىچىرلىشىشى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ﴾[2]

ياخشى سۆز قىلىش ۋە تىلنى ھەمىشە شۇنداق ياخشى سۆزلەشكە ئادەتلەندۈرۈش مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىدىن بىر پارچىدۇر. چۈنكى كۆڭۈلدىكى ياخشى ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش ئېسىل

(1) بۇ ماۋزۇ دوكتۇر ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللانىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.
(2) 4ـ سۈرە نىسا 114ـ ئايەت

ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋاقتىدا ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئالغان ئەھدىدىمۇ چىرايلىق سۆز قىلىشنى شەرت قىلغان: ﴿**وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَ بَنِي إِسْرَائِيلَ لاَ تَعْبُدُونَ إِلاَّ اللّهَ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَاناً وَذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَقُولُواْ لِلنَّاسِ حُسْناً وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ**﴾ يەنى ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا ـ ئانىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالغان ئىدۇق.﴾[1]

بۇ ئايەتتە كىشىلەرگە چىرايلىق سۆز قىلىش ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئالدىدا كەلگەن.

سىلىق ۋە ئەدەپلىك سۆزلەش كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە ئىخلاسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولى. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ: ﴿**فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللّهِ لِنتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لاَنفَضُّواْ مِنْ حَوْلِكَ**﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كەتكەن بولاتتى دېگەن﴾[2] ئەكسىچە، قوپال ۋە يامان سۆز ئىگىسىگە نەپرەت ۋە دۈشمەنلىك تېپىشتىن باشقىسىغا يارىمايدۇ. «تىغ يارىسى ساقىيىدۇ، تىل يارىسى ساقايمايدۇ» دېگەن ھېكمەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 83ـ ئايەت
(2) 3ـ سۈرە ئال ئىمران 159ـ ئايەت

تىلنى ئاللاھ تائالا ياخشى يولغا قوللىنىشقا ۋە ياخشى سۆز قىلىشقا ياراتقان. ياخشى دېگەن ھەر جايدا ئالقىشقا لايىق بولىدۇ، ھەتتا ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىمۇ ياخشى سۆزنىڭ قىممىتى يۇقىرىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿إِلَيْهِ يَصْعَدُ الْكَلِمُ الطَّيِّبُ وَالْعَمَلُ الصَّالِحُ يَرْفَعُهُ﴾ يەنى ﴿ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ﴾» دېگەن ئايەت بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈت قىلسۇن» دېگەن.[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چىرايلىق سۆزدە سەدىقىنىڭ ساۋابى بار»[3] دېگەن.

(1) 35ـ سۈرە فاتىر 10 ـ ئايەت

(2) مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

## ئىلمى مۇنازىرىلىشىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

ئىنسانلار بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان ۋە بىر ـ بىرىنىڭ ھەمكارلىقىغا ھەمىشە موھتاج بولىدىغان مەۋجۇدات بولغانلىقى ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆز قاراشلىرى، تەپەككۇر قىلىش تەرزى، شۇنداقلا چۈشىنىش سەۋىيەسى بىر خىل بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپلار ۋە قارىمۇقارشى پىكىرلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ مۇشكۈلاتنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى مۇۋاپىق يول بىلەن مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق ئورتاق بىر پىكىرگە كېلىشتۇر. سۆھبەت ۋە مۇنازىرىلەر ئارقىلىق بىر ـ بىرىنى چۈشىنىش ئىنسانلارغا خاس ئالاھىدىلىكتۇر.

دۇنيادا ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەپ ـ ئەخلاقى بولغىنىدەك، مۇنازىرىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەدەپ ـ ئەخلاقى باردۇر. مۇنازىرىنىڭ غەلىبىلىك نەتىجىگە ئېرىشىشى ۋە ئۇنىڭ ئىلمى قىممەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا رىئايە قىلىش تولىمۇ زۆرۈردۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى مۇنازىرە ئەدەپ ـ ئەخلاقىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ﴿**وَجَادِلْهُم بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار بىلەن ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن.﴾[1]

---

(1) 16ـ سۈرە نەھل 125ـ ئايەت

بەزى مۇنازىرىلەر باشلانماي تۇرۇپ تۈگەپ قالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا رىئايە قىلمىغانلىقتىن بولىدۇ. غەلىبىلىك مۇنازىرە ھەر ئىككى تەرەپتە ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى تولۇق بولغان مۇنازىرىدۇر. مۇنازىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەدەپ ـ ئەخلاقى ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: مۇنازىرىلىششىنىڭ شەرتى، مۇنازىرە ئەسناسىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلار، مۇنازىرىدىن كېيىنكى ئەدەپ- ئەخلاقلار.

## مۇنازىرىلەشكۈچىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر

ئالدى بىلەن مۇنازىرىلەشكۈچىلەرنىڭ نىيىتىنىڭ توغرا بولۇشى شەرت. نىيەتنىڭ توغرا بولۇشىدىن مەقسەت ھەقىقەت قايسى تەرەپتە بولسا ئۇنى قوبۇل قىلىپ، كۈچلەندۈرۈشنى نىيەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئەكسىچە، مۇنازىرە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ گەپدانلىقىنى ئىزھار قىلىش ياكى قارشى تەرەپنى قانداقلا بىر يول بىلەن چۈشۈرۈش، ئۆزىنىڭ پىكرى گەرچە ھەقىقەتكە ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، ئۇنى كۈچكە ئىگە قىلىش نىيىتى بىلەن مۇنازىرىگە كىرىش مۇنازىرىدىن ھېچقانداق ئىجابىي نەتىجە بەرمەيدۇ. مۇنازىرىلەشكۈچىلەر مۇنازىرىلىشىدىغان ماۋزۇ ھەققىدە تولۇق مەلۇماتلىق بولۇشى لازىم. شۇنىڭدەك مۇنازىرىلەشكۈچىلەرنىڭ راستچىل بولۇشى، دەۋاسىدا ۋە كەلتۈرگەن دەلىل ـ پاكىتلىرىدا سەمىمىي ، توغرا بولۇشى، كۈچلەندۈرمەكچى بولغان مەسىلىنىڭ توغرىلىقىغا ۋە ھەقلىقىغا ئۆزى ئىشىنىدىغان بولۇشى ۋە سەۋرچان بولۇشى، ئاچچىقلاپ قالماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## مۇنازىرە ئەسناسىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلار

مۇنازىرە ئەسناسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنىڭ بېشىدا تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپسىز مەنبەگە ئىتتىپاقلىشىش

مەسلىسى كېلىدۇ. بۇ دېگەنلىك مۇنازىرىنى باشلاشتىن ئاۋۋال، ئىختىلاپلاشقاندا مۇراجىئەت قىلىش ئۈچۈن تەرەپلەر ئۆز ئارىسىدىكى ئەسلى مەنبەگە كېلىشىۋېلىش لازىم. ئەسلى مەنبە مۇنازىرە ماۋزۇسىنىڭ تەبىئىتىگە قاراپ يا ئەقلىي قائىدىلەر، ياكى نەقلىي مەنبەلەر بولىدۇ. ئاندىن مۇنازىرىنى بىرلىككە كېلىنگەن مەسىلىلەردىن باشلاش لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ. مۇنازىرىدە قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئاڭلاش، دىققەتنى شەخسنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى كۆز قاراشقا قارىتىش، ۋاقىتقا رىئايە قىلىش، مۇنازىرە ئەسناسىدا سىلىق سۆزلۈك بولۇش قاتارلىقلار مۇنازىرىدە كەم بولمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىللاردۇر. بۇ ماۋزۇدىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر.

## مۇنازىرىدىن كېيىنكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلار

مۇنازىرىدىن كېيىنكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلار ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىگەندە، مۇنازىرە پايدىسىز قالىدۇ. شۇڭا مۇنازىرىدىن كېيىن تۆۋەندىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلارغا رىئايە قىلىش زۆرۈردۇر: ئۇلاردىن بىرى، ھەقىقەت ئاچچىق بولسىمۇ، ئۇ قايسى تەرەپتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى قوبۇل قىلىش، قارشى تەرەپنىڭ كۆز قارىشىغا ھۆرمەت قىلىش، مۇنازىرىدە يېڭىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭغا مەغرۇرلىنىپ كەتمەسلىك، يېڭىلگەن بولسا رەنجىپ قالماسلىق، مۇنازىرىدىن كېيىن ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

# كەڭ قورساق بولۇش

«بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئاداۋەت قىلىشماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا كۆرەلمەسلىك قىلىشماڭلار، ئۆچمەنلىك قىلىشماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى تەرك ئەتمەڭلار، ئۆزئارا قېرىنداشلاردىن بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر دىنى قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىشى ھالال ئەمەس.»[1]

قەلبىنىڭ كۆرەلمەسلىكتىن، ئاداۋەتتىن، دۈشمەنلىكتىن، ئۆچمەنلىكتىن ۋە باشقا ناچار ئىللەتلەردىن ساغلام بولۇشى ئىماننىڭ مېۋىلىرىدىن سانىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقلاردۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبى پاك، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولىدۇ، باشقىلارغا ھەسەت قىلمايدۇ، ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ. ھەسەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبىرى بويىچە، «كېسەللىك»تۇر. خۇددى مىكروبلار بەدەننى كاردىن چىقارغىنىدەك، ھەسەت ھەسەت قىلغۇچىنىڭ روھىنى پۇچەكلەشتۈرىدۇ، چىرىتىدۇ. ھەسەت ھەسەت قىلىنغۇچى ئۈچۈن ھېچبىر زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، بەلكى بارچە زىيىنى ھەسەت قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغان ئادەم روھىي جەھەتتىن ھەمىشە بىئاراملىقتا ئۆتىدۇ، كېيىنچە، بۇ بىئاراملىق ئۇنىڭ بەدىنىگە تەسىر قىلىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىكى مەنىۋى كېسەللىك ماددىي كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ، ئاخىرى شۇنىڭ بىلەن تۈگىشىدۇ.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتكە غەمكىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرىغا خۇشال بولىدۇ، ئۇلارغا كەلگەن ئامەتلەرگە قىزغانمايدۇ، ھەسەت قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلگىلىك بەندىلىرى ئوقۇغان، «قۇرئان كەرىم»دە قەيت قىلىنغان مۇنۇ دۇئانى قىلىدۇ: ﴿**رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ وَلَا تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلًّا لِّلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَؤُوفٌ رَّحِيمٌ**﴾ يەنى ﴿رەببىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن. دىللىرىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن. رەببىمىز! سەن ھەقىقەتەن مېھرىبانسەن ۋە رەھىم-شەپقەتلىكسەن.﴾[1]

قەدىمدە بىر ئەرەب شائىرى مۇنداق دېگەن ئىكەن:

**اِصبِرْ عَلَى كَيْدِ الْحُسُوْ دِ فَإِنَّ صَبْرَكَ قَاتِلُهُ**

**اَلنَّارُ تَأْكُلُ نَفْسَهَا اِنْ لَمْ تَجِدْ مَا تَأْكُلُهُ**

تەرجىمىسى:

**سەۋر قىلغىن ھەسەت قىلسا، سەۋرەڭ ئۇنى ئۆلتۈرەر.**

**تۇگەپ قالسا يېقىلغۇلار، ئوتمۇ ئۆزىن كۆيدۈرەر.**

بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىدىغان، ئۆزىدىن باشقىسىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ۋە ئۆزلىرىدىن چىققان ئىقتىدارلىق كىشلەرنى

---

(1) 59ـ سۈرە ھەشر 10 ـ ئايەت

قوللىمايدىغان مىللەت يېتەكچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. نەتىجىدە، بېشىغا كەلگەن كاجىلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ. بىز ئەنە شۇنداقلارنىڭ قۇربانىمىز.

# ئەپۇچانلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر

ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك قوزغاتقۇچىلارغا تاقابىل تۇرۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرى ئاددىي ئىشلار ئۈچۈنمۇ نادانلىق قىلىپ قويىدۇ، بەزىلەر بولسا ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر تەپەككۇرى ۋە ئېسىل ئەخلاقى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدۇ ۋە تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.

گەرچە كىشىلەرنىڭ ئىتتىكلىك، ئېغىر ـ بېسىقلىق، ئالدىراقسانلىق، سەۋرچانلىق، سەزگۈرلۈك، دېۋەڭلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ يۇقىرى تۆۋەن بولۇشى ئۇلارنىڭ ئەسلى خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشىغا زور دەرىجىدە باغلىق بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ باشقىلارغا مۇلايىم بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش بىلەن مۇئەييەن مۇناسىۋىتى بار.

ھەقىقىي ئۇلۇغ ئادەم كامالەتكە يەتكەنسېرى كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولىدۇ. ئەپۇچان بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ. تەنتەكتىن بىرى ئۇنىڭغا ئازار بەرگىلى تۇرسا ئۇ خۇددى يولدا ئۇيناۋاتقان سەبىي باللارنىڭ ئۆزىگە تاش ئاتقىنىغا قارىغان پەيلاسوپقا ئوخشاش ئېگىز چوققىدىن پەسكە باقىدۇ.

كۆڭلۈلنىڭ كەينىگە كىرگەن چاغدا غەزەپ بەزىلەرنى ساراڭ بولۇش دەرىجىسىگە ئېلىپ بارىدۇ. ھەتتا ئۆزلىرىنى قان تۆكمىگىچە ئاقلانمايدىغان دەرىجىدە ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنىڭ قورغانلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولسا بۇنچىلىك ھالغا يېتىپ قالمايدۇ. بۇ مەسىلىگە قارىتا ئىمام

شافىئىي رەھمەتۇللاھنىڭ بىشىدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى مىسال ئېلىشقا ئەرزىيدۇ:

بىر كۈنى ئىمام شافىئىي تالىپلارغا دەرس بېرىۋاتقاندا بىر ئايال كېلىپ: ــ سەن كېچىلىرى زىنا قىلىپ، كۈندۈزى ئالىملارچە دەرس بېرىدىغان قانداق ئادەمسەن؟ ــ دېدى. تالىپلار ئۇستازىغا قاراپ، بۇ تۆھمەتنى ئىنكار قىلىپ، كەسكىن رەددىيە بېرىشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتتۈشتى. ئەمما ئىمام شافىئىي: ــ ئەي خوتۇن، قانچە پۇل؟ ــ دەپ سورىدى. تالىپلار ئۇپۇر ــ توپۇر بولۇپ، كۆڭلىگە شەك ــ گۇمان چۈشۈپ، بىر نەچچىسى دەرسنى تاشلاپ ماڭغىلى تەمشەلدى. ــ ماڭا خورما سۈپىتىدە قاراڭلار، تاتلىقىنى يەپ، قالغان يېرىنى تاشلىۋەتسەڭلار بولمىدىمۇ، ــ دېدى ئىمام تەمكىنلىك بىلەن. تالىپلارغا بۇ گەپ پەقەت ياقمىدى. شۇ پات ــ پاراقچىلىقتا، بىر ئادەم ئالدىراپ ــ تېنەپ كېلىپ: ــھەي خوتۇن، ئۆيۈڭگە ئوت كەتتى، باللىرىڭ ئۆت ئىچىدە قالدى، ــدەپ جار سالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن ئوت كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ مېڭىشتى، شۇ قاتاردا ئىمام شافىئىيمۇ بىرگە ماڭدى. ھەممەيلەن ھە ــ ھۇ قىلىپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى. ئىمام شافىئىي ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، باللارنى قوتقۇزۇپ چىقتى. بۇنى كۆرگەن ئايال: ــ ئى ئەھلى جامائەت! ئىمامنىڭ يۈز ــ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىر نەچچە نائەھلى ماڭا پۇل بېرىپ تۆھمەت چاپلاتقۇزۇش يامان نىيىتىدە بولغان ئىدى، ــ دەپ ئىشنىڭ تېگى ــ تەكتىنى ئاشكارىلىدى. تالىپلار: ــ ئەي ئۇستاز، سىز نېمە دەپ ئۆزىڭىزنى ئاقلىمايسىز؟ ــ دېگىنىچە خىجىل بولۇپ يەرگە قاراشتى. ــمەن ئۆزۈمنى ئاقلىغان بولسام، بەزىلەر ئىشەنسە، بەزىلەرنىڭ كۆڭلىگە شەك چۈشكەن بولاتتى، شۇڭا مەن بۇ ئىشنى ئاللاھقا

قويۇشنى توغرا تاپتىم، ــ دېدى ئۇستاز تالىپلىرىغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ. ــ سىلەرگە باشقىلار تۆھمەت قىلغاندا، كەينىڭلاردىن گەپ تاپقاندا، ئالدىراپ ئۆزۈڭلارنى ئاقلاپ ۋاقتىڭلارنى ئىسراپ قىلماڭلار، بۇنداق ئىشلارنى ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھقىلا قويۇڭلار، ئاللاھ ئىشلارنى ناھايىتى ھېكمەت بىلەن ئەتراپلىق بىرتەرەپ قىلىدۇ، ــ دېدى.

## غەزەپنىڭ زىيىنى كۆپ

غەزەپ ئادەم بالىسى قەلبىدە يانغان چوغدۇر. كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكى، گۈرەن تومۇرلىرىنىڭ كۆپۈشۈپ كەتكەنلىكى غەزەپنىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققان ۋاقتى بولۇپ، ئۇنى يېڭىشنىڭ چارىسى ئورنىدىن قوزغالماسلىق، ئۆرە تۇرغان بولسا ئولتۇرۇۋېلىشتۇر. غەزەپنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم خۇددى بىلمەي ئىشلارنى ئىسلاھ قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بۇزۇپ قويىدۇ. بەزى كىشىلەر غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى بېسىۋالالمايدۇ، داۋاملىق تېرىكىپ يۈرىدۇ، ئېغىزىدىن كۆپۈك قايناتىپ تىللايدۇ، قارغايدۇ. مۇنداق قىلىش ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاققا زىت كېلىدىغان قىلىقلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «مۇئمىن ئادەم كىشىلەرنى تىللىمايدۇ، لەنەت ئوقۇمايدۇ، سەت گەپ قىلمايدۇ ۋە ھاياسىزلىق قىلمايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان ئادەم كۆپ ھاللاردا ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرىپ نۇرغۇن ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. ئادەتتە ئىشىك ئېچىلغىلى ئۇنىمىسا ئۇنى تىللايدۇ، قولىدا تۇرمىغان سايماننى سۇندۇرۇپ قويىدۇ، ئۈركىگەن ھايۋاننى قارغايدۇ، ناۋادا ئۇ كىشى شوپۇر

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

بولسا قارشى تەرەپنى توختىماي تىللايدۇ. غەزەپنىڭ زىيىنى تولا، ئاقىۋىتى خەتەرلىك. شۇڭا غەزىپى قوزغالغاندا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئىنسان باتۇر ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن «سىلەر قانداق ئادەمنى باتۇر دەيسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «ھېچكىم ئۇنى يىقىتالمايدىغان ئادەمنى باتۇر دەيمىز» دەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «غەزەپلەنگەن ۋاقىتتا ئۆزىنى تۇتالىغان ئادەم ھەقىقىي باتۇردۇر»[1] دەيدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنسان ئۆزىنى قانچە تۇتۇۋالغانسېرى، غەزىپىنى قانچە بېسىۋالغانسېرى، ئېغىزىغا قانچە ئىگە بولغانسېرى، كىشىلەرنىڭ سەۋەنلىكىنى قانچە ئەپۇ قىلغانسېرى ئۇنىڭ كىشىلەر ۋە ئاللاھ نەزىرىدىكى ھۆرمىتى يۇقىرى بولىدۇ.[2]

## ئەپۇچانلىقنىڭ تۈرلىرى

ئەپۇچانلىق مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچىسى سۆكۈلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش، ئىككىنچىسى ماختىلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش، ئۈچىنچىسى رەھىم ـ شەپقەت قىلغانلىقتىن ئەپۇ قىلىش بولۇپ، بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

### 1. سۆكۈلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش

سۆكۈلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش ـــ ھەقسىزلىككە، زۇلۇمغا بوي

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(2) مۇتەپەككۇر ئالىم مۇھەممەد غەززالىينىڭ «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

ئېگىپ، زالىملارنىڭ قىلمىشلىرىغا رازى بولۇش، قارشىلىق بىلدۈرمەي ئەكسىچە ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشتۇر. ئىسلام دىنى بۇ خىلدىكى تەسلىمىيەتچىلىكنى قاتتىق سۆكىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ھۆرمەت ۋە ئىززەت دىنى بولغانلىقتىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە بارلىق ئىنسان بالىسىنىڭ خورلۇق كۆرۈشىنى، ئېزىلىشىنى، بوزەك قىلىنىشىنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. زۇلۇمغا ۋە ھەقسىزلىككە قارشى تۇرۇشنى، شۇنداقلا زالىم ھۆكۈمدارلار ئالدىدا ھەق سۆزنى دادىل قىلىشنى ئەڭ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك جىھاد قاتارىدىن سانايدۇ. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئەڭ ئەۋزەل جىھاد زالىم ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىدا ھەق سۆزنى قىلىشتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

بىراۋ ئۆزىدىن كۈچلۈك بىرىنىڭ ھەقسىزلىكىگە ئۇچراپ، ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىگەنلىك سەۋەبتىن ئۇنىڭدىن ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى ئەپۇ قىلغانلىق سانالمايدۇ. بەلكى ھەقسىزلىكنى قوبۇل قىلغانلىق ۋە تەسلىمىيەتچىلىك سانىلىپ سۆكۈلۈشكە يۈز تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇ كۈچى يەتمىگەنلىكتىن ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، بۇ قىلغانلىقىنى ئەپۇ قىلغانلىق دەپ دەۋا قىلسا، ئۇ راستتىنلا يالغانچىدۇر. چۈنكى ئۇ ئەپۇ قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى ئاجىزلىق قىلغانلىق، ئۆزىنىڭ ھۆر ئىنسانلىق خىسلىتىگە لايىق ئىش قىلمىغانلىق ۋە ناھەقچىلىككە كۆز يۇمۇش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ شۇنداق ھەقسىزلىككە ئۇچرىشىغا يول ئاچقانلىق، زالىملارنىڭ ھەقسىزلىكنى، جەۋر - زۇلۇملىرىنى قوللىغانلىق ۋە

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا تەشەببۇس قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم باشقىلارغا ھەقسىزلىك قىلمايدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ھەقسىزلىكىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ، ھەقسىزلىككە ۋە زۇلۇمغا قارشى چىقىدۇ، ئادالەتنى جارى قىلدۇرىدۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنى يۆلەيدۇ ۋە ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ئەزىزلىكى، كارامىتى ۋە قەدىر ـ قىممىتى مانا بۇ يەردە!

## 2. ماختىلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش

ماختىلىدىغان تۈردىكى ئەپۇ قىلىش ـــ ھەقسىزلىك قىلغۇچىغا كۆچى يېتىدىغان تۇرۇپ، ئۇنى كەچۈرىۋېتىشتۇر. مانا بۇ، ھەقىقىي ئەپۇ ۋە ھەقىقىي كەچۈرۈم بولۇپ، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇنى «ئۆچ ئېلىشقا كۆچى يېتىدىغان تۇرۇپ كەچۈرۈۋېتىش» دەپ تەرىپلىگەن.

مانا بۇ، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىجرا قىلغان ئەپۇ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا ئىنسان چىداپ تۇرالمايدىغان ئېغىر زۇلۇملارنى سالغان، ئۇلارنى ئەڭ ۋەھشىي قىيىن ـ قىستاقلارغا ئالغان، ھەتتا ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقارغان، بۇنى ئاز دەپ ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى خالىغانچە تالان ـ تاراج قىلغان، ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان قۇرەيش قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى مەككىلىك ئەرەبلەر مەككە ئازاد بولغان كۈنى بىر تەرەپتىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى قانداق ئېغىر جازالارغا تارتىدىغانلىقىنى كۈتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مېھرى ـ شەپقىتى ھەممىگە ئومۇم بولغان بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ شەپقىتىگە تەلمۈرۈپ، قاتتىق قورقۇنچ بىلەن بىرگە ئۈمىد ئىچىدە تۇرۇشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى: «تارقىلىڭلار،

ئازاتسىلەر!» دېگەنلىكى، مەككىنىڭ ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىدىن بىرى بولغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئۆچمەنلىكى بىلەن تونۇلغان ۋە بارچە ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلغاننىڭ سىرتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇرۇپ قورسىقىدىكى بوۋىقىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ھىبار ئىبنى ئەسۋەد دېگەن ئادەمنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكى ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر كەچۈرۈم بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن تەسىرلەنگەنلىكتىن ئەرەبلەر توپ- توپ بولۇپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە باشلىغان ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىسلام دىيارىغا ئايلانغان.

## 3. رەھىم ـ شەپقەت قىلغانلىقتىن ئەپۇ قىلىش

رەھىم ـ شەپقەت قىلغانلىقتىن ياكى ئىچ ئاغرىتقانلىقتىن ئەپۇ قىلىش ـــ ئۆزىدىن ئاجىز ياكى قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بىرىنىڭ خاتالىقىنى، تەنتەكلىكىنى ئەپۇ قىلىپ، جازالاشتىن ۋاز كېچىش دېگەنلىكتۇر. بۇ پەقەت قەلبى ئىمان بىلەن تولغان، رەھىم ـ شەپقەتلىك بولۇشنى ئادەت قىلغان، ھەر زامان ۋە ھەركىمگە يۇمشاق مۇئامىلىدە بولىدىغان، ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ئېسىل ئەخلاقلىق مۇسۇلماننىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى، بارچە ئېسىللىكلەر ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ ئۇستازى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ۋە خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىش، قول ئاستىدىكىلەرگە ئەڭ يۇمشاق ۋە سىلىق مۇئامىلە قىلىشتا ئىنسانىيەتكە جانلىق

ئۆرنەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا 10يىل خىزمەت قىلغان ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن بىرەر قېتىممۇ قاتتىق سۆز ئاڭلىمىغانلىقىنى ۋە يامان مۇئامىلە كۆرمىگەنلىكىنى بايان قىلىپ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا 10 يىل خىزمەت قىلدىم. بۇ جەرياندا ئۇنىڭدىن بىرەر قېتىممۇ يامان سۆز ئاڭلىمىدىم، «قىلىڭ» دېگەن ئىشنى قىلمىغان بولسام، «نېمىشقا ئۇنى قىلمىدىڭ؟» دەپ سورىمايتتى، «قىلماڭ» دېگەن ئىشنى قىلىپ سالغىنىمدا، «نېمىشقا ئۇنداق قىلدىڭ؟» دەپ سورىمايتتى، ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مېھرىبان بىرەر كىشىنى كۆرگىنىم يوق»[1] دەيدۇ.

ئاياللار ئەرلەرنىڭ قول ئاستىدا بولغان ئاجىز تائىپىلەر بولۇپ، ئائىلىنىڭ ھۇزۇرى ۋە تىنچلىقى ئاياللارنىڭ خاتالىقلىرىنى ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئەپۇ قىلىش بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدىمۇ ئىنسانىيەتكە ئۈلگە ئىدى. ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان، ئەڭ ئۈلگىلىك بىر ئەر، ئەڭ شەپقەتلىك بىر ئاتا ۋە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بىر ئائىلە باشلىقى ئىدى. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، ساھابىلارنىڭ: «ئاياللارغا مېھرىبانلىق قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئارتۇق بىراۋنى كۆرمىدۇق»[2] دېگەنلىكى قەيت قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىمۇ بۇ ياخشى ئەخلاققا چاقىرىپ: «سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، ئۆز ئەھلىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلاردۇر.

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

مەن ئۆز ئەھلىگە ئەڭ مېھرىبان كىشىڭلارمەن»[1] دېگەن.

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

# ئىناقلىق

مۇسۇلمان ئادەم كىشىلەر بىلەن، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرى بىلەن ھەمىشە ئىناق ۋە ئىتتىپاق ئۆتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم»: ﴿وَاعْتَصِمُواْ بِحَبْلِ اللّهِ جَمِيعًا وَلاَ تَفَرَّقُواْ﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ ئاغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار ۋە ئايرىلماڭلار﴾ [1] دەپ تەلىم بېرىدۇ. دۇنيادا كىشىلەرنى بىرلىككە، ئىناقلىققا چاقىرمايدىغان بېرەر دىن ياكى پەلسەپە تېپىلمايدۇ. چۈنكى ھەر قانداق مىللەت «بىرلىك كۈچ، ئىناقلىقتىن قۇۋۋەت تۇغۇلىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز: «بىرلەشكەن ئۇزار، ئايرىلغان تۇزار» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئۆتمۈشلەردە بىز بىرلىكتە، ئىناقلىقتا باشقىلارغا ئۈلگە بولالىغان خەلقمىز. شۇڭا بىز «ئۇيغۇر» يەنى «ئۇيۇشقان، بىرلەشكەن» دەپ ئاتالغان. ئەمما بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز بۇ نامغا لايىق بولماي قالدى. بىز يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىن بىرى، ئىناقسىزلىقنىڭ دەردلىرىنى ئاز تارتمىدۇق.

باشقا مىللەتلەر ئۆز ئارىسىدىكى ئىناقسىزلىقلارنى، ئىختىلاپلارنى ئاللىبۇرۇن ھەل قىلىپ بولۇپ، تەرەققىياتنىڭ چاقىغا ئەگىشىپ ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا ۋە باشقا ساھەلەردە ئوقتەك تېز ئىلگىرىلەۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، بىز تېخىچە ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى جېدەللىرى ۋە ئىختىلاپلىرىمىز، يۇرتۋازلىقىمىز بىلەن مەشغۇلمىز. يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق ئېيتىدائىي

---

(1) 3ـ سۈرە ئال ئىمران 103ـ ئايەت

جەمئىيەتلەرگە ئائىت بولغان بىر ئىللەتتۇر. بىز مۇسۇلمانلىق سۈپىتىمىز بىلەن بۇنداق ناچار ئىللەتلەرنى تۈگىتىشىمىز لازىم. بۇنىڭغا ئوخشاش جاھىلىيەتنىڭ قالدۇقلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ئىمانىمىزنى كۈچەيتىشتۇر. ئىماننىڭ كۈچى بىلەن بۇنداق ئىللەتلەرنى يىلتىزىدىن يىمىرىپ تاشلىغىلى بولىدۇ.

## ئىناقلىق ئابىدىلىرى

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن خەزرەج، ئەۋس دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يىللار، ھەتتا ئەسىرلەر بويى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قان تۆكۈشكەن مەدىنىلىكلەرنىڭ ۋەھيىنىڭ تەربىيەسى ۋە ئىماننىڭ كۈچى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداشلاردىن بولۇپ قانداق ئۆزگەرگەنلىكى ۋە يەرشارىدىكى بارچە مىللەتلەر ئۈچۈن ئىناقلىقتا ئۈلگە بولغانلىقى تارىخ قەتئىي ئۇنۇتمايدىغان مەشھۇر بىر ۋەقەلىكتۇر. ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ، ئۆزئارا بىرلەشكەندىن باشقا، مەككىدىن كەلگەن مۇھاجىر مۇسۇلمانلار بىلەن خۇددى نەسەبتىكى قېرىنداشلاردەك ئۆزئارا قېرىنداشلاردىن بولۇپ، مال - مۈلۈكلىرىنى تەڭدىن بۆلۈشىدۇ، ھەتتا كۆپ ئاياللىرى بولغانلار مەككىدىن كەلگەن بويتاق مۇھاجىرلارغا ئاياللىرىدىن ئاجرىشىپ، ئىددەتلىرىنى توشقۇزۇپ ئۆيلەندۈرۈپ قويۇش تەكلىپىنى قويىدۇ. مۇسۇلمانلار شۇنداق بىرلىشىش ۋە ئىتتىپاقلىشىشى نەتىجىسىدە، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بېرىپ، ئاخىرى ئۈچ قىتئەنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئىگە بولغان ئىدى.

بىز نېمە ئۈچۈن بۇ تارىختىن ئىبرەت ئالمايمىز؟ ھالبۇكى، بىز ئۆزئارا بىرلىككە كېلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، كۈچلىنىش ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق كېلەچىكىنى قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق خەلقىمىزنى باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشقا ھاۋا بىلەن سۇغا

ھاجەت بولغاندەك زور ئېھتىياجلىقمىز. بىز بىرلىككە تولىمۇ موھتاج بولۇۋاتقان بىر خەلقمىز. بىزمۇ باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئىنسانلىق سۆيەتتىمىز بىلەن ئېسىل ياشىماقچى بولساق بىرلىشەيلى، ھېچ ئايرىلمايلى!

# تەبەسسۇمنىڭ سېھرى

نورمال كۈلكە غەمكىنلىكنى يوق قىلىش، كۆڭۈلنى راھەتلەندۈرۈش ۋە روھنى كۆتۈرۈشتە سېھرلىك كۈچكە ئىگىدۇر. ئىنسانلىقنىڭ ئۈپتىخارى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەبەسسۇم بىلەن قەلبلەرگە كىرىش مۆجىزىسىنى ئىنسانىيەتكە ئۆگەتكەن. ئۇ كىشىلەرنى تەبەسسۇمدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ئەخلاقنى ئۆزلەشتۈرۈشكە تەشەببۇس قىلىپ: «بىراۋنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن قارىشىڭنىڭ ئۆزى سەدىقىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. تەبەسسۇمنىڭ شۇنداق مۆجىزىلىك سېھرى كۈچى شۇ قەدەر ئۇچۇق تۇرسىمۇ، بەزى كىشىلەر ئۇلاردىن ھېچقانداق بەدەل تەلەپ قىلمايدىغان مۇشۇ بىر لەھزىلىك تەبەسسۇمغا بېخىللىق قىلىش بىلەن ئۆزىگە، ئائىلىسىگە ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ شۇ بىر لەھزىلىك تەبەسسۇمغا بولغان بېخىللىقىدىن ئۇلارنىڭ چىشلىرىنى ئايلاپ، يىللاپ بىرەر قېتىم كۆرەلمەيسىز. ھەتتا ئۇلارنىڭ چىشلىرىنى ئەۋرەتمىكىن دەپ ئويلاپ قالىسىز. مۇنداقلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېسىل ھەدىيەلىرىدىن مەھرۇم قالغان ۋە تەبەسسۇمدىكى مۆجىزىنى تونۇمىغانلاردۇر.

توغرا، گاھىدا ئىنساننىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت ياكى غەم ـ قايغۇ سەۋەبلىك بىر قانچە سائەت غەمكىنلىك بولۇشى نورمال ئىش. ئەمما ھەمىشە، كۈنلەرچە، ئايلارچە، ھەتتا يىللارچە چىرايى سوغۇق،

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

قاپىقى تۈرۈلگەن، ئىچىنى دەردلەر بىلەن تولدۇرغان ھالدا يۈرۈش بەختسىزلىكتۇر.

## تەبەسسۇمنىڭ ئەھمىيىتى

مەيلى مۇسۇلمانلاردىن بولسۇن، مەيلى باشقىلاردىن بولسۇن، ئىلىملىك ئاقىللار تەبەسسۇمنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ سېھىرلىك تەسىرىنى بۇرۇندىنلا كەشىپ قىلغان بولۇپ، ئۇنى تەشۋىق قىلغان. دالې كارنىگ «دوستلارنى قانداق تاللايسەن ۋە كىشىلەردە تەسىر قالدۇرالايسەن» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «چىرايىنىڭ ئىپادىسى ئىگىسىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكتۇر. ئوچۇق چىراي بولۇش، تەبىئىي تەبەسسۇم قىلىش ياخشى دوستقا ئىگە بولۇش ۋە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىق كۆۋرۈكىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارىدۇر. بۇ قارشى تەرەپكە ماددىي شەيئىلەردىن كۆپلەپ بەرگەندىن ياخشى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىشتۇر. چىن قەلبىدىن چىققان تەبىئىي تەبەسسۇم سۆيگۈنىڭ رەمزىسى ۋە راستچىللىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.»

دالې كارنىگ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئوقۇغۇچىلىرىمدىن ھەر بىرىنىڭ مۇئەييەن بىر كىشىنىڭ يۈزىگە ھەر كۈنى تەبەسسۇم قىلىشنى تاپشۇردۇم. ئۇزۇن ئۆتمەيلا سودىگەرلەردىن بولغان بىر ئوقۇغۇچۇم كېلىپ ماڭا مۇنداق دېدى : "مەن تەبەسسۇم قىلىشىم ئۈچۈن ئايالىمنى تاللىغان ئىدىم. ئۇ مەندىن بېرەر قېتىممۇ تەبەسسۇمنى كۆرمىگەن ئىدى. نەتىجىدە، مەن شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھېس قىلمىغان سائادەتنى تېپىندىم. شۇندىن بېرى ئۇچرىغانلا ئادەمگە تەبەسسۇم قىلىدىغان بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر مەن بىلەن كۆپ ئارىلىشىدىغان، بېرەر ئېھتىياجىم بولسا

دەرھال كېلىدىغان بولدى. نەتىجىدە، ھاياتىنىڭ نەقەدەر ئىللىق ئىكەنلىكىنى سەزدىم. تەبەسسۇمدىن ئالغان پايدىلىرىمنى سۆزلەپ تۈگىتىپ بولالمايمەن." ئەگەر بىلسىڭىز تەبەسسۇم دېگەن سىزدىن بىر تىيىن تەلەپ قىلمايدىغان، ئازراقمۇ مۇشەققەتكە قويمايدىغان، ناھايىتى ئاسان ۋە ئەرزان بىر نەرسە. ئەمما ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان پايدىلىرى ۋە ئىجابىي نەتىجىلىرى شۇنچە كۆپ. تەبەسسۇم قىلىش سىزدىن بىر لەھزىدىن ئارتۇق ۋاقىت تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى يىللارچە، ھەتتا بىر ئۆمۈر كۆڭۈللەردە قالىدۇ. دۇنيادا تەبەسسۇم قىلىشقا چامى يەتمەيدىغان پېقىر يوق. ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولالايدىغان باي يوق. ھەركىم ئۇنىڭغا موھتاجدۇر.

تۈرمۇشىمىزدا تەبەسسۇمدىن ئىبارەت بۇ سەدىقىنى قانچىلىك كۆپ قىلغانسېرى بىز نامرات بولۇپ قالمايمىز. ئەكسىچە، سائادەتكە تولىمىز ۋە باشقىلارنىمۇ بۇ سائادەتتىن بەھرىمەن قىلىمىز. ئەمما مۇشۇ ئاددىي سەدىقىنى دۇنيا ھەلەكچىلىكىدە قىيىنچىلىقلارغا تولغان بۇ دۇنياغا چىقىرىشتىن بېخىللىق قىلغان ۋاقتىمىزدا بىز دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك كۆپ ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغان بولىمىز.»

### تەبەسسۇم قىلىشنىڭ پايدىسى

تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سوغۇق چىرايلار، قاپىقى يىل بويى ئېچىلمايدىغانلار چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردۇر. چۈنكى ئۇلار ھاياتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن، دۇنيانىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىدىن ئۆزلىرىنى مەھرۇم قىلغۇچىلاردۇر. ئەمما تەبەسسۇم قىلغۇچىلار ھەمىشە خۇشاللىق ۋە نېمەت ئىچىدە ياشايدۇ.

### تەبەسسۇم قىلىشنىڭ پايدىسىنى بىلگەنلەرنىڭ ئېيتقانلىرى

مىسىردىكى «ئەل ئىېھرام» گېزىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مەشھۇر يازغۇچى ئەھمەد ئەمىن «شىېرىن ئەسلىمىلەر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن: «هاياتقا تەبەسسۇم بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلارنىڭ سائادىتى ئۆزلىرىنى بەختلىك قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇلار ئىشلەشكە ئەڭ قادىر، مەسئۇلىيەتنى كۆتۈرۈشتە ئەڭ كۈچلۈك، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتا ئەڭ يارامىلىق ۋە ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا پايدىلىق بولغان كاتتا ئىشلارنى بېجىرىشتە ماھىر كېلىدۇ. مەن كۆپ مال ـ دۇنيا ياكى چوڭ مەنسەپ بىلەن ئازغا شۈكۈر قىلىدىغان قانائەتلىك نەپس ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، ئەلۋەتتە ئىككىنچىسىنى تاللىغان بولاتتىم. چۈنكى شادلىقتىن ئەسەر بولمىغان مۇز چىراي بىلەن تۇرۇپ كۆپ مال ـ دۇنياغا ئېرىشكەننىڭ ياكى كاتتا مەنسەپكە چىققاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ خۇددى جىنازا نامىزىدىن قايتىپ كەلگەن ئادەمدەك چىرايى تۈتۈق يۈرگەن كىشىگە بۇ دۇنيانىڭ گۈزەللىكلىرىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، ئۆيىنى دوزاخقا ئايلاندۇرۇۋالغان ساھىبجامالنىڭ ئەگەر ئېرىنىڭ قەلبىنى ئاچالمىسا نېمىگە ئەھمىيىتى بولسۇن. ساھىبجامالىلىق دەرىجىسىگە يەتمىسىمۇ، ئۆيىنى جەننەتكە ئايلاندۇرىدىغان چىرايى نورمال ئايال ساھىبجامالدىن مىڭ ئەلادۇر!»

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بىرى دوكتور ئائىز قەرنىي « غەم قىلماڭ» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تەبەسسۇم قەلب قېتىدىن كەلمىگىچە تاشقى جەھەتتىكى تەبەسسۇمنىڭ ئەھمىيىتى يوقتۇر. گۈل ـ گىياھلار كۈلۈمسىرەيدۇ، باغۇ-بوستانلار كۈلۈمسىرەيدۇ، دېڭىز ـ دەريالار كۈلۈمسىرەيدۇ، ئاسمان

ۋە ئۇنىڭدىكى يۇلتۇزلار كۈلۈمسىرەيدۇ، قۇشلار كۈلۈمسىرەيدۇ. دۇنيادا ھەممە نەرسە كۈلۈمسىرەيدۇ ۋە تەبەسسۇم قىلىدۇ. ئىنسانىمۇ ئەسلى تەبىئىتىدە كۈلۈمسىرەيدىغان مەۋجۇدات بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭدا پەيدا بولىدىغان شەخسىيەتچىلىك، يامانلىق ۋە تويماسلىق ئۇنى مۇز چىراي قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان ئادەملەر نە ئۆزىدىكى، نە تەبىئەتتىكى گۈزەللىكلەرنى كۆرەلمەيدۇ. ھەركىم دۇنيانى ئۆزىنىڭ ئەمەلى، ئۆزىگە خاس پىكىر قىلىش تەرزى ۋە ئۇنىڭ تۈرتكىسى بويىچە كۆرىدۇ. ئەگەر قىلغان ئىش ياخشى، پىكىر ساغلام ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولغان نەرسە توغرا بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ دۇنيانى كۆرىدىغان كۆزنىكى پاكىز بولسا دۇنيانى ۋە دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى يارىتىلغىنى بويىچە ئەڭ گۈزەل ۋە تولىمۇ سۈزۈك شەكلىدە كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ كۆرۈش كۆزنىكى كىر، ياكى قارا بولسا، ئۇ پۈتۈن دۇنيانى قاپقارا كۆرىدۇ. دۇنيادا كۆپىنچە كىشىلەر كۆزلىرىنى ھاياتلىقنىڭ گۈزەللىكلىرىگە ئاچماستىن، پەقەت مال ـ دۇنياغىلا ئاچىدۇ. ئۇلار تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن گۈزەل باغچىلاردىن، خۇشپۇراق گۈللەرنىڭ ئارىسىدىن، سۇلار ئېقىۋاتقان، قۇشلار سايراۋاتقان جايلاردىن ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھېچبىرىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ پۈتۈن خىيالى ۋە تەپەككۇرىنى مال ـ دۇنيانىڭ ھەلەكچىلىكى ئۆزىگە بەند قىلىۋالغان.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىراۋ ئۆزىنى كىچىك ئىشلار ئۈچۈن يارىتىلغان ئاجىز بىر مەخلۇقات دەپ ساناپ، غەيرەت قىلمىسا، ئۇ كىچىك ئىشتىن باشقىسىنى قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى چوڭ ئىشلار ئۈچۈن يارىتىلغان دەپ ھېس قىلىدىكەن، ئەلۋەتتە كاتتا ئىشلارنى قىلالايدۇ.

ھەر نەرسىگە كۈلۈمسىرەش بىلەن باقىدىغانلار قىيىنچىلىقلارغىمۇ كۈلۈمسىرەيدۇ ۋە ھەر قانچە زور قىيىنچىلىقنىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ يېڭىدۇ. ئەمما ھەر نەرسىگە قاپىقىنى تۈرۈپ باقىدىغانلار ئۈچۈن ھەممە ئىش قىيىن ۋە تەس تۇيۇلىدۇ. ئازراق قىيىنچىلىقلارمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە چوڭ كۆرۈنىدۇ. مۇنداقلار بەدەل تۆلىمەستىن مەقسەتكە يېتىشنى ئارمان قىلىدىغانلاردۇر.

ھاياتلىقتا قىيىنچىلىقلار نىسپىي ئىشلاردۇر. ھىممەتسىز، قورقۇنچاقلارنىڭ كۆزىدە ھەممە ئىش قىيىندۇر. ئەمما ھىممەتلىك كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇ ئالەمدە قىيىن ئىش يوقتۇر. ھىممەتلىك كىشىلەر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئارقىلىق ھىممەت ئۈستىگە ھىممەت قوشىدۇ. قىيىنچىلىقلار لالما ئىتقا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن قورقسىڭىز سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن قوغلايدۇ ۋە جېنىنىڭ بارىچە قاۋايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماستىن يولىڭىزغا داۋام قىلسىڭىز، ئۇ سىزگە يولنى بوشىتىپ بېرىپ، قۇيرۇقنى شىپاڭشىتقان ھالدا ئۆزىنى بىر دالدىغا ئالىدۇ».

## ۋاقىتنى قەدىرلەش ئۆمۈرنى قەدىرلىگەنلىكتۇر

قولدىن كەتكەن ھەممە نەرسە قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما ۋاقىت قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىيسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىنسانىنىڭ قولىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىتتۇر. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئەقلى ئىگىسى بولغان ھەر بىر ئىنسان ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يېتىشى، ئۇنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكى، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى بىلىشى تولىمۇ مۇھىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «كۆپىنچە كىشىلەر قەدرىنى بىلەلمەيدىغان ئىككى نەرسە باردۇر: ئۇنىڭ بىرى تەن ساقلىقى، يەنە بىرى ۋاقىتتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

مەرھۇم ئۇستاز مۇھەممەد غەززالى مۇنداق دەپ يازىدۇ: « بىرىمىز ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغان چېغىدا، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ھېسابلاپ، ھاياتلىق مۇساپىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بىلىش ئۈچۈن كەينىگە قارىغان ۋاقتىدا، تەپەككۇر ئۇزۇنغا بارمايدۇ. چۈنكى ئۇ پەقەت سىرلىق باشلىنىش ۋە ئەگىشىپ كەلگەن ئۇزۇن يىللار ۋە تاڭ ئاتماس كېچىلەردىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ. ئويلىنىشتىن قايتقاندا بولسا، ئۆتكەن ئاشۇ يىللار گويا دائىرىسى غۇۋا ھادىسىلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بىر كۈندەكلا تۇيۇلىدۇ. ئىنسان ۋاقىتنىڭ ساقلاپ تۇرمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى غەپلەتتە زايە قىلىدۇ. بېشىغا ئېغىر كۈنلەر ياكى ئۆلۈم

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

سائەتنى كەلگەنگە قەدەر بىخۇتلۇقنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ھاياتنى ئاخىرلىشىپ ھەممە ئىش قولىدىن كەتكەن ۋاقىتتا ھوشىنى تاپىدۇ. بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى بولسۇن؟!»[1]

## ئەقىللىق كىشىلەر ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ

ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بىلىدىغان، ئەقىللىق كىشىلەر چوقۇم ۋاقىتنى قەدىرلەيدۇ. چۈنكى ۋاقىت ئۇنىڭ ھاياتى. ئەگەر ئۇ ۋاقىتنىڭ قولدىن كېتىشىگە يول قويسا، ئۇنى ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزىۋەرسە، نادانلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانغا ئوخشاش بىلىدۇ. ئىنسان تىنىمسىز ھالدا ئالدىغا ئىلگىرىلەپ مېڭىۋاتىدۇ. پەلەكنىڭ ھەر بىر ئايلىنىشى ئۇزۇن يولدىكى باسقۇچلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىغان يېڭى بىر تاغدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىنساننىڭ مانا بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ ئۇنى كۆز ئالدىدا ئايان بولۇۋاتقاندەك سېزىشى، ئىلگىرى بولغان ۋە كېيىن بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشى ئاقىلانىلىك ئەمەسمۇ؟!»

## ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ

كىشىنىڭ ۋاقىت مېڭىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى توختاپ تۇرغاندەك ھېس قىلىشى ئۇنىڭ ئالدانغانلىقىدۇر. بۇ خۇددى پويىزدا ئولتۇرغان يولۇچىنىڭ ئۆزىنى جىم تۇرغاندەك، پەقەت سىرتتىكى شەيئىلەرلا مېڭىۋاتقاندەك سەزگىنىگە ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە ۋاقىت ئىنسان خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا ھامان كۆزلىگەن

---

(1) مۇتەپەككۇر ئالىم مۇھەممەد غەززالىينىڭ «مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

نىشانغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ. مۇسۇلمانلار ۋاقىتنىڭ قەدرىنى ياخشى بىلىشى ۋە «ۋاقىت قىلىچقا ئوخشايدۇ، سەن كەسمىسەڭ، سېنى ئۇ كېسىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى ياخشى بىلىشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت مەيدانىغا بەندىنىڭ قەدىمى قويۇلغان ھامان تۆت نەرسىدىن سورىلىدۇ: ئۆمرىنى نېمە بىلەن تۈگەتكەنلىكىدىن، ياشلىقىنى نېمە بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن، پۇل ـ مالنى نەدىن تېپىپ، نەگە ئىشلەتكەنلىكىدىن، ئۆگەنگەن بىلىمى بىلەن قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىدىن.»[1]

قىسقىسى، ۋاقىتنىڭ چەكلىك تەسرىنى كۆزلەر يۈزەكى كۆرۈشتىلا كۆرىدۇ. ئەمما ۋاقىت چىرايلارغا قورۇق، بەدەنلەرگە ئاجىزلىق، چاچ ۋە ساقاللارغا ئاقلىق ئېلىپ كېلىش بىلەن بىللە ئاخىرى ئەجەلنىمۇ چاقىرىپ كېلىدۇ. ۋاقىتنى يۈرۈشىدىن توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. ئىنسان قۇدرىتى ئۇنى ئارقىغا چېكىندۈرەلمەيدۇ. مانا بۇ ـــ ۋاقىت. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزى بىلىم ئېلىش، ئىجاد قىلىش، مىللەتنى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش، ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان ياخشىلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئەقىللىكلەرنى ئويغىتىش پەيتىدۇر.

دېمەك، بۇ ھاياتلىق مۇساپىسى ئۇزۇن مۇسابىقىلەرگە تەييارلانغان مەيدان بولۇپ، ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلگەنلەر ۋە ئۇنى چىڭ تۇتۇپ، قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى جايىدا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى ۋە خەلقنى مەمنۇن قىلالايدىغانلار ئۇتۇپ چىقىدىغان مۇسابىقىدۇر.

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

# قەلبنى ئىسلاھ قىلىش

خۇددى تۆمۈر داتلاشقاندەك قەلبمۇ داتلىشىدۇ، خۇددى بۇزۇلغان گۆشنى مىكروب قاپلىغاندەك بۇزۇلغان قەلبنىمۇ مىكروبلار قاپلايدۇ.

ئىنساننىڭ قەلبى تۈزەلسە، ئۇنىڭ باشقا ئورگانلىرىنىڭ ئىشلىرىمۇ تۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى بۇزۇلسا، ئۇنىڭ بارچە ئىشلىرىمۇ بۇزۇلىدۇ. قەلب قوماندان، باشقا ئورگانلار ئەسكەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇنۇتماڭلاركى، تەندە بىر پارچە گۆش بار بولۇپ، ئۇ تۈزەلسە، جىمى بەدەن تۈزۈلىدۇ، ناۋادا ئۇ بۇزۇلسا، جىمى بەدەن بۇزۇلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ قەلبتۇر»[1] دېگەن ھەدىسى بۇنى ئىپادىلەيدۇ.

قىيامەت كۈنىدە ئەسقاتىدىغىنىمۇ ساغلام قەلبتۇر. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان ئايەتلەردە «ساغلام قەلب» ئىككى ئورۇندا زىكىر قىلىنغان ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇددى جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ پېشۋاسى بولغىنىدەك، ساغلام قەلب بابىدىمۇ ئىنسانىيەتكە پېشۋا ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىنغان.

قەلبنىڭ ساغلام بولۇشىدىن ئۇنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت كېلىدىغان ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئېقىملاردىن خالىي بولغىنىدەك، كىشىلەرگە قارشى دۈشمەنلىك، كۆرەلمەسلىك، ئۆچمەنلىك، كۆڭلى تارلىق قاتارلىق مەنىۋى كېسەللىكلەردىن خالىي بولۇشى ۋە ھەر كىمگە

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، ئەپۇچان، مەرد، كۆيۈمچان بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قەلبنى ئىسلاھ قىلىش ئىشى ھەر قانداق بىر ئورگاننى ئىسلاھ قىلىشتىن قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك بولغان بىر كۈرەشتۇر. چۈنكى قەلبنى ئىسلاھ قىلىش نەپسنىڭ ئىسيانكارلىقىغا قارشى قاتتىق كۈرەش قىلىپ، ئۇنى يېڭىش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش. شۇڭا نەپسنىڭ شۆھرەتكە، مال ـ دۇنياغا ۋە ھەر قانداق بىر ئىنسانىي ھەۋەسكە بولغان ھېرىسمەنلىكىنى يېڭەلمىگەنلەر نەپسنى ئىسلاھ قىلىش جېڭىدە يېڭىلگەن بولىدۇ. نەپسنىڭ ئىسيانكارلىقىنى يېڭەلمىگەن ئادەم قەلبىنىمۇ ئىسلاھ قىلالمايدۇ.

## قەلب ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرى چۈشىدىغان جاي

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ تەققى ـ تۇرۇقۇڭلارغا ياكى مال ـ دۇنيايىڭلارغا قارىمايدۇ. بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا ۋە ئەمەلىڭلارغا قارايدۇ» (1) دېگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قەلب ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرى چۈشىدىغان جاي.

يۈزنى سوپۇنلاپ پاكىز يۇيۇپ، كىيىمنىڭ ئەڭ ئېسىلىنى كىيىپ، ئۆزىگە خۇشپۇراقلارنى چېچىپ، تاشقى قىياپەتنى كىشىلەرگە چىرايلىق ۋە پاكىز قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆپ چىقىم ياكى كۆپ تىرىشچانلىق كەتمەيدۇ. ئەمما قەلبتىكى ئۆچمەنلىك، كۆرەلمەسلىك،

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

دۈشمەنلىك، ئىچى تارلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنى تەۋبە ـ ئىستىغپارنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇپ، نەپسنىڭ ئىسيانكارلىقىنى يېڭىپ، ئۇنى ئاللاھ تائالاغا پاك ـ پاكىز قىلىپ كۆرسىتىش ئوڭاي ئىش ئەمەس.

ئىچكى دۇنياسىنى تۈزەپ، ئۇنى ئىسلام ئەخلاقىي بىلەن پارلىتىشقا ھېچ ئەھمىيەت بەرمەستىن، پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشىگىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان، كىيىنىش، گەپ ـ سۆز ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇش قاتارلىق ئىشلىرىدا بىرەر ئەيىب ـ نۇقسان كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن ياكى بىرەر يولسىزلىقى سەۋەبلىك ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا رەسۋا بولۇپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەپ، ئۆزىنىڭ تاشقى ئەيىبلىرىنى يوشۇرۇشقا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغان ياكى قىسقا بىر تەبىر بىلەن ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا ئەڭ ئاۋۋال قارايدىغان جاينى چىرايلىق كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بەرمەستىن، ئىنسانلار قارايدىغان جايلارنى چىرايلىق، پارقىراق قىلىپ كۆرسىتىشكىلا ئەھمىيەت بېرىدىغانلار رىياكارلاردۇر.

زامانىمىزدىكى بەزى مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا نەزەر سېلىپ تۇرىدىغان قەلبنى ئۇنىڭغا چىرايلىق ۋە پاكىز كۆرسىتىشكە، ئىنسانلار قارايدىغان تاشقى ئەزالىرىنى چىرايلىق، ئېسىل ۋە كۆركەم كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەنچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغان بولسا ئىدى، ئەھۋال باشقىچە بولغان بولار ئىدى.

## قەلب ئەڭ ئۆزگىرىشچان ئورگاندۇر

مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەم بالىسىنىڭ قەلبى خۇددى قايناۋاتقان قازاندىنمۇ بەك ئۆزگىرىشچاندۇر»[1] دېگەن. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمىشە «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مېنىڭ قەلبىمنى دىنىڭدا مەھكەم قىلغىن»[2] دەپ دۇئا قىلىشىدىكى ھېكمەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. قەلب سۆزى ئەرەب تىلىدا «ئۆزگىرىش» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن چىققان بولۇپ، لۇغەت ئېتىبارى بىلەن ئۆرۈپ ـ چۆرۈگەننى ئىپادىلەيدۇ.

قەلبنى ئىسلاھ قىلىش دېگەن خۇددى ئۆينى سۈپۈرگەندەك كۆڭۈلدىكى يامانلىقلارنى، ئۆچلۈك ـ ئاداۋەتلەرنى ۋە بارچە يامان ئىللەتلەرنى بىر قېتىمدىلا سۈپۈرۈپ تاشلاپ قۇتۇلىدىغان ئوڭاي ئىش ئەمەس. بەلكى ئاللاھ تائالادىن ياردەم سوراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەپسىنىڭ ئىسيانكارلىقى ۋە شەيتاننىڭ كۈشكۈرتۈشىنى باستۇرۇپ، قەلبنى ھەمىشە ئۆز كونترولىدا تۇتۇپ، سەگەك، ھوشيار بولۇش، سىرتتىن كىرىدىغان مەنىۋى مىكروب تۇمانلىرىدىن قەلبنى قوغداش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## قەلبتە بولىدىغان زىددىيەتلەر

ئىنسان قەلبى ھەر خىل زىددىيەتلىك سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇپ، بەزىلەرنىڭ قەلبى يۇمشاق كەلسە، بەزىلەرنىڭ تاشتەك قاتتىق كېلىدۇ، بەزىلەرنىڭ سۈتتەك ئاپئاق كەلسە، بەزىلەرنىڭ قاپقارا كېلىدۇ. قەلبنىڭ يۇمشاقلىقى ئەسىرى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ قاتتىقلىقى كۇفرىنىڭ

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(2) ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم رىۋايىتى

ئەسىرىدۇر. شۇنىڭدەك، قەلبنىڭ ئاقلىقى ياخشى ئەمەلنىڭ ئىزى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ قارىلىقى گۇناھ ـ مەسىيەتنىڭ ئىزىدۇر. شۇڭا گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى ئىككىلەنمەستىن قىلىدىغان ئادەملەرنى كىشىلەر «قەلبى قارا ئادەم» دەيدۇ. گۇناھ ـ مەسىيەتنىڭ قەلبنى قارايتىۋېتىدىغانلىقى ۋە ياخشى ئەمەللەرنىڭ قەلبنى يورۇتىدىغانلىقى ھەققىدە كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەر بۇنى كۈچلەندۈرىدۇ.

بىراۋنىڭ قەلبىدىكى زىددىيەتلەر ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى ياكى دوزاخقا كىرىشىنى بەلگىلەيدۇ. بىر ئايالنىڭ بىر مۆشۈكنى نان، سۇ بەرمەي باغلاپ قويغانلىقى سەۋەبلىك دەۋزىخى بولۇپ كەتكەنلىكى ۋە يەنە بىر بۇزۇق ئايالنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىراپ قالغان بىر ئىتقا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى سۇغۇرۇپ قويغانلىقى سەۋەبلىك جەننىتى بولۇپ كەتكەنلىكى بۇنىڭ مىسالى. چۈنكى قەلبنىڭ قاتتىقلىقى ئۇنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن، قەلبنىڭ يۇمشاقلىقى ئۇنىڭ ساغلاملىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## قەلبنىڭ ساغلاملىقى جەننەتنىڭ كاپالىتىدۇر

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلغان: « بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ: "ھازىر سىلەرگە جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر ئادەم كېلىدۇ" دېدى. راستتىنلا ئەنسارلاردىن بىر ئادەم كەلدى. ئۇ تاھارەت ئېلىپلا كەلگەنلىكىدىن ئۇنىڭ ساقىلىدىن سۇ تامچىلاپ تۇراتتى. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە شۇنداق دېدى، يەنە شۇ ئادەم شۇ ھالەتتە ھازىر بولدى، ئۈچىنچى كۈنىمۇ شۇنداق بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆھبەتتىن تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى ۋە

ئۇنىڭغا:"دادام بىلەن قېيىدىشىپ قېلىپ، ئۈچ كۈنگىچە ئۇنىڭ يېنىغا كىرمەسلىككە قەسەم قىلغان ئىدىم. شۇڭا سەن مېنى ئۈچ كۈن قوندۇرغان بولساڭ" دەپ ئۆتۈندى، ئۇ ئادەممۇ قوبۇل قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىللە كەتتى. كېيىن ئابدۇللانىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ ھېلىقى ئادەم بىلەن ئۈچ كۈن بىللە تۇرۇش جەريانىدا، ئۇنىڭدا سەھەر ئويغۇنۇپ تۇرۇپ بامدات ۋاقتىغىچە ئاللاھ تائالاغا زىكىر ۋە تەكبىر ئېيتىشتىن باشقا ھېچقانداق ئارتۇقچىلىق كۆرمىگەن، پەقەت ئۇنىڭ ھەمىشە ياخشى سۆز قىلىدىغانلىقىدىن تەسىرلەنگەن. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋەقەلىكنى مۇنداق ھېكايە قىلىپ بەرگەن: "ئۈچ كۈن توشقاندىن كېيىن، مەن ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىنى ئاددىي ساناپ قالدىم ۋە ئۇ ئادەمگە: ـ ئەي ئاللاھنىڭ بەندىسى! راستىمنى ئېيتسام دادام بىلەن قېيىدىشىپ قالغان ئەمەسمەن. پەقەت رەسۇلۇللاھتىن سېنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكىڭنى ئارقا ـ ئارقا ئۈچ كۈن ئاڭلاپ ساڭا قىزىقىپ قالغانتىم. شۇڭا سېنىڭ ئەمەللىرىڭنى ئۆگىنىپ ساڭا ئەگىشەي، دېگەن مەقسەتتە سېنىڭ ئۆيۈڭگە كەلگەنتىم. ئەمما قارىسام چوڭ بىر ئىشلارنى قىلغىنىڭنىمۇ كۆرمىدىم. سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى جەننەتتى دېيىشىگە سازاۋەر قىلغان ئىشىڭ زادى قايسى؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ كىشى: ـ مېنىڭ ئەمەللىرىم پەقەت سەن ئۈچ كۈندىن بېرى كۆرگىنىڭ شۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ يېنىدىن قايتىۋاتقانتىم. ئۇ مېنى چاقىردى ۋە مۇنداق دېدى : ـ مېنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىم سەن كۆرگەنلىرىڭنىڭ ئۆزى. باشقىسى يوق. پەقەت مەن مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىمگە يامانلىق ئويلىمايمەن، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ياخشىلىقلىرىغا كۆز قىزارتمايمەن. شۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭغا: ـ ھە، ئەمدى بىلدىم. سېنى بۇ دەرىجىگە يەتكۈزگەن ۋە بىزنىڭ قولىمىزدىن

كەلمەيدىغان ئىش بۇ ئىكەندە" دېدىم.»[1]

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

# ئالىي ھىممەت ۋە ئۇنىڭ ھاياتتىكى ئەھمىيىتى

ھەرقانداق بىر مەقسەت ياكى غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھىممەتلىك بولۇش شەرت. ھىممەت سۆزى بېرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئىنتىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ھىممەت ھەرقانداق بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. ھىممەت ئۈستۈنلۈك ياكى تۆۋەنلىك بىلەن تەرىپلىنىدۇ. كىشىلەر ھىممەت جەھەتتە بىر خىل بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ ھىممىتى ئالىي بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ ھىممىتى تۆۋەن بولۇپ، تۆۋەنلىكتىن ئەڭ ئاددىي دەرىجىلەرگىچە چۈشۈپ قالىدۇ.

كىشىلەر تۆۋەندىكى ئىككى ئىشتا بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ: بىرى، ئۇلارنىڭ مەقسەت، غايىلىرىدا، يەنە بىرى ئاشۇ مەقسەت ۋە غايىلىرىگە ئېلىپ بارىدىغان ھىممەتتە.

بەزى كىشىلەر ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پەقەت تىلى بىلەنلا ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلاردا شۇ غايىلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ھىممەت بولمايدۇ. مۇنداقلا مەغرۇرلاردۇر.

**وما نيل المطالب بالتمني    ولكن يؤخذ الدنيا غلاباً**

تەرجىمىسى:

**قۇرۇق ئارزۇ بىلەن مەقسەتكە ئەرمەس،**

**دۇنيامۇ ئەزەلدىن مېھنەتسىز كەلمەس.**

غەلىبىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى نەپسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يېڭىش

ئارقىلىق ئالىي ھىممەتلىك بولۇشتۇر. بەزى كىشىلەر ئۆزىگە ئەڭ ئاددىي تەلەپلەرنى قويىدۇ ۋە پەس ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنىلا ئويلايدۇ. مۇنداقلارمۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ئاشۇ پەس ئارزۇلىرىغا يېتىش ئۈچۈن يۇقىرى ھىممەتلىك بولغانلار. ئۇلار بىھۇدە ئىشلارغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەگەر ئۇلار توغرا يولغا ۋە توغرا ئىشلارنى قىلىشقا ھىدايەت تاپقىنىدا، ئۇلاردىكى ئالىي ھىممەت قىممەتلىك ئىشلارغا قارىتىلغان ئالىي ھىممەتكە ئايلىنىدۇ. ئىنسانلارمۇ ئوخشاش بولمىغاندەك، ئۇلاردىكى غايە ۋە ھىممەت دەرىجىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلار خۇددى ئالتۇن، كۈمۈشكە ئوخشاش مەدەنلەردۇر، ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتە ياخشى بولغانلىرى ئۆگەنسە ئىسلامدىمۇ ياخشىلاردۇر»[1] دېگەن.

پەس ئارزۇدىكىلەرنىڭ ئىككىنچى تۈردىكىلىرى، ھېچقانداق بىر ھىممەتتىن نېسىۋىسى بولمىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاز ساندىكىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ھاياتىنىڭ پەرقى يوقتۇر. ئۇلار يوقاپ كەتسە ئىزدەنمەيدىغان، بولسا سورالمايدىغان ئەھمىيەتسىز ئىنسانلاردۇر.

## ھىممەت توغرىسىدا مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئېيتقانلىرى

ئىمام ئىبنى قەييىم ئالىي ھىممەتنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئالىي ھىممەتنىڭ ئادەتتىكى ھىممەتلەرگە نىسبەتەن ئۈستۈنلۈكى خۇددى ئەڭ يۇقىرى ئۇپۇقتا جەۋلان قىلغان قۇشنىڭ باشقا قۇشلارغا بولغان ئۈستۈنلۈكىگە ئوخشاش بولۇپ، تۆۋەندىكى قۇشلارغا يەتكەن

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

بەختسىزلىكلەر يۇقىرى ئۇپۇقتىكى قۇشقا يەتمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى ئۇپۇقتا قانچىلىك ئۆرلىگەنسېرى بالايى ـ ئاپەتلەردىن شۇنچىلىك يىراق بولغىنىدەك، قانچىلىك تۆۋەنلىگەنسېرى بەختسىزلىكلەر ئۇنى شۇنچىلىك تېز تېپىۋالىدۇ.

ھەركىمنىڭ لەززىتى ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، ھىممىتى ۋە ئۆزىنىڭ شەرىپىگە قاراپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ ھىممەتلىك ۋە ئەڭ قەدىر ـ قىممەتلىك بولغىنى ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى ئاللاھنىڭ مەرىپىتى ۋە مۇھەببىتىدىن ئالىدىغان، ئۇنىڭ جامالىغا تەلپۈنىدىغان ۋە ئۇ رازى بولىدىغان ھەم ياقتۇرىدىغان ئىشلارغا ئالدىرايدىغانلىرىدۇر.»[1]

ئابدۇلقادىر جىيلانىي ئوغلىغا مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىكەن: «ئى ئوغلۇم! سېنىڭ ھىممىتىڭ يەپ ئىچىدىغان، كىيىدىغان ، ئۆيلىنىدىغان ۋە تۇرماي توپلايدىغان نەرسىلەر بىلەن بولمىسۇن. بۇلارنىڭ ھەممىسى نەپسىنىڭ ھىممىتى. قەلبىنىڭ ھىممىتى قېنى؟ بىلگىنكى، ھىممىتىڭ سېنىڭ قەدرىڭنى كۆتۈرگەن نەرسىدۇر.»

## قانداق قىلغاندا ئالىي ھىممەتلىك بولغىلى بولىدۇ؟

ئالىي ھىممەتلىك ۋە غايىلىك بولۇشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى كۈرەش، تىرىشچانلىق، قىلماقچى بولغان ئىشقا چىن ئىخلاس باغلاش، تارىخلاردا نەتىجە ياراتقان ئۇلۇغلارنىڭ كىشىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئوقۇپ ئىبرەت ئېلىش، ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت

---

(1) «**الفوائد**» دېگەن كىتابنىڭ 196ـ، 197ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.

بولۇش، كۆڭۈلۈك ئىش تەرتىپىگە ئەمەل قىلىش ۋە مۇھىم ئىشلارنى ئالدىنقى قاتارغا قويۇش، تاكامۇللۇققا قاراپ ھارماستىن ئىلگىرىلەش، ھىممەتنى زەئىپلەشتۈرىدىغان بارلىق ئامىللاردىن يىراق بولۇش قاتارلىقلاردۇر.

ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەر ئۆتكەنگە ھەسرەت چەكمەيدۇ، ئەتىنى كۈتمەيدۇ ۋە بۈگۈننى غەنىيمەت بىلىدۇ، ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن كۆپ دەرتلىنىدۇ، ۋاقىتنى نەق پۇل دەپ بىلىدۇ، ئۆزى ئىرادىلىك، پىكرىدە مۇستەھكەم بولىدۇ ۋە ئىككىلىنىشى ئاز بولىدۇ.

كىشىلەردىكى ھىممەت دەرىجىسىنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولۇشىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئىشلىرى، نىسۋىلىرى ۋە دەرىجىلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ.

ھىممەت دەرىجىلىرىنىڭ پەرقىنى كۆرۈشنى خالىسىڭىز رەبىئە ئىبنى كەئب ئەل ئەسلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھىممىتىنى ئاڭلاپ بېقىڭ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى رەبىئە مېنىڭدىن بىر نەرسە سورىغىن» دېگەندە، ئۇ: «جەننەتتە سىلىگە ھەمراھ بولۇشنى تىلەيمەن»[1] دەيدۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت بارمۇ؟!

## ھىممەتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولى

ئىنسان ھاياتىدا ھىممەتنىڭ رولى چوڭ بولۇپ، كىشىلەر كۆز يەتمىگەن مەنزىللەرگە ئۆزلىرىدىكى ئالىي ھىممەتنىڭ شارائىتى بىلەن يەتكەنلىكىگە تارىخ گۇۋاھتۇر.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئالىي ھىممەت نەتىجىلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى كۆرەلەيمىز.

تارىخشۇناسلارنىڭ نەزىرىدە، بىر ئۈممەتنى بەرپا قىلىش شۇ غايىنى ئۆزلىرىگە نىشان قىلغان زەنجىرسىمان بىرقانچە ئەۋلادقا ئېھتىياجلىقتۇر. ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئۈممىتىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار غايىسىنى چارەك ئەسىرگە يەتمەيدىغان، ئازغىنە بىر ۋاقىت (يەنى 23 يىل) ئىچىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرالىدى.

بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا باش كۆتۈرگەن مۇرتەدلىككە ئىككى يىلدىن ئاز ۋاقىت ئىچىدە خاتىمە بېرەلىدى ۋە شۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدە شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ چوڭ ئىككى ئىمپېراتورلۇقنى مۇھاسىرىگە ئالالىدى. كاتتا ساھابىلەر ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇرتەدلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش پىكرىنى دەسلەپ قوللىماسلىقتا، ئۇنىڭ زور دەرىجىدىكى مۇرتەد قوشۇنلىرىغا كۈچى يەتمەسلىكىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ئىدى . لېكىن ئۇنىڭ ئالىي ھىممىتى دۈشمەنىنىڭ ھەيۋىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەندىشىسىنى يەرگە ئۇردى. نەتىجىدە، ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە خىيال دەپ شەكىللەنگەن بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئالى ھىممەت ئۈچۈن تارىختىن نەمۇنىلەر ناھايىتى كۆپ.

ئەمدى بىز ياشاۋاتقان ھازىرقى ئەسرىمىزدىكى چوڭ غەلىبىلەرنى مىسال كەلتۈرىدىغان بولساق، ئالىي ھىممەتنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىنى كۆرىمىز.

ئىمام ھەسەنۇل بەننانىڭ ھاياتى ئالىي ھىممەت ۋە پىداكارلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسىدۇر. ئۇ مىسىردا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار» جەمئىيىتىنى قۇرۇپ چىقىش بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مىسىر خەلقىنىڭ ھاياتىدا چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلالىدى. ئۇ ھەمىشە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا: «تۈنۈگۈنىنىڭ ئارمانلىرى بۈگۈن، بۈگۈننىڭ ئارمانلىرى ئەته» دەپ تەلىم بېرەتتى.

ئەمدى مۇسۇلمان ئەمەسلەردىن ئالىي ھىممەتلىكلەرنىڭ غەلىبىلىرىگە مىسال كەلتۈرمەكچى بولساق، دوكتور تەۋفىق ئەل ۋائىينىڭ مۇنۇ قىسسىسىنى كەلتۈرىمىز:

ياپونىيە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاۋۋالقى ھارپىسىدا گېرمانىيەگە ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەۋەتكەندە، ئەرەب دۆلەتلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەندى. ياپونىيەدىن بارغان ئوقۇغۇچىلار مىللىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا دۆلىتىگە قايتتى. ئەمما ئەرەب دۆلەتلىرىدىن بارغان ئوقۇغۇچىلار سەرمايىسىز قۇرۇق قول قايتتى. بۇ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولدى؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مۇنۇ قىسسىسنى ئوقۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ:

ياپونىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن گېرمانىيەگە تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچى ئوساھېر مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مەن گېرمانىيەنىڭ ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇئەللىمىنىڭ نەسىھەتلىرىگىلا كۆپايە قىلىپ، ئۆزلىكىمدىن ئىزدەنمىگەن بولسام ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتىم. دۆلىتىم مېنى گېرمانىيەدە ئىلمىي تېخنىكا قائىدىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەندى. كىچىك تىپتىكى ماتورنى ياساشنى ئۆگىنىشكە بەكمۇ قىزىقاتتىم. لېكىن قانداقلا بىر موتور بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مودېلى

بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بۇ ھەر قانداق سانائەتنىڭ ئاساسى ئىدى . مۇئەللىم مېنى ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئۈندىمەستىن، ھەمىشە كىتابتىكى نەزەرىيەلەرنىلا ئوقۇشۇمنى تەۋسىيە قىلاتتى. مەن ماتور ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نەزەرىيەلىرىنى پىششىق ئوقۇغان ۋە چۈشەنگەن بولساممۇ، ماتورنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە بۇ يوچۇن دۇنيا ئالدىدا گاڭگىراپلا قالاتتىم.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىتالىيەدە ياسالغان ماتورلارنىڭ يەرمەنكىسى بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ئاي بېشى بولغانلىقتىن مائاشىم قولۇمغا تەگكەن ئىدى . يەرمەنكىدىن بار پۇلۇمنىڭ ھەممىسىگە ئىككى ئاتنىڭ كۈچى بار كىچىك تىپتىكى ماتوردىن بىرنى سېتىۋالدىم. ئۇ بەكمۇ ئېغىر ئىدى . ئۇنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ ياتىقىمغا ئېلىپ كەلدىم. ماتورنىڭ ھەر تەرىپىگە زوق بىلەن قاراپ چىقىپ، مانا بۇ ياۋروپالىقلار كۈچىنىڭ سىرى، ئەگەر مەن مۇشۇنىڭدەك بىرەر موتور ياساپ چىقالىسام ياپونىيە تارىخىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولاتتى، دېدىم ئىچىمدە. كىتابلىرىم ئارىسىدىن ماتورنىڭ سۈرەتلىك تەلىماتىنى تېپىپ چىقتىم، ـ دە، تەرتىپ بويىچە ماتورنى چۇۋۇشقا باشلىدىم. ھەر بىر پارچىسىنى چۇۋۇغىنىمدا ئاق قەغەزگە ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزىش بىلەن بىرگە نومۇر قويۇپ ماڭدىم. ھەممىنى پارچىلاپ بولۇپ يەنە قايتا قۇراشتۇردۇم. ھەر كۈنى 15سائەتتىن كۆپرەك ئىشلەش بىلەن بۇ ئىشنى ئۈچ كۈن ئۇدا داۋاملاشتۇردۇم. تۆتىنچى كۈنى بۇ خەۋەرنى بىزنىڭ گۇرۇپپا باشلىقىمىزغا يەتكۈزگىنىمدە ئۇ تولىمۇ مەمنۇن بولدى ۋە بۇزۇق ماتوردىن بىرنى ماڭا بېرىپ ئۇنى ياساپ چىقىشىمنى بۇيرىدى. ئون كۈن قاتتىق ئىشلەش جەريانىدا بۇ ماتورنىڭ بۇزۇلغان يېرىنى تاپالىدىم. ماتورنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ كىچىك پارچە زاپچاس ئۇپراپ

كەتكەنلىكتىن ئىشتىن چىققان ئىكەن. بۇ ئۈچ زاپچاسنىڭ ئورنىغا قولۇمدىلا بولىقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇرۇپ ـ سوقۇپ يېڭى زاپچاسلارنى ياساپ چىقتىم.

گېرمانىيىدە تۇرغان مەزگىللىرىمدە، باشلىقىمىز شۇنىڭدىن كېيىن، مېنى ماتورنىڭ زاپچاسلىرىنى ئۆزۈم ياساپ چىقىپ قۇراشتۇرۇشۇمنى تەۋسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن تۆمۈر، مىس ۋە ئالىيۇمىن ئېرىتىدىغان زاۋۇتقا ئىشچى بولۇپ كىردىم. گېرمان مۇئەللىمىم ماڭا تاپشۇرغان دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىمۇ قېپقالدى. ھەر كۈنى 15 سائەت ئىشلەيمەن. ئۇستىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن، گاھىدا تىل ـ ئاھانەتلىرىنىمۇ ئاڭلايمەن. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ۋەتىنىم ياپونىيە ئۈچۈنلا قىلدىم.

ياپونىيە ھۆكۈمەت باشلىقى مېكادو ئەھۋالىمنى ئاڭلىغان ۋە ئۆز يېنىدىن بەش مىڭ جۈنەي ئىستېرلىينى ئەۋەتكەنىكەن. ئۇنىڭغا موتور سايمانلىرىدىن سېتىۋالدىم. مەن گېرمانىيەدىن قايتىپ ياپونىيەگە بارغىنىمدا، ھېلىقى باشلىق مېنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىكەن. ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «مەن باشلىق بىلەن كۆرۈشۈشكە تېخى سالاھىيەتلىك ئەمەسمەن، پەقەت ياپونىيەدە موتور ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنى قۇرۇپ بولغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە سالاھىيەتلىك بولالايمەن» دېدىم. توققۇز يىلدا زاۋۇتنى قۇرۇپ بولدۇق. مېكادونىڭ ئالدىغا «ياپونىيەدە ئىشلەندى» دېگەن ماركا يېزىلغان 10 دانە ماتورنى ئېلىپ كەلدىم. مېكادو ماتورنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ: «بۇ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقان ۋە تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالغان بىر مۇزىكا بولدى، چۈنكى ئۇ ياپونىيەدە ئىشلەنگەن ماتورنىڭ ئاۋازى ئەمەسمۇ» دېدى. شۇنداق قىلىپ بىز ياپونلۇقلار غەرب كۈچىنىڭ سىرىنى بىلىۋالدۇق ۋە بۇ سىرنى ياپونىيەگە ئېلىپ كەلدۇق.

بۇ ئەمەلىيەتتە، ياۋروپانىڭ كۈچىنى ياپونىيەگە يۆتكىگەنلىك ۋە ياپونىيەنى غەربكە يۆتكىگەنلىك ئىدى.[1]

## ھىممەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ چارىلىرى

كىشىلەرنىڭ ئالىي ھىممەتلىك بولۇشى شەرىئەت ۋە ئەقىل ھەر ئىككى تەرەپتىن تەلەپ قىلىنغان بىر ئىش. تۆۋەندىكىلەر ھىممەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەمچى بولۇشى مۇمكىن:

1- كۈرەش ۋە تىرىشچانلىق. ھاياتلىق ــــ ئىمان ۋە كۈرەشتىن ئىبارەت بولۇپ، كۈرەش قىلماستىن نەتىجە قازانغىلى بولمايدۇ: ﴿**وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا**﴾ يەنى ﴿بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز.﴾[2]

2- چىن ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا يۈلىنىش ۋە يۈزلىنىش. ئالىي ھىممەتمۇ بىر كاتتا نېمەت بولۇپ، ئۇ سورىمىغانغا بېرىلمەيدۇ.

3- ئۆزىنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش.

4- كاتتىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئوقۇپ ئىبرەت ئېلىش.

5- ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش.

6- كۆڭۈللۈك ئىش تەرتىپىگە ئەمەل قىلىش ۋە مۇھىم ئىشلارنى

---

(1) دوكتور تەۋفىق ئەل ۋائىينىڭ ماقالىسىدىن ئېلىندى.

(2) 29- سۈرە ئەنكەبۇت 69- ئايەت

ئالدىنقى قاتارغا قويۇش.

7. ھىممەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ھىممەتلىك كىشىلەر بىلەن رىقابەتلىشىش.

8. تاكامۇللۇققا قاراپ ھارماستىن ئىلگىرىلەش.

9. ھىممەتنى زەئىپلەشتۈرىدىغان بارلىق ئامىللاردىن يىراق بولۇش.

**ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى**

1. ئۆتكەنگە ھەسرەت چەكمەيدۇ، ئەتىگە باقمايدۇ ۋە بۈگۈننىلا ئويلايدۇ.

2. ئىنسانىيەتنىڭ، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ.

3. كىشىلەرگە ياخشى مەسلىھەت بېرىدۇ ۋە ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ.

4. قىلغان ھەر بىر ئىشىدا ئالىي ھىممەتلىك بولىدۇ.

5. ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن كۆپ دەردلىنىدۇ، ۋاقىتنى نەق پۇل دەپ بىلىدۇ.

6. ئۆزى ئىرادىلىك، پىكرىدە مۇستەھكەم بولىدۇ ۋە ئىككىلىنىشى ئاز بولىدۇ.

7. مەسئۇلىيەتچانلىقى يۇقىرى بولىدۇ ۋە ھەمىشە ئويغاق ھەم ھوشيار بولىدۇ.

8. ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى بىلىدۇ ۋە ۋاقتىدا ئورۇندايدۇ.

9ـ ئادەتتىكى كىشىلەر ھەۋەس قىلغان نەرسىلەرگە ھەۋەس قىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى تەلىپى يۇقىرى بولىدۇ.

## ئۈمىد ۋە ئۇنىڭ ھاياتتىكى رولى

ئۈمىد ــ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. ئۈمىد ئىماننىڭ مېۋىلىرىدىن بىرىدۇر. مۇسۇلمان ئادەم ھەر ئىشتا، ھەر ۋاقىت ئۈمىدۋار بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق ئادەم ئەڭ ئاۋۋال خورلۇقنى ئەزىزلىققا، پېقىرلىقنى بايلىققا، ئاجىزلىقنى قۇدرەتكە، قىيىنچىلىقنى ئوڭايلىققا، قۇللۇقنى ھۆرلۈككە ئايلاندۇرۇشقا قادىر بولغان ئىلىم ـ ھېكمەتلىك، چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەتلىك ئاللاھ تائالاغا ئىشىنىدۇ. ئۈمىد ئىماننىڭ مېۋىسى بولغىنىدەك، ھەم يەنە ئۇنىڭ قولدىشىدۇر. ئىمان بولغان قەلبتە چوقۇم ئۈمىد بولىدۇ. تارىخلار گۇۋاھكى، ئۈمىد كىشىلەرنى كۆز يەتمىگەن ئارمانلارغا ئېرىشتۈرگەن. بىز ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەۋەرلىرىدۇر، ئەلۋەتتە. «قۇرئان كەرىم» مەقسەتكە يېتىشتە ئۈمىدنىڭ قانداق چوڭ رول ئوينايدىغانلىقىنى بىزگە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بەزى قىسسىلەرنى بايان قىلغان. بۇ قىسسىلەردىن بەزىسىنى مىسال ئۈچۈن قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتۈشنى پايدىلىق دەپ ئويلايمەن.

### ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئەڭ سۆيۈملۈك ئوغلى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىدۇ، ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتىدۇ، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام قېرىپ ھەتتا كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ، بىراق يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈشتىن ئىبارەت چىن ئۈمىدىنى قەتئىي ئۈزمەيدۇ. ھەمىشە ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ: ﴿**عَسَى اللّٰهُ أَن يَأْتِيَنِي بِهِمْ جَمِيعًا**﴾ يەنى ﴿ئوغۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى ماڭا كەلتۈرۈپ بېرىشنى

ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىمەن﴾[1] دېيىش ئارقىلىق ئۈمىدىنى يېڭىلاپ، ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپ تۇرىدۇ. يېنىدىكى ئوغۇللىرى ئۇنىڭ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ۋە بۇنداق ئۈمىدتىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلغىنىدا، ئۇ بالىلىرىغا: ﴿يَا بَنِيَّ اذْهَبُواْ فَتَحَسَّسُواْ مِن يُوسُفَ وَأَخِيهِ وَلاَ تَيْأَسُواْ مِن رَّوْحِ اللّهِ إِنَّهُ لاَ يَيْأَسُ مِن رَّوْحِ اللّهِ إِلاَّ الْقَوْمُ الْكَافِرُونَ﴾ يەنى ﴿ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۈسۈپنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار. چۈنكى كافىر قەۋمدىن باشقىسى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىد ئۈزمەيدۇ﴾[2] دەپ ئۇلارنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەشكە ئەۋەتىدۇ. ئاخىرى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تېپىلىشى بىلەن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈتكەن ئۈمىد گۈلى ئېچىلىدۇ.

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

مۇسا ئەلەيھىسسالام قەۋملىرىنى باشلاپ مىسىردىن پەلەستىنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ، ئارقىدىن پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرى قوغلاپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەريا، ئارقىسىدا دۈشمەن، ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىستىلىپ قالغىنىدا، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋملىرى ئەمدى بىز تۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدۇق، دەپ ئالاقزەدە بولۇپ كېتىشىدۇ، شۇ ۋاقىتتا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ﴿كَلَّا إِنَّ مَعِيَ رَبِّي سَيَهْدِينِ﴾ يەنى

(1) 12- سۈرە يۈسۈف 83- ئايەت

(2) 12- سۈرە يۈسۈف 87- ئايەت

﴿ياق! رەببىم چوقۇم مېنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ﴾[1] دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە چوقۇم قۇتۇلىدىغانلىق ئۇمىدىنى ئۇلارغا ئەسلىتىدۇ. نەتىجە «قۇرئان كەرىم» بىزگە سۆزلەپ بەرگەندەك بولىدۇ: ﴿**فَأَوْحَيْنَا إِلَى مُوسَى أَنِ اضْرِب بِّعَصَاكَ الْبَحْرَ فَانفَلَقَ فَكَانَ كُلُّ فِرْقٍ كَالطَّوْدِ الْعَظِيمِ ۞ وَأَزْلَفْنَا ثَمَّ الْآخَرِينَ ۞ وَأَنجَيْنَا مُوسَى وَمَن مَّعَهُ أَجْمَعِينَ ۞ ثُمَّ أَغْرَقْنَا الْآخَرِينَ**﴾ يەنى ﴿ بىز مۇساغا: «ھاساڭ بىلەن دەرياغا ئۇرغىن» دەپ ۋەھيى قىلدۇق، (مۇسا ھاسىسى بىلەن ئۇرۇۋېدى) دەريا يېرىلدى، (ھەربىر يېرىلغان) قىسمى چوڭ تاغدەك بولۇپ قالدى. ئىككىنچى بىر گۇرۇھنى(يەنى پىرئەۋن بىلەن قەۋمىنى) بۇ يەرگە يېقىنلاشتۇردۇق. مۇسا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى پۈتۈنلەي قۇتقۇزدۇق. ئاندىن ئىككىنچى گۇرۇھنى غەرق قىلدۇق.﴾[2]

## ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغىنىدا، ئۆزى بىلەن قوشقاندا ئارانلا تۆت كىشى ئىدى. ئۇ مەككىدە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا 13 يىل دەۋەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئۇنىڭ دەۋىتى ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ مەسخىرىلىرىگە، ئۆزى ۋە ساھابىلىرى ئۇلارنىڭ ئازارلىرىغا ئۇچرايدۇ، ساھابىلەرنى بۇ يېڭى دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئازابلار ۋە بېسىملار چېكىدىن ئاشىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دىنىنىڭ دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق

(1) 26- سۈرە شۇئەرا 62- ئايەت
(2) 26- سۈرە شۇئەرا 63~66- ئايەتلەر

دىنىغا ئايلىنىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز دىنىنى قوللايدىغانلىقىدىن ئۈمىدىنى قەتئىي ئۈزمەيدۇ. ساھابىلىرىنى ۋاقىتلىق ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇغىنىدا، تولۇق ئىشەنچ ۋە ئۈمىد بىلەن ئۇلارغا: «زېمىنغا تارقىلىڭلار، ئاللاھ تائالا چوقۇم سىلەرنى قايتا بىرلەشتۈرىدۇ» دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ، دۈشمەنلەرنىڭ بۇ يېڭى دىنىنى بۆشىكىدىلا بوغۇپ قويۇش سۇيىقەستلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئاشىدۇ: تاشقىرىدىن قۇرەيش ۋە غەتفان قەبىلىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ يانداشلىرى، ئىچىدىن يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلار بىرلىشىپ، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ دەۋىتىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن بىرلەشمە ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەركىم ئۆز جېنىنى قوغداپ قېلىشتىن باشقىنى ئويلىمايدۇ. شۇنداق جىددىي پەيتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاۋېتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە ۋە نۇسرىتىگە بولغان چىن ئىمانى ۋە تولۇق ئۈمىدى بىلەن، ساھابىلىرىگە ئەتىكى غەلىبىلەردىن، كىلەچەكتىكى پەتھىلەردىن، ھەتتا پارس ۋە رۇم ئىمپېراتورلۇقلىرىنى يېڭىدىغانلىقىدىن سۆزلەيدۇ. مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ، ئىشەنچ بىلەن ئىشلىرىغا داۋام قىلىدۇ، مۇناپىقلار بولسا: «مۇھەممەد كېلەچەكتىكى غەلىبىلەردىن سۆز ئاچىدۇ، ھالبۇكى، بىز ھازىر ئۆز جېنىمىزنىمۇ مۇداپىئە قىلالمايۋاتىمىز» دەپ ئۇنىڭ ۋەدىلىرىدىن شەكلىنىدۇ، ئۇنى مەسخىرە قىلىشىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، مۇسۇلمانلار ئىچكى دۈشمەنلىرىنى

تارمار قىلغاندىن كېيىن، پارس ۋە رىم ئىمپېراتورلۇقلىرىنىمۇ تارمار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاستىدا ئېزىلگەن خەلقلەرنى ئىنسانلارغا چوقۇنۇشنىڭ خورلۇقىدىن ئازاد قىلىپ، بىر ئاللاھقىلا ئېتىقاد قىلىشتەك ئىنسانىي ئەزىزلىققا ۋە ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا ئېلىپ چىقىدۇ.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەمراھى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت يولىدا بىر غارغا كىرىۋالىدۇ، ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن مۇشرىك كۆچلىرى ئۇلارنىڭ ئىزىنى تېپىۋالىدۇ ۋە غارنىڭ ئالدىدا توختاپ: «مۇھەممەد چوقۇم مۇشۇ جايدا بار، بۇ جايدىن باشقا يەرگە كېتەلىگىنى يوق. ئەگەر ئۇ مۇشۇ جايدىن تېپىلمىسا، يا ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن ياكى يەرگە كىرىپ كەتكەن بولىدۇ» دېيىشكەندە، ئەبۇ بەكرى قورقۇپ كېتىپ: «ئۇلار تۆۋەن تەرەپكە بىرلا قارىسىلا بىزنى ئەلۋەتتە تېپىۋالىدۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا بولغان تولۇق ئىشەنچىسى ۋە ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا بولغان چىن ئۈمىدى بىلەن ئۇنىڭغا : «ئىككىنىڭ ئۈچىنچىسى ئاللاھ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەمسەن!» دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ئۇلارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە چوقۇم نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىككىسى مۇشرىكلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشمەستىن، مەدىنىگە سالامەت يېتىپ بارىدۇ.

دېمەك، ئۈمىد — ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى ئوڭايلىققا ئايلاندۇرىدىغان، يىراقنى يېقىن قىلىدىغان، ھۇرۇنلۇقنى تىرىشچانلىققا ئۆزگەرتىدىغان، روھنى ئۈستۈن كۆتۈرىدىغان ۋە مەقسەتلەرگە ئېرىشتۈرىدىغان سېھىرلىك كۈچتۇر.

**ئۈمىدنىڭ رولى چوڭ**

ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى، كەشپىياتلارنىڭ ئىچىلىشى، تۈرلۈك يېڭىلىقلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئاسارەتتىكى خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىققا ئېرىشىشى ئۈچۈنمۇ ئۈمىدنىڭ رولى ناھايىتى چوڭدۇر. ئەگەر ئالىملار ۋە كەشپىياتچىلار ئۆز زامانلىرىنىڭ سەۋىيەسىگە كۆپايە قىلىپ، كېلەچەك ئۈچۈن ئىزدەنمىگەن ۋە ئۈمىد بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمىگەن بولسا ئىدى، دۇنيانىڭ تەرەققىياتى بىر ئىزدىلا توختاپ قالغان، مەجھۇللار يېشىلمىگەن، كەشپىياتلار ئېچىلمىغان ۋە يېڭىلىقلار ئىجاد قىلىنمىغان بولاتتى. ئىنسانلارمۇ زامانىمىزدىكىدەك، پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىدىن بەھرىمەن بولالمايتتى.

## ئۈمىدسىزلىك كۇفرىنىڭ جورىسى

خۇددى ئۈمىد ئىماننىڭ قولدىشى بولغىنىدەك، ئۈمىدسىزلىك كۇفرىلىقنىڭ جورىسىدۇر. ئەجدادلىرىمىزمۇ: «ئۈمىدسىز ــ شەيتان» دەپ توغرا ئېيتقان. ئۈمىدسىزلىك بىلەن كۇفرىلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىچ باغلىنىش بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى يەنە بىرى ئۈچۈن سەۋەبچىدۇر. ئۈمىدسىزلىك كۇفرىلىقنى كەلتۈرىدۇ، كۇفرىلىق ئۈمىدسىزلىكنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**إِنَّهُ لاَ يَيْأَسُ مِن رَّوْحِ اللّهِ إِلاَّ الْقَوْمُ الْكَافِرُونَ**﴾ يەنى ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن كافىر قەۋمدىن باشقىسى ئۈمىد ئۈزمەيدۇ﴾[1] دېگەن.

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھالاكەت ئىككى ئىشتا: ئۇنىڭ بىرى، ئۈمىدسىزلىك؛ يەنە بىرى، مەغرۇرلۇق» دېگەن ئىكەن. ئىمام

(1) 12ـ سۈرە يۇسۇف 87ـ ئايەت

غەززالى ئۇنى شەرھلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۈمىدسىزلىك بىلەن، مەغرۇرلۇقنىڭ ھالاكەت ئۈچۈن سەۋەب بولىدىغانلىقىدىكى سىر شۇكى، يەتمەكچى بولغان ھەر قانداق ئارزۇ ـ ئارمان پەقەت ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلاپ، ئىزچىل تىرىشىش ۋە سەۋەب قىلىش ئارقىلىقلا ھاسىل بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۈمىدسىزنىڭ ئېتىقادىدا ئۇ يەتمەكچى بولغان مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئۇ ئۇنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئۈمىدمۇ قىلمايدۇ، سەۋەبمۇ قىلمايدۇ. مەغرۇر ئۆزىنى مەقسەتكە يەتتىم، دەپ ئويلايدۇ، شۇڭا ئۇ باشقىسىنى تەلەپ قىلمايدۇ ۋە ئۈمىدمۇ قىلمايدۇ، چۈنكى بار نەرسە سورالمايدۇ. ئارزۇ ـ ئارمان ئۈمىدسىزنىڭ ئېتىقادىدا مۇمكىن ئەمەس، مەغرۇرنىڭ ئېتىقادىدا ھاسىل بولغان نەرسىدۇر.»

بىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىمىزدىمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدىغان مىساللار كۆپتۇر. مەسىلەن: ئوقۇغۇچى ئىمتىھاندا غەلىبە قازىنىش ئۈمىدىنى يوقاتقان ۋاقتىتا، ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىش، كىتاب، دەپتەر، قەلەم، مەكتەپ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن زېرىكىدۇ، بۇلار ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدۇ. چۈنكى ئۇ قانچە قىلسىمۇ بەرىبىر ئۆزىنى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق ۋاقتىتا، ئۇنىڭغا قىلىنغان نەسىھەت، تەربىيە، مۇناسىپ مۇھىت، ئالاھىدە خۇسۇسىي دەرسلەر ۋە باشقىلارنىڭ ھېچبىرى كار قىلمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئىمتىھاندىن ئۆتۈشكە بولغان ئۈمىدى قايتىدىن تۇغۇلغاندىلا، دەرسكە كىرىشەلەيدۇ. شىپا تېپىشىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن كېسەلمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

شۇنىڭدەك، ئادەم ھەر قانداق بىر ئىشتىن ئۈمىدىنى يوقاتقان ۋاقتىدا، يورۇق دۇنيا ئۇنىڭ كۆزىگە زۇلمەت كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭغا

سەۋەبلەر تۈگىگەن، چارە قالمىغان، ئۆزى بولسا تۈگەشكەن بولۇپ ھېس قىلىنىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۈمىدسىزلىكنى كۇفرىلىق دەپ كۆرسەتكەن. ئۈمىدسىز بولمايلى! ئىنسانلىق سۈپىتىمىز بىلەن بەختلىك ھاياتقا ئىگە بولۇش ئۈمىدىمىزنى كۈچەيتەيلى!

# پاكىزلىق

پاكىزلىق ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئېلىپ كەلگەن ئەڭ ئېسىل سوۋغىلىرىدىن بىرىدۇر. مۇسۇلمان ئادەم ھەر ۋاقىت تازىلىققا، پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇنىڭ كىيىمى، بەدىنى ھەمىشە پاكىز، خۇشپۇراق بولىدۇ. پاكىزلىق ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام مەدەنىيىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. مۇسۇلمانلار 6- ئەسىردىن بىرى، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ باشچىلىقىدا، ھەر ۋاقىت تازىلىق قىلىپ، پاكىز، ئېسىل، خۇشپۇراق يۈرۈشنىڭ نەقەدەر مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەل قىلىپ كەلگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ مۇسۇلمانلارنى ئۇنىڭغا بۇيرۇشىدا، ئۇلارنىڭ تەن ساقلىقى، روھى، دىنى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان كۆپلىگەن ئالىي ھېكمەتلەر باردۇر. قىسقىسى، — تېببىي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىسپاتلىغىنىدەك — يۇيۇنۇشتا تەرلەشتىن كېلىپ چىققان مايلىق تۈز ماددىلىرى بىلەن بەدەننىڭ يېپىلىپ قالغان تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ، ئىنساننىڭ نەپەس ئېلىشىنىڭ ئوڭايلىشىشىغا، بەدەننىڭ راھەتلىنىشىگە، روھىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە پايدىلىق بولغان ئەجايىپ نەتىجىلەر باردۇر. مۇندىن باشقا بەدەننى سۇ بىلەن يۇيۇپ تۇرۇش ئارقىلىق بەدەندىكى يېقىمسىز پۇراقلار يوقىلىدۇ، ۋۇجۇدىنىڭ پائالىيەتچانلىقى ئاشىدۇ. پائالىيەتچانلىقى ئاشقان ئادەم

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

مەيلى دۇنيالىق بولسۇن، مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى روھلۇق، جۇشقۇنلۇق بىلەن كامىل ئورۇنداش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئىنسان تەبىئىتىدە روھ بىلەن بەدەن ئوتتۇرىسىدا پاكىزلىق تەرەپتىن باغلىنىش بولۇپ، بەدەن كىرلەشكەن ۋاقىتتا روھ چۈشكۈنلىشىدۇ، بەدەن پاكىز، تازا بولغان ۋاقىتتا روھمۇ جانلىنىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا ھازىرمۇ سۇ قىس. بۇ جاينىڭ مۇندىن 14 ئەسىر ئىلگىرىكى ھالىغا قارايدىغان بولساق، شۇ ۋاقىتتىكى ئەرەبىستاننىڭ سۇ قىس، قۇرغاقچىلىق چۆللىرىدە، تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قوللارنى يۇيۇشقا، كۈندە ئاز دېگەندە بەش قېتىم تاھارەت ئېلىپ، قول ـ پۇتلارنى، يۈزنى، گاھ پۈتۈن بەدەننى يۇيۇشقا، جۈمە، ھېيت ۋە مېيىت نامازلىرىغا، ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە ۋە توي ـ تۆكۈنلەرگە بېرىشتىن بۇرۇن يۇيۇنۇپ، خۇشپۇراق بۇيۇملىرىنى ئۆزىگە، كىيىمگە چېچىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۇگەتكەن ئىسلام دىنىنىڭ نەقەدەر مەدەنىيەتلىك ئىلغار بىر دىن ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر.

مۇسۇلمان ئادەم ھەمىشە پاكىز، خۇشپۇراقلىق بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ دىنى: «پاكىزلىق ـــ ئىماندىن» دەپ تەلىم بېرىدۇ. ئەرەبىستاندا سۇنىڭ قىسلىقىغا قارىماي، ھەرەمنىڭ ئەتراپىدىكى ۋە ھەر قايسى جايلاردىكى ھاجەتخانىلارنىڭ ھەممىسىدە يۇيۇنۇشقا ئەپلىك جۆمەكلەر بېكىتىلگەن. بۇنىڭدىن مەقسەت نېمە؟ مەقسەت، مۇسۇلمانلار تاھارەت ئالغاننىڭ ئورنىدا يۇيۇنۇالسۇن، ئىبادەتلىرىنى پاكلىق بىلەن ئادا قىلسۇن، ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ نەزىرىدىمۇ، پاكىز، ئېسىل، كۆركەملىك ۋە خۇشپۇراقلىق كۆرۈنسۇن، دېگەنلىك ئىدى.

بولۇپمۇ بۇ ئىسسىق بەلباغقا جايلاشقان بىر مەملىكەت بولغانلىقتىن ھەر كۈنى يۇيۇنۇپ تۇرۇش كېرەك بولىدۇ.

# ئىخلاس ھەقىقىي نىجاتكاردۇر

ئىخلاس ــــ لۇغەتتە بىر نەرسىنى باشقىسىدىن تاللاپ ئايرىش مەنىسىنى بىلدۈرسە، ئىسلام ئىستىلاھىدا ئىخلاس ــــ ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان ھەر قانداق بىر ئىشنى دۇرۇس نىيەت ۋە ساپ قەلب بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دىندا كۆرسىتىلگەن بويىچە قىلىش دېمەكتۇر.

ئىخلاس قەلب قېتىدىن كەلگەن سەممىي سۆيگۈ بىلەن كۆرسىتىلگەن ساداقەتتۇر. ئىخلاسنىڭ ئەكسى رىيادۇر. قىلىنغان ئىبادەت ۋە ھەر قانداق بىر ياخشى ئىشلاردا ھېچقانداق بىر مەنپەئەت ياكى پايدىنى كۆزلىمەستىن، پەقەت ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى مەقسەت قىلىش ئىخلاسنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھەقىقىي ئىخلاس ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ قىسسىسى ئەڭ ياخشى ئۈلگە بولالايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام زالىم نەمرۇد تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەن پەرىشتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ: «خالىساڭ ساڭا ياردەم قىلاي ۋە سېنى ئوتتىن قۇتۇلدۇراي» دېگەن تەكلىپىگە جاۋاب بېرىپ: «رەببىم مېنىڭ بۇ ھالىمنى بىلىدۇ شۇنداقمۇ؟» دەپ سورايدۇ. جىبرىئىل: «ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە بىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا ساڭا ئېھتىياجىم يوق، ئاللاھ تائالانىڭ مېنىڭ بۇ ھالىمنى بىلىشى ماڭا يېتىدۇ» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. مانا بۇ، ھەقىقىي چىن ئىخلاسنىڭ بىردىنبىر مىسالىدۇر.

ئىخلاس توغرۇلۇق كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسلانغاندا،

نىجات يولى پەقەت ئىخلاستىدۇر. ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادىتىگە، ماددىي ۋە مەنىۋىيىتىگە كېپىللىك قىلالايدىغان ئىخلاستىن بۆلەك ئىككىنچى بىر خىسلەت يوقتۇر. بىراۋنىڭ ھەقىقىي ئىخلاسقا ئېرىشمىكى تولىمۇ مۇھىم بىر ئىشتۇر. چۈنكى زەررىچىلىك ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمەل، ئىخلاسسىز قىلىنغان مىڭلارچە ئەمەل ـ ئىبادەتتىن ئۈستۈندۇر.

ھەر قانداق بىر ئىشتا ئىخلاس تەلەپ قىلىنىدۇ. ناماز ئوقۇشتا، روزا تۇتۇشتا، زاكات بېرىشتە، ھەج قىلىشتا، ئىلىم تەھسىل قىلىشتا، «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلىشتا، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم قىلىشتا، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەشتە ئىخلاس بىلەن ئىش قىلىش لازىم. ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىخلاسى باردۇر، مەسىلەن: سەمىمىي ئىخلاس بىلەن باغلانغان مۇھەببەتنىڭ بىر زەررىسى بىرەر مەنپەئەت يۈزىسىدىن باغلانغان كاتتا مۇھەببەتتىن ئەلۋەتتە چوڭ ۋە قىممەتلىكتۇر. چىن مۇھەببەتنى كۆرۈشنى خالىغان كىشى ئانىلارنىڭ تەبىئىتىگە قارىسا بولىدۇ. ھەقىقىي خالىس مۇھەببەتكە ئانىلار سازاۋەردۇر. ئۇلار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىپ، چىن دىلىدىن باللىرى ئۈچۈن كۆيۈپ ـ پىشىپ چوڭ قىلىدۇ. لېكىن ئۇ قىلغانلىرى ئۈچۈن باللىرىدىن بىرەر مۇكاپات، ياكى سوۋغا ـ سالام تەمە قىلمايدۇ، بىرەر پايدا كۆزلىمەيدۇ. ئادەممۇ ئاللاھ تائالاغا ئىخلاس قىلغان ئىكەن، شۇنداق چىن ئەقىدە ۋە سۆيگۈ بىلەن ئىخلاس قىلغاندا، ئاندىن ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەقىقىي مۇخلىسىغا ئايلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا چىن ئىخلاس بىلە قىلىنغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىلا قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە

ئىنسانلارنىڭ ئىبادەتلەرنى خالىس ئاللاھ تائالاغا قىلىشلىرىنى، دۇئالىرىنى سەممىي قىلىشلىرىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئىبادەتتە كەيپىيات بەك مۇھىمدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ئەمەل-ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىش بىلەن، ياكى كۆپ كىشىلەرنى دىنغا ئەگەشتۈرۈش بىلەن ئېرىشىلمەيدۇ. بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى پەقەت ئىخلاس بىلەنلا ئېرىشىلىدۇ. شۇڭا بەزىدە بىرەر ئېغىز سۆز، ياكى بىرەر ياخشى نىيەت ھەقىقىي سائادەتكە ۋە مەڭگۈلۈك نىجاتلىققا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ كۆپ قىلىنىشىغىلا قارىماستىن، بەلكى قەلبتىكى ئىخلاسقا قاراش كېرەك. چۈنكى كېرەك بولغىنى ئىخلاستۇر. مەن بۇ سۆزۈم بىلەن، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى ۋە دىنغا دەۋەت قىلىش ئىشلىرىنى پايدىسىز دېمەكچى ئەمەسمەن. بەلكى مۇشۇ ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنىڭ ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ قىممەتكە ئىگە بولۇشى ئىخلاس بىلەن بولىدۇ، دېگەننى بايان قىلماقچىمەن. زادى ئاللاھ تائالا رازىلىقىنى كۆزلىمەستىن باشقا مەقسەت ۋە مەنپەئەتلەرنى كۆزلەپ قىلىنغان پۈتۈن ئەمەللەر ۋە ئىبادەتلەر بىكاردۇر. مەسىلەن: كۆمۈر كىلوگىرام بىلەن ھەتتا تونىلاپ، ئالتۇن بولسا گىراملاپ تارتىلىدۇ. ئىخلاسلىق ئەمەل ئالتۇن بولسا، ئىخلاسسىز ئەمەل كۆمۈرگە ئوخشايدۇ. بۇ مىسالدىن ئىخلاسلىق ئىبادەت بىلەن ئىخلاسسىز ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

# كەمتەرلىك

پالانى كەمتەر ئادەم دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھامان، ئۇ ئادەمگە قارىتا ھەركىمنىڭ ھۆرمىتى ۋە سۆيگۈسى ئاشىدىغانلىقىدا شەك يوق. سىز پالانىنىڭ كەمتەر، كىچىك پېئىل كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىڭىزدە قانداق ئېسىل تۇيغۇلارغا غەرق بولغىنىڭىزنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيسىز. چۈنكى ئىنسانلار ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغانلارنى زادى ياقتۇرمايدۇ، ئەمما كەمتەر كىشىلەرنى ھەمىشە ھۆرمەتلىگۈسى كېلىدۇ ۋە ئۇلارنى سۆيىدۇ.

كەمتەرلىك دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟

كەمتەرلىك ــــ ھەقىقەت قانداقلا بىر كىشىدە بولسا، چوڭلۇق قىلماي ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرگە كەمتەرلىك، مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە يۇمشاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشتۇر. كەمتەرلىكنىڭ ئەكسى كىبىر (ئۆزىنى چوڭ ساناش)دۇر.

كەمتەرلىكنىڭ بۇ تەبىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن ئېلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىبىر ــــ ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر.»[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىككى جۈملىلىك ئىخچام سۆز بىلەن ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە كەڭ مەنىنى ئايدىڭلاشتۇرغان.

ھەقىقەتنى قوبۇل قىلماسلىق دېگەننىڭ مەنىسى: ئۆزىنىڭ نەزىرىدە، يۈز ـ ئابرۇيدا، ياكى بايلىقتا، ياكى مەنسەپتە، ياكى ھۆرمەتتە،

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

ياكى نەسەبتە تۆۋەن سانالغان، ياكى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بىرىنىڭ ھەق سۆزىنى، ياكى ئۇنىڭدىكى ھەققانىي تەرەپلەرنى قوبۇل قىلماسلىق دېگەنلىكتۇر.

كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماسلىق دېگەننىڭ مەنىسى: پېقىرلارنىڭ، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، ئۆزىنى ئۇلارغا تەڭ قىلمىغانلىقتىن غادىيىپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، ئۇلارغا سۆز قىلىشتىن قىسىلىش، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى خوش ياقمىغان قىياپەتتە ئاڭلاش ۋە كۆرگەنلا مۇسۇلمانغا سالام قىلماسلىق قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق قىلىش ئىنسانلارنىڭ ھۆرمەتتىن ئىبارەت ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان تەبىئىي ھەققىنى دەپسەندە قىلغانلىق، ئۇلارنى ئازارلىغانلىق ۋە ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىغا تۇتقانلىقتۇر.

ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدىغان، ھەتتا دىنسىزلارمۇ رەت قىلالمايدىغان ھەقىقەت شۇكى، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئادەم سۆيۈلۈشكە ھەقلىق بولمايدۇ، ھامان بىر كۈنى ئۇ چوقۇم خار بولماي قالمايدۇ!

ئاللاھ تائالا ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى ھەر زامان چۆكتۈرۈپ، كەمتەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ شەنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۆزىنى يەر يۈزىنىڭ ئىلاھى دەپ ئېلان قىلغان پىرئەۋن، بايلىقىغا ئىشىنىپ ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان قارۇن، مەنسىپىگە ئىشىنىپ ھەقىقەتكە قارشى چىققان ئەبۇ جەھىل قاتارلىق زالىملارنىڭ ئىبرەتلىك ئاقىۋەتلىرى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. چۈنكى چوڭلۇق ۋە كاتتىلىق پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا خاس بولغان ھوقۇقتۇر. ئاللاھ تائالادىن ئۇنى تالاشقانلار ئەڭ ئېچىنىشلىق ئازابلار بىلەن جازالىنىپ كەلمەكتە.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئاللاھ تائالاغا كەمتەرلىك قىلغان ئادەمنى ئاللاھ تائالا چوقۇم يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

تەبىئىيكى، ئاللاھ تائالاغا قارىتا كەمتەر بولغان ئادەم ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگىمۇ كەمتەر بولىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي كەمتەرلىك بۇنى تەقەززا قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھ تائالاغا بىر دەرىجە كەمتەرلىك قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، شۇنداق قىلىپ، بەندە كەمتەر بولغانسېرى، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلەرگىچە كۆتۈرىدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالاغا بىر دەرىجە چوڭچىلىق قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى بىر دەرىجە چۈشۈرىدۇ، شۇنداق قىلىپ، بەندە چوڭچىلىق قىلغانسېرى ئاللاھ تائالا ئۇنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلەرگىچە چۈشۈرۈۋېتىدۇ.»[2]

## ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلار جەننەتكە كىرمەيدۇ

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر بولغان ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ.»[3]

ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىيدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا مۇنداق دېگەن: «چوڭچىلىق بىلەن ئىززەت مېنىڭ كىيىملىرىم. بۇ ئىككىسىنى

(1) مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(3) مۇسلىم رىۋايىتى

مەندىن تالاشقانلارنى چوقۇم جازالايمەن.»[1]

«قۇرئان كەرىم» لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان نەسىھەتىنى بايان قىلغان. لوقمان ھەكىم مۇنداق دېگەن: ﴿**وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ**﴾ يەنى ﴿كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈمىگىن، يەر يۈزىدە غادىيىپ يۈرمىگىن. چۈنكى ئاللاھ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ماختىنىپ يۈرىدىغانلارنى ئەسلا ياقتۇرمايدۇ.﴾[2]

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن ئۆرنەكلەر

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پۈتۈن ئەھۋالىنى بىلىدىغان ھايات شېرىكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى تەرىپلەپ: «ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى»[3] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشىغان ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئەھۋاللىرىنى بىلىدىغان ساھابىلەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىراۋ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، قارشى تەرەپ قولىنى تارتمىغىچە، ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەيتتى، بىراۋغا سالام قىلسا تەبەسسۇم بىلەن تولۇق سالام قىلاتتى، قارشى تەرەپ يۈزىنى

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(2)31ـ سۈرە لۇقمان 18ـ ئايەت
(3) ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

چۈرۈمىگىچە، يۈزىنى باشقا ياققا چۆرۈمەيتتى، قانداقلا بىر ئولتۇرۇشلاردا، ھەرگىز تۆرگە چىقمايتتى، بەلكى قەيەردە بوش ئورۇن بولسا، شۇ يەردە ئولتۇراتتى، ساھابىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئورنىدىن تۇرۇشنى ياقتۇرمايتتى، پېقىرلارنى يوقلاپ، ھال ـ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشاتتى، كېسەللەرنى يوقلايتتى.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مېنىڭ پادىشاھ پەيغەمبەر[2] بولۇشۇم بىلەن ئاددىي ـ ساددا پەيغەمبەر بولۇشۇم ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارنى بەرگەن ئىدى، مەن ئاددىي ـ ساددا پەيغەمبەر بولۇشنى تاللىدىم.»[3]

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىش ئالدىدا تارتىنغانلىقتىن، تەمتىرەپ قالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «تەمتىرىمە! مەن پادىشاھ ئەمەسمەن، پەقەت مەككىدە قۇرۇتۇلغان گۆشنى يەپ ھايات كەچۈرىدىغان بىر ئايالنىڭ بالىسىمەن»[4] دېگەن.

بىراۋ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كىرگىنىدە، سىزنىڭ ئاز ـ تولا مەنسىپىڭىز، ياكى ئىلمىڭىز، ياكى خەلقنىڭ نەزىرىدىكى يۈز ـ ئابرويىڭىز سەۋەبلىك سىزدىن تارتىنىپ تۇرغىنىدا، ئۇنىڭغا: «مەن ئاددىي بىر دېھقاننىڭ بالىسىمەن، ياكى ئاددىي بىر ھۈنەرۋەننىڭ، ياكى ئاددىي بىر ئىشچىنىڭ بالىسىمەن» دەپ ئېيتىپ باقتىڭىزمۇ؟ ئۇنداق

---

(1) ئۇستاز ئەمر خالىدنىڭ «مۇئمىنىنىڭ ئەخلاقى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

(2) سۇلەيمان ۋە داۋۇد ئەلەيھىسسالاملار ھەم پادىشاھ، ھەم پەيغەمبەر ئىدى.

(3) تەبەرانى رىۋايىتى

(4) ئىبنى ماجە رىۋايىتى

قىلمىغان بولسىڭىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەمتەرلىكنى ئۆگىنىۋېلىڭ!

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ كەمتەرلىكىدىن ئەمەلىي ئۆرنەكلەر

ئىنسانلار ئادەتتە ئاز ـ تولا ھوقۇق، ياكى ئاددىيغىنا بىرەر مەنسەپكە ئېرىشكىنىدە، بىردىنلا ئۆزگىرىدۇ، قول ئاستىدىكىلەرگە ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىپ قىلمىغان چوڭلۇقلىرى قالمايدۇ، باشقىلارنى ئىشقا سېلىپ قويۇپ، گويا شۇ ئاددىيغىنا مەنسەپنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىۋاتقاندەك ھاكاۋۇرلۇق بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئەمما ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىسى، گۈزەل ئەخلاقنىڭ نەمۇنىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداقلارنىڭ تامامەن ئەكسىچە زات ئىدى. مەككىلىك مۇشرىكلار، مەدىنىلىك يەھۇدىيلار ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى بىرلىشىپ، مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، مۇسۇلمانلار مەدىنە شەھىرىنى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەدىنە شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاش ئىشىغا كىرىشىپ كېتىدۇ، ساھابىلەرنىڭ بەزىسى كولىماقچى بولغان جايلاردىكى تاشلارنى چېقىش بىلەن، بەزىسى كولاش بىلەن مەشغۇل ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، يېشى ئەللىكتىن ئاشقىنىغا قارىماي ئىشنىڭ ئەڭ ئېغىرىنى تاللىۋالغان بولۇپ، ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى توپىنى مۇبارەك مۈرىسى بىلەن كۆتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقاتتى. ھەتتا ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستى ـ بېشى تۇپىراققا مىلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىدە تۇنجى مەسجىدنى سالغاندىمۇ مۈرىسىدە خىشلارنى توشۇپ ئىشلىگەنلىكىمۇ مەشھۇر ۋەقەلىك.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆي ئىچىدىكى ئىشلىرى ھەققىدە سورالغىنىدا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدە ئائىلىسىنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى، كىيىمنى ئۆزى ياماپتتى، ئايىغىنى ئۆزى تىكەتتى، ماللىرىنى ئۆزى ساغاتتى، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلاتتى»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرلىرىنىڭ بىرىدە، ساھابىلىرى بىلەن بىر قوي بوغۇزلاپ غىزالانماقچى بولغاندا، ساھابىلەردىن بىرى: «قوينى مەن بوغۇزلايمەن» دېسە، يەنە بىرى: «قوينى مەن سويىمەن» دەيدۇ، يەنە بىرى: «مەن گۆشنى پىشۇرۇش ئىشىنى قىلىمەن» دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا، مەن ئوتۇن يىغىش ئىشىنى قىلىمەن» دېگەندە، ساھابىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ! بىز ھەممىگە يېتىشەلەيمىز، سىز ئارام ئالغان بولسىڭىزكەن» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ھەممىنى قىلىپ كېتەلەيدىغانلىقىڭلارنى بىلىمەن، بىراق سىلەردىن پەرقلىق بولۇشنى ياقتۇرمايمەن. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھەمراھلىرىدىن ئۆزىنى پەرقلىق قىلىۋالغان بەندىسىنى ياقتۇرمايدۇ» دەيدۇ ۋە ئوتۇن يىغىشنى داۋام قىلىدۇ.

### ساھابىلەرنىڭ كەمتەرلىكىدىن ئۆرنەكلەر

بىرىنچى خەلىپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمىشە ئاجىزلارنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ بىر تۇل ئايالنىڭ ئۆيىنى تازىلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ساھابىلەر ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي باشقىلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلىۋاتقانلىقىدىن

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

تەسىرلىنىپ، ئۇنى بۇ ئىشتىن توختىتىشقا ئامالسىز قالغان. چۈنكى دۆلەتنىڭ باشلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى رەھبىرى بولغان بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ۋە چوڭ ئىشلىرى ئەلۋەتتە كۆپ ئىدى.

ئويلاپ كۆرۈڭ، سىز قاچان ئۆز قولىڭىز بىلەن ئۆيىڭىزنى تازىلاپ چىقتىڭىز، قاچان ئايالىڭىزغا، ياكى ئانىڭىزغا، ياكى ھەمشىرىڭىزگە ئۆينى تازىلاش ئىشلىرىدا ياردەمچى بولدىڭىز...؟ ئۆزىنىڭ ئۆيىنى تازىلاشقا قولى كەلمىگەن بىرىدىن باشقىسىنىڭ ئۆيىنى تازىلاپ بېرىشنى كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان ئىنسانلار تۈرىدىن بىر ئادەم كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر پارچە يەر بۇيرۇپ بېرىشنى سورايدۇ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا سورىغان يېرىنى بۇيرۇپ بېرىپ، قولىغا ھۆججەت يېزىپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىغا بېرىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇيدۇ. ھېلىقى ئادەم ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىلغىنىدا، ھەزرىتى ئۆمەر: «مەن بۇ ئىشقا گۇۋاھ بولمايمەن، چۈنكى سىلەر ئىسلام ئاجىز ۋاقتىدا بىزدىن ياردەم ئالاتتىڭلار، ئەمدى ھازىر ئىسلام كۈچلەندى» دەپ قولىدىن ھۆججەتنى ئېلىپ يىرتىپ تاشلايدۇ. بۇ ئادەم ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ: «مەن ھېچ بىلەلمىدىم، خەلىپە زادى قايسىڭلار؟ سىزمۇ ياكى ئۆمەرمۇ؟» دېگەندە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەبەسسۇم بىلەن: «خەلىپە ئۇ، ئاللاھ خالىسا» دەيدۇ.

سىز ياكى مەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئورنىدا بولغان بولساق قانداق قىلار ئىدۇق؟

ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپىگە قارشى چىققانلىقتىن ئۇ يازغان ھۆججەتنى يىرتىپ تاشلىغانمۇ؟ ياق! ئۇنى ياقتۇرمىغانلىقتىن شۇنداق قىلغانمۇ؟ ياق!

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۆزىنىڭ دادىللىقى ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ كەمتەرلىكىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ كامىللىقىدىن شۇنداق قىلغان. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، قانداقمۇ ئۇ خەلىپىنىڭ خېتىنى يىرتالىسۇن؟!

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە بولغان ساداقىتى ۋە چىن سۆيگۈسىنى ئىپادىلەپ: «كاشكى، ئەبۇ بەكرىنىڭ مەيدىسىدىكى بىر تال تۈكچىلىك بولالىغان بولسامكەن» دېگەن كىشىمۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىدى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىراقنىڭ كاتتىلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا كىشىلەر مەدىنىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار خەلىپە ئۆمەرنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، ئۇ تۆگىسىنى يۇيۇۋاتاتتى. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەيران قېلىپ: «ئى مۇسۇلمانلارنىڭ سەردارى! قۇللاردىن بىرىنى بۇيرۇسىڭىز تۆگىنى شۇلار يۇيۇپ بەرسە بولماسمىدى؟» دېگەندە، خەلىپە ئۆمەر: «قايسى قۇل مەندىن بەكرەك قۇل بولسۇن؟» دەيدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغانلاردىن بىرى: «بىلمەمسىلەر؟ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ئادەم ئۆزىنى ئۇلارنىڭ قۇلى دەپ بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!» دەيدۇ. (ئەرەبلەردە: «**سَيِّدُ الْقَوْمِ خَادِمُهُمْ**» يەنى «قەۋمنىڭ مەسئۇلى ئۇلارنىڭ خىزمەتكارىدۇر» دېگەن مەشھۇر سۆز بار)

تۆتىنچى خەلىپە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى ئوغلى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغىنىدا، ئوغلى ئۇنىڭدىن: «دادا!

رەسۇلۇللاھتىن قالسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى كىم؟» دەپ سوراپ قالىدۇ. ھەزرىتى ئەلى ئوغلىغا: «ئەبۇ بەكرى سىددىق» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئوغلى «ئۇنىڭدىن قالسچۇ؟» دېگىنىچە سوئالىنى داۋاملاشتۇرغانسېرى ھەزرىتى ئەلى ئەبۇ بەكرىدىن كېيىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى، ئاندىن ئوسمان ئىبنى ئەففاننى بىر ـ بىرلەپ ساناپ بېرىدۇ. دادىسىنىڭ ئۆزىنى سانىمىغانلىقىغا ھەيران بولغان ئوغۇل ئاخىرى «ئاندىن سىزغۇ دەيمەن» دېگەندە، ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغان ۋە جىيەنى، ياشلاردىن تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمان بولغانلىق شەرىپىگە نائىل بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلىنىپ، پەيغەمبەر ئائىلىسىدىن ئورۇن ئالغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جېنىدىن سۆيۈملۈك ئىككى نەۋرىسى ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھۈسەينلەرنىڭ ئاتىسى بولغان تۇرۇقلۇق، كەمتەرلىك بىلەن: «ئەي ئوغلۇم! مەن دېگەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئاددىي بىر ئادەممەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## چىرايلىق كىيىنىش كىبىر ئەمەس

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «يا رەسۇلۇللاھ! مەن كىيىمىمنىڭ چىرايلىق، ئايىغىمنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياقتۇرىمەن. بۇ كىبىردىن سانىلامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئاللاھ تائالا گۈزەلدۇر، ئۇ گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياقتۇرمايدىغان كىيىنىش تەكەببۇرلۇقنىڭ كىيىمى بولۇپ، كىشلەرگە ئۆزىنى كۆرستىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىش ئۈچۈن كىيىلىدىغان كىيىملەردۇر. ئەرەبلەردە، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغانلار كىيىمنى ناھايىتى ئۇزۇن كىيىدىغان بولۇپ، يەرگە تېگىپ تۇراتتى. ئىسلام شەرىئىتىدە، شىمنى ئوشۇقتىن ئېشىپ تۇرىدىغان دەرىجىدە ئۇزۇن كىيىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىمۇ بۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

## كەمتەرلىكنىڭ چېكى بار

ئادەم كەمتەرلىك قىلدىم، دەپ ئۆزىنى كىشلەرگە خور كۆرستىش، كىيىمنى، چاچ ـ ساقىلنى تۈزەپ، پاكىز، چىرايلىق يۈرۈشنىڭ ئورنىغا پاسكىنا ۋە كىر كىيىملەر بىلەن يۈرۈش، قولىدا بار تۇرۇپ چىرايلىق كىينمەسلىك ھەرگىزمۇ كەمتەرلىكتىن سانالمايدۇ. چۈنكى ھەر نەرسىنىڭ بىر چەك ـ چېگراسى بولغىنىدەك، كەمتەرلىكنىڭمۇ چەك ـ چېگراسى بار. ئۆزىنىڭ چەك ـ چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن كەمتەرلىك سۆكۈلىدۇ. چۈنكى بۇ ھالدا، ئۇ كىشى يا كەمتەرلىكنى تەرك ئېتىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشقا، ياكى كەمتەرلىكنى ئاشۇرۇۋېتىپ ئۆزىنى خار ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا يول تۇتىدۇ. ھەر ئىككى ھالەت سۆيۈلمەيدۇ. شۇڭا كەمتەرلىك ئۆزىنىڭ چەك ـ چېگراسى ئىچىدە بولۇشى لازىم.

# پىداكارلىق

دۇنيادا، مەنمەنچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەر ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، ھەركىم ئۆزىنىڭلا پايدىسىنى ۋە دۇنيا مەنپەئەتلىرىدىن ئۆزىلا پايدىلىنىشنى ئويلايدۇ، كۆپچىنىڭ يېتىشچە مال ـ دۇنيا يىغىشنى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسان تەبىئىتىنى تونۇشتۇرۇپ: ﴿ئىنسان بېخىل كېلىدۇ﴾[1] دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەم بالىسىنىڭ مال ـ دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى بايان قىلىپ: «ئادەم بالىسى ئىككى ۋادى ئالتۇنغا ئىگە بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئۈچىنچىسىنى تەلەپ قىلىدۇ»[2] دېگەن. ئىنسانلار تەربىيە بىلەن ئۆزگەرتىلمەستىن، مۇشۇ تەبىئىتى بويىچە قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋىجدانىغا ھاكىم بولغان، ئەقلى نەپسى ھەۋەسلىرىگە ئەسىر بولغان، ئېلىشنى بىلىدىغان، بېرىشنى بىلمەيدىغان، ھەر ئىشتا پەقەت ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلەيدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئازراق پىداكارلىق كۆرسىتىشنىمۇ ياقتۇرمايدىغان، ھەمىشە «مەن، مەن» دەيدىغان، «بىز» دېمەيدىغان، ھېچبىر زامان «ۋەتىنىم، خەلقىم» دېيىشنى بىلمەيدىغان، بېخىل، شەخسىيەتچى ئىنسانلار بىلەن تولغان بولاتتى. ئىلىم ـ پەن مەيدانىغا كەلمىگەن، كەشپىياتلار ئېچىلمىغان ۋە جەمئىيەتمۇ تەرەققىي قىلمىغان

---

(1) 17 ـ سۈرە ئىسرا 100 ـ ئايەت

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

بولاتتى. شۇڭا ساماۋى دىنلار ئىنسان تەبىئىتىدىكى، ئەخلاق ۋە سۈلۈكلىرىدىكى قىڭغىرلىقلارنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى پىداكارلىق ۋە قۇربان بېرىشنى بىلىدىغان، ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈنمۇ ياشايدىغان، ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىم، دەپ تونۇيدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىدىغان گۈزەل ئەخلاقلارنى ئېلىپ كەلگەن.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشى ۋە دۇنيا بىلەن پۈتۈنلىشىپ ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى يولىدا شۇ مىللەت خەلقىنىڭ پىداكارلىقى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بىر مىللەت قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن جاپادىن قورقمايدىغان، بارلىقىنى خەلقى، مىللىتى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن ئاتايدىغان، ۋەتىنى ئۈچۈن ھەر نەرسىسىدىن كېچەلەيدىغان، مال ـ دۇنياسىنى پىدا قىلالايدىغان، زۆرۈر كەلسە جېنىنى بېرەلەيدىغان، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربان قىلىدىغان، ئىرادىلىك، پىداكار شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا موھتاجدۇر.

بۇنداق ئالىيجاناب شەخسلەرنى ھازىر نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟ ئۇلار قايسى مەكتەپتىن يېتىشىپ چىقىدۇ؟ بۇنداق شەخسلەرنى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرغان «ئىمان» ناملىق ئالىي مەكتەپتىن تاپقىلى بولىدۇ، ئۇلار مۇشۇ مەكتەپتىن يېتىشىپ چىقىدۇ. ئىمان ئۆز ۋاقتىدا ئەنە شۇنداق ئالىيجاناب شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ۋە ھازىرمۇ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا قادىردۇر. ئىمان ئەنە ئاشۇنداق مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنگەن مۇئمىن كىشى ئاللاھ تائالا يولىدا سەرپ قىلغان مال ـ دۇنياسىغا، ئەقىل ـ پاراستىگە، جاپا ـ مۇشەققىتىگە، ئىلىم ـ ماھارىتىگە ۋە ئۇنىدىن باشقا ئاللاھ يولىدا ئاتىغان

ھەر نەرسىسىگە ئاللاھ تائالانىڭ بىرگە 700 ھەسسە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بېرىدىغانلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىنغان مال ـ دۇنيا ئۈچۈن قانچىلىك كۆپ مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى مۇنداق بىر مىسال بىلەن بايان قىلغان: ﴿**مَّثَلُ الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيلِ اللّهِ كَمَثَلِ حَبَّةٍ أَنبَتَتْ سَبْعَ سَنَابِلَ فِي كُلِّ سُنبُلَةٍ مِّئَةُ حَبَّةٍ وَاللّهُ يُضَاعِفُ لِمَن يَشَاء**﴾ يەنى ﴿ئاللاھ يولىدا پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تىكىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشىقىدا 100دىن دان تۇتقان بىر دانىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ كۆپ بېرىدۇ.﴾[1]

شۇنىڭدەك، مۇسۇلمان كىشى دىنىنى، ۋەتىنىنى، خەلقىنى قوغداش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇپ كەتسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ھايات بولۇپ، ئەڭ ئالىي مۇكاپاتلاردىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ: ﴿**وَلاَ تَحْسَبَنَّ الَّذِينَ قُتِلُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ أَمْوَاتًا بَلْ أَحْيَاء عِندَ رَبِّهِمْ يُرْزَقُونَ**﴾ يەنى ﴿«ئاللاھ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دېمەڭلار، بەلكى ئۇلار تىرىكتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا رىزىقلانغۇچىلاردۇر.﴾[2] ھەقىقىي ئىماننىڭ پىداكار، ئۆلگىلىك شەخسلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقالايدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەتتۇر. ئىسلام تارىخى مۇنداق ئەرلەرنىڭ ئۆلگىلىك قىسسىلىرىگە بايدۇر.

---

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 261ـ ئايەت
(2) 3ـ سۈرە ئال ئىمران 169ـ ئايەت

# پىداكارلىق نەمۇنىلىرى

## ئەبۇ دەھداھ

زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿**مَّن ذَا الَّذِي يُقْرِضُ اللَّهَ قَرْضًا حَسَنًا فَيُضَاعِفَهُ لَهُ أَضْعَافًا كَثِيرَةً**﴾ يەنى ﴿كىمكى ئاللاھقا قەرز ھەسەنە بېرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە كۆپ قايتۇرىدۇ﴾[1] دېگەن ئايىتى چۈشكەندە، ئەبۇ دەھداھ ئىسىملىك بىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورايدۇ:

ـ يا رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بىھاجەت تۇرۇپ بىزدىن قانداق قەرز سورايدۇ؟

ـ توغرا، ئاللاھ تائالا ھەممىدىن بىھاجەت، بىراق ئۇ ئۇنىڭ بىلەن سىلەرنى جەننەتكە ئەكىرىشنى خالايدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

ـ ئەگەر مەن ئاللاھ تائالاغا قەرز بەرسەم، مېنى ۋە قىزىمنى جەننەتكە ئەكىرىشكە كېپىللىك قىلامدۇ؟

ـ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىدۇ.

ـ ئۇنداقتا دۇنيادا مېنىڭ ئىككىلا بېغىم بار، ئۇنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئاللاھ يولىدا ئاتىدىم.

ـ ياق، بىرىنى شۇنداق قىل، يەنە بىرىنى ئۆزۈڭ ۋە ئائىلەڭنىڭ

---

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 245ـ ئايەت

ئېھتىياجى ئۈچۈن ئېلىپ قالغىن، ــ دەيدۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام. بۇ ۋاقىتتا ھېلىقى ساھابە:

ــ ئۇنداق بولسا، ئەڭ ياخشىسىنى ئاتىدىم، ناچارراقىنى ئۆزۈمگە ئېلىپ قالدىم، ــ دەپ ۋەدە قىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىدۇ.

**ئەبۇ تەلھە ئەنسارى**

ئەبۇ تەلھە ئەنسارى «قۇرئان كەرىم»نىڭ بارائەت سۈرىسىنى تىلاۋەت قىلىۋېتىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿**انْفِرُواْ خِفَافًا وَثِقَالاً وَجَاهِدُواْ بِأَمْوَالِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ فِي سَبِيْلِ اللّهِ ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ إِنْ كُنْتُمْ تَعْلَمُوْنَ**﴾ يەنى ﴿(ئى ئىمان ئېيتقانلار!) سىلەر يەڭگىل بولغان ھالەتتىمۇ ۋە ئېغىر بولغان ھالەتتىمۇ[1] جىھادقا چىقىڭلار، ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇشۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر﴾[2] دېگەن ئايىتىگە كەلگىنىدە، بالىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ:

ــ مېنى تېزدىن يولغا سېلىڭلار، مەن جىھادقا چىقىمەن! بالىلىرى ئۇنىڭغا:

ــ دادا، ئەمدى سىز قېرىپ كەتتىڭىز، جىھادقا تاقەت قىلالمايسىز،

---

(1) ئايەتتىكى(يەڭگىل ۋە ئېغىر)دىن مەقسەت، مەيلى ياش، مەيلى قېرى، مەيلى ئاجىز، مەيلى كۈچلۈك، مەيلى باي، مەيلى كەمبەغەل بولۇڭلار، مەيلى ئاتلىق، مەيلى پىيادە بولۇڭلار، مەيلى قانداقلا بىر شارائىتتا بولماڭلار، جىھادقا چىقىش چاقىرىق قىلىنغان ھامان دەرھال جىھادقا ئاتلىنىڭلار، دېگەنلىكتۇر.
(2) 9- سۈرە تەۋبە 41- ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن جىھادقا چىقتىڭىز، ئۇمۇ ۋاپات بولدى، ئەبۇ بەكرى بىلەن چىقتىڭىز، ئۇمۇ ۋاپات بولدى، ئۆمەر بىلەن چىقتىڭىز، ئۇمۇ ۋاپات بولدى، ئەمدى سىزنىڭ ئورنىڭىزغا بىز چىقايلى. ئاللاھ تائالا سىزنىڭ ئۆزرىڭىزنى قوبۇل قىلىدۇ، ـ دېگەندە، ئەبۇ تەلھە سۆزىدىن قايتمايدۇ، ئاخىرى جىھادقا چىقىدۇ، نەتىجىدە بىر دېڭىز غازىتىدا شېھىت بولىدۇ.

**مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير**

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير باياشات ئائىلىدىن چىققان بولۇپ، بايلىق ۋە راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئۇ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دىنىغا ئەگىشىدۇ، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشنى تەرك ئېتىپ ئاۋۋال ھەبەشىستانغا، ئاندىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىدۇ، ئاخىرى ھىجرەت شەھىرىدىكى بىر غازاتتا شېھىت بولىدۇ. ئۇنىڭ كىيىملىرى تىتىلىپ كېتىپ جەستى ئوچۇق قالغانلىقتىن جەستىنى يۆگەپ دەپنە قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك نەرسە تېپىلماي مۇسۇلمانلار ئۇنى بىر تال كۆڭلەك بىلەن دەپنە قىلماقچى بولغىنىدا، بۇ بىر تال كۆڭلەك بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى ياپسا ئايىغى ئوچۇق قالغان، ئايىغىنى ياپسا بېشى ئوچۇق قالغان، ئاخىرى بۇ كۆڭلەك بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى يېپىپ، ئايىغىنى خورمىنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن يۆگىگەن ھالدا دەپنە قىلىدۇ.

بۇ ساھابىنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق ئۆيىدىن، بايلىق، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ، پېقىرلىققا، جاپاغا، غۇربەتچىلىككە رازى بولۇپ، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشقا تۈرتكە بولغان نەرسە نېمە؟ تەبىئىيكى، چىن ئىمان! بىزمۇ ئۆزىمىزنى

مۇئمىن ـ مۇسۇلمان دەيمىز، ئەمما ئۇلار بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرقىمىز بار. چۈنكى كۆپىنچىمىزدە ئىسلامنىڭ قۇرۇق جازىسى، مۇسۇلمانلىقنىڭ نامى قالغان، ئەمما ئۇنىڭ روھى ئالللىبۇرۇن ئۆلگەن. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ۋە كېيىنكى ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىكى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى پۈتۈن ھايات ساھەلىرىدە تولۇق دەستۇر قىلاتتى، قانداقلا بىر ئايەتنى ئوقۇمىسۇن، ئۇنىڭ بۇيرۇغانلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىپ ماڭاتتى. شۇڭا ئۇلار دۇنيانىڭ ئۈچتىن بىرىگە ھۆكۈمران بولغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى، دىندارلىقى بىلەن دۇنيا كىشىلىرىنى قايىل قىلالىغان، كۆپلىگەن مىللەتلەر، جۈملىدىن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئىختىيارى ھالدا ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن، مۇسۇلمان بولغان. بىزنىڭ شۇ زامانلاردىكى ئەجدادلىرىمىزمۇ ھەقىقەتەن ئۈلگىلىك كىشىلەردىن بولغان، ھەتتا قاراخانىيلارنىڭ ئاسىيادا كېڭىيىشى ۋە مىسلىسىز قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، ئۆزىنى كۆرسىتىشىمۇ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغىنىدىن كېيىن ئەمەلگە ئاشقان.

## بۇرۇنقىلار ياخشى ئۈلگە

بۇرۇنقىلار ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلغانلىقتىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكنى قازانغان. ئەمما بىزدە «قۇرئان كەرىم» قارىيلارنىڭ خەتمە ئوقۇپ، مولللارنىڭ نەزىر ـ چىراغلاردا، مازار ـ ماشايىخلاردا ئوقۇپ بېرىپ پۇل تاپىدىغان ئىقتىساد دەستۇرىغا ئايلىنىپ قالغان. بىزدىكى ئىمان ئاجىز، ئىخلاس نۆل دەرىجىدە بولغانلىقتىن، بۇرۇن كۇففارلارنىڭ قەلبلىرىگە ۋەھىمە سالغان بۇ ئىمان ھازىر ئۇلارنى ئەمەس، ئۆزىمىزنى قورقىتىدىغان بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. «قۇرئان كەرىم»مۇ بىزگە تەسىر قىلمايدىغان بولۇپ قالغان. ئۆز

ۋاقتىدىكى بۇددىست ئەرەبلەر «لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن ئىمان كەلىمىسىنىڭ مەنىسىنى ۋە غايىسىنى بۈگۈنكى مۇسۇلمانلاردىن ئەلۋەتتە ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن «مۇشۇ كەلىمىدىن باشقا نېمە سورىسىڭىز ئورۇندايمىز — بايلىق دېسىڭىز پۈتۈن بايلىقىمىزنى سىزگە توپلاپ بېرەيلى، مەنسەپ دېسىڭىز سىزنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلىۋالايلى، مۇندىن باشقا نېمە دېسىڭىز ئورۇندايمىز، ئەمما بۇ كەلىمىنى ئېيتمايمىز» دەپ ئىلتىماس قىلغان. نېمە ئۈچۈن ئۇلار بۇ بىر جۈملە سۆزنى ئېيتماسلىقتا شۇنچىلىك چىڭ تۇردى؟ چۈنكى، بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسى: ئاللاھ تائالادىن باشقا ئىشىنىشكە، چوقۇنۇشقا، يۆلىنىشكە، ئىخلاس باغلاشقا، بويسۇنۇشقا لايىق ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تائالا تىرىلدۈرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى، رىزىق بەرگۈچىدۇر، يەر يۈزىدىكى بارلىق جان ئىگىلىرىنىڭ رىزقى ئاللاھ تائالادىن كېلىدۇ، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم كىشىلەرگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، چوڭلۇق، ئۇلۇغلۇق پەقەت شۇ بىر ئاللاھقىلا خاستۇر، دېگەنلىك. ئەمما بىز تۇغۇلغان كۈنىمىزدىن باشلاپلا مۇسۇلمان بولۇپ ئاتالغىنىمىز ئۈچۈن، بۇ كەلىمىنىڭ قىممىتىنى بىلمەيمىز، ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى تولۇق چۈشەنمەيمىز. بۇ كەلىمە زامانىمىزغىچە ئوڭاي يېتىپ كەلگەن ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن پىداكارلىقلار بىلەن يېتىپ كەلگەن.

# مەردلىك ۋە بېخىللىق

دۇنيادا مەردلىك بىلەن سېخىيلىقنى ماختىمايدىغان بىرەر مىللەت، بىرەر دىن ۋە بىرەر پەلسەپە بولمىسا كېرەك. مەردلىك بىلەن سېخىيلىق ماختاشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاق بولغىنىدەك، بېخىللىق بىلەن نامەردلىك پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ لۇغىتىدە سۆكۈلىدىغان ناچار خۇلقتۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە بېخىللىق بىلەن نامەردلىك سۆكۈلگەن. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَأَمَّا مَن بَخِلَ وَاسْتَغْنَى ۞ وَكَذَّبَ بِالْحُسْنَى ۞فَسَنُيَسِّرُهُ لِلْعُسْرَى ۞ وَمَا يُغْنِي عَنْهُ مَالُهُ إِذَا تَرَدَّى**﴾ يەنى ﴿بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز، ئۇ دوزاخقا تاشلانغاندا، ئۇنىڭ مېلى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.﴾[1]

﴿**وَمَنْ يَبْخَلْ فَإِنَّمَا يَبْخَلُ عَنْ نَّفْسِهِ**﴾ يەنى ﴿كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلغان بولىدۇ.﴾[2]

ئەمما مەردلىك ۋە سېخىيلىققا كەلسەك، «قۇرئان كەرىم» بۇ گۈزەل ئەخلاقنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىدىغان ھەقىقىي

---

(1) 92- سۈرە لەيل 8~12 - ئايەتلىرى
(2) 47- سۈرە مۇھەممەد 38 - ئايەت

مۇئمىنلەرنىڭ بىردىنبىر سۈپىتى بولغان ھالدا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ بېشىدىلا ماختايدۇ: ﴿**اَلَّذِينَ يُؤْمِنُوْنَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيْمُوْنَ الصَّلاَةَ وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنْفِقُوْنَ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەنلەردىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدۇ...﴾[1]

مۇندىن باشقىمۇ مەردلىك بىلەن سېخىيلىقنى ماختىغان ۋە بۇنداق ئەخلاقنىڭ ئىگىلىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئامانلىق، بەخت ـ سائادەت ۋە ئاللاھىدە مۇكاپاتلار بېرىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر.

## سېخىيلىق ئابىدىسى ھاتەم

ئەرەبلەردە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆتكەن ھاتەم تائى دېگەن بىر ئادەم مەردلىك ۋە سېخىيلىقنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى ۋە نەمۇنىسى بولۇپ ئۆتكەننىكەن. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى شائىرلاردىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ھەرقانداق بىر شائىر شېئىرلىرىدا ھاتەمنى سېخىيلىق بىلەن مەردلىكنىڭ ئابىدىسى قىلىپ ماختايدۇ. بىز ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان ھېكايە، چۆچەكلەردىمۇ ھاتەم مەردلىك بىلەن سېخىيلىقنىڭ نەمۇنىسى قىلىپ ئوبرازلاشتۇرۇلغان. ئۇ ھەققىدىكى ھېكايىلەردىن بىرنى كۆرۈپ باقايلى:

ھاتەمنىڭ مەرد ـ سېخىيلىقى يىراق ـ يېقىنغا تارالغاندىن كېيىن، شۇ ئەتراپتىكى بىر پادىشاھنىڭ يامان نىيەتلىك بىر ۋەزىرى بۇنىڭغا

---

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 3 ـ ئايەت

چىدىماي، پادىشاھنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئۈچ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ ـ دە، پادىشاھقا بۇ خەۋەرنى مۇنداق يەتكۈزۈپتۇ: ـئى كەرەملىك پادىشاھىم، سىلى بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى تۇرۇقلۇق، بۇ يەردىكى بىر ئاددىي ئىنسانىنىڭ پۇقرالار قەلبىدىكى ھۆرمىتى سىلىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاۋام ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈۋەتمىسەك، تەخت ـ ھۆكۈمرانلىقلىرىغا تەھدىت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، ـ دەپتۇ. پادىشاھمۇ بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھاتەمنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئېتىنى پادىشاھقا سوراپ ئۈچ كىشىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنى سىنىماقچى بوپتۇ. ئۇ ئەلچىلەر ھاتەمنىڭ يۇرتىغا كېلىپ، سورۇشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىنى تاپقۇچە كەچ بولۇپ، يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. ھاتەممۇ بۇ ناتونۇش مېھمانلارنى ئۆز پەزلى بويىچە ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. مېھمانلار كۆڭلىدە: ـ بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى، بەربىر قايتالمايمىز، بۈگۈن بۇ يەردە قونۇپ، ئەتە دەيلى، ـ دەپ ئويلىشىپ، ھاتەمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قاپتۇ. ئەتىسى مېھمانلار ھاتەمگە كېلىش مەقسىتىنى ئېيتقانىكەن، ھاتەم غەمگە پېتىپ، كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. مېھمانلار بۇنى خاتا چۈشىنىپ: ـ بەرگۈلىرى كەلمىسە مەيلى، بىزمۇ زورلىمايمىز، ـ دېيىشىپتۇ. ھاتەم: ـ ھەرگىز خاتا چۈشىنىپ قېلىشمىسىلا، بۇ گەپنى ئاخشام بالدۇرراق دېگەن بولسىلىرى نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، مەن ئاخشام يامغۇر ياغقان سەۋەبتىن ھەرقايسىلىرىغا سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن دەپ، شۇ بىر تاللا ياخشى كۆرىدىغان ئېتىمنى سويۇپ مېھمان قىلغان ئىكەنمەن، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## بېخىللىق ئۆلگىسى قارۇن

ھاتەمنىڭ ئەكسىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا قارۇن ئىسىملىك بىر باي ئۆتكەن بولۇپ، قارۇن بېخىللىق بىلەن نامەردلىكنىڭ بىردىنبىر ئۈلگىسى بولۇپ قالغان. دۇنيادىكى بارلىق ساماۋى دىنلاردا ۋە ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە قارۇن ئۈلگىسى لەنەتكار بولۇپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئېيتىلىشلارغا ئاساسلانغاندا، قارۇن ئىنتايىن چوڭ باي ئىكەن، ئۇنىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى 40 تۆگە ئاران كۆتۈرىدىكەن. «قۇرئان كەرىم» بۇ قىسسىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ﴿**إِنَّ قَارُونَ كَانَ مِن قَوْمِ مُوسَى فَبَغَى عَلَيْهِمْ وَآتَيْنَاهُ مِنَ الْكُنُوزِ مَا إِنَّ مَفَاتِحَهُ لَتَنُوءُ بِالْعُصْبَةِ أُولِي الْقُوَّةِ إِذْ قَالَ لَهُ قَوْمُهُ لَا تَفْرَحْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْفَرِحِينَ ۞وَابْتَغِ فِيمَا آتَاكَ اللَّهُ الدَّارَ الْآخِرَةَ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ الدُّنْيَا وَأَحْسِن كَمَا أَحْسَنَ اللَّهُ إِلَيْكَ وَلَا تَبْغِ الْفَسَادَ فِي الْأَرْضِ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُفْسِدِينَ ۞ قَالَ إِنَّمَا أُوتِيتُهُ عَلَى عِلْمٍ عِندِي**﴾ يەنى ﴿قارۇن مۇسانىڭ قەۋمىدىن ئىدى. قارۇن ئۇلارغا چوڭچىلىق قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا خەزىنىلەردىن شۇ قەدەر بەرگەن ئىدۇقكى، ئۇلارنىڭ ئاچقۇچلىرىنى (كۆتۈرۈش) كۈچلۈك بىر جامائەگىمۇ ھەقىقەتەن ئېغىرلىق قىلاتتى، قەۋمى ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەن ئىدى: «كۆرەڭلەپ كەتمە، (بىلگىنكى)ئاللاھ كۆرەڭلەپ كەتكۈچىلەرنى دوست تۇتمايدۇ. ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ئېھسان قىلغاندەك، سەنمۇ ئېھسان قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، شۈبھىسىزكى،

ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ». قارۇن: « مەن بۇ بايلىققا پەقەت مەندىكى بىلىم سايىسىدىلا ئېرىشتىم» دېگەنتى.﴾[1]

ئايەتتە كۆرگىنىمىزدەك، قارۇن مال ـ دۇنياسىدىن ئېھتىياج ئىگىلىرىگە چىقىم قىلىشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇنى تىرىك تۇرغۇزۇپ، مال ـ دۇنيالىرى بىلەن قوشۇپ، يەرگە يۇتقۇزۇۋېتىدۇ: ﴿**فَخَسَفْنَا بِهِ وَبِدَارِهِ الْأَرْضَ فَمَا كَانَ لَهُ مِنْ فِئَةٍ يَنْصُرُوْنَهُ مِنْ دُوْنِ اللَّهِ وَمَا كَانَ مِنَ الْمُنْتَصِرِيْنَ**﴾ يەنى ﴿ ئاخىرى قارۇننى ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن قوشۇپ يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئازابىنى توسۇپ قالالىدىغان بىرەر جامائە بولمىدى. قارۇن ئۆزىنى قوغدىيالمىدى.﴾[2]

بۇ باشقا ساماۋى دىنلارنىڭ كىتابلىرىدىمۇ قەيت قىلىنغان مەشھۇر ۋەقەلىكتۇر.

### بايلىق بىلەن نام ـ نىشانە تىكلىگىلى بولمايدۇ

دۇنيادا تونىلاپ ئالتۇن ۋە مىلياردلاپ دوللار يىغقان مىلىيادىرلارنىڭ نام ـ نىشانىسى قالماستىن، بەلكى بايلىقى ئازراق بولسىمۇ، شۇ بايلىقىدىن ئىنسانىيەتكە، خۇسۇسەن ئۆز مىللىتىنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ياردەم قىلغان جانكۆيەرلەرنىڭ نام ـ شۆھرىتى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە ئورۇن ئېلىپ، تىللاردا مەدھىيەلىنىپ كەلمەكتە.

---

(1) 28ـ سۈرە قەسەس 76~78ـ ئايەتلەر
(2) 28ـ سۈرە قەسەس 81ـ ئايەت

دۇنيادا ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ نام ـ نىشانىسىنىڭ ياخشى ئاتاق بىلەن قېلىشىنى، خۇددى ھاتەمدەك، مەردلىك بىلەن سېخىيلىقنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، ئەۋلادلىرىنىڭ تىللىرىدا ماختىنىشنى، ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىمۇ شان ـ شەرەپلىك بولۇشنى ياقتۇرىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭدەك، دۇنيادا ھېچكىم ئۆزىنىڭ نام ـ نىشانىسىنىڭ قارۇندەك بېخىللىقتا ۋە نامەردلىكتە مىسال بولۇپ قېلىشىنى ۋە خەلقنىڭ ئېغىزىدا لەنەتكار بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ.

## مەرد بايلار جەمئىيەتنىڭ يۆلەنچۈكلىرىدۇر

ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن شۇ جەمئىيەتتىكى بايلارنىڭ ـــ مەرد بايلارنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ، دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈتۈرۈلۈشىدىمۇ شۇ دۆلەتتىكى بايلار ئالاھىدە سالماق ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «بايلىرىڭلار بېخىللىشىپ كەتكەن ۋاقىتتا، سىلەرگە يەرنىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭ ئاستى ياخشىراق بولۇپ قالىدۇ»[1] دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: بايلىرىڭلار ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان پۇل ـ ماللىرىدىن ئېھتىياج ئىگىلىرىگىمۇ سەرپ قىلىپ ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزمىسا، ئاسارەتتىن، خورلۇقتىن قۇتۇلۇش، ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىپ، كەشپىياتلارنى ئېچىپ تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن پۇل ـ ماللىرىدىن سەرپ قىلمىسا ئۇنداق بايلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئۆلگىنىڭلار ياخشى. چۈنكى بۇنداق ئاسارەت، خورلۇق ۋە موھتاجلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە مەنىسى يوقتۇر، دېگەنلىك.

---

(1) تەبەرانىي رىۋايىتى

دۇنيادىكى ھەر قانداق ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا يېڭىلىقلىرى ۋە كەشپىياتلار ئەڭ ئاۋۋال بايلارنىڭ قوللىشى ۋە ماددىي جەھەتتىن سېخىيلارچە ياردەم قىلىشى سايىسىدا ئۆز مېۋىلىرىنى بېرىپ كەلمەكتە. ئىلىم دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتلەرگە يېتىشنىڭ ۋاستىسىدۇر. كۆپ ھاللاردا بۇ ئىلىمنى ئېلىش ۋە بېرىش ئىشلىرى ئىقتىسادقا ئېھتىياجلىقتۇر. كۆپ ھاللاردا بىلىم بىلەن بايلىق بىر ئادەمدە جەم بولمايدۇ. شۇڭا ئالىم ئىلمى بىلەن، باي پۇل ـ مېلى بىلەن جەمئىيەتكە، مىللەتكە خىزمەت قىلىدۇ.

## بايلىق سىناق ياكى نېمەتتۇر

ئاللاھ تائالا بىرەر ئادەمگە بايلىق ئاتا قىلسا ئۇنى ئىككى مەقسەت بىلەن بېرىدۇ: بىرى، ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىش يۈزىسىدىن؛ يەنە بىرى، ئۇنى سىناش يەنى بۇ بايلىقنى ئۆز يولىدا ئىشلىتەمدۇ، ياكى بېخىللىق قىلىپ بېسىپ ياتامدۇ، دەپ ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە: ﴿**إِنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ**﴾ يەنى ﴿سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار بىر تۈرلۈك سىناقتۇر﴾[1] دەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا تەۋسىيە قىلىپ: ﴿**وَأَنْفِقُوا مِنْ مَّا رَزَقْنَاكُمْ مِّن قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ فَيَقُوْلَ رَبِّ لَوْلَا أَخَّرْتَنِيْ إِلَى أَجَلٍ قَرِيْبٍ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُنْ مِّنَ الصَّالِحِيْنَ**﴾ يەنى ﴿بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «رەببىم! كاشكى مېنىڭ ئەجىلىمنى بىرئاز كېچىكتۈرگەن بولساڭ، مەن سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈڭلارغا رىزىق قىلىپ

(1) 64ـ سۈرە تەغابۇن 15ـ ئايەت

بېرىلگەن نەرسىلەردىن سەرپ قىلىڭلار﴾[1] دەپ بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا رىزىق قىلىپ بەرگەن، نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنىڭ ئەمەلگە چىقىشىغا ۋەسىلە بولىدىغان مال ـ دۇنيانىڭ، ئۇنى ئۆز يولىدا ئىشلىتىشنى بىلىدىغان ياخشى ئادەم ئۈچۈن ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتلەرنىڭ ۋاستىسى بولىدىغانلىقىنى ئىخچاملاپ مۇنداق دېگەن: «ياخشى ئادەمنىڭ قولىدىكى مال ـ دۇنيا نېمىدېگەن ياخشى.»[2]

ئاللاھ تائالا ئىنئام ۋە سىناق تەرىقىسىدە ئاتا قىلغان مال ـ دۇنيانى ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلىش ۋە موھتاجلارنىڭ بۇنىڭدىكى ھەققىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن جەمئىيەتتىكى ئېھتىياج ئىگىلىرىگە ـــ يېتىم ـ يېسىرلارغا، پېقىرلارغا، باققۇچىسى يوق تۇللارغا، ھەر قايسى ساھەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقانلارغا ۋە ئۆز خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلىپ يۈكسىلىشىگە سەرپ قىلىپ تۇرغان بايلارنىڭ بايلىقلىرى كۈندىن ـ كۈنگە ھەسسىلەپ ئاشىدۇ ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ ئاشماقتا. مۇنداق بايلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئالدىدا يۈزى يورۇق، شانۇشەۋكىتى ئالى بولىدۇ. ئەكسىچە، بايلىقلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامى، شۇڭا بۇ ئىنئامدا ئېھتىياج ئىگىلىرىنىڭمۇ ھەققى بار دەپ تونۇماستىن، ئۆز كۈچۈم بىلەن تاپتىم ئەمەسمۇ، دەپ قارۇنچە مەغرۇرلىنىپ، پىرئەۋنچە چوڭچىلىق قىلىپ كېرەكلىك يەرلەرگە سەرپ قىلىشتىن بېخىللىق قىلىدىغان بايلارنى ئاللاھ تائالا مۇشۇ دۇنيادىلا ئۆزى خالىغانچە جازالايدۇ،

(1) 63ـ سۈرە مۇنافىقۇن 10ـ ئايەت

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

بەزىسىنى قارۇندەك يەرگە يۇتقۇزسا، بەزىسىنى پىرئەۋننى سۇدا غەرق قىلغاندەك غەرق قىلىدۇ، بەزىسىنى بولسا ئەبۇ جەھىلنى ئۆلتۈرگۈزگەندەك ئۆلتۈرگۈزىدۇ. بۇلاڭچىلار، قاراقچىلار ۋە لۈكچەكلەر تەرىپىدىن ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلار ۋە بايلىقىدىن ئەنسىرەپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ غەم ـ قايغۇ ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلارمۇ ئەنە ئاشۇ بېخىل بايلاردۇر. ئەمما سېخىي بايلار مال ـ دۇنياسىدىن ئەنسىرىمەيدۇ، بەلكى راھەت، ھۇزۇر ئىچىدە ھايات سۈرىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇغان باي بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە يىغقان ئاز ـ تولا بايلىقىنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا بۇ بايلىقتىن ھېساب بېرىشنىڭ غېمىنى قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ بايلىقلىرىنى كېرەكلىك تەرەپلەرگە سەرپ قىلىشتىن ھېچ بېخىللىق قىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى بەرىكەت بىلەن كۆپىيىپلا تۇرىدۇ. مانا بۇ ـــ رېئاللىق.

## بېخىللىقتا ئادەتلەنگەن خەلق نىجات تاپالمايدۇ

بېخىللىقتا ئادەتلەنگەن خەلق مال ـ دۇنياسىغا بېخىللىق قىلغانلىقتىن، جېنىدىن، نومۇسىدىن، ھەتتا ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. چۈنكى ئادەتتىكى ئېھتىياجلىق تەرەپلەرگە پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتىن بېخىللىق قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەلگەن بىر خەلقنىڭ ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش يولىدا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ۋەتىنى ئۈچۈن پۇل ـ مېلىغا بېخىللىق قىلغانلارنىڭ ئۇنىڭ يولىدا جېنىنى بېرەلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ ـــ تارىخنىڭ، خۇسۇسەن ئۇيغۇر تارىخىنىڭ يەكۈنى.

## پۇل ـ مال ئاللاھ تائالانىڭ مۈلكىدۇر

پۇل ـ مال ئاللاھ تائالانىڭ مۈلكىدۇر. قولىمىزدىكىسى ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگىنىدۇر. ئاللاھ تائالا بايلىقنى كىشلەرنىڭ ئىقتىدارىغا، بىلىم-سەۋىيەسىگە ياكى كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە ئاساسەن بەرمەيدۇ، بەلكى ئۇنى بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئىنئام ياكى سىناق تەرىقىسىدە بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بايلارنى ۋە يوقسۇللارنى ياراتتى. ئاللاھ تائالانىڭ ئوخشاش دىپلومغا، ئوخشاش ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە، ئوخشاش ئىشتا ئىشلەيدىغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنى باي قىلىدىغانلىقى، يەنە بىرىنى يوقسۇل ياكى بايدىن تۆۋەنرەك قىلىدىغانلىقى بىر رېئاللىق. چۈنكى بايلىق ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا، ئۇ خالىغان كىشىگە، خالىغانچە بېرىدۇ. بىزنىڭ دىنىمىزدا ئاللاھ تائالا بايلار ئۈچۈن زاكاتنى پەرز قىلغاننىڭ سىرتىدا، ئىجتىمائىي ياردەم، سەدىقە، ئېھسان ناملىرى ئاستىدا كۆپلىگەن ياردەم ۋاستىلىرىنى بۇيرۇغان. ھەتتا ئۆز ئىختىيارى بىلەن پۇل ـ مېلىنى ئاللاھ يولىدا ئېھتىياجلىق تەرەپلەرگە سەرپ قىلغان كىشىنىڭ ھەر بىر تىيىن پۇلى ئۈچۈن 700 تىيىن ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بېرىلىدىغانلىقىنى «قۇرئان كەرىم» ۋەدە قىلغان. بۇلار ياردەمنىڭ بۇ دۇنيالىق مۇكاپاتى بەس. ئەمما ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىدىن سۆز ئاچىدىغان بولساق، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**اَلَّذِيْنَ يُنْفِقُوْنَ أَمْوَالَهُمْ فِي سَبِيْلِ اللّهِ ثُمَّ لاَ يُتْبِعُوْنَ مَا أَنْفَقُوْا مَنًّا وَلاَ أَذًى لَّهُمْ أَجْرُهُمْ عِنْدَ رَبِّهِمْ وَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُوْنَ**﴾ يەنى ﴿پۇل ـ مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەيرـ ساخاۋىتىگە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشلەر

رەببىنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ، ئۇلارغا ھېچبىر قورقۇنچ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ﴾[1] يەنى، دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ھېچ پۇشايمان قىلمايدۇ ۋە مەڭگۈلۈك بەختلىك ھاياتقا ئېرىشىدۇ، دېگەنلىك.

## بېخىللارنىڭ ھالاكىتى ئۆز قولىدا

ئاللاھ تائالا بېخىللارنى زالىملىق بىلەن سۈپەتلەپ ۋە ئۇلارنى سۆكۈپ: ﴿**وَمَا أَنْفَقْتُم مِّن نَّفَقَةٍ أَوْ نَذَرْتُم مِّنْ نَّذْرٍ فَإِنَّ اللّهَ يَعْلَمُهُ وَمَا لِلظَّالِمِيْنَ مِنْ أَنصَارٍ**﴾ يەنى ﴿ نېمىنى خەير ـ ئېھسان قىلماڭلار ياكى (ئاللاھ يولىدا) نېمىنى ۋەدە قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى چوقۇم بىلىپ تۇرىدۇ. زالىملارغا ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ ﴾[2] دەيدۇ.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشچە: بۇرۇنقى زاماندا قابۇس ئىسىملىك بىر چوڭ باي ئۆتكەنىكەن، ئۇ ئۆلىدىغان ۋاقتىدا باللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «مېنى تاۋۇتقا سالغاندا ئىككى قولۇمنى تاۋۇتتىن سىرتقا چىقىرىپ قويۇڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە سورالغىنىدا: «مەن ئۆلمەيدىغاندەك پۇل ـ مال يىغىپ، ئۇنىڭدىن بۇ دۇنيادا پايدىلىنالمىدىم، ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈنمۇ بىر نەرسە ئاتىيالمىدىم، ئەمدى ئۆلگىنىمدە يىغقان دۇنيالىرىم شۇنداقلا قالدى، ئاخىرەتكە قۇرۇق قول كەتكىنىمنى كىشىلەر كۆرۈپ ئىبرەت ئالسۇن!» دېگەن ئىكەن.

(1) 2ـ سۈرە بەقەرە 262ـ ئايەت
(2) 2ـ سۈرە بەقەرە 270ـ ئايەت

دۇنيادا پۇل ـ مىلىغا بېخىللىق قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان مىللەتنىڭ پۇل ـ مىلىدىنمۇ قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقى تارىخنىڭ ئاچچىق ساۋىقى بولۇپ قالماقتا.

خەلق ئېغىزىدىكى رىۋايەتلەرگە كۆرە، ئانا ۋەتىنىمىزدە قانخور شىڭ شىسەي ھۆكۈمران بولغان مەزگىلدە، ستالىن شىڭشىسەينى قەرزلەرنى تۆلەشكە قىستاپتۇ، شىڭشىسەي ستالىنغا ھال ئېيتىپ دەپتۇ:

ـ ھازىر بۇ قەرزلەرنى قانداق تۆلەپ بېرىشنى بىلمەيمەن، بۇ خەلق كونا تاملىق ئۆيدە ياشايدىغان، تۇرمۇش ساپاسى تۆۋەن، نامرات بىر خەلق تۇرسا، قانداق قىلىپ بۇلاردىن بىر نەرسە يىغالايمەن.

ـ بۇ خەلق كونا تاملىق ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ياشىغان بىلەن، چىقىرىپ خەجلىمىگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە باي خەلق. بۇ خەلق ئالتۇن، كۈمۈش پۇللىرىنى ئاشۇ كونا تاملىق ئۆيلىرىنىڭ تېگىگە كۆمۈپ ساقلايدۇ، دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ ستالىن شىڭشىسەيگە.

شىڭشىسەي ستالىننىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن ئانا ۋەتەندىكى بارلىق بايلارنى يىغىپ ئەكېلىپ ، ئۇلارغا دەپتۇ:

ـ چىرايلىقچە ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى چىقىرامسىلەر ياكى ئېچىنىشلىق ھالدا قىينىلىپ ئۆلەمسىلەر؟

بۇ ئارىدا ئىبرەت كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى خەلقى ئالەمنىڭ كۆزى ئالدىدا ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇن، كۈمۈشلەر كۈپلىرى بىلەن دۆۋە ـ دۆۋە توپلىنىپ كېتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا شىڭشىسەي ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشىنەلمەي قاپتۇ، قەرزلەرمۇ تۆلىنىپ ئېشىپتۇ.

ئىسلام تارىخلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، چىڭگىزخان باغداتنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئىسلام خەلىپىسى دەپ ئاتىۋالغان بولسىمۇ، يولدىن ئېزىپ چىرىكلەشكەن باغداد پادىشاھىنى تىرىك تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئالتۇنلىرىنى ئېرىتىپ، ئاغزىغا قۇيۇپ ئازابلاش بىلەن ئۆلتۈرۈپتۇ. چىڭگىزخان بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانلارغا جاۋاب بېرىپ: «بۇ پادىشاھ شۇنچە كۆپ ئالتۇننى ئوردىسىنىڭ تېگىگە كۆمۈپ ساقلاپ ياتماستىن، ئۇنى سەرپ قىلىپ ئەسكەر كۈچى تەييارلاپ بىزگە قارشى تۇرغان بولسا ئىدى، مەملىكىتىنى ساقلاپ قالغان بولار ئىدى. سىلەرنىڭ بېخىللىقىڭلار سەۋەبىدىن ئاللاھ مېنى سىلەرگە جازا ئورنىدا ئەۋەتتى» دەپتۇ.[1]

## بېخىللار ھەمىشە زىيان ئىچىدە

تارىخنىڭ يۇقىرىقى ئاچچىق ساۋاقلىرى ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿**وَمَنْ يَبْخَلْ فَإِنَّمَا يَبْخَلُ عَنْ نَّفْسِهِ**﴾ يەنى ﴿كىمكى بېخىللىق قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بېخىللىق قىلىدۇ.﴾[2] ۋە ﴿**وَلاَ يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ هُوَ خَيْرًا لَّهُمْ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَّهُمْ**﴾ يەنى ﴿بېخىللىق قىلغۇچىلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر﴾[3] دېگەن سۆزلىرىنىڭ ھەقىقەتەن راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بىز ئەزەلدىن تىرىشچانلىقتا، مەرد ۋە سېخىيلىقتا

(1)«باغداد تارىخى» ناملىق ئەسەردىن ئېلىندى.
(2) 47- سۈرە مۇھەممەد 38 - ئايەت
(3) 3- سۈرە 180- ئايەت

ئۆلگىلىك بىر مىللەتمىز. بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىزمۇ مەردلىكنىڭ، سېخىيلىقنىڭ ئۆلگىلىرى بولغانىكەن. بۇنىڭغا تارىخىمىزدىن كۆپلەپ مىساللارنى كەلتۈرەلەيمىز. ھازىر كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان بىر مىسالنى ئالايلى، ئەجدادلىرىمىز ئۆز نەپسىنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن كېچىپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى كۆزلىگەنلىكتىن، ئەرەبىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ۋە باشقا دۆلەتلەردە شۇ زامانلارنىڭ سەۋىيەسىگە كۆرە ئەڭ ھەشەمەتلىك سانىلىدىغان ئېسىل بىنالارنى سېتىۋېلىپ، ئانا ۋەتىنىمىز خەلقى ئۈچۈن ۋەخپە قىلىپ قويغان ئىكەن. ھازىر بۇرۇنقىلاردەك بايلىرىمىز يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار، ھەتتا بۇرۇنقىلاردىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بايلار بار. گەپ بايلىقتا ئەمەس، بەلكى يۈرەكتە!

سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە پاكىستاندىكى ئۇيغۇر ۋەخپە بىنالىرىنىڭ ھازىرقى مەسئۇل بايلىرى يېڭىدىن بىنا قىلغۇچىلار ئەمەس، بەلكى تەييارغا ھەييار بولغۇچىلاردۇر. بۇرۇنقىلار ياخشى نىيەت بىلەن قالدۇرغان بۇ بىنالارنىڭ كىرىملىرىنى ھازىرقىلار ئۆزلىرى بىلگەنچە تەسەررۇپ قىلىدۇ. مەزكۇر بىنالارنىڭ كىرىملىرى ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ھەر قايسى پەنلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ياردەم قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەسمىدى؟ ئەمما كىشىلەردىكى شەخسىيەتچىلىك بۇنداق قىلىشقا يول بەرمەيۋاتىدۇ.

بىزدىكى سېخىيلىق، پىداكارلىق، مېھماندوستلۇق ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش روھىدىن ئىبارەت ئىسلامىي ئەخلاقىمىز ۋە مىللىي ئەنئەنىمىز تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ئاجىزلىشىپ، ئاستا ـ ئاستا يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقتىن، ئۆزىمىزنىلا ئويلاپ بىغەم، ھېسسىياتسىز ئۆتىدىغان بولۇپ قالغانمىز. بۇرۇن ھاتەملەرنى تۇغقان

ئۇيغۇر ئانىلىرى، ئەمدىلىكتە قارۇنلارنىلا تۇغمىغان بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشى، ئۆز دۆلىتىگە ئۆزى ئىگە بولۇپ تۇرالىشى ۋە قەد كۆتۈرۈپ دۇنيا بىلەن يۈتۈنلىششىدىكى ئاساسلىق ئامىل شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا قېرىنداشلارچە مېھرىبانلىقى، بىر ـ بىرىنى يۆلەپ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرۇشى ۋە خالىسانە ياردەملىششى بولسا كېرەك. ئۆزئارا ياردەملەشمىگەن، بىر ـ بىرىنى قۇتقۇزمىغان بىر مىللەتنى باشقىلارنىڭ ياردەم قىلىپ يۆلىشى ۋە خورلۇقتىن، موھتاجلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بايلىرىمىز يوقسۇللارغا خالىسانە ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتالمىغان باللىرىنى ئوقۇتۇپ، ھەرخىل ماددىي قىيىنچىلىقلىرىنى تەڭ كۆتۈرىدىغان بولسا، كېلەچىكى ئۈمىدلىك، بەختلىك بىر مىللەت بولار ئىدۇق.

## ئىناقلىق ئائىلىلەرنى ھۆرمەتلەشتىن باشلىنىدۇ

ئىنسانىيەت تارىخىدا دەسلەپ ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ ئائىلىسى قۇرۇلۇپ، بۇ ئىككىسىدىن باشقا ئىنسانلار بارلىققا كەلدى. ئىنسانلار ئائىلىلەرنى قۇرۇپ چىقىپ، بىر - بىرى بىلەن قېرىنداشلىق رىشتىلىرىنى ئورنىتىپ، ئۆز ئارىسىدا ئىنساني مېھرى - مۇھەببەتنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىناقلىقنى، ئىللىقلىقنى بەرپا قىلدى. دېمەك، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىناق ئائىلىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە موھتاج. ئىناق ئائىلە قۇرۇش ئەقىدىلىك ۋە ئەخلاقلىق ئەر - ئاياللارغا موھتاج. ئائىلىدىكى ئىناقلىق ئاياللارنى ھۆرمەتلەشتىن باشلىنىدۇ. ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلى تەبىئىتى ۋە ئورتاق ئارزۇسىدۇر.

### ئائىلە ئەر - ئايالنىڭ ئۆزئارا مۇھەببىتى بىلەنلا ئۆرە تۇرىدۇ

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ**﴾ يەنى ﴿ ئۇنىسى - ئۇلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئۆز تىپىڭلاردىن جۈپلەر يارىتىپ، ئاراڭلاردا مېھر - مۇھەببەت ئورناتقانلىقمۇ ئۇنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك -

شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا ئويلىغۇچى قەۋم ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەتلەر بار ﴾[1] دەپ كۆرسەتكەن. بۇ پەقەت ئەر ـ ئاياللار ھېس قىلالايدىغان ۋە ئۇلار ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان مېھرى ـ مۇھەببەتنى، ئىللىقلىقنى، خاتىرجەملىكنى، ئىناقلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئايەت بولۇپ، بۇ خىل ئۇنسى ـ ئۈلپەت ئىنسان روھىدىكى ئىزتىراپ ، تەشۋىش ۋە ۋەسۋەسىلەرنى يوقىتىدۇ. ئائىلە كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۇلى، ئاياللار ئائىلىدىكى ئورنى ئەڭ ئاساسلىق مۇھىم ئورۇندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ئاياللىرىنى ئۇرىدىغانلار ياخشى كىشىلەر ئەمەس» [2] دەپ كۆرسەتكەن. ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى بوزەك قىلىشى، ئۇرۇشى، خورلىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنى ئۇرغىنى، ئۆزلىرىنى خورلىغىنى، شۇنداقلا بالىلارنى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بوزەك قىلغىنى، ئۇرغىنى ۋە خورلىغىنى بىلەن باراۋەردۇر. چۈنكى ئاياللار پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئانىلىرى ۋە ئەرلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

## ئاياللارنى ھۆرمەتلەش گۈزەل ئەخلاق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى ھۆرمەتلەشنى بىر ئادەمنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە بايان قىلىپ: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئايالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلاردۇر. مەن ئىچىڭلاردىكى ئايالىغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان ئادەممەن» دەپ كۆرسەتكەن. ئىنساننىڭ دىيانىتى ۋە ئەخلاقى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بىراۋ

---

(1) 30- سۈرە رۇم 21- ئايەت

(2) ئىمام نەسائىي رىۋايىتى

ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا قانچىلىك كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشى بولۇپ كەتسۇن، ئۇ ئائىلىگە، بالىلىرىغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالمايدىكەن، مۇنداق كىشىنىڭ دىنى ناقىس بولغان بولىدۇ. چۈنكى گۈزەل ئەخلاقمۇ ئەڭ ئېتىبارلىق ئىبادەت تۈرى بولۇپ، شۇ ئادەمنىڭ تەقۋالىقىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئىبادەتلەرنى ئورۇنداشتا ئاكتىپ بولۇپ، ئەخلاقىي مەسىلىلەرگە سەل قارايدىغان ياكى ئائىلىسىگە قوپاللىق قىلىدىغان ئادەم جىمى ئىبادەتلەرنىڭ مەقسىتى بولغان ئەخلاقىي ئىبادەتلەرنى ئورۇندىمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئەر كىشى ئائىلىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشى، ئۇنىڭغا ئازار بەرمەسلىكى، ئۆي ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ھەمكارلىششى مۇھىمدۇر.

### ئاياللارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى

ئايال كىشىنىڭ ھاياتلىقتىكى ۋەزىپىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ۋە شەرەپلىك بىر ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى، ئاياللارنىڭ بۇ ۋەزىپىگە ئەڭ ئۇيغۇن يارىتىلغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىنسان نەسلىنىڭ يەر شارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئانىلارغا موھتاجدۇر. پىسخولوگىيە، تەربىيە ئالىملىرى ۋە بىيولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى ئايال كىشىنىڭ يارىتىلىش ئالاھىدىلىكىدىن ئانىلىققا ھازىرلانغانلىقىنى يەكۈنلەيدۇ. ئايال كىشى ئۆتەيدىغان ئانىلىق ۋەزىپىسىنى ئەرلەردىن بىرەرسىمۇ ئۆتىيەلمەيدۇ. ھەتتا پۈتۈن ئەرلەر جامائىتى بىرلىشىپمۇ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمايدۇ. ئانىنىڭ بالىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى بىلەن بولۇشى ئانا ـ بالا ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن چوڭ ئەھمىيەتلىكتۇر. ئانا ھەر دائىم ئۆز بالىسىنىڭ يېنىدا بولۇشنى، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن بېقىپ، باغرىغا بېسىشى ئارقىلىق ئانىلىقنىڭ ھوزۇرىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بالىمۇ ئانىنىڭ مېھرى ـ

شەپقىتىگە موھتاجدۇر. ئۇنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ تەربىيەسى ۋە پەرۋىشى ئاستىدا بولۇشقا، ئانىسىنىڭ تەبئىي، تاتلىق سۈتىدىن ھوزۇرلىنىشقا بولغان ئېھتىياجى چوڭدۇر. ئانا سۈتىدىن باشقا ھەرتۈرلۈك سۈتلەرنىڭ ھېچبىرى ئانا سۈتىگە تەڭ بولالمايدۇ. ئەمما بالىنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ تەربىيەسىگە ۋە پەرۋىشىگە بولغان ئېھتىياجى ئۇنىڭ سۈتىگە بولغان ھاجىتىدىن چوڭدۇر، ئەلۋەتتە.

ئانىلارنىڭ يۈرەك پارىسى، ئۇلارنىڭ بۆگۈنى ۋە ئەتىسى، ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ بىر پارچىسى بولغان، ئەڭ قىممەتلىك بالىلىرىنى ئۆزلىرى ھەر ۋاقىت باغرىغا باسماي، باشقا بىرسىنىڭ تەربىيە قىلىشىغا تاشلاپ قويۇشى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. ئەلۋەتتە ئاياللار ئۈچۈن ئىشتىن ۋە پۈتۈن دۇنيا بايلىقلىرىدىن ئۇلارنىڭ بالىلىرى قەدىرلىك ۋە ئەۋزەلدۇر. توغرا، ئائىلىنىڭ بەزى قىيىنچىلىقلىرى سەۋەبىدىن بەزى ئاياللار سىرتتا ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. لېكىن، ئاتا بولغان ئادەمنىڭ قانداقلا شارائىتتا بولمىسۇن، ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى ئۆزى يالغۇز كۆتۈرۈش بۇرچى باردۇر. شۇڭا ئەرلەر جىسمانىي جەھەتتە ئاياللاردىن كۈچلۈك يارىتىلغان. ئائىلە ئېھتىياجلىرىنى ئاتىلار جايىدا تولۇقلىسا، ئانىلارمۇ ئۆز ئۆيىدە ئارامىدا ئولتۇرۇپ بالىلىرىنى تەربىيەلەش ، يېتىشتۈرۈش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

## زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ھەزەر ئەيلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى

زەھەرلىك چېكىملىك ــ ئادەمنى مەست قىلىدىغان، خۇمار تۇتقۇزىدىغان ئەپيۇن، خېروئىن، مورفىن، نەشە، كوكائىن، باش چايقىتىش كۇمۇلىچى قاتارلىقلارغا ئوخشىغان ھەرخىل زەھەرلىك نەرسىلەر بولۇپ، بۇلاردا كۆپ مىقداردا زەھەرلىك ماددىلار بار. بۇلارنىڭ كېلىش مەنبەلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، كۆپىنچە يوشۇرۇن ھالدا، قارا نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ ۋە تارقىتىلىدۇ.

زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچىلارنى پۈتۈنلەي كاردىن چىقىرىپ، ئۆلۈم بىلەن تۈگەشتۈرگەننىڭ سىرتىدا، ئىنسانىيەتكە زور بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان، خۇسۇسەن مىللەتنىڭ كېلەچىكى بولغان ياشلارنى زەھەرلەپ نابۇت قىلىدىغان رەھىمسىز ئالۋاستىدۇر. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى مۆلچەرلىگۈسىز ئېغىر بولۇپ، تەن ساقلىقى، ئىقتىساد، ئائىلە، پسىخىكا تەرەپلىرىدىن كۆپ زىيىنى بار. كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ جىنائىي ئىشلار قانۇنىدا زەھەرلىك چېكىملىك سودىگەرلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بەلگىلەنگەنلىكىمۇ بۇ زەھەرنىڭ بالايىئاپىتىنىڭ چوڭلۇقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىكتۇر.

### زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئىنسان پسىخىكىسىغا بولغان زىيىنى

زەھەرلىك چېكىملىككە كۆنۈپ قالغان ئادەم ئۆز نەپسىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ شۇ ئەرزىمەس خۇمارىنى

قاندۇرۇش يولىدا نەپسى خاھىشى ئۇنى نېمىگە بۇيرۇسا، شۇنى قىلىدۇ، ئەگەر نەپسى شەيتان ئۇنى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە كۈشكۈرتسە كۆزنى چىمچىقلاتماستىن ئادەم ئۆلتۈرىدۇ. ئەقلىنى قوللىنىشقا كۈچى يەتمەي قالىدۇ. ئۇ تەڭپۇڭلۇقى يوقالغان، ئىرادىسى ئاجىز، قورقۇنچاق، ئىش بېجىرەلمەيدىغان، ھورۇن، غەيرەتسىز بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ تەن ساقلىقىغا بولغان زىيىنى

زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ تەن ساقلىقىغا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ھەقىقەتەن چوڭ. تېببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتىشىچە، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلاردا تاماققا بولغان ئىشتىھانىڭ يوقلىشى بىلەن كېسەللىك باشلىنىپ، تەننىڭ ئاجىزلىششى، چىرايىنىڭ سارغىيىشى، كېسەللىككە قارشى كۈچىنىڭ زەئىپلىششى، مىجەزىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، جىنسىي كۈچىنىڭ ئۆلۈشى، جىگەرنىڭ، ئاشقازاننىڭ كاردىن چىقىشى، يۈرەكنىڭ ئېغىشى، قان بېسىمىنىڭ يۇقىرىلىشى، ئاخىرىدا قىزىل قان تومۇرىنىڭ پارتلىشى ئارقىلىق تۇيۇقسىز ئۆلۈش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

## زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئىقتىسادقا بولغان زىيىنى

زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئىقتىسادقا بولغان سەلبىي تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، بۇ ئەھۋال ئائىلىدىن دۆلەت ئىقتىسادىغا قەدەر بىر تۇتاش ئىقتىسادىي كرزىسنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىككە خۇمار بولۇپ قالغان ئادەم بۇ خۇمارىنى قاندۇرۇپ ئارام تېپىش يولىدا نېمىسى بولسا شۇنى ساتىدۇ. قولىدىكىسى تۈگىسە، ئوغرىلىق بولامدۇ، بۇلاڭچىلىق بولامدۇ، ياكى نومۇسىنى سېتىش بولامدۇ، قايسى يولدىن بولمىسۇن پۇل تېپىپ، خۇمارىنى قاندۇرىدىغان

شۇ زەھەرنى سىڭدۈرىۋالىدۇ. بۇ يولدا ئەڭ ۋىجدانسىز ئىشلارنى، پەسكەش قىلىقلارنى قىلىشقا، ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىش، بالىلىرىنى ۋەيران قىلىش، پۇلغا يارايدىغان ھەر قانداق نەرسىنى نەدە بولمىسۇن ئوغرىلاشقا رازى بولىدۇ. ئاخىرى ئائىلىسىدىن، تۇغقانلىرىدىن ۋە جەمئىيەتتىكى كىشىلەردىن ئايرىلىپ يالغۇز ئۆلۈمنى كۈتىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىككە كۆنۈپ قالغان ئادەم ئاخىرى پۇلدىن، ئۆيدىن ۋە ئائىلىدىن، شۇنداقلا ھەممىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇ قانچىلىك چوڭ باي بولۇپ كەتسۇن، ئۇنىڭ بايلىقى ئۇنىڭ خۇمارىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن ئاخىرىغىچە يەتمەيدۇ، ــدە.

## ئاق ئالۋاستىدىن يىراق تۇرۇڭ

بىز «ئاق ئالۋاستى» دەپ ئاتاۋاتقان خېروئىندىن ئىبارەت بۇ زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك بىر بالايى ئاپەت ئىكەنلىكىنى ھەممە ياخشى بىلىپ يەتمەكتە. ھەركىم ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشنى خالايدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قېلىشنى ياقتۇرمايدۇ. پەقەت بەزى كىشىلەر ئادىمي شەيتانلارنىڭ ھەر تۈرلۈك تۇزاقلىرى تۈپەيلى، بىلمەستىن بۇ تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىدۇ. شۇڭا مۇنداق تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئىشىدا ھوشيار بولۇش، ئۆزىنى ھالاكەتكە ئاتماسلىق ئۈچۈن يامان دوستلاردىن، ئەخلاقسىز كىشىلەردىن يىراق تۇرۇش تولىمۇ مۇھىمدۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بىرى، ئانا ۋەتىنىمىزدىكى مۇسۇلمان ياش ئوغۇل-قىزلىرىمىز ئارىسىغا زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشتەك رەزىل ئادەت كەڭ تارقىلىپ، خەلقىمىز ئۈچۈن چوڭ ئىجتىمائىي بالايىئاپەتلەرنى، تۈگەپ بولغۇسىز ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ بىز مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى ئىچىدە سىڭىپ كىرگەن زەھەرلىك

چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدلىرى باغلانغان، كىچىكلەر بىلەن ياشانغانلاردىن ئىبارەت ئىككى ئاجىزلار تۈپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ھالقا ياش ـ ئۆسمۈرلەر بولۇپ چىققان. بۇ ئەھۋاللار ئۈمىدۋار ياشاۋاتقان خەلقىمىزنىڭ، كېلەچەك ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان، ھارماي-تالماي تەر تۆكۈۋاتقان، ئېتىقادى ۋە ئىبادەت ئىشلىرىدىن باشقا ھەر بىر سۆزى ئاشۇ ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن سۆزلىنىدىغان، قوللىرىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ئاشۇ ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان، ھەر بىر قەدىمى ئاشۇ ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ سائادىتى ئۈچۈن بېسىلىۋاتقان، پەرزەنتىم دەپ باغرى كاۋاپ بولۇۋاتقان شۇ قەدىرلىك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈمىدلىرىنى يەردە قويدى. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ غايىلىرى ئۈچۈن تەلپۈنۈپ چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلەرگە غەم ـ قايغۇ ياشلىرىنى باشلاپ كەلدى. بۇ بالايىئاپەتلەرنىڭ تۈپ سەۋەبى بىزنىڭ مىللىي ۋە ئىسلامىي ئەنئەنىلىرىمىزدىن يىراقلىشىپ قالغانلىقىمىز سەۋەبىدىن بولدى. چۈنكى بىزنىڭ يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئادەمنى مەست قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە (گەرچە باشقا ئىسىملار بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ) ھاراقتۇر، ھاراقنىڭ ھەر قاندىقى ھارامدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاق ئالۋاستى مىللەتنىڭ كېلەچىكى بولغان ياشلارنى زەھەرلەش ئارقىلىق ئۇلارنى نابۇت قىلدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ۋە ھەر قانداق بىر تەربىيەچىنىڭ بالىلارنى زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە يېقىنلىشىشتىن

(1) مۇسلىم رىۋايىتى

قاتتىق تۇسۇشى ۋە ئۇلارنى ھەمىشە بۇ زەھەرلەرنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشى، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ناچار كىشىلەرگە ۋە يامان دوستلارغا ئارىلىشىشتىن ئۇلارنى تۇسۇشى زۆرۈردۇر.

ھەرقانداق ئادەم زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى «بىر قېتىملا قىلىپ باقاي»، «بىر سىناپ باقاي»، «مۇشۇنى چېكىپ يەنە تاشلىيالايدىغىنىمنى بۇلارغا سىناپ كۆرسىتىپ قويىمەن» دېگەنگە ئوخشاش شەيتاننىڭ نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ قېلىپ، بۇ زەھەرلەرنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قېلىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىشى كېرەك. پەيغەمبىرىمىز ئىنسانلارنى بۇنداق زەھەرلەردىن قوغداش ئۈچۈن: « مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ كۆپىمۇ، ئېزىمۇ ھارامدۇر»[1] دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇ ھارام نەرسىلەرگە قەتئىي يېقىنلاشماسلىققا بۇيرۇغان. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىدىن ئادەمنى مەست قىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى بىر قېتىم قىلىپ بېقىشمۇ، ئازراق قىلىپ بېقىشمۇ، بىر سىناپ بېقىشمۇ ھارام ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ساقلىنىش چارىلىرى

زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ساقلىنىشنىڭ بەزى تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىلەر:

(1) ئىمان، ئېتىقادنى ساغلام تۇتۇپ، گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇش، ھەر ئىشتا تەقۋالىقنى ئۆلچەم قىلىش.

(2) تاماكا، ھاراق، پىۋا، شامپان ۋە باشقا ھەر قانداق خۇمار

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى.

تۇتقۇزىدىغان، كەيپ قىلىدىغان نەرسىلەرنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئىستېمال قىلىشتىن قەتئىي يىراق تۇرۇش.

نۆۋەتتە شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، تاماكىنى ھەرگىزمۇ كىچىك سانىماڭ. چۈنكى كەيپ ـ ساپاغا ئالاقىدار بارلىق ئىشلارنىڭ باشلانمىسى دەل ئاشۇ سىز كۆزگە ئىلمىغان تاماكىدۇر، قېرىنداشىم!

(3) زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئەڭ شەپقەتسىز ئالۋاستى، ياكى يىرتقۇچ ھايۋان دەپ تونۇپ، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىش ۋە ئۇ نەرسىلەرگە نەپرەت كۆزى بىلەن بېقىش.

(4) دىيانەتسىز، ئەخلاقسىز كىشىلەر بىلەن دوست بولماسلىق ۋە ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش.

(5) زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى «بىر قېتىملا قىلىپ باقاي»، «بىر سىناپ باقاي»، «مۇشۇنى چېكىپ يەنە تاشلىيالايدىغىنىمنى بۇلارغا سىناپ كۆرسىتىپ قويىمەن» دېگەنگە ئوخشاش شەيتانى نەيرەڭلەرگە قەتئىي ئالدانماسلىق.

# ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى

ئاتا ـ ئانا ھەقىقەتەن ئۇلۇغدۇر. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ بالىلىرى تەرىپىدىن كەلگەن كۈلپەت، جاپا ـ مۇشەققەتلەر ۋە ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئورنىدا كۆرۈشى ۋە بالىلىرى تەرىپىدىن كەلگەن تۇزكورلۇق، ۋاپاسىزلىق ۋە ھەرقانداق يامانلىقلارنى كەچۈرۈۋېتىش بىلەن بىرلىكتە ئۇلارغا ياخشىلىق تىلىشىدۇر.

دۇنيادا كىم شۇنداق قىلالايدۇ؟

پەقەت ئاتا ـ ئانا شۇنداق قىلالايدۇ! شۇڭا ئاتا ـ ئانا دۇنيادا ھەممىدىن ئۇلۇغ! شۇڭا ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن قىلغان ياخشى ـ يامان ھەرقانداق دۇئاسى كېچىكمەستىن تىزلا ئىجابەت بولىدۇ. بۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن ئىدى. بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلايدىغان تەجرىبىلەر ۋە رېئاللىقتىكى ۋەقەلىكلەر ناھايىتى كۆپ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئادەم بالىسىنىڭ باشقا جانلىقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خىسلەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئادەم بالىسى ياخشىلىقنى سۆيىدۇ، ئۆزگە ياخشىلىق قىلغاننى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە بۇ ياخشىلىقنى قايتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى ئۆزگە ياخشىلىق قىلغان، بېشىغا كۈن چۈشكەن چاغلاردا ئۇنىڭغا ھەمدەم بولغان، ئېغىرچىلىق ـ خۇشاللىق كۈنلىرىدە بىرگە بولغان كىشىلەردىن سۆيۈنىدۇ، قەلبى دائىم شۇنداق كىشىلەرگە ئىنتىلىدۇ، ئاشۇنداق كىشىلەر بىلەن خىيال سۈرگىنىدە كۆڭلى ئارام تاپىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى ھەمىشە ياد ئېتىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلغان

ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا بىز ئۈچۈن ئاشۇنداق سۆيۈنۈشكە، ئاشۇنداق ئەسلەپ تۇرۇشقا ئەڭ لايىق كىشىلەر كىم؟ شۈبھىسىزكى، بىزنى يوقلۇقتىن بار قىلىپ، دۇنيا تۇرمۇشىمىزدىكى توغرا ـ خاتا يوللارنى كۆرسىتىپ، توغرىسىنى بىزگە ئاتا قىلغان رەببىمىز ئاللاھ تائالادىن قالسىلا، بىزلەرگە ئەڭ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن، دەردىمىزنى تارتقان، بىزگە ياخشىلىقلار تىلىگەن بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىمىز بولۇپ، دۇنيادا بىزلەر ئۈچۈن ئۇلاردەك جاپا چەككەن، غېمىمىزنى يېگەن كىشىلەر يوق.

ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئۇلۇغ ئىش. چۈنكى ئۇ ئىبادەت ھەم مەجبۇرىيەت. بىزنى بېقىپ، تەربىيەلەپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈش يولىدا نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چەككەن كىشىلىرىمىز پەقەتلا ئاتا ـ ئانىلاردۇر. بىز كىچىك بىر بالىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئومۇمي ھالىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققىنىمىزدا، شۇ ھامان «قۇرئان كەرىم»دىكى: ﴿رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾ يەنى ﴿ئى رەببىم! سەن ئاتا ـ ئانام ئىككىسى مېنى كىچىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك ئۇلارغا رەھمەت قىلغىن﴾[1] دېگەن دۇئانى ئوقۇغىمىز كېلىدۇ. قېنى ئويلاپ بېقىڭ! سىزنىڭ ئانىڭىز كۈنسېرى ئاجىزلاپ تۇرىدىغان توققۇز ئاي ئىچىدە سىزنى مىڭ جاپا بىلەن قورسىقىدا كۆتۈردى. يەنە شۇ ئاجىزلىق ھالىتىدە سىزنى تۇغدى، سىزنىڭ قورساق ئىچىدىكى كۈنسايىن چوڭىيىشىڭىز، ئېغىرلىشىڭىز ئانىڭىزغا كۈنسايىن ئېغىرلىق-

(1) 17- سۈرە ئىسرا 24- ئايەت

ئاجىزلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ئىش ھەتتا سىزنى تۇغۇش ئالدىدا باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ قايتقاندەك، دۇنيانىڭ ھەممىسنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەتكەندەك، خۇددى ئۆلۈمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولدى. لېكىن سىز تۇغۇلغاندىن كېيىن سىزنىڭ مېھرى ئىسسىق ئانىڭىز كۆزىنى ئېچىپ، سىزنىڭ يېنىدا ياتقانلىقىڭىزنى كۆرگەن ھامان بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىنى، دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن تولغاق ئاغرىقلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىدۇ، بارلىق ئۈمىد يوللىرىنى سىزگە باغلايدۇ، سىزدە گۈزەل تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقلىرىنى، بەخت ـ سائادەتلىرىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېچە ـ كۈندۈزلەپ سىز ئۈچۈن ئىشلەيدۇ، سىزگە خىزمەت قىلىدۇ، سىزنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقىڭىز ئۇنىڭ قىممەتلىك ھالال سۈتى بولىدۇ، سىزنىڭ تۇرىدىغان جايىڭىز ئۇنىڭ ئىسسىق باغرى بولىدۇ، سىزنىڭ ئولتۇرىدىغان، مىنىدىغان نەرسىڭىز ئۇنىڭ ئىككى قولى، دۈمبىسى بولىدۇ، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدۇ، ئۇ سىزنى تويغۇزۇش بەدىلىگە ئۆزى ئاچ قالىدۇ، سىزنى ئارام ئالدۇرۇش، ئۇخلىتىش ئۈچۈن ئۆزى تۈنەيدۇ، ئانا سىزنىڭ دۇچ كەلگەن، قورقۇنچ ھېس قىلغان ئىشلىرىڭىزدا قويىنغا ئۆزىڭىزنى تاشلاپ يىغلايدىغان، دەرد ئېيتىدىغان، دەردىڭىزگە يېتىدىغان، بېشىڭىزنى سىلايدىغان بىردىنبىر شەپقەتچىڭىز. چۈنكى سىز ئاشۇ چاغلاردا ئانىڭىزنىڭ قۇچىقىنى ئۆزىڭىزنىڭ پاناھ جايىدەك، ئۇنىڭ ئىسسىق باغرىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىڭىز بىلەن تولغان كەڭ بىر دۇنيادەك ھېسسىياتلاردا بولىسىز. ھەمدە ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا تاشلىغان ھامان بارلىق قورقۇنچلاردىن خالىي بولىمەن دەپ قارايسىز.

## ئاتىنىڭ ئەجرىمۇ ئانىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ

ئەمدى ئاتىڭىزغا كېلەيلى، ئاتىڭىز كېچە كۈندۈزلەپ سىزنى ئويلايدۇ، سىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ، يول يۈرىدۇ، سەپەر قىلىدۇ، تاغ ـ داۋانلارنى كېزىدۇ، سىزنىڭ كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمىكىڭىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن دەرد ـ ئەلەم، جاپا ـ مۇشەققەتنى تارتىدۇ، كۆپلىگەن خەتەرلەرگە يولۇقىدۇ، ئۇ مۇشۇنداق سەرگۈزەشتىلەرنى، تۇرمۇش جەريانلىرىنى، خىلمۇخىل كەچۈرمىشلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ سىزنى تەربىيەلەيدۇ ، سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدۇ، سىز ئاتىڭىزنىڭ يېنىغا كىرسىڭىز سىزدىن خۇشاللىنىدۇ، كۆڭلى ئېچىلىدۇ، ھەم سىزدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇ سىزگە نۇرغۇنلىغان ئۈمىد نەزەرلىرى بىلەن قارايدۇ. ياخشى ئۆسۈپ يېتىلىپ كەلگۈسىدە ياراملىق ئادەم بولۇشىڭىزنى ئاللاھتىن تىلەيدۇ. ئاتىڭىز سىرتقا چىقىش ئۈچۈن سىزدىن ئايرىلىشقا تەمشەلگىنىدە، سىز ئۇنى قۇچاقلىۋالىسىز، ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋالىسىز، ئۇ خۇددى ئىككىنچى قايتىپ كەلمەيدىغاندەك بار ئاۋازىڭىز بىلەن ياش تۆكۈپ يىغلىغىنىڭىزدا مېھرى ـ شەپقەتلىك قوللىرى بىلەن باش ـ كۆزىڭىزنى سىلاپ سىزگە تەسەللى بېرىدۇ. ئاتىڭىز قايتىپ كەلگەنده، خۇشاللىقىڭىزدىن ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭ باغرىغا تاشلايسىز، يايراپ كېتىسىز. ئەنە ئاشۇ ئىككى كىشى سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىزدۇر. ئەنە ئاشۇ ۋاقىتلار سىزنىڭ ئاجىز، گۆدەك، ئۆسمۈر چاغلىرىڭىز. ئۇلارنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرۇش سىزنىڭ بۇرچىڭىزدۇر.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەقلىرى بەكمۇ كۆپ، ئۇلارنىڭ بالىلار ئۈچۈن قىلغان ياخشىلىقلىرى تۆلەپ بولغۇسىز. شۇنداقتىمۇ بىز كۆز ئالدىمىزدىكى بەزى مەجبۇرىيەتلەرنى ئىقتىدارىمىزنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداپ تۇرۇشىمىز لازىم. مەسىلەن:

ئۇلارنى ئەڭ كامالىي ئىھتىرام بىلەن ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش، خىزمەتلىرىنى قىلىش، ھەر خىل ۋاستىلەر بىلەن ئۇلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ۋە دۇئاسىنى ئېلىش، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ھېچ نەرسىمىزنى ئايىماسلىقىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتام مېنىڭ پۇل ـ مېلىمنى سوراۋاتىدۇ، دەپ كەلگەن بىر ئادەمگە: «سەن ۋە سېنىڭ مال ـ دۇنيالىرىڭ ئاتاڭغا تەۋە» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ھەدىس بالا ۋە بالىنىڭ قولىدىكى بارلىق نەرسە ـ كېرەك، پۇل ـ مال ئاتىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى، ئاتا ئۇ نەرسىلەرنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## ئاتا ـ ئانىڭىزنى ھايات ۋاقتىدا خۇش قىلىڭ

نۇرغۇن كىشىلەر ئاتا ـ ئانىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنى يوقلاپ تۇرمايدۇ، گويا ئۇلارنى ھەمىشە شۇنداق ھايات تۇرىدىغاندەك غەپلەتنىڭ كەينىگە كىرىپ، بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق ئۇلارنىڭ ياخشى دۇئالىرىنى ئېلىۋېلىشقا ئالدىرىمايدۇ. ئاتا ـ ئانىسى بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمغاندىن كېيىن، يۈرىكى ئېزىلگەن، دىلى يۇمشىغان ۋە بۇرۇن ئۇلارغا كۆپرەك ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنى رازى قىلالمىغانلىقى سەۋەبلىك ھەسرەت ـ نادامەت چەككەن ۋاقتىدا، بىردىنلا ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغۇسى كېلىپ، ھەشەمەتلىك نەزىر ـ چىراقلارنى ئۆتكۈزۈشكە باشلايدۇ. ساۋابىنى ئاتاـ ئانىسىغا ئاتاپ، خالىس ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن پېقىرلارغىلا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن نەزىر ـ چىراقلارنىڭ ساۋابى ئاتا ـ ئانىسىغا يېتىدىغانلىقىدا گەپ يوق. ئەمما ئاتا ـ ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن خىراجەت قىلغانلىرىنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ، ئۇلار تىرىك ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ

ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن خىراجەت قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى تىرىك ۋاقتىدا خۇش قىلغانغا نېمە يەتسۇن؟!

ھالبۇكى، ئاللاھ تائالا بىزنى ئاتا ــ ئانىمىز ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار ھەققىدە نەزىر ــ چىراغ ئۆتكۈزۈشكە ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆلۈشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قېتىرقىنىپ قىلىشقا، پۇل ــ مېلىمىزنى ئۇلار ھايات ۋاقتىدا خەجلەپ بېرىشكە چاقىرغان ئەمەسمۇ؟!

ئاتا ــ ئانىسى ھايات ۋاقتىدا بەرمەي، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، «زەمزەم قۇيۇپ بېرەي دېسەم سەن يوق»([1]) دەپ يىغلىغانىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟!

ئاتا ــ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى ئۇلار ئۆلمەستىن بۇرۇن قېتىرقىنىپ قىلىپ، مال ــ دۇنياسىنى ئۇلار ئۈچۈن ئايىماي خەجلەپ، ئۇلارنى ھايات ۋاقتىدا رازى قىلىۋالغانلار، ئاتا ــ ئانىسى ھاياتتىن كۆز يۇمغاندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ قازاسىغا رازى بولۇپ، ئارتۇقچە ھەسرەت چەكمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى قىلىپ، بۇرچىنى ئادا قىلغانلاردۇر. ئەمما ئاتا ــ ئانىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەر، ئۇلارنى ھەمىشە شۇنداق ھايات تۇرۇۋېرىدۇ، دەپ گۇمان قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىپ، بۇرۇنراق دۇئاسىنى ئېلىۋېلىشقا ئالدىرىمىغانلار ئاتا ــ ئانىسى ئۆلگەندىن كېيىن ھەشەمەتلىك نەزىر ــ چىراغلارنى ئۆتكۈزۈپ ساۋابىنى ئۇلارغا ئاتىسىمۇ، بەربىر بىر ئۆمۈر ھەسرەت ــ نادامەتتە ئۆتىدۇ. چۈنكى ئۇلار غەپلەت

---

([1]) بۇ يەردە شائىر مۇھەممەدجان راشىدىنىنىڭ«سەن يوق»ناملىق شېئىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىچىدە قېلىپ، پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈپ قويغانلاردۇر. بۇ خۇددى بۇغداينى ئورما ۋاقتىدا ئورۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئورما ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، بۇغدايلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن دېھقاننىڭ زىيان تارتقىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. چۈنكى ھەر ئىشنىڭ بىر ۋاقتى ـ سائىتى بار. ئىمتىھان ۋاقتى تۈگىگەندە كەلگەن ئوقۇغۇچىنى مۇئەللىم سىنىپقا كىرگۈزمەيدۇ.

# پەرزەنت تەربىيەسى

بالىنىڭ ئەڭ دەسلەپ كۆرىدىغىنى ئۆي ۋە ئائىلىسىدۇر. بالا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن باشلاپ كۆزىگە چېلىققان ھەر قانداق نەرسە ئۇنىڭ زېھنىگە ئورناپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىمۇ زېھنىدە قالغان نەرسىلەرگە قاراپ شەكىللىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا ھەر قانداق نەرسە بالىغا تەسىر كۆرسەتكۈچ ئامىل بولىدۇ.

ئىمام غەززالى مۇنداق دېگەن: «بالا ئاتا ـ ئانىغا ئامانەتتۇر. ئۇ يېڭى تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ قەلبى ھېچنېمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ساپ گۆھەرگە ئوخشايدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ كۆزىگە چېلىققان، ياكى تەسىر قىلغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ قىياپىتىنى زېھنىدە قالدۇرىدۇ. مايىل قىلىنىدىغان ھەر قانداق نەرسىگە دىلى مايىل بولىدۇ. نېمىگە ئۆگىتىلسە شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ چوڭ بولىدۇ. ياخشىلىققا ئۆگىتىلسە ياخشىلىق ئۈستىدە چوڭ بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاتا ـ ئانىسى، تەربىيەلىگۈچىسى ئىككى ئالەمدە ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. ناۋادا، ئۇ يامانلىق ئۈستىگە كۆندۈرۈلسە، ئۇنىڭ تەربىيەسىگە سەل قارالسا، ئۇ يامان تەبىئەتلىك ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا ئۇنى تەربىيەلىگەنلەر جاۋابكار بولىدۇ. بالا تەربىيەلەش خۇددى دېھقانىنىڭ ئىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. زىرائەتلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن باغۋەن زىرائەت ئارىسىدا ئۈنگەن ياۋا ئوتلارنى ۋە تىكەنلەرنى يۇلۇپ

ئېلىۋېتىدۇ.»[1]

## بالىلارغا ياخشى ئۈلگە بولۇش كېرەك

ياخشى ئىشلاردا بالىلارغا ئۈلگە بولۇش ئۇلارنىڭ قەلبىدە ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە. بالا كۆپ ھاللاردا ئاتا ـ ئانىسىنى دورايدۇ. ھەتتا ئاتا ـ ئانا بالىغا ئەڭ كۈچلۈك تەسىرلەرنى قالدۇرالايدۇ. شۇڭا بالىلارغا كامالىغا يەتكەن گۈزەل ئەخلاق ۋە ئەڭ ئېسىل كەيپىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بالىلار ئالدىدا بىراۋغا ئېغىزىنى بۇزۇش، غەيۋەت قىلىش، يالغان سۆزلەش بەكمۇ ئەيىب ئىشتۇر. كۆپىنچە ئاتا ـ ئانىلار بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئۇلار بالىلارنىڭ سەزگۈسىنى ۋە ئەقلىنى تولىمۇ ئاددىي چاغلايدۇ. ئەمەلىيەتتە كىچىك بالىلار ئاتا ـ ئانىلار تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ بەك سەزگۈر ۋە ئەقىللىكتۇر. بىراۋنىڭ ئۆزى يالغان سۆزلەپ تۇرۇپ، بالىلىرىنى يالغان سۆزلەشتىن توسقىنى، ئۆزى يامان ئىش قىلىپ تۇرۇپ بالىلىرىنى يامان ئىشلاردىن توسقىنى پايدىسىزدۇر. چۈنكى بالىلار ئۈچۈن تەسىر قىلىدىغان نەرسە ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى، گەپ ـ سۆزلىرى ۋە بارلىق ھەرىكەتلىرىدۇر. ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ۋەز ـ نەسىھەت ۋە تەلىم ـ تەربىيە ئۈنۈم بەرمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى: ﴿ **وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا**﴾ يەنى ﴿ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرۇغىن ۋە ئۆزۈڭمۇ ئۇنىڭغا چىداملىق

---

(1) ئەللامە ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالىينىڭ «**إحياء علوم الدين**» (ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن) ناملىق شانلىق ئەسەرىدىن ئېلىندى.

بولغىن﴾[1] دەپ بۇيرۇغان. ئەگەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزى ناماز ئوقۇماي تۇرۇپ باشقىلارنى ئوقۇشقا بۇيرۇغان بولسا ئىدى، ئاللاھنىڭ ناماز ئوقۇش بۇيرۇقى ئەمەلگە ئاشمىغان ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرى پايدىسىز بولۇپ قالغان بولاتتى. مانا بۇ، ئۈنۈملۈك تەربىيەنىڭ بىردىنبىر ئاساسىدۇر.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ ئانىلارغا بالىلىرىنى راستچىل، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەش بۇرچىنى ھەمىشە ئەسلىتەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئاس ئۆزىنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىكى بىر قىسسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆيدە ئىدى، ئانام مېنى چاقىرىپ: «بۇ ياققا كەل! ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئانامدىن: «سىز بالىغا نېمە بەرمەكچى؟» دەپ سورىدى. بۇ ۋاقىتتا ئانام: «خورما بېرەيمىكىن دەۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەگەر بەرمىسىڭىز، سىزگە بىر قېتىملىق يالغان ئېيتقانلىقنىڭ گۇناھى يېزىلىدۇ» دېدى. بۇ قىسسىدە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى راستچىللىقنى مۇقەددەس بىلىدىغان، يالغانچىلىققا نەپرەتلىنىدىغان قىلىپ تەربىيەلىشىنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكى ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر ئاتا ـ ئانىلار بۇ ئىشلارغا سەل قاراپ يول قويسا، بالىلار چوڭ بولغاندا يالغان ئېيتىشنى كىچىك ئىش دەپ بىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئەخلاقىي جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشتىن ئىككىلەنمەيدىغان بولىدۇ.

---

(1) 20ـ سۈرە تاھا 132ـ ئايەت

## نەسىھەت قىلىشقا مۇناسىپ ۋاقىت تاللاش لازىم

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىغا نەسىھەت قىلماقچى بولغاندا چوقۇم مۇۋاپىق ۋاقىتنى تاللىشى لازىم. چۈنكى مۇۋاپىق پۇرسەتتە قىلىنغان تەربىيە بالىغا بىسىم ۋە زېرىكىش تۇيۇلماستىن، نەق قەلبىگە بارىدۇ. بالىلارغا دوستلىرىنىڭ ئالدىدا، ياكى روھىي ـ كەيپىياتى ياخشى بولمىغان ۋاقىتتا نەسىھەت قىلمىغان ياخشى. نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىت سەيلە ـ ساياھەت قىلغان، داستىخانغا ئولتۇرغان ۋاقىتلاردۇر.

# ئەمگەكنى سۆيۈش گۈزەل ئەخلاقتۇر

هاياتلىق ــــ ھەرىكەت دېمەكتۇر. ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ پەرقى ھەرىكەت بىلەن ئايرىلىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئىنسان ھاياتلىق يوللىرىنى تاللاپ، ئۆز رىزقىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تېپىپ يەپ، ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ساقلاشقا بۇيرۇلغان. «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿وَأَنْ لَيْسَ لِلْإِنْسَانِ إِلَّا مَا سَعَى﴾ يەنى ﴿ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ﴾ [1] دەپ كۆرسىتىلگەن.

لوقمان ھەكىم بالىسىغا مۇنداق دەپ نەسىھەت قىلغان ئىكەن: ئى بالام! ھالال كەسىپ ئارقىلىق يوقسۇللۇقتىن ساقلان، چۈنكى قانداقلا بىر ئادەم يوقسۇل بولىدىكەن، ئۇ ئادەم مۇنۇ ئۈچ خىل ئىللەتكە مۇپتىلا بولىدۇ: بىرى، دىندا تۇراقسىزلىق، چۈنكى كەمبەغەللىك دىيانەت جەھەتتە سۇسلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. ئىككىنچىسى، ئەقلىي ئاجىزلىق، چۈنكى يوقسۇل ئادەمدە غەم تولا بولىدۇ، غەم تولا بولسا ئۇنىڭ ئەقلىنى قاراڭغۇلۇق باسىدۇ ـ دە، تەپەككۇرى ئۇزۇلىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئادەمگەرچىلىكىنىڭ كېمىيىشى بولۇپ، ئادەمگەرچىلىكى يوق ئادەمدە دىيانەت بولمايدۇ. دىنىمىزدا تېنى دۇرۇس، ساغلام، ئىش ـ ھەرىكەت قىلالايدىغان ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ سەدىقىسىگە تايىنىپ جان بېقىش كويىغا كىرىۋېلىشى ھارام دەپ قارىلىدۇ.

---

(1) 53- سۈرە نەجم 39- ئايەت

## ئەمگەك ئىنسانىنىڭ شەرىپىدۇر

زېمىندىكى مەۋجۇتلۇق ئىنسان ئارقىلىق مۇكەممەللىشىدۇ، ئىنسان زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىلمىي ھېكمەتلىرىنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىپ، زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە قادىر مەۋجۇداتتۇر. شۇڭا ئاللاھ ئۇنى يەر يۈزىنىڭ خوجايىنى قىلىپ ياراتقان ۋە ئالاھىدە ئىقتىدار ئاتا قىلغان. «قۇرئان كەرىم»دىكى 70 تىن كۆپ ئايەتتە ئەمەل بىلەن ئىماننى بىرگە تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا، ئىشلەشكە، ئەمگەك قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئەرەب تىلىدىكى «ئەمەل» سۆزى ئىشلەش، ئەمگەك قىلىش، ئەمەل قىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن «ئەمەل» سۆزى كەڭ مەنىدىكى بىر سۆز بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن روھىي ھاياتلىق ۋە ماددىي ھاياتلىق ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى جايىدا ۋە ۋاقتىدا قىلىشنى، شۇنداقلا ھەممە ئىشتا دۇرۇس ۋە ھەققانىي بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇسۇلمان ئادەم ياخشى نىيەتى سايىسىدە پۈتۈن ئىشلىرىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن قىلغانلىرىنىمۇ ئىبادەت قاتارىغا ئۆتكۈزەلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشى نىيەتلەرگە باغلىقتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، بىر ئادەم ئىبادەت دەپ بەلگىلەنمىگەن، ئەمما ھاياتلىققا ئالاقىدار ئىشلارنى قىلغاندا، مەن مۇشۇ ئىشىم ئارقىلىق تۇرمۇشۇمنى قامداپ، ئاللاھنى رازى قىلىشقا شارائىت

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

يارىتىمەن، دېگەن نىيەتتە بولسا، قىلغان ئىشى گەرچە ئىبادەت بولمىسىمۇ شۇ ياخشى نىيىتى بىلەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئىبادەت ھېسابلىنىپ، ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ھەتتا شۇنداق نىيەت بىلەن يېگەن تائاملىرىغىمۇ ئەجىر ـ ساۋاب ئاتا قىلىنىدۇ.

## رىزىق ئىشلىمەستىن قولغا كەلمەيدۇ

ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىر كۈنى بىر توپ كىشىلەرنىڭ مەسجىد تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ دۈگدىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن: «سىلەر نېمە قىلىدىغان ئادەملەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «بىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇلارغا: «سىلەر تەۋەككۇلچىلەر ئەمەس، بەلكى تەييارتاپلار، ئىشلىمەستىن، ئاللاھ ماڭا رىزىق بەرگىن، دەپ ئولتۇرۇشۇۋالار توغرا ئەمەس» دەپ كايىپ، ئۇلارنى مەسجىدتىن قوغلاپ چىقارغانىكەن.

# ھەقىقىي غەلىبە نەپسى خاھىشنى يېڭىشتۇر

نەپسى خاھىش ھەممە كىشىدە بولىدىغان خاسلىق بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭدىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمما ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىغان ۋە ئۆزىنى تىزگىنلەپ تۇرالايدىغان كىشىلەر نەپسى خاھىشىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن خالاس بولالايدۇ. شۇڭا نەپسى خاھىشنى بەزى ئادەملەر يېڭەلەيدۇ، بەزى ئادەملەر يېڭەلمەيدۇ.

نەپسى خاھىش ئەرەب تىلىدىكى «ھاۋايى نەفسى» سۆزىنىڭ تەرجىمە مەنىسى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ شەخسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىگە قارىتىلغان. ئۇ ئاللاھنىڭ يولىغا خىلاپ كېلىدىغان، باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە زىيان ـ زەخمەتى بولىدىغان، كىشىلەرنى ھەققانىي يولدىن ئازدۇرۇپ، ئازغۇنلۇققا ۋە زىيانكارلىققا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىدۇر. نەپسى خاھىشقا يەنە ئاچكۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك، گۇمانخورلۇق، ئۆچمەنلىك، ئىغۋاگەرچىلىك قاتارلىق ھەرخىل ساغلام بولمىغان مەنىۋى ۋە ئىدىيەۋى ئىللەتلەرمۇ كىرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر شەخسنىڭ قاراڭغۇلۇق تەرىپى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆز ئېتىقادىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپلا قالماستىن، يەنە باشقىلارغىمۇ زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇ. شۇڭا نەپسى خاھىش ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر. مۇسۇلمانلار نەپسى خاھىش بىلەن كۈرەش قىلىشنى «چوڭ جىھاد» دەپ تونۇيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن زور بىر كۈرەشتۇر. ئىنسانلارنىڭ تۇنجى ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قابىل ۋە ھابىل دېگەن ئىككى ئوغلى بولغان، ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ قابىلنىڭ ئىنىسى ھابىل تەقدىم قىلغان قۇربانلىقنى قوبۇل قىلىپ، قابىلنىڭكىنى قوبۇل قىلمىغان. شۇ سەۋەبتىن، قابىل ئىنىسى ھابىلغا بولغان

كۆرەلمەسلىكى ۋە ئۆچمەنلىكى تۈپەيلى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق قانلىق دېلونى سادىر قىلغان. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» مۇنداق قىسسە بايان قىلغان: ﴿**فَطَوَّعَتْ لَهُ نَفْسُهُ قَتْلَ أَخِيهِ فَقَتَلَهُ فَأَصْبَحَ مِنَ الْخَاسِرِينَ**﴾ يەنى ﴿نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشى (ھابىل)نى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى.﴾[1]

## نەپسى خاھىش يامان ئىشقا بۇيرۇيدۇ

نەپسى خاھىش ئوخشاشلا ھەممە ئادەمنى يامان ئىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەمما بەزى كىشلەر نەپسىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ. «قۇرئان كەرىم»نىڭ يۈسۈف سۈرىسىدە، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى ئايال كىشىنىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىغانلىقى ھەققىدىكى قىسسە ناھايىتى كەڭ دائىرىدە، تەپسىلىي بايان قىلىنغان. قىسسە مۇنداق ئىدى: يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كېلىشكەن چىرايلىق بىر زات بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنى ساھىبجامال، ئالىي مەنسەپلىك بىر ئايال ئۆز نەپسىگە رىغبەتلەندۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن نەپسى خاھىشنى ۋە شەھۋانىي ھەۋىسنى تىزگىنلەپ قارشى تەرەپنىڭ ئازدۇرۇشنى ۋە تەھدىتلىرىنى رەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈف ئەلەيھىسسالام گۇناھ ـ مەسىيەت ئالدىدا ئۆزىنى تىزگىنلەش بابىدا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈلگە بولۇپ تارىخلاردا قەيت قىلىنغان.

---

(1) 5ـ سۈرە مائىدە 30ـئايەت

## نەپسى خاهىش ئادەمنىڭ قەلبىدىكى شەيتان

نەپسى خاهىش ئادەمنىڭ قەلبىدىكى شەيتان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانغا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ئىنتايىن ئېغىردۇر. چۈنكى ئۇ ئېتىقادقا زىيان يەتكۈزۈپ، ئەخلاقنى بۇزۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شۇ شەخسنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە زور دەرىجىدە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزىدۇ. ناۋادا ئىنسان نەپسى خاهىشىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا قالغىنىدا، ئۇ ئەقىدە ۋە ئەخلاق دائىرىسىدىن چەتنەپ، توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ﴿**وَلَا تَتَّبِعِ الْهَوَى فَيُضِلَّكَ عَنْ سَبِيْلِ اللَّهِ**﴾ يەنى ﴿نەپسى خاهىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ.﴾[1] دەپ تەلىم بەرگەن.

(1) 38ـ سۈرە ساد 26ـ ئايەت

# ئىسلامىي سالاملىشىش ئەنئەنىسى

بىز ئۇيغۇرلاردا ئىككى كىشى ئۆزئارا ئۇچراشقىنىدا بىر - بىرىگە سالام بېرىش ئادىتى ئەڭ قەدىمىي ئەنئەنىلەردىن بىرى بولۇپ، سالاملىشىش دىنىي قائىدە يوسۇن ۋە مىللىي ئەخلاق قاتارىدىن سانىلىدۇ. سالاملىشىش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مېھرى - مۇھەببەتنى داۋام قىلدۇرۇش ۋە كۆڭۈللەرنى جەلپ قىلىشتا ئەڭ زور سېھرىي كۈچكە ئىگە بىر ئىشتۇر. ئىنسانلار ئارىسىدا بىر - بىرى بىلەن سالاملىشىش ئادىتى ئۇلار بارلىققا كەلگەندىن بېرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، مۇسۇلمانلاردىكى ئۆزئارا سالاملىشىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ، مەزمۇنى ناھايىتى مولدۇر.

## ئۇيغۇرلاردا سالاملىشىشنىڭ ئۆزگىچىلىكى

بىز ئۇيغۇرلاردا سالاملىشىش بەزىدە قول ئېلىشىپ، بەزىدە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش يولى بىلەن بولىدۇ. دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانلار ئارىسىدا بەزىدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش قىسقارتىلىدۇ. قۇچاقلىشىش تېخىمۇ قىسقارتىلىدۇ. بەزىلەر بىر تەرەپتىن سالاملىشىپ، بىر تەرەپتىن ئوڭ قولىنى كۆكرەككە قويىدۇ. بۇ سالامنىڭ چىن يۈرەكتىن چىققانلىقىنى، چىن دىلىدىن ئامانلىق تىلىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىلەر ئوڭ قولىنى بېرىپ كۆرۈشۈپ، سول قولىنى قارشى تەرەپنىڭ ئوڭ بىلىكىگە قويىدۇ. بۇ بەدەننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ۋە سالاملاشقۇچىلارنىڭ خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاش يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

## سالاملىشىشنىڭ قائىدىسى

سالامنى ئاۋۋال باشلاش سۈننەت بولسا، ئۇنى قايتۇرۇش پەرزدۇر. ئاللاھ تاالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِذَا حُيِّيْتُم بِتَحِيَّةٍ فَحَيُّواْ بِأَحْسَنَ مِنْهَا أَوْ رُدُّوهَا﴾ يەنى ﴿سىلەرگە بىراۋ سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب بېرىڭلار ياكى ئۇنىڭ سالىمىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار﴾[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئايەتتىكى، تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاب بېرىش «اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يەنى ئاللاھنىڭ ئامانلىقى سىلەرگە بولسۇن)» دەپ سالام بەرگەن كىشىگە: «وَعَلَيْكُمْ اَلسَّلاَمُ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ (ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ۋەرەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ يەنى ئاللاھنىڭ ئامانلىقى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىلەرگە بولسۇن)» دەپ جاۋاب قايتۇرۇش، سالامنى ئەينەن قايتۇرۇش دېگەنلىك: « وَعَلَيْكُمْ اَلسَّلاَمُ (ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام يەنى سىلەرگىمۇ ئاللاھنىڭ ئامانلىقى بولسۇن)» دەپ جاۋاب قايتۇرۇشتۇر.

سالام بەرگۈچى گەرچە يالغۇز بىرلا كىشى بولسىمۇ، ئۇنىڭ سالىمىنى قايتۇرۇشتا «عَلَيْكُمْ (ئەلەيكۇم يەنى سىلەرگىمۇ...)» دەپ قايتۇرۇلىدۇ. چۈنكى قارشى تەرەپ «كۆپچىلىك»نىڭ ۋەكىلى دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدا مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ۋە بىرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## مۇسۇلمانلاردا سالاملىشىشنىڭ ئەھمىيىتى

ئىككى كىشى ئۇچراشقىنىدا بىر ـ بىرىگە سالام بېرىشى دۇنيادا

---

(1) 4ـ سۈرە نىسا 86ـ ئايەت

ھەممە ئادەم ياقتۇرىدىغان گۈزەل ئەخلاق ۋە ئېسىل پەزىلەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەقلىرى ئالتە بولۇپ، ئۇلار: ئۇچراشقاندا سالام بېرىش، چاقىرسا بېرىش، نەسىھەت سورىسا نەسىھەت قىلىش، چۈشكۈرۈپ ‹**اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ** (ئەلھەمدۇ لىللاھ يەنى ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن)› دېسە، ‹**يَرْحَمُكَ اللّٰهُ** (يەرھەمۇكەللاھ يەنى ئاللاھ سىزگە رەھمەت قىلسۇن)› دېيىش، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلاش، ئۆلۈپ كەتسە نامىزىغا بېرىش.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «سىلەر مۇئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر ـ بىرىڭلارنى سۆيمىگۈچە مۇئمىن بولالمايسىلەر. سىلەرگە بىر- بىرىڭلارنى سۆيىدىغان ئىشنى كۆرسىتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇنداقتا، ئاراڭلاردا سالاملىشىشنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار.»[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە: «سىلەرگە يەھۇدىيلاردىن ياكى خىرىستىيانلاردىن بىرى سالام قىلسا، سىلەرمۇ ئۇلارغا ‹**عَلَيْكُمْ** (ۋە ئەلەيكۇم يەنى سىلەرگىمۇ شۇنداق بولسۇن)› دەپ جاۋاب قايتۇرۇڭلار»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

ئەرەبچىدىكى«**إِسْلاَم**»(ئىسلام) دېگەن سۆز بىلەن «**سَلاَم**»(سالام)

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

(2) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

دېگەن سۆزنىڭ تۈپ يىلتىزى بىر بولۇپ، ھەر ئىككىسى «تىنچلىق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر دىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى، سالاملىشىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

سالاملىشىش پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېسىل ئەنئەنە سانىلىدىغان، ھېچقانداق چىقىم تەلەپ قىلمايدىغان، ئۆزى ئاسان، پايدىسى ئىنتايىن مول بىر ئىشتۇر.

**سالام بېرىشنىڭ تەرتىپى**

سالام بېرىشتە كىچىكلەر چوڭلارغا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا ۋە قاتناش ئۈستىدىكىلەر پىيادىلەرگە سالام بېرىدۇ. شۇنداقلا سىرتتىن كەلگەنلەر شۇ يەردىكىلەرگە، ئېرى ئايالىغا، مېھمان ساھىبخانىغا سالام بېرىدۇ.

مۇسۇلمانلار ھاياتلىقتا ئۈمىد بىلەن، سۆيگۈ بىلەن ۋە تەبەسسۇم بىلەن ياقىدىغان ئېسىل پەزىلەتكە ئىگە ئۈممەتتۇر. چۈنكى ئۇلار «سەن ھاياتقا كۈلۈپ قارىساڭ، ھاياتمۇ ساڭا كۈلۈپ باقىدۇ» دېگەن قائىدىنى ئوبدان بىلىدۇ.

## كېسەللەرنى يوقلاشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى

كېسەللەرنى يوقلاش كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئالاقىلەرنىڭ قويۇقلىشىشىغا، ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشكە ۋە ئۆزئارا دوستلۇقنى كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم بىر ئامىل. كېسەللەرنى يوقلاشنىڭ پەزىلىتى ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىش، يېتىملەرنىڭ باشلىرىنى سىلاشتەك ساۋابلىق ۋە ياخشى ئىشتۇر. بىر ھەدىستە: «ئاچ قالغانلارغا تاماق بېرىڭلار، كېسەللەرنى يوقلاڭلار، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇڭلار»[1] دەپ كەلگەن.

ئىنسان ھەرخىل كېسەللىكلەرگە دۇچار بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى كېسەللەر ئازغىنە سەۋەبلەرنى قىلىش بىلەن شىپاسىنى تاپىدۇ، بەزى كېسەللەر ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە يۆتكىسىمۇ كۆپ مىقداردا ئىقتىساد سەرپ قىلىپ داۋالىتىش بىلەنمۇ شىپا تاپالماي، بۇ ئالەمدىن ئايرىلىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئىنسان كېسەل يوقلاپ بارغاندا، ئۇ كېسەل بولغان كىشىنىڭ ناھايىتى ئاجىز ھالىتىنى ئۆزىنىڭ ساق ـ سالامەت ھالىتىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەن ساقلىقنىڭ ھەقىقەتەن چوڭ نېمەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ، تېنى ساق ۋاقتىدا خەلقىگە، ۋەتىنىگە پايدىلىق بولغان ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىۋېلىشقا ئالدىرىشى لازىم.

### كېسەل يوقلاش ئۈچۈن سوۋغا ئېلىپ بېرىش شەرت ئەمەس

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كىيسەللەرنى يوقلاش ئۈچۈن سوۋغا ئېلىپ بېرىشنى شەرت قىلىۋېلىش، ياكى كېسەل بولغۇچى ئادەم بىر نەرسە ئالماي كەلگەن ئادەمدىن رەنجىپ قېلىش ياخشى ئىش ئەمەس. چۈنكى ھەقىقىي ياخشى ئادەم قېرىنداشلىرىدىن ئۇچۇق چىراي ئۇچراشقانلىقىنىمۇ ئۆزىنىمۇ كاتتا شەرەپ، دەپ بىلىدۇ. شۇڭا بىر ھەدىستە: «مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭ بىلەن ئوچۇق چىرايلىق بىلەن ئۇچرىشىشتەك ئىش بولسىمۇ، ياخشىلىقتىن ھېچ نەرسىنى كىچىك سانىما»[1] دېيىلگەن. بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن كېسەللەرنى سوۋغا ـ ھەدىيە ئالماي يوقلاپ بارسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق چىراي ئۇچرىشىپ، روھىي جەھەتتىن تەسەللى بەرگەن ئادەمنى قەتئىي تۆۋەن كۆرۈشكە بولمايدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. چۈنكى كېسەلنى قانچىكى كۆپ ئادەم يوقلاپ تۇرسا، روھىسىز ياتقان كېسەلگە نىسبەتەن روھىي ئوزۇق بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە خۇرسەنلىك پەيدا بولۇپ، تېتىكلىشىپ قالىدۇ ۋە ئۆزىنى قەۋم-قېرىنداشلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمەتلىك ھېس قىلىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ يارەنلىرى ۋە قەۋم ـ قېرىنداشلىرىغا بولغان مۇھەببىتى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بارىدۇ.

كېسەلنى يوقلاپ بارغاندا ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ئولتۇرۇشتىن ۋە تولا سۆزلەپ كېسەلنى بىزار قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. بەلكى ئۇنىڭ كۆڭلى خۇرسەن بولۇپ، روھىي تەسەللى تاپىدىغان سۆزلەرنى قىلىش لازىم.

**مۇسۇلمان ئەمەس كېسەللەرنىمۇ يوقلاش ساۋابلىقتۇر**

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

باشقا دىندا بولغان ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنا ۋە يار ـ بۇرادەرلەردىن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلار بولسا، ئۇلارنى باشقا دىندا دەپ قاراپ تاشلىۋەتمەستىن يوقلاش ياخشى ئىش بولۇپ سانىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر يەھۇدىي دىندىكى بالىنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ بارغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان قوشنىنى گەرچە ئۇ باشقا دىندا بولسىمۇ يوقلاش تولىمۇ مۇھىمدۇر. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدە مۇسۇلمان قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئىككى ھەق بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، مۇسۇلمانلىق ھەققى، يەنە بىرى قوشنىدارچىلىق ھەققىدۇر. باشقا دىندىكى قوشنىسىغا ئۆتەشكە تېگىشلىك بىر ھەق بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ قوشنىدارچىلىق ھەققىدۇر. قوشنىدارچىلىق ھەققى ناھايىتى مۇھىم ۋە چوڭ ھەقتۇر. ئۇنى ئادا قىلىش بەك مۇھىمدۇر. باشقا دىندا بولغان كېسەل قوشنىنى يوقلاشمۇ قوشنا ھەققىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

## كېسەل يوقلاشتا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار

كېسەللەرنى يوقلاپ كىرگەن ئادەم كېسەل كىشىنىڭ قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى سورىماسلىقى لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش كېسەل كىشىنىڭ روھىنى تېخىمۇ چۈشۈرۈشكە سەۋەب بولىدۇ. بەزى كىشىلەر نادانلىقتىن كېسەل بولغۇچىنىڭ قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى سورايدۇ. كېسەل بولغۇچى كېسىلىنى ئېيتىپ بەرسە، ئۇلار: «پالانى ئادەم مۇشۇنداق كېسەل بىلەن ئۇزۇن يېتىپ قىلىپ، ئاخىرى ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەن» دېگەندەك ئازابلىق سۆزلەرنى كېسەلنىڭ يۈزىگە سېلىپ، ئۇنىڭغا روھىي ئازاب بولىدىغان ئىشلارغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقلا، كېسەل ئادەمنىڭ يېنىدا مۇسىبەتلىك خەۋەرلەرنى ۋە ئېچىنىشلىق، پاجىئەلىك خەۋەرلەرنى

ئېيتماسلىق لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئازابلايدۇ.

## سورۇن ۋە سورۇنداشلارنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقى

ئىنسانلا ھاياتلا بولىدىكەن، ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشقا ھەم توپلىشىپ ياشاشقا موھتاج بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بىزگە سورۇن ۋە سورۇنداشلارغا بولغان ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ مۇجادىلە سۈرىسىدە: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا قِيلَ لَكُمْ تَفَسَّحُوا فِي الْمَجَالِسِ فَافْسَحُوا يَفْسَحِ اللَّهُ لَكُمْ وَإِذَا قِيلَ انشُزُوا فَانشُزُوا**﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەرگە: «ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار» دېيىلسە، ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (رەھمىتى بىلەن جەننىتىنى) كېڭەيتىپ بېرىدۇ. ئەگەر سىلەرگە «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار﴾[1] دەپ كەلگەن.

سورۇن توغرۇلۇق كۆپلىگەن قائىدە ـ يوسۇنلار بار. بۇلاردىن بەزىسىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

سورۇنغا كەلگەن كىشىلەر ئارىسىدىكى بىلىمى يۇقىرى كىشىلەرنى ۋە تالانت ئىگىلىرىنى ئاۋۋال سورۇنغا كىرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن شۇ بويىچە كىرىشى لازىم. سورۇنغا كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆي ئىگىسى ئورنىدىن قوپۇپ، ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشى، سورۇنغا كىرگەنلەر سورۇنداشلارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىپ كىرىشى، سورۇنغا كىرگەن ئادەم ئىلىم ـ مەرىپەت جەھەتتە ئارتۇق، ياش جەھەتتە چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ سورۇنغا ئىلگىرى

---

(1) 58ـ سۈرە مۇجادىلە 11ـ ئايەت

كىرىپ ئولتۇرغان كىشى بىلەن ئورۇن تالىشىپ ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋەتمەسلىكى لازىم. شۇنداقلا سورۇنغا كىرگەن كىشىنىڭ يېقىن ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىپ ئولتۇرۇشى ھەم توغرا ئەمەس. سورۇنغا كەلگەن ئىلىم ئەھلىلىرىنى ۋە ياشانغان كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن، سورۇنداشلارنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ بېرىشىگە بولىدۇ. ئەمما ئۆزىنى چوڭ ساناپ، باشقىلارنى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرغۇزماقچى بولغانلارغا تۇرماسلىق كېرەك.

## سورۇندا جاي تالاشماسلىق لازىم

سورۇنغا كېچىكىپ كەلگەن ئادەم كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر سورۇنداشلارنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، قەيەردە بىكار ئورۇن تېپىلسا شۇ يەردە ئولتۇرۇشى لازىم. مەيلى سورۇنغا كەلگەن بولسۇن، مەيلى مەسجىدكە كەلگەن بولسۇن، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ مۈرىلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشى توغرا ئەمەس. شۇنداقلا سورۇنغا كەلگەن ئادەم سورۇنداشلارنى قىستاپ ئولتۇرماسلىقى ۋە كەڭرى ئولتۇرۇپ بىر ـ بىرىگە راھەت بېغىشلىشى لازىم. سورۇنغا بۇرۇن كېلىپ ئولتۇرغان ئادەم بىرەر ئۆزرە سەۋەبى بىلەن، ياكى ھاجىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سورۇندىن چىقىپ كەتكەن بولسا، قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشقا ھوقۇقلۇقتۇر. بىر ھەدىستە: «قاچانىكى، بىرىڭلار ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ ئاندىن يەنە ئورنىغا قايتىپ كەلسە، شۇ ئورنىدا ئولتۇرۇشقا ھەقلىقتۇر»[1] دېيىلگەن.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

## چاقىرىلمىغان سورۇنغا بارماسلىق لازىم

چاقىرىلمىغان سورۇنغا بارماسلىق لازىم. سورۇنغا چاقىرىلغان ئادەمگە باشقا بىر ئادەم ئەگىشىپ بىللە بارغان بولسا، ئۇ كىشىنى سورۇنغا باشلاپ كىرىش، ياكى كىرمەسلىك توغرىسىدا ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىش شەرت. چۈنكى چاقىرىلمىغان مېھمان رۇخسەتسىز سورۇنغا كىرگەندە، ساھىبخان ياكى شۇ كىشى ئۆچۈن ئوڭايسىزلىق تۇغۇلۇشى، ياكى سورۇننىڭ كەيپىياتىنى بۇزىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قېلىشى ئېھتىمال. شۇڭا چاقىرىلمىغان ئادەم مۇتلەق ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن سورۇنغا كىرمەسلىكى كېرەك. بۇ ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ياخشى ئىش. بىر ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەنە بىر ھەمراھى بىللە ئەگىشىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆي ئىگىسىدىن: بۇ بۇرادىرىڭ سېنىڭ تەكلىپىڭسىز كەلگەن ئىدى، ئۇنىمۇ مېھمان قىلامسەن ياكى قايتىپ كەتسۇنمۇ؟ دېگەن مەزمۇندا رۇخسەت سورىغان ئىدى. ساھىبخان ئۇ مېھمانىنىمۇ قوبۇل قىلدى.

## سورۇننىڭ ئەدەپلىرى

دۇنيادا ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق قائىدە يوسۇنى ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلىرى بولغاندەك، سورۇننىڭمۇ مەلۇم قائىدە ـ تەرتىپلىرى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى باردۇر. ئۈچ ئادەم بولسا، ئىككىسى بىرىنى يالغۇز قويۇپ پىچىرلىششى، ياكى ئۇ بىلمەيدىغان باشقا تىلدا سۆزلىششى قەتئىي توغرا ئەمەس. بۇ ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. بۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشى بار يەردە، ئىككىسى بىر ـ

بىرى بىلەن پىچىرلاشمىسۇن»[1] شۇنداقلا سورۇندا ئولتۇرغان ئادەم باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىقى، ناۋادا باشقىلار غەيۋەت قىلسا ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشى لازىم. سورۇندىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولغان ئادەمنىڭ سورۇنداشلارغا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ ئۇلارغا سالامەتچىلىك تىلەپ قايتىشى مۇھىم ئەدەپ ـ ئەخلاقلاردىن سانىلىدۇ. سورۇندىن چىققان مېھماننى ساھىبخانىنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە بىللە چىقىپ ئۇزىتىپ قويۇشى ئايرىم بىر ئەخلاقىي قائىدىدۇر.

(1) ئىمام مالىك، ئەبۇ داۋۇد، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

## داستىخاندىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر

ئەدەپ ـ ئەخلاق ئىنسان بالىسى زىننەتلىنىدىغان ئەڭ ئېسىل كىيىم بولۇپ، ئۇ ئىنسانىنىڭ پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە، ئولتۇرۇش-قوپۇشلىرىدا، ھەتتا يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىشلىرىدىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىنساننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان يېيىش ۋە ئىچىشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقلار ھەركىم دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تولىمۇ مۇھىم قائىدە ـ يوسۇنلاردىن بىرىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات ۋاقتىدا تېخى كىچىك بالا ئىدىم. داستىخاندا ئولتۇرسام قولۇم تاۋاقنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە چېپىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا: "ئەي ئوغلۇم! تاماق يېيىشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدى تەرىپىڭدىن باشلاپ يېگىن" دەپ نەسىھەت قىلغان ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مېنىڭ تاماق يېيىشىم ھەمىشە شۇنداق بولۇپ كەلدى.»[1] بۇ ھەدىس داستىخاندىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر ئۈچۈن ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دەستۇردۇر.

ئىمام غەززالىي «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» ناملىق ئەسىرىنىڭ

---

(1) ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

داستىخاندا ئولتۇرۇشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقلار ھەققىدىكى بۆلۈمدە مۇنداق دەپ يازغان: «غىزالىنىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئىخچاملاشقا بولىدۇ: تاماقنى يېيىشتىن بۇرۇن بىسمىللاھ دېيىش، تاماقنى ئوڭ قولدا يېيىش، ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ يېيىش، تاماققا باشقىلاردىن ئاۋۋال قول ئۇزارتماسلىق، تاماققا ۋە ئۇنى يەۋاتقان كىشىلەرگە تىكىلىپ قارىماسلىق، تاماقنى بەك تېز يېمەستىن، ئالدىرىماي، يۇمشاق چايناپ يېيىش، تاماقنى ئېغىزىغا ئارقا ـ ئارقىدىن سېلىۋەرمەستىن، ئېغىزىدىكىنى يۇتۇپ بولۇپ، ئالدىرىماستىن ئېلىش، تاماقنى بەك كۆپ يېمەسلىك، مېھمانلارنى تاماققا كۆپ زورلىماسلىق ۋە باشقىلاردۇر.»[1]

## يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

«قابۇسنامە» ناملىق دىداكتىك ئەسەرنىڭ ئاپتورى شەمسۇل مائالى ئەبۇلھەسەن ۋەشمىرگىر كىتابىنىڭ «يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەپلىرى» دېگەن بۆلۈمدە مۇنداق دەپ يازغان: «تاماق يېگەندە ئۇنى ھەزىم قىلالايدىغان مىقداردا يېگىن، كۆپ يېمە. ئەگەر بىر قانچە كىشى ياكى كۆپ كىشىلەر بىلەن بىللە تاماق يېيىش توغرا كەلسە، كۆپچىلىك تاماققا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن تاماققا ئولتۇرمىغىن. ئەگەر ئۆيۈڭدە مېھمان قوبۇل قىلساڭ، مېھمانلار كېلىپ داستىخانغا ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى تاماقنى داستىخانغا ئەكېلىپ قويما. تاماق يېگەندە ئالدىرىماي، ئاستا ـ ئاستا يېيىشنى ئادەت قىل. تاماق يېگەندە بېشىڭنى تۆۋەن تۇتقىن.

(1) ئەلــلامە ئەبــۇ ھامــــد ئەل غەززالىينىــڭ «**إحياء علوم الدين**» (ئىھيــائۇ ئۇلۇمىددىن) ناملىق شانلىق ئەسەرىدىن ئېلىندى.

كىشىنىڭ يۈزىگە ۋە قولىغا ئالغان، ئاغزىغا سالغان لوقمىسىغا قاراش ناھايىتى ئەيىبتۇر. ئەمدى ساڭا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي: ساھىب كاپى دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ پادىشاھ بىر كۈنى ئۆزىنىڭ كاتىپ ـ خادىملىرى بىلەن تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، بىرىنىڭ قوشۇقىدا بىر تال قىل تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ كىشىگە: ‹قوشۇقۇڭدا بىر تال قىل بار، ئېلىپ تاشلىۋەت› دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى قوشۇقنى تاشلاپ، تاماق يېمەستىن چىقىپ كېتىپتۇ. مەجلىس ئەھلى پەرىشان بولۇپتۇ. پادىشاھ ئۇ كىشىنى چاقىرتىپ: ‹نېمە ئۈچۈن تاماق يېمەي چىقىپ كەتتىڭ؟› دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: ‹قولۇمغا ئالغان لوقمىدا بىر تال قىلنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ تاماق يېگىلى بولسۇن؟› دەپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق خىجىل بولۇپ كېتىپتۇ.»(1)

## يېمەك ـ ئىچمەكتىكى ئومۇمىي ئەدەپ ـ قائىدىلەر:

1. داستىخانغا كېلىشتىن ئاۋۋال ئىككى قولنى پاكىز يۇيۇش. چۈنكى قول مىكروبلار بىلەن ئەڭ كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئورگان بولغانلىقتىن، قوللارنى يۇماستىن يېمەكلىكنى يېمەسلىك ۋە تۇتماسلىق لازىم. بۇ تەن سالامەتلىكنى ساقلاش قۇرالى بولۇشتىن ئاۋۋال، دىنىمىزنىڭ ئەمرى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىدۇر. تاماقتىن ئىلگىرى ۋە تاماقتىن كېيىن قول يۇيۇش پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرى قاتارىدىن سانىلىدۇ.

---

(1) «قابۇسنامە» ناملىق دىداكتىك ئەسەردىن، 1982 ـ يىلى، قەشقەر نەشرىياتى.

2. داستىخاندا كۆپرەك ئادەم بىرگە ئولتۇرۇپ يېيىشكە تىرىشىش لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى يالغۇز يېمەك يېيىشنى ياقتۇرمايتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «تائاملارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىر تاۋاققا كۆپ ئادەم قول ئۇزىتىپ يېيىلگەن تائامدۇر.»[1]

3. تائامنىڭ بېشىدا «**بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ**» (يەنى بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم) دېيىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر تائام يېمەكچى بولغىنىڭلاردا، بىسمىللاھ دەڭلار، بۇنى ئاۋۋال دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولساڭلار، (تائام ئەسناسىدا بولسىمۇ) ئەۋۋەل ۋە ئاخىر بىسمىللاھ دەڭلار.»[2]

4. تائامنى ئوڭ قول بىلەن يېيىش. بىر ھەدىستە: «شەيتان سول قولى بىلەن يەيدۇ»[3] دەپ كەلگەن. پەقەت ئوڭ قولدا ئۆزرىسى بولغانلار سول قولى بىلەن يېسە بولىدۇ.

5. تائامنى ئالدىدىن يېيىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :«ئى ئوغلۇم! بىسمىللاھ دېگىن ۋە ئوڭ قولۇڭ بىلەن ئالدىڭدىن يېگىن»[4] دېگەن.

6. تائامدىن تولۇق پايدىلىنىش. يەنى يەيدىغان نەرسە چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى تازىلىۋېتىپ يېيىش كېرەك. چۈنكى چۈشۈپ كەتكەن

---

(1) ئەبۇ نەئىم «**حلة الأوليا**» (ھۇللەتۇل ئەۋلىيا) ناملىق ئەسىرىنىڭ 6- توم 61- بېتىدە رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

(2) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، 3767- ھەدىس

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى، 2020- ھەدىس

(4) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

يېمەكنى ئالماسلىق ئۇنى خورلىغانلىق ۋە ئىسراپ قىلغانلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «سىلەرنىڭ بىرەر لوقما يېمەكلىكلار يەرگە چۈشۈپ كەتسىمۇ، ئۇنى تازىلاپ يەڭلار، ئۇنى شەيتانغا قويۇپ بەرمەڭلار»[1] دېگەن. ئەگەر يولغا ياكى پاسكىنا يەرگە چۈشۈپ كەتسە ئۇنى ئېلىش كېرەك ئەمەس.

ئېشىپ قالغان تاماقنى تاشلىۋېتىش چوڭ ئىسراپخورلۇق بولۇپ، گۇناھى ئېغىردۇر. شۇڭا تاماقنى يەپ بولالىغۇچىلىك ئېتىش ۋە كۆپ ئەتكەندە چوقۇم باشقىلارنىمۇ چاقىرىپ بىرگە يېيىش كېرەك.

7. قورساق ئاچمىغۇچە يېمەسلىك ۋە بەك تويغۇزۇۋەتمەستىن داستىخاندىن تۇرۇپ كېتىش لازىم. بۇ توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىز شۇنداق قەۋمكى، قورساق ئاچمىغۇچە تاماق يېمەيمىز، يېسەك بەك تويغۇزۇۋەتمەيمىز» دېگەن. كۆپ يېيىشتىن سېمىزلىك كېلىپ چىقىدۇ. سېمىزلىكتىن ھەر خىل كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. ئەرەبلەردە: «ئاشقازان كېسەللىكنىڭ ئۆيىدۇر، پەرھىز داۋالىنىشنىڭ بېشىدۇر» دەيدىغان ھېكمەت بار.

8. يېمەكنى پۈۋلىمەسلىك ۋە بىر نەرسە ئىچىۋاتقاندا قاچىغا تىنماسلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :«تائامنى سوۋۇتۇپ يەڭلار، چۈنكى قىزىق تائامدا بەرىكەت يوق»[2] دېگەن.

9. تائامنى ياخشى چايناپ، ئالدىرىماي يېيىش لازىم.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى، 2034- ھەدىس

(2) تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، 6209- ھەدىس

10. ئاشقازاننى راھەتلىتىش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن يېمەستىن، ھەربىر لوقما ئارىلىقىدا داستىخاندىكىلەر بىلەن پاراڭلىشىش ياخشى كۆرۈلگەن. ئەمما ئاغزىدا تائام بار ھالەتتە سۆزلەش ياخشى ئەمەس.

11. تائامدىن كېيىن، «**اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ**» (يەنى ئەلھەمدۇ لىللاھ) دەپ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىش ۋە تاماقنىڭ دۇئاسىنى ئوقۇش.[1]

12. تائامدىن كېيىن قولنى يۇيۇش ۋە چىشلارنى تازىلاش.

(1) «**اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَجَعَلَنَا مِنَ الْمُسْلِمِيْنَ**» يەنى «جىمى ھەمدۇـسانا بىزگە تائام بەرگەن، بىزگە ئۇسسۇزلۇق بەرگەن، بىزنى مۇسۇلمان قىلغان ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىمەن»؛

يەنە بىر دۇئا: «**اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَطْعَمَنِي هٰذَا وَرَزَقَنِيْهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ**». يەنى «جىمى ھەمدۇـسانا مەن ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماستىن، مېنى بۇ تائام بىلەن غىزالاندۇرغان ۋە ئۇنى ماڭا رىزىق قىلىپ ئاتا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىمەن.» (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى)

# مېھماندارچىلىقتىكى ئەدەپلەر

مۇسۇلمان ئادەم مەيلى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارسۇن، مەيلى باشقىلارنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلسۇن، داستىخان ۋە زىياپەت ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلىشى ۋە باللىرىنىمۇ شۇنداق تەربىيەلىشى كېرەك. مۇنداق ئىسلامىي ئەدەپ ـ ئەخلاقلار مېھمانلار ۋە ساھىبخان ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. بۇ ئەدەپلەرنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

1. مېھماننى ئوچۇق چىراي بىلەن قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئەڭ كامالىي ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەتلەش پەرزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتقان ئىكەن، مېھماننى ھۆرمەت قىلسۇن»[1] دېگەن.

2. مېھمانغا قىزغىن پاراڭ سېلىپ بېرىش ۋە كۆڭلىنى ئېلىش.

3. تائام ياكى ئىچىدىغان نەرسە نۆۋەت بىلەن كېلىدىغان بولسا، ياشنىڭ چوڭلۇقى، ياكى مەرتىۋىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قارىماي، تۆرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن باشلاش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ قولىدىكى يېمەكلىكنى سول تەرىپىدىكى چوڭلارنى قويۇپ، ئوڭ تەرىپىدىكى كىچىك بالىغا ئاۋۋال بەرگەن.

4. مېھمانلاردىن چوڭلار تائامغا ئېغىز تەگمىگىچە، ئۆي ئىگىسى ۋە

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى، «**صحيح البخاري**»دىكى3511ـ ھەدىس، «**صحيح مسلم**»دىكى 2065ـ ھەدىس

كىچىكلەر يېيىشنى باشلىماسلىق كېرەك.

5. مېھمان يېيىشنى توختاتمىغىچە ساھىبخان يېيىشتىن توختىماسلىقى ۋە ھەمىشە ئۇنى يېيىشكە تەشەببۇس قىلىپ تۇرۇشى لازىم. كونىلاردا مۇنداق بىر ھېكمەت بار: «بىسمىللاھ دېسەڭ تېشىڭدا دە، دېمىگەنلەر دېسۇن. ئەلھەمدۇلىللاھ دېسەڭ ئىچىڭدە دە، يېمىگەنلەر يېسۇن.»

6. تائام يەۋاتقاندا بىراۋنىڭ ئالغان لوقمىسىغا تىكىلىپ قاراش قاتتىق ئەيىب سانىلىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا ئېغىزلارغا ئېلىنىۋاتقان لوقمىلاردىن كۆزلەرنى قاچۇرۇش كېرەك.

7. ئاغزىدا تائام بار تۇرۇپ ئۇنى يۇتۇۋەتمەستىن، گەپ قىلىشقا بولمايدۇ. گەپ قىلىشقا زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا، ئاغزىنى قولى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ سۆز قىلسا بولىدۇ.

8. داستىخاندا مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئاياش ۋە ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا ماسلىشىش لازىم.

9. چەينەكنىڭ جۈمىكىدىن ياكى سۇ قاچىسىنىڭ ئاغزىدىن ئىچىش ئەيىب سانىلىدىغان ئىشتۇر. ئۇنى پىيالىغا قويۇپ ئىچىش كېرەك.

# ئۆيگە كىرىشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى

ئىنسان ئىجتىمائىي مەخلۇقات بولغانلىقتىن، ئۇ ئۆزى يالغۇز ياشاپ ئۆتەلمەيدۇ. بەلكى جەمئىيەتتىكى ئىنسانلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈشكە موھتاجدۇر. ئىنسان تەبىئىتى ئەسلىدە ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، يامانلىقتىن نەپرەتلىنىدىغان قىلىپ يارىتىلغان بولۇپ، گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىنتىلىدۇ. ئىنسانلار ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەت ئۇلاردىن ھەر ئىشتا قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دۇنيادا ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق قائىدە ـ يوسۇنى ۋە ئۆزىگە خاس ئەدەپ ـ ئەخلاقى باردۇر. بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرىشتە ئۆي ئىگىسىدىن رۇخسەت سوراپ كىرىشمۇ شۇ ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرىدىن بىرىدۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىلىرى، گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاق قائىدىلىرى ئىنتايىن كۆپ ۋە بەكمۇ مۇكەممەل. مېھمان بولۇش، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش، يەپ ـ ئىچىش، سۆزلىشىش، ئۇخلاش، تازىلىق، سالاملىشىش، ئىشىكتىن كىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بەلگىلىك ئەدەپ ـ قائىدىلەر بار.

تۆۋەندە ئۆيگە كىرىشنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ھەققىدە توختىلىمىز:

بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولغان ئادەم ئاۋۋال ئىشىكنى چېكىپ، ئۆي ئىگىسىدىن رۇخسەت سوراپ كىرىشى، رۇخسەت قىلىنمىسا قايتىپ كېتىشى لازىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق تەلىم بەرگەن:

﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ بُيُوتِكُمْ حَتَّى تَسْتَأْنِسُوا وَتُسَلِّمُوا عَلَى**

**أَهْلِهَا ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ ۞ فَإِن لَّمْ تَجِدُوا فِيهَا أَحَدًا فَلَا تَدْخُلُوهَا حَتَّى يُؤْذَنَ لَكُمْ وَإِنْ قِيلَ لَكُمُ ارْجِعُوا فَارْجِعُوا هُوَ أَزْكَى لَكُمْ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ ۞ لَّيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَنْ تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ مَسْكُونَةٍ فِيهَا مَتَاعٌ لَّكُمْ﴾** يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەپكە ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ سىلەرگە ياخشىدۇر. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا، سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شەخسى تۇرالغۇ بولمىغان ئۆيلەرگە ھاجىتىڭلار چۈشۈپ كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر.﴾[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بىر ھەدىستە: «رۇخسەت ئۈچ قېتىم سورىلىدۇ. رۇخسەت بېرىلسە كىرىڭ. ئەگەر رۇخسەت بېرىلمىسە قايتىپ كېتىڭ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

ئىشىكتىن كىرىشتە ئاۋۋال چوڭلار، بىلىم ئەھلىلىرى، ئاندىن تەرتىپ بويىچە ياشلار كىرگىنى ياخشى. باللار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرگەندە، ئاۋۋال ئۇلارغا سالام بەرگەندىن كېيىن، شۇ ھامان كىچىكمەستىن ئەڭ گۈزەل ۋە ئېسىل ئىبارىلەر بىلەن ئۇلاردىن ھال ـ

---

(1) 24ـ سۈرە نۇر 27~29ـ ئايەتلەر

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئەھۋال سورىشى زۆرۈردۇر.

## ئۆيگە كىرىشتە ئەدەپسىزلىك سانىلىدىغان ئىشلار

گەرچە بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا خەۋەر بېرىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىشتە ئىشكىنى قاقماستىن، ياكى ئالدىراپ سالام بەرمەستىن كىرىش، ئىشكىنى سىلىق قاقماستىن ئۆي ئىگىسىنى ۋە قوشنىلىرىنى راھەتسىز قىلىدىغان شەكىلدە قاتتىق قېقىش، ياكى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق قېقىش ئەدەپسىزلىكتۇر. شۇنداقلا بىراۋنىڭ، قوشنىلارنىڭ، باللارنىڭ تاقاقلىق تۇرغان ئىشىك ـ دەرۋازىلىرىدىن ماراپ قاراش بەكمۇ ئەدەپسىزلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداقلارغا ئاچچىقلىنىپ: «بىراۋنىڭ ئۆيىگە ئىشكتىن ياكى تۆشۈكتىن رۇخسەتسىز ماراپ قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىنى ئويىۋەتسىمۇ بولىدۇ» دەپ سۆككەن. چۈنكى مۇنداق قىلىش ھەم ئەدەپسىزلىك ھەم باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىگە قىلىنغان ئېغىر خىيانەتتۇر.

ئاتا ـ ئانىلارمۇ بالىلىرىنىڭ ياتاقلىرىغا ئىشكىنى چېكىپ، رۇخسەت سورىماستىن خالىغانچە كىرمەسلىكى، باللارمۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياتىقىغا مەيلى كۈندۈزى، مەيلى ئاخشاملىرى ئىشكىنى سىلىق چېكىپ رۇخسەت ئالماستىن كىرمەسلىكى لازىم. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئاتا ـ ئانىلار بىلەن باللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىپپەت ـ ھايانىڭ ئاجىزلىشىپ قېلىشىغا، ئۇلار ئارىسىدىكى ھۆرمەت ـ ئېھتىرامنىڭ سۇسلىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بىر ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ بىر-بىرىنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىشتە ئەلۋەتتە ئىشكىنى چېكىپ، رۇخسەت سوراپ كىرىشى ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِيَسْتَأْذِنكُمُ الَّذِينَ مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ وَالَّذِينَ لَمْ يَبْلُغُوا الْحُلُمَ مِنكُمْ ثَلَاثَ مَرَّاتٍ مِن قَبْلِ صَلَاةِ الْفَجْرِ وَحِينَ تَضَعُونَ ثِيَابَكُم مِّنَ الظَّهِيرَةِ وَمِن بَعْدِ صَلَاةِ الْعِشَاء ثَلَاثُ عَوْرَاتٍ لَّكُمْ**﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەرنىڭ قۇللىرىڭلار، چۆرىلىرىڭلار ۋە ئىچىڭلاردىكى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ناماز بامداتتىن بۇرۇن، چۈشتە (ئۇخلاش ئۈچۈن) كىيىمىڭلارنى سالغان چېغىڭلاردا ۋە خۇپتەندىن كېيىن (مۇشۇنداق) ئۈچ ۋاقىتتا (يېنىڭلارغا كىرسە) سىلەردىن ئىجازەت سورىسۇن، (بۇ) ئۈچ ۋاقىت سىلەرنىڭ ئەۋرىتىڭلار (ئېچىلىپ قالىدىغان) ۋاقىتتۇر﴾[1]

---

(1) 24ـ سۈرە نۇر 58ـ ئايەت

## چۈشكۈرۈك ۋە ئەسنەكنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى

ئىنسانلار ئىجتىمائىي مەۋجۇدات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەمىشە بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ ياشاشقا موھتاجدۇر. كۆپ ساندىكى ئىنسانلار ئۆزئارا ئارىلىشىپ ياشاش جەريانىدا، بىر ـ بىرى بىلەن سالاملىشىش، كۆرۈشۈش، سۆزلىشىش ۋەھاكازا ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمايدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇلارغا بىر ـ بىرىنى ئاسراش، بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىش، بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەجبۇرىيەتلەر يۈكلىنىدۇ. بىراۋ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام قىلسا، ئۇنىڭغا «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب قايتۇرۇش، بىراۋ چۈشكۈرۈپ، «ئەلھەمدۇ لىللاھ (ئاللاھقا شۈكۈر)» دېسە، ئۇنىڭغا «يەرھەمۇكەللاھ (ئاللاھ سىزگە رەھمەت قىلسۇن)» دېيىش ئىنسانىي گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ بىرىدۇر.

تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، چۈشكۈرۈك ۋە ئەسنەك چوڭ ـ كىچىك ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىدە، ھەتتا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلاردىمۇ تەبىئىي ھالەتتە ئىختىيارسىزلا پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئالامەتتۇر. زۇكامدىن بولمىغان چۈشكۈرۈك سالامەتلىكنىڭ ئەلچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى كېسەللىك پەيدا بولغاندا ئادەم بەدىنىدىكى كېسەلگە قارشى ئىممۇنىتېت كۈچى بىلەن كېسەل بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىپ ئاخىرى ئىممۇنىتېت كۈچى غالىب كەلگەندە كېسەل پارتلايدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن بەدەن خۇددى زېمىن تەۋرىگەندەك تەۋرەش ئارقىلىق چۈشكۈرۈك ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق چۈشكۈرۈك بەدەننىڭ يەڭگىللەپ قالغانلىقىدىن، بۇرۇندىكى نەپەسنى توسۇۋالىدىغان توسقۇنلۇقنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىدىن بولىدۇ. ئۇ

كىشىنى روھلۇق ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. ئەسنەك بولسا قورساقنىڭ تويۇپ كەتكەنلىكىدىن ۋە كۆپ يېگەنلىكتىن بولىدۇ. ئۇ كىشىنى ھۇرۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. چۈشكۈرۈك ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان بۈيۈك نېمەتلەر قاتارىدىكى بىر نېمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ قاتتىق سىلكىنىش ئارقىلىق مېڭىدىكى بۇزۇق ھاۋانى بۇرۇن ئارقىلىق چىقىرىۋېتىپ، ئورگانلارنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاپ قالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئاللاھ چۈشكۈرۈكنى ياقتۇرىدۇ، ئەسنەكنى يامان كۆرىدۇ. بىراۋ چۈشكۈرۈپ ئەلھەمدۇلىللاھ (ئاللاھقا شۈكرى) دېسە، ئۇنى ئاڭلىغان ئادەم يەرھەمۇكەللاھ (ئاللاھ سىزگە رەھمەت قىلسۇن) دېيىشكە تېگىشلىك. ئەسنەك شەيتان تەرىپىدىن بولىدۇ. ئەسنەك كەلگەندە مۇمكىن قەدەر ئۇنى قايتۇرغىن، ئەسنىگەن كىشى ‹ھا...› دېسە شەيتان ئۇنىڭدىن كۈلىدۇ.»[1]

تەتقىقاتچىلار مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم زۇكام بولغاندا ياكى دىماغنى غىدىقلايدىغان پۇراقنى پۇرىغاندا، بۇرۇن شىلىمشىق پەردىلىرى غىدىقلىنىپ چۈشكۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىماغنى غىدىقلايدىغان پۇراقلار ياكى كېسەل مىكروبلىرى چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئادەم تېنىدىكى بىر خىل ئۆز ـ ئۆزىنى قوغداش ئىنكاسى.» مانا مۇشۇنداق پايدىلىق بولغان بىر نېمەتنىڭ قەدرىگە يېتىپ، ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتقان ھالدا ئۇنى ماختاپ «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېگەن بىر مۇسۇلمانغا، ئاڭلىغۇچى كىشىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەپ: «يەرھەمۇكەللاھ» دېيىشى تولىمۇ

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ياخشى ئىشتۇر. شۇنىڭدەك، چۈشكۈرمەكچى بولغاندا دەرھال قولى ياكى قول ياغلىقى بىلەن ئېغىز، بۇرنىنى توسۇپ ئاۋازىنى تۆۋەن قىلىشقا تىرىشىش، ئەسنەك كەلگەندە قولى بىلەن ئاغزىنى يېپىپ تۇرۇپ مۇمكىن قەدەر ئۇنى قايتۇرۇشقا تىرىشىش، باشقىلارغا قاراپ تۇرۇپ چۈشكۈرمەسلىك قاتارلىقلارمۇ چۈشكۈرۈكنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىدىن سانىلىدۇ. بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشكۈرسە يۈزىنى قولى ياكى كىيىمى بىلەن ياپاتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئاۋازىنى تۆۋەن قىلاتتى»[1] دېيىلگەن. شۇنداقلا باشقا دىندىكى بىر كىشى چۈشكۈرۈپ «ئاللاھقا شۈكرى» دېسە، سەن ئۇنى باشقا دىندىكى ئادەمسەن، دەپ چەتكە قاقماستىن، ئۇنىڭغا: «ئاللاھ سىزنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئىشلىرىڭىزنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن» دېگەن تىلەكتە بولۇش گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ.

---

(1) ئىمام تىرمىزى رىۋايىتى

# ئائىلە ھاياتىدىكى بىر يۈرۈش ئەدەپ ـ ئەخلاقلار

ئىسلام دىنى جەمئىيەتنىڭ ئۇلى بولغان ئائىلىگە زور ئەھمىيەت بەرگەن. ئائىلە ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە[1]:

1. ئۆيىگىزگە كىرگەندە ۋە چىققاندا، ئىشىكنى قولىڭىز بىلەن سىلىق يېپىڭ. ھەرگىز ئۇنى قاتتىق ياپماڭ ياكى ئۇنى ئۆزلۈكىدىن قاتتىق يېپىلىشىغا قويۇپ بەرمەڭ. چۈنكى مۇنداق قىلىش سىز مەنسۇپ بولغان ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «يۇمشاقلىق قايسى نەرسىگە كىرسە، ئۇنى چىرايلىقلاشتۇرىدۇ، ئۇ قايسى نەرسىدىن يۇلۇپ ئېلىنسا، شۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

2. ئۆيىگىزگە كىرگەندە ياكى چىققاندا، ئۆيدىكىلەرگە ـ مەيلى ئۇلار چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ـ سالام بېرىشنى ئۇنۇتماڭ. مۇسۇلمانىنىڭ سالىمى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئىسلامنىڭ شوئارى ۋە مۇسۇلمانىنىڭ ئۇنۋانىدۇر. بۇنداق ئېسىل بىر سالامنى قويۇپ «خەيرلىك ئەتىگەن» ياكى «ياخشىمۇسىز»لارغا ئوخشاش مۇسۇلمان ئەمەس قەۋملەرنىڭ

---

(1) ھىجاز ئۆلىمالىرىدىن سەييىد ئەلەۋى ئەل مالىكىينىڭ «**أدب الأسرة في الإسلام**» (ئەدەبۇل ئۇستەرەتى فىل ئىسلام، ئىسلامدىكى ئائىلە ئەخلاقى) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

سۆزلىرىنى دورىماڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا ئىسلامىي سالام بېرىشنى ئۆگەتكەن. ئۇ خىزمەتچىسى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەلىم بېرىپ: «ئى ئوغلۇم! ئۆيۈڭگە كىرگىنىڭدە، ئۆيدىكىلەرگە سالام بەرگىن. مۇنداق قىلىش سەن ۋە ئۆيۈڭدىكىلىرىڭ ئۈچۈن بەرىكەتلىك ئىشتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

3. ئۆيىڭىزگە كىرگىنىڭىزدە، ئۆي ئىچىدىكىلەرنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئاياق تېۋىشىڭىز بىلەن، ياكى گېلىڭىزنى قىرىش بىلەن ئۇلارغا سىزنىڭ كىرگىنىڭىزنى بىلدۈرۈپ كىرىڭ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى كېچىدە ئۆيىمىزنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق قېقىشتىن ۋە ئەھلىمىزگە تۇيۇقسىز كىرىشتىن توسقان.»[2]

4. ئۆيىڭىزدىكىلەردىن بىرەرسى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا بار ۋاقتىتا ئۇنىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولسىڭىز ئىشىكنى چېكىپ، رۇخسەت سوراپ كىرىڭ، ھەرگىز ئۇسۇپ كىرمەڭ. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «ئانامنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈنمۇ رۇخسەت سورامدىمەن؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە، ئەلۋەتتە رۇخسەت سورايسەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئادەم: «يا رەسۇلۇللاھ! مەن ئانام بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەنغۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «شۇنداق بولساڭمۇ رۇخسەت سورىشىڭ كېرەك» دەيدۇ. بۇ ئادەم يەنە: «يا رەسۇلۇللاھ! مەن ھەمىشە ئانام بىلەن

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى
(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

بىللىغۇ» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاناڭنى يالىڭاچ ھالىتىدە كۆرۈپ قېلىشنى ياقتۇرامسەن؟» دەيدۇ، بۇ ئادەم: «ياق» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا، ئاناڭنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئاناڭدىن رۇخسەت سورىغىن»[1] دەيدۇ.

5. بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاققىنىڭىزدا، سىرتتا ئىشىكنى قېقىۋاتقان بىرىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگۈچىلىك دەرىجىدە يۇمشاق ۋە سىلىق قېقىڭ. ھەرگىز ئىشىكنى قاتتىق قېقىپ، ئۆي ئىگىسىنى چۆچۈتىۋېتىدىغان قوپاللىقنى قىلماڭ. بىر كۈنى بىر ئايال ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ ئىشىكىنى قاتتىق قېقىپ، ئەدەپسىزلىك قىلغاندا، ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭغا: «بۇ ساقچىلارنىڭ ئىشىك قېقىشىغا ئوخشاپ قالدى» دېگەنىكەن.

ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىنى ناھايىتى يۇمشاقلىق بىلەن، تىرناقلىرىنى ئىشلىتىپ چېكەتتى.

بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاققاندا، ھەر بىر قېقىش ئارىلىقىدا، ئۆي ئىگىسىگە نامازدا بولسا ئۇنىڭدىن بىكار بولغۇچىلىك، تائام ئۈستىدە بولسا ئاغزىدىكى لوقمىسىنى ئالدىرىماستىن يۇتۇۋالغۇچىلىك پۇرسەت بېرىش كېرەك.

ئىشىكنى قېقىش ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئىزنى (رۇخسەت) سوراش ئۈچ قېتىم بولىدۇ.

---

(1) ئىمام مالىك رىۋايىتى

ئۆچىنچى قېتىمدىمۇ ئىشىك ئېچىلمىسا قايتىپ كېتىش كېرەك»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

6. بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاققاندا، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇۋالماستىن، ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدە تۇرۇش گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىراۋنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، ئىشىكنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە تۇراتتى، ئىشىككە يۈزىنى قىلىپ تۇرمايتتى.»[2] ئىشىكتىن كىرگەندە، ئاۋۋال ئۆي ئىگىسىگە سالام بېرىش، ئىشىكتىن كىرگىچە ئاياغلارنى قېقىپ، سۈرتۈپ، تازىلاپ كىرىش، ناۋادا ئۆيگە پاياندار سېلىنغان بولسا ئۇنىڭغا ئاياغنى سېلىپ كىرىش لازىم.

7. بىراۋنىڭ ئىشىكىنى قاققاندا، ئۆي ئىگىسىنىڭ «كىم» دېگەن سوئالىغا، «مەن» دەپ جاۋاب بەرمەستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېنىق ئېيتىش لازىم. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىكىنى قاققىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ : كىم» دەپ سورىغان سوئالىغا «مەن دەپ جاۋاب بېرىۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ياقتۇرمىغان قىياپەتتە: «مەن، مەن؟» دەپ ئىشىكنى ئاچتى.[3]

8. بىراۋنى ئالدىن خەۋەر بەرمەستىن زىيارەت قىلغىنىڭىزدا، قايسىبىر ئۆزرىسى سەۋەبلىك سىزنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى
(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

سىزدىن ئۆزۈر سورىسا، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشىڭىز ۋە ئۇنىڭدىن رەنجىپ قالماستىن قايتىپ كېتىشىڭىز لازىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿وَإِنْ قِيلَ لَكُمُ ارْجِعُوْا فَارْجِعُوْا هُوَ أَزْكَى لَكُمْ﴾ يەنى ﴿ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، قايتىپ كېتىڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر﴾[1] دەيدۇ. ئەگەر زىيارىتىڭىزنى قوبۇل قىلغىنىدا، ئالدىن خەۋەر قىلالمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆزۈر سورىشىڭىز لازىم.

9. بىراۋ سىزنى ئۆيگە باشلىغاندا، ئۆينىڭ ھەممە تەرىپىگە سىنچىلاپ بېقىشتىن، ئۆيدىكىلەرگە تىكىلىپ قاراشتىن، شۇنداقلا ئۆيگە تەكلىپ قىلىشتىن بۇرۇن ئۆي ئىچىگە قاراشتىن ھەزەر قىلىڭ. مۇنداق قىلىش ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەيىب ئىشتۇر. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدە بېشىنى تاراۋاتاتتى، بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا سىرتتىن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇ ئادەمگە: «سېنىڭ مۇنداق قاراۋاتقانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، ئىككى كۆزۈڭنى ئويۇۋەتكەن بولاتتىم، ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت سوراشتىن مەقسەت پەقەت كۆزنى ساقلاش ئۈچۈندۇر»[2] دېگەن.

10. بىراۋنى زىيارەت قىلغىنىڭىزدا، ئۆيگە سىلىق كىرىڭ، ئاياغلىرىڭىزنى سىلىق سېلىپ، مەخسۇس جايدا رەتلىك قويۇڭ، ئاياغلارنى سېلىش ۋە كىيىش تەرتىپلىرىگە ئەھمىيەت بېرىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «سىلەر ئاياغلىرىڭلارنى كىيمەكچى بولغىنىڭلاردا ئىشنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاڭلار، ئاياغلارنى سېلىشتا

(1) 24ـ سۈرە نۇر 28ـ ئايەت
(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئىشنى ئاۋۋال سول تەرەپتىن باشلاڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

11. ساھىبخان بىلەن ئولتۇرىدىغان ئورنىڭىز توغرىسىدا تارتىشماڭ. ساھىبخان قەيەرگە تەكلىپ قىلسا، شۇ يەردە ئولتۇرۇڭ. كۆپ تەكەللۇپ قىلماڭ. «مېھمان قويىدىن ياۋاش بولىدۇ» دېگەن سۆز بار. بەلكى ساھىبخانىنىڭ سىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان جاي سىز ۋە ساھىبخان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ۋە مۇناسىپ جاي بولۇشى مۇمكىن.

ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقىنىڭىزدا، خۇددى تەكشۈرۈشكە كەلگەن كىشىدەك ئۆي ئىچىگە سىنچىلاپ قاراپ يۈرمەڭ، يېپىق نەرسىنى ئاچماڭ، سىزنى باشلىمىغان ھۇجرىلىرىغا كىرمەڭ.

12. بىراۋنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مۇناسىپ كۈن ۋە مۇناسىپ ۋاقىتنى تاللاش كېرەك. زىيارەت قىلغاندا، بەك ئۇزۇن ئولتۇرۇپ ساھىبخانىنى زېرىكتۈرىدىغان ئىشنى قىلماڭ. بىراۋنى تاماق ۋاقتىدا، ئۇخلايدىغان ۋاقتىدا ۋە دەم ئالىدىغان سائىتىدە زىيارەت قىلىشتىن ساقلىنىڭ.

13. قانداقلا بىر جايغا كىرگىنىڭىزدە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە سالام قىلىپ كىرىڭ. قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولغىنىڭىزدا، ئىشنى سورۇننىڭ چوڭىدىن باشلاڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ماۋزۇدا: «ئاۋۋال چوڭىدىن باشلاڭلار»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

14. بىرەر سورۇنغا كەلگىنىڭىزدە ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا

(1) مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

كىرىپ ئولتۇرىۋالماڭ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىن ئورۇن ئېلىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئىككى ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىۋالماڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

15. ئۈچ كىشى بىر يەردە ئولتۇرۇۋاتقان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرىنى قايرىپ قويۇپ، يەنە بىرى بىلەن پىچىرلاشماڭ. بۇ ئەدەپسىزلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئۈچ كىشى بار يەردە، ئىككىسى بىر ـ بىرى بىلەن پىچىرلاشمىسۇن» دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ئەگەر ئۇلار تۆت كىشى بولسىچۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ئۇ ۋاقىتتا ھېچ ۋەقەسى يوق»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ يەردىكى مەنىئى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىككى كىشىنىڭ ئۈچىنچى كىشىنى قايرىپ قويۇپ پىچىرلىشىشى، ئۈچىنچى كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلماي قالمايدۇ. ئىككەيلەنىنىڭ ئۈچىنچى كىشى بىلمەيدىغان تىلدا پاراڭلىشىشمۇ بۇ چەكلەشنىڭ دائىرىسىدە بار.

16. بىر يەرگە كىرىش، ياكى چىقىشتا ياشتا ياكى ئىلىمدە چوڭلارغا يول بېرىڭ. ئەگەر قايسىسىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسىڭىز، ئوڭ تەرەپتىكىلەرگە يول قويۇڭ. بىر نەرسە تەقدىم قىلىشتىمۇ ئاۋۋال چوڭلارغا بېرىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «چوڭنىڭ ھەققىنى بەرگىن»[3] دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى
(2) ئىمام مالىك، ئەبۇ داۋۇد، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

17. ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا ھەممىدىن ئەدەپلىك بولۇڭ. چۈنكى ئۇلار ئەڭ ئەدەپلىك، ئەڭ ياخشى ۋە سىلىق مۇئامىلىگە ھەقلىقتۇر. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۈچ قېتىم «ياخشىلىق قىلىشىم ئۈچۈن ئەڭ ھەقلىق كىشىم كىم؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھەر قېتىملىق سوئالىغا «ئاناڭ» دەپ جاۋاب بېرىپ، تۆتىنچى قېتىمدا: «داداڭ»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

يول يۈرگەندە ھەرگىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭماڭ، تائامغا ئۇلاردىن بۇرۇن قول ئۇزارتماڭ، ئۇلار ئولتۇرۇشتىن ئاۋۋال سىز ئولتۇرماڭ، ئۇلار سۆزلەشتىن ئاۋۋال سىز سۆز قىلماڭ.

18. مەسجىدكە، ياكى قانداقلا بىر سورۇنغا بارغاندا، ياكى بىرەر مېھماننى كۈتۈۋېلىشقا چىققاندا، چىرايلىق كىيىنىپ، چاچ ـ ساقىلىڭىزنى تاراپ، خۇشپۇراقلىق ئەتىرلەرنى چېچىپ چىقىڭ. يېقىمسىز ھىدىڭىز بىلەن باشقىلارنى بىئارام قىلىشتىن ساقلىنىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر باشقىلارنىڭ ئالدىغا چىقماقچى بولغىنىڭلاردا، ئۆزۈڭلارنى تۈزەپ چىقىڭلار. چۈنكى ئاللاھ گۈزەلدۇر، ئۇ گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ»[2] دېگەن.

19. سىز بىرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ شارائىتىغا رىئايە قىلىشنى بىلىڭ، ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماڭ، ئۇنىڭغا ئېغىرلىق سالماڭ، ئۇنى ئاسراشنى بىلىڭ. ئاتىلىرىمىز: «ئۆزىنى

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

سورىغان شەھەر سوراپتۇ» دەيدىغان ھېكمەتلەرنى قالدۇرغان.

شۇنىڭدەك، سىزگە بىرى مېھمان بولۇپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ياخشى قىلىڭ. بۇ يېمەك ـ ئىچمەكتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ ئىسراپ قىلىڭ دېگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭدا نورماللىقنى ساقلاڭ، ئەمما ھۆرمەت ـ ئىكرامدا قانچىلىك ئاشۇرالىسىڭىز شۇنچىلىك ئاشۇرۇپ قىلىڭ. چۈنكى بۇ سىزدىن ئوچۇق كۆڭۈل ۋە تەبەسسۇمدىن باشقا ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايدىغان ئىش.

20. تۇغقانلىرىڭىزدىن، ياكى دوستلىرىڭىزدىن، ياكى قوشنىلىرىڭىزدىن، ياكى خىزمەتداشلىرىڭىزدىن بىرەرسى كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنى زىيارەت قىلغان تۇنجى كىشى سىز بولۇشقا تىرىشىڭ. بىلىڭكى، بۇ چوڭ ساۋابلىق ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «كىمكى بىر كېسەلنى يوقلايدىكەن، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ئىچىدە بولىدۇ، ئۇ كېسەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىدا بۇ رەھمەت ئۇنى تېخىمۇ تولۇق قورشايدۇ»[1] دېگەن. كېسەل يوقلاشتا ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىغا رىئايە قىلىشىنمۇ ئۇنۇتماڭ. كېسەلنىڭ يېنىدا ئۇزۇن ئولتۇرىۋالماڭ، كۆپ سۆزگە سالماڭ، كۆڭلى بۇزۇلىدىغان سۆز ۋە خەۋەرلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتماڭ. ئۇنىڭغا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولغان شۇم خەۋەرنى ئېيتماقچى بولغاندا، ئۇنى مۇقەددىمىسىز ھالدا، تۇساتتىن ئېيتماڭ.

21. مېھماندارچىلىقلاردا، ياكى قايسىبىر سورۇندا يېقىنلىرىڭىز بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغىنىڭىزدا، ئاۋازىڭىزنى ئوتتۇرھال قىلىڭ.

---

(1) ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھىببان رىۋايىتى

ئاۋازىڭىزنى ئېھتىياجغا قاراپ چىقىرىڭ. قاتتىق سۆزلەپ باشقىلارنى بىئارام قىلماڭ. «قۇرئان كەرىم» لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿**وَاغْضُضْ مِن صَوْتِكَ**﴾ يەنى ﴿ئاۋازىڭنى يۇقىرى قىلمىغىن.﴾[1]

22. كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكىنىڭىزدە، قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئاسرىشىڭىز لازىم. بىراۋ سىزگە سۆزلەۋاتقاندا، سۆزلىگۈچىنىڭ كۆزىگە قاراپ جىم ئولتۇرۇپ تىڭشاڭ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراشتىن ۋە كۆزىڭىزنى ئۇنىڭ كۆزىدىن قاچۇرۇشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭ. چۈنكى مۇنداق قىلىش سۆزلىگۈچىنى بىئارام قىلىپ قويىدۇ. لوقمان ھەكىم ئوغلىغا: «ئوغلۇم! سەن چىرايلىق سۆزلەشنى ئۆگەنگىنىڭدەك چىرايلىق ئاڭلاشنىمۇ ئۆگەنگىن» دېگەنىكەن. سۆزلىگۈچىگە پۈتۈن دىققىتىنى بېغىشلاش ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ ئاڭلاش چىرايلىق ئاڭلاشقا كىرىدۇ. ھەتتا ئۇ سىز بىلىدىغان بىر مەسىلىنى سىزگە چۈشەندۈرمەكچى بولغىنىدا، سىز بۇ مەسىلىنى بىلىدىغانلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا چاندۇرماستىن، سۆزىگە قۇلاق سېلىشىڭىز لازىم. مانا بۇ، ئىسلام ئەخلاقىدۇر. ئەمما مۇنازىرە قىلىشىش، ئۆگىنىش قىلىش بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭدا تالاش ـ تارتىشىش قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

23. سۆھبەتنىڭ ئەخلاقلىرىدىن بىرى شۇكى، سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىرىدىن سىز چۈشىنەلمىگەن مەسىلىلەر ھەققىدە سوئال قىلىشنى ئۇ كىشى سۆزىنى تۈگىتىپ بولغىچە ساقلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇش پۇرسىتى بېرىش.

---

(1) 31- سۈرە لۇقمان19- ئايەت

شۇنىڭدەك، سۆھبەتتە ياكى قايسىبىر سورۇندا باشقىلار بىلەن ئولتۇرغاندا، ئۇلاردىن بىرى قايسىبىر مەسىلىدىن سورالسا، سىز ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماڭ. ئەگەر سىزنىڭ پىكرىڭىزنى سورىسا، ياكى سوئالنى سىزدىن سورىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا جاۋاب بەرسىڭىز بولىدۇ

## تۆتىنچى بۆلۈم

# ناچار ئەخلاق تۈرلىرى

ناچار ئەخلاق تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئادەم ئۆلتۈرۈش

2. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش

3. ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش

4. قارا چاپلاش

5. يالغان گۇۋاھلىق بېرىش

6. زۇلۇم قىلىش

7. يالغانچىلىق

8. سۆزىدە تۇرماسلىق

9. غەيۋەت قىلىش

10. خىيانەت

11. كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش

12. كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش

13. كۆرەلمەسلىك

14. گەپ توشۇش

15. كىشىلەرگە لەقەم قويۇش

16. ھاياسىزلىق

17. گۇمانخورلۇق

18. ۋاپاسىزلىق

19. چېقىمچىلىق

20. ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش

21. ئىسراپخورلۇق

22. پارىخورلۇق

# ناچار ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ تەرىپى

ئىنسان تەبىئىتى ئەسلىدە ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، يامانلىقتىن نەپرەتلىنىدىغان قىلىپ يارىتىلغان بولۇپ، گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىنتىلىدۇ، ناچار ئەخلاق ۋە يامان قىلىقلاردىن نەپرەتلىنىدۇ. ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتىكى كىشلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بەخت ـ سائادەت، مېھىر ـ مۇھەببەت، دوستلۇق، ئىناقلىق ۋە بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىققا توسقۇن بولىدىغان نەرسە دەل ناچار ئەخلاق ۋە يامان قىلىقلاردۇر.

ئۇنداقتا، ناچار ئەخلاق دېگەن نېمە؟

ناچار ئەخلاق ـــ ئۆزىمىزگە، ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، جەمئىيەتكە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە زىيانلىق بولغان، دىنىمىزنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمىگەن قىلىقلار بولۇپ، بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ناچار ئەخلاق ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم قىلمايدىغان ناچار قىلىقلاردۇر.

ناچار ئەخلاقلارنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، يالغان ئېيتىش، ئالدامچىلىق قىلىش، ھارام يېيىش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش، ئائىلىسىدىكىلەرنى رەنجىتىش، قوشنىلارغا ئازار بېرىش، خىزمەتداشلىرىغا چوڭچىلىق قىلىش، باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىش، بىراۋغا قارا چاپلاش، كۆرەلمەسلىك قىلىش، قورقۇنچاقلىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ھايۋانلارنى قىيناش، ھورۇنلۇق، تەمەگەرلىك، پۇرسەتپەرەسلىك، پىتنىخورلۇق، غەيۋەتخورلۇق ۋە باشقىلار.

تۆۋەندە ناچار ئەخلاق تۈرلىرىدىن بەزىسى بايان قىلىنىدۇ.

# ناچار ئەخلاق تۈرلىرى

## ئادەم ئۆلتۈرۈش

ئادەم ئۆلتۈرۈش ئەڭ چوڭ گۇناھ ۋە تولىمۇ ئېغىر جىنايەتتۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**مَن قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا**﴾ يەنى ﴿كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ﴾[1] دېيىش ئارقىلىق بىر ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرۈشنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇۋەتكەنگە ئوخشاش چوڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

چۈنكى پۈتۈن ئىنسانلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر جانغا قىلىنغان جىنايەت ئۇ ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەممىسىگە قىلىنغانغا ئوخشاشتۇر.

ئەمدى ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسىغا كەلسەك، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ جازاسى بۇ دۇنيادا ئۆلۈم، ئاخىرەتتە دوزاختۇر. ئۆلتۈرۈلگۈچى مۇسۇلمان بولسا جىنايەت دەرىجىسى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**وَمَن يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُّتَعَمِّدًا فَجَزَآؤُهُ جَهَنَّمُ خَالِدًا فِيهَا وَغَضِبَ اللّهُ عَلَيْهِ وَلَعَنَهُ وَأَعَدَّ لَهُ عَذَابًا**

---

(1) 5ـ سۈرە مائىدە 32ـ ئايەت

**عَظِيمًا﴾** يەنى ﴿كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى دوزاخ بولىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدى﴾ دەيدۇ.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ يوق بولۇشى بىر مۇئمىن ئادەمنى ئۆلتۈرۈشتىن يەڭگىلرەكتۇر»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

## ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش

جان ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر. ئاللاھ ئۆزى بەرگەن بۇ جاننى ئاللاھتىن باشقا بىرىنىڭ ئېلىشى يوللۇق ئەمەس. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، بىراۋ گەرچە ئۆزىنى ئاللاھنىڭ يولىدا دەپ ئېتىقاد قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشى توغرا ئەمەس. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققانلىق بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاننىڭ جازاسى دوزاختۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن: ﴿**وَلاَ تَقْتُلُواْ أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا ۞ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ عُدْوَانًا وَظُلْمًا فَسَوْفَ نُصْلِيهِ نَارًا وَكَانَ ذَلِكَ عَلَى اللّهِ يَسِيرًا**﴾ يەنى ﴿سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. كىمكى ھەددىدىن ئېشىپ ۋە ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلىپ شۇنداق قىلىدىكەن،

(1) 4- سۈرە نىسا 93- ئايەت

(2) مۇسلىم رىۋايىتى

ئۇنى دوزاختا كىرگۈزىمىز، بۇ ئاللاھقا ئاساندۇر.﴾[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى ۋە ئېغىر جازاسىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى تىغلىق نەرسە بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، دوزاختا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان شۇ تىغلىق نەرسىنى قورسىقىغا تىقىش بىلەن مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدۇ. كىمكى زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، دوزاختا زەھەر ئىچىش بىلەن مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدۇ. كىمكى ئۆزىنى ئېگىزدىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋالىدىكەن، دوزاختا ئۆزىنى تاشلاش بىلەن مەڭگۈلۈك ئازابلىنىدۇ.»[2]

## ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش

پەرزەنتلەر تەرىپىدىن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆڭلىگە تېگىپ قويىدىغان ياكى ئۇلارنى رەنجىتىپ قويىدىغان ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ سادىر بولۇشى ئاتا ـ ئانىلارنى قاقشاتقانلىقتۇر. ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقانلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

ئاللاھقا ئاسىيلىق بولمايدىغان ھەرقانداق ئىشتا، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. كىشى قانچىلىك ياخشى بولۇپ كېتىپ، ئاللاھقا شۇنچە سادىق بولسىمۇ، ئاتىسىنى ياكى ئانىسىنى قاقشاتقان ئىكەن، ئۇ، ھەرگىزمۇ ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. يەنى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

---

(1) 4- سۈرە نىسا 29-، 30- ئايەتلەر

(2) مۇسلىم رىۋايىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا پۈتۈن چوڭ گۇناھلارنىڭ جازاسىدىن خالىغىنىنى قىيامەت كۈنىگىچە كېچىكتۈرىدۇ، پەقەت ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقانىنىڭ جازاسىنى ئۆلۈشتىن بۇرۇن، مۇشۇ دۇنيادىلا ئۇنىڭغا كۆرسىتىدۇ.»[1]

ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشاتقانىنىڭ گۇناھى توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپتۇر. ئىسلام نەزىرىدە ئەڭ كەچۈرۈلمەس، ئېغىر گۇناھ شېرىك بولسا، شېرىكتىن كېيىنلا ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىشنىڭ گۇناھى كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا﴾ يەنى ﴿رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى.﴾[2] يەنى ئىماندىن كېيىنلا بۇيرۇلغان ئەڭ ئاۋۋالقى ئىش ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەستىن، ئۇنى بىر بىلىپ ئىبادەت قىلىش بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىنلا بۇيرۇلغان تەكلىپ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش نەقەدەر ئۇلۇغ ئىبادەت سانالسا، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىشمۇ شۇنچىلىك ئېغىر گۇناھى كەبىردۇر.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ھالاك قىلغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھتىن قېچىڭلار. ئۇلار: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش، جازانىخورلۇق قىلىش، غازاتتىن قېچىش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش ۋە

---

(1) بەيھەقىي رىۋايىتى

(2) 17ـ سۈرە ئىسرا 23ـ ئايەت

ئىپپەتلىك ئاياللارغا بوھتان چاپلاش»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

## بىراۋغا قارا چاپلاشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى

گۇناھسىز كىشىلەرنى قارىلاش ئۇلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ قارىلانغۇچىلارغا ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغۇسىز روھىي ئازابنى، چىدىغۇسىز ھەسرەت ـ نادامەتنى ئېلىپ كېلىدۇ. قارام بىر ساختىپەز ئېيتقان بىر قېتىملىق يالغاندىن كېلىپ چىققان زىياننىڭ دائىرىسى كېڭەيگەنسېرى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ۋە خەلقنىڭ نەزىرىدىكى جىنايىتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئەر ـ ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاپ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى بۇزغان تۆھمەتچى بۇ قىلمىشلىرى بىلەن ئىنسانىيەتكە قانچىلىك ئېغىر زىيان سالغان بولسا، ئۇلارنىڭ جىنايىتى ۋە جازاسىمۇ شۇنچىلىك ئېغىر ۋە چوڭ بولىدۇ. ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُّبِينًا**﴾ يەنى ﴿ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانلارغا قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (ئۆزلىرى چاپلىغان شۇ) تۆھمەتنى ۋە ئوپئوچۇق گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ.﴾[2]

## يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ئاقىۋىتى

يالغان گۇۋاھلىق بىراۋغا ئاساسسىز ھالدا، يالغاندىن تۆھمەت قىلىپ، قىلمىغان ئىشنى قىلدى، دېمىگەن گەپنى دېدى، دەپ

---

(1)ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) 33ـ سۈرە ئەھزاب 58 ـ ئايەت

قارىلاشتۇر. يالغان گۇۋاھلىق بىگۇناھ كىشلەرنىڭ قېنىنى ئاققۇزۇشقا، ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ زايە بولۇپ كېتىشىگە، گۇناھسىزلارنىڭ قارىلىنىشىغا، گۇناھكارلارنىڭ جازاسىز قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان، ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان، كەچۈرۈلگۈسىز ئەڭ يامان جىنايەتتۇر. ئاللاھ تاالا مۇنداق دېگەن: ﴿**فَاجْتَنِبُوا الرِّجْسَ مِنَ الْأَوْثَانِ وَاجْتَنِبُوا قَوْلَ الزُّورِ**﴾ يەنى ﴿سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن قېچىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن قېچىڭلار.﴾[1]

يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ سەۋەبىدىن كىشلەرنىڭ مال ـ مۈلكى، يۈز ـ ئابرۇيى ۋە جېنىغا زامىن بولىدىغان، ھەق ـ ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنىدىغان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بىلىپ يەتكەن مۇئمىن ئادەم كۆزى كۆرمىگەن، قۇلىقى ئاڭلىمىغان، ئۆزى بىلمەيدىغان ئىشقا يالغاندىن گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ. ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ: ﴿**وَالَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ الزُّورَ**﴾ يەنى ﴿ئۇلار يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ﴾[2] دېگەن.

بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى بايان قىلىپ بەرمەكچى بولۇپ، ساھابىلەردىن: «سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ساھابىلەر: «ئەلۋەتتە ئېيتىپ بەرسىلە، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

---

(1) 22ـ سۈرە ھەج 30 ـ ئايەت
(2) 25ـ سۈرە فۇرقان 72ـ ئايەت

«بىلىڭلاركى، ئەڭ چوڭ گۇناھلار: مەخلۇقاتنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىش، ئاتا ـ ئانىنى قاقشىتىش» دەۋېتىپ، يۆلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن تۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ جىددىيلىك بىلەن: «دىققەت قىلىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر»[1] دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلايدۇ.

## ئالدامچىلىق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

ئالدامچىلىق ــــ ھىيلە- مىكىرلەر بىلەن كىشىلەرنى ئالداش، قايىل قىلىش، ئىشەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر. ئالدامچىلىق ئىنسان تەبىئىتىگە يات ۋە ئۇلارنىڭ شەنىگە ياراشمايدىغان بىر ناچار ئەخلاقتۇر. ئالدامچىلار پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تىلىدا سۆكۈلمەكتە. ئىنسانلار يارىتىلغاندىن بۇيان كەلگەن پۈتۈن دىن، پەلسەپە ۋە يەرلىك قانۇنلارمۇ ئالدامچىلىقنى مەنئى قىلىدۇ ۋە ئالدامچىلارنى سۆكىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئالدامچىلىقنى سۆكۈپ، ئۇنى كەسىپ قىلىۋالغانلارنىڭ مۇسۇلماندارچىلىقتىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئالدامچىلىق قىلىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس.»[2]

بۇ ھەدىس ئالدامچىلارنىڭ گەرچە ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، زاكات بېرىپ ۋە ھاجى بولۇپ، كۆرۈنۈشتە ئۆزلىرىنى مۇئمىن مۇسۇلمانلار قاتارىدىن كۆرسەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداقلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن سانالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى «دىن ــــ مۇئامىلە»دۇر.

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

دۇنيادىكى بارلىق ساماۋى دىنلارنىڭ، جۈملىدىن دىنىمىز ئىسلامنىڭ ئاساسلىق مەقستى ئىنسانلارنى دەخلى ـ تەئەررۇزسىز، بەختلىك ياشىتىشتۇر. ئالدامچىلىق بولسا ئىنسانلارنى چوڭقۇرلا زىيان ـ زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىدىغان ئېغىر جىنايەت.

## سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى

ھازىرقى زاماندا ئالدامچىلىق تۈرلىرى ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقان جاي بازارلار بولۇپ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئۇلاردىن بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

(1) ساتماقچى بولغان مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش ئارقىلىق، خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى بوياشقا تىرىشىش. مەسىلەن: مېۋە ـ چېۋە، ياكى ئوتياش، ياكى ئاشلىق ۋە ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ ياخشىلىرىنى ئۈستىگە، ناچارلىرىنى ئاستىغا تىزىش ئارقىلىق خېرىدارلارنى ئالداپ ساتقانغا ئوخشاش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇغداي سېتىۋاتقان كىشىنىڭ بۇغدىيىغا قولىنى تىقىپ بېقىپ، ئاستىدىكى نەمنى بايقاپ ئۇنىڭغا قۇرۇتۇپ سېتىشنى، ياكى نەم بۇغداينى ئايرىپ، كۆرسىتىپ سېتىشنى بۇيرۇغان.

(2) ساتماقچى بولغان ماللىرىغا باشقىلارنىڭ ماركىلىرىنى ئوغرىلىقچە چاپلاپ سېتىش ئارقىلىق خېرىدارلارنى ئالداش. مەسىلەن: سۈپەتسىز ماللارغا داڭلىق ماركىلارنى، ياكى يەرلىك ماللارغا چەت ئەلنىڭ ماركىلىرىنى ئوغرىلىقچە چاپلاپ ساتقانغا ئوخشاش. بۇنداق قىلىش ئىنسانلارنى ئىككى تەرەپتىن زىيانغا ئۇچراتقانلىق بولۇپ، خېرىدارلارنى ئالداپ ئۇلارنى زىيانغا ئۇچراتقاننىڭ سىرتىدا، يالغاندىن چاپلىۋالغان ماركىنىڭ ئىگىسى بولغان شىركەتنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ پۇلنى ئالداپ ئېلىۋېلىش ئارقىلىق قاتمۇقات ھارامنى يېگەن بولىدۇ.

(3) تارازىدا ياكى ئۆلچەمدە كەم بېرىش. بۇ سودىدىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرىنىڭ ئەڭ يامىنى بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق قىلغۇچىلارنى ئاخىرەتتىكى ھېساب بېرىشكە ئىشەنمەيدىغانلار قاتارىدىن (يەنى كافىرلار قاتارىدىن) سانىغان: ﴿**وَيْلٌ لِّلْمُطَفِّفِينَ ۞ الَّذِينَ إِذَا اكْتَالُواْ عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُونَ ۞ وَإِذَا كَالُوهُمْ أَو وَّزَنُوهُمْ يُخْسِرُونَ**﴾ يەنى ﴿(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ.﴾[1] ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا قارىتا مۇنداق نەسىھەت قىلغان: ﴿**وَأَقِيمُوا الْوَزْنَ بِالْقِسْطِ وَلَا تُخْسِرُوا الْمِيزَانَ**﴾ يەنى ﴿ئۆلچەمدە ئادىل بولۇڭلار، تارازىدا كەم بەرمەڭلار﴾[2]

(4) خېرىدار ئەمەس بىراۋنى خېرىدار ئورنىدا كۆرسىتىپ ئۇنى يۇقىرى باھادا تەلەپ قىلدۇرۇش ئارقىلىق راستىنلا ئالىدىغان خېرىدارلارنى ئالداپ سېتىۋېلىش. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «**غرر**» (غەرەر) دەپ ئاتىغان ۋە قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن مەنئى قىلغان.[3]

(5) چارۋا ماللارنى ساتىدىغانلارنىڭ بۇ ماللارنى مەخسۇس دورىلار

(1) 83- سۇرە مۇتەففىفىن 1~3- ئايەتلەر
(2) 55- سۇرە رەھمان 9- ئايەت
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «**غرر**» مۇئامىلىسىدىن توسقانلىقى بايان قىلىنغان.

بىلەن يالغاندىن سەمرىتىپ، خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى بويىشى. مۇنداق ئالدامچىلىق بىلەن تاپقان پۇل ھارام بولىدۇ.[1]

## ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى

ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئالدامچىلىق تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۆيلەنمەكچى بولغان قىز ـ يىگىتنىڭ ئۆزىدە بولمىغان ئارتۇقچىلىقلار بىلەن، ياكى كەمچىلىكلىرىنى يوشۇرۇش بىلەن قارشى تەرەپنى ئالدىشى بولۇپ، بۇ خىل ئالدامچىلىق بەختلىك ئائىلە قۇرۇشقا توسالغۇ بولىدىغان يامان ئىشتۇر.

(2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھاندا كۆچۈرۈشى. بۇ مۇئەللىمنى ئالداشتىن ئاۋۋال ئۆزىنى ئالدىغانلىق ۋە ئۆزىنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقتۇر. ئىمتىھاننى كۆچۈرۈپ ياكى قايسىبىر ھىيلە بىلەن تاپشۇرۇش ئارقىلىق دىپلوم ئالغانلارنىڭ، ياكى ئوقۇپ، ئىمتىھان بېرىپ ئالماستىن دىپلومنى سېتىۋالغانلارنىڭ بۇ دىپلومنى ئىشلىتىپ تاپقان پۇلى شەكسىز ھارامدۇر. چۈنكى مۇنداق كىشى ئۇ دىپلومغا ۋە دىپلومدىكى كەسپنى قىلىشقا لاياقەتلىك ئەمەس. بىرەر كەسپكە لاياقەتسىز كىشلەر ئۇنىڭغا لاياقەت بولغانلارنىڭ ئورنىدا ئىش قىلغاندا، ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكى سەۋەبلىك ئىنسانلارنى تۈرلۈك زىيان ـ زەخمەتلەرگە

---

[1] ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ قانداقلا بىر نەرسىنى ھارام قىلغان بولسا، ئۇنىڭ پۇلىنىمۇ ھارام قىلغان» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان. دېمەك، ئالدامچىلىق ھارام بولغانىكەن، ئۇ ئارقىلىق ئېرىشكەن پۇلمۇ ھارام بولىدۇ.

ئۇچرىتىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «كىمكى بىزنى ئالدايدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس»[1] دېگەن.

(3) دوستلارنىڭ، خىزمەتداشلارنىڭ، ساۋاقداشلارنىڭ، قوشنىلارنىڭ، تۇغقانلارنىڭ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ، قېرىنداشلارنىڭ بىر ـ بىرىدە كۆرۈلگەن يېتەرسىزلىكلەرنى، خاتالىقلارنى ياكى ئەيىبلەرنى تۈزىتىش ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشنىڭ ئورنىغا، يوشۇرۇش ياكى كۆرمەسلىككە سېلىش، ھەتتا ماختاشمۇ بىر خىل ئالدامچىلىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىنى ۋاقتىلىق ئالداپ، ئۇلارنى زىيانغا ئۇچراتقانىنىڭ سىرتىدا، ئاللاھ تائالانىڭ «يامانلىقتىن توسۇپ، ياخشىلىققا بۇيرۇش»تىن ئىبارەت ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «دىن ـــ سەممىيەتتۇر»[2] دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ ئەينىكى»[(3)] بولۇشى لازىملىقىنى جېكىلىگەن.

## ئالدامچىلىقنىڭ زىيانلىرى

ئالدامچىلىقنىڭ زىيانلىرى ئىنتايىن كۆپ. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ زىيىنى چىن مەنىدە مۇسۇلمان بولالماسلىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىمكى بىزنى ئالدايدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس»[4] دېگەن مەشھۇر ھەدىسى ئالدامچىنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمانلار قاتارىدىن

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(3) ئىمام بۇخارى، بەيھەقىي رىۋايىتى
(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

سانالمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەدىستىكى «بىز» دېگەن سۆز ئىسلام ئۈممىتىگە مەنسۇپ بولغان جىمى مۇسۇلمانلارنى، «بىزدىن ئەمەس» دېگەن سۆز ئالدامچىلارنىڭ ھەقىقىي مۇسۇلمانلاردىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئالدامچىلىقنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك زىيانلىرىمۇ بار:

(1) ئالدامچىلىق دوزاخقا كىرىشنىڭ يولىدۇر.

(2) ئالدامچىلىق ئۇنى قىلغۇچىلارنىڭ تەبىئىتىنىڭ پەسلىكىگە، ئەخلاقىنىڭ رەزىللىكىگە، ئىمانىنىڭ يوقلۇقىغا دەلىلدۇر.

(3) ئالدامچىلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن، بەرىكىتىدىن ۋە مەغپىرىتىدىن ھەمىشە مەھرۇم قالغۇچىلاردۇر.

(4) ئالدامچىلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ. ئىبادەتلىرىنىڭ قوبۇل بولۇشىدا شەك بار. چۈنكى ئالدامچىلىقتىن تاپقان پۇل ھارام، ھارام يېگەن ئادەمنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولمايدىغانلىقىدا شەك يوق.

(5) ئۆلىمالار زالىملارنىڭ ۋە كۇففارلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت بولۇۋېلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدىكى ئالدامچىلىقتىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. چۈنكى ئالدامچىلىق بار يەردە، ئىشەنچ بولمايدۇ، ئىشەنچ بولمىغان يەردە، بىرلىك، ئىناقلىق بولمايدۇ، بىرلىك ۋە ئىناقلىق بولمىغان يەردە كۈچ ـ قۇۋۋەت بولمايدۇ، كۈچ ـ قۇۋۋەت بولمىغان يەردە ئېزىلىش، بوزەك قىلىنىش، مۇستەملىكە قىلىنىش بولىدۇ.

## غەيۋەت، ئۇنىڭ خەتىرى ۋە گۇناھى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەيۋەتنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭدىن توسۇش ۋە ئۇنىڭ يامانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن بىر كۈنى ساھابىلەردىن: «غەيۋەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورايدۇ. ساھابىلەر: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشىراق بىلىدۇ» دېيىشىدۇ. شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «غەيۋەت دېگەن بىراۋ ھەققىدە يامان كۆرىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتۇر» دەيدۇ. ساھابىلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، «بىراۋ ھەققىدە ئېيتقانلىرىم راست بولسىچۇ؟» دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن، ناۋادا ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ يالغان بولسا، ئۇنىڭغا قارا چاپلىغان بولىسەن»[1] دەيدۇ.

بىراۋنىڭ چىراي ـ شەكلى، قىياپىتى، نەسەبى، مىللىتى، ئەخلاقى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر قانداق نەرسە ھەققىدە ئېيتىلغان يامان سۆزلەر غەيۋەت قاتارىغا كىرىدۇ.

سۆز ئېغىزدىن چىقماستا ئادەم ئۇنى باشقۇرغان بىلەن، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆز ئادەمنى باشقۇرىدۇ. جۈملىدىن غەيۋەت، شىكايەتمۇ ئېغىز ياكى يېزىق ئارقىلىق تارايدىغان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى سۆز ـ چۆچەك، ئىغۋا، پىتنە ـ پاسات بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسىنى بۇلغاپ، مەنىۋىيەتنى زەھەرلەيدىغان ئالۋاستى ماھىيەتلىك كېسەل ــــ مەنىۋى راكتۇر.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيْهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوْهُ وَاتَّقُوْا اللَّهَ**﴾ يەنى ﴿بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىنداشنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ ئۇنى ئەلۋەتتە يامان كۆرىسىلەر. ئۇنداقتا ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾[1] دەپ تەۋسىيە قىلغان.

بۇ ئايەتتە غەيۋەت قىلىشنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقى بىراۋنىڭ گۆشىنى يېگەنگە ئوخشىتىلغان. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن، ئىنسان پايدىسىز گەپ ـ سۆزدىن، خۇسۇسەن غەيۋەت ـ شىكايەتتىن ساقلىنىشى، سۆز قىلىشتا سەممىي، ئېھتىياتچان بولۇپ، ئېغىزىدىن چىققۋاتقان ھەر بىر سۆزنىڭ ئەدەپلىك، ئىلمىي يوسۇندا بولۇشىغا ئېتىبار بېرىشى، قىلىسمۇ، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئارتۇق سۆزلەرنى قىلماسلىقى لازىم.

بىر ھەدىستە: «كىمكى بىراۋنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدۇ. ئاللاھ ئەيىبىنى ئاچقان ئادەمنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدىلا رەسۋا قىلىدۇ» دېيىلگەن.

## خىيانەت ۋە ئۇنىڭ رەزىللىكى

خىيانەت ـــ ساداقەتسىزلىك، قارشى تەرەپكە سېتىلىپ كېتىش، ياكى دوستىنى دۈشمەنگە سېتىۋېتىش خاراكتېرىدىكى نومۇسسىزلىقتۇر. ئاۋام خەلق خىيانەت قىلىش دېگەننى «ئامانەت قويغان نەرسىنى ساقلىماسلىق» دېگەن ئاددىي مەنىدىلا چۈشىنىدۇ.

---

(1) 49ـ سۈرە ھۇجۇرات 12ـ ئايەت

ئەمەلىيەتتە، خىيانەت قىلىش دېگەننىڭ مەنىسى چوڭقۇردۇر. خىيانەت ئىنسان تەبىئىتىدىكى ناچار ئىللەتلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭ زىيىنى شەخسلەردىن ھالقىپ، پۈتۈن كوللېكتىپ ۋە دۆلەتكىچە بولىدۇ. خائىنلىق كېسىلى قايسى مىللەتتە داۋام قىلسا شۇ مىللەت، شۇ ئەل خاراب بولىدۇ. شۇڭا ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە خىيانەتچىلىك قىلىشتىن توسقان: ﴿إِنَّ اللَّهَ لاَ يُحِبُّ مَنْ كَانَ خَوَّانًا أَثِيمًا﴾ يەنى ﴿خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ.﴾[1]

خىيانەتچىلىك بىر خىل رەزىل قىلمىش. ئۇنى مەنىۋىيىتى بۇلغانغان، روھى كور، نەپسانىيەتچىلىك ئىدىيەسى كۈچلۈك ئادەملەر سادىر قىلىدۇ. خىيانەتچىلىك يامراپ كەتكەن ئەلدە ئادىمىيلىك ۋە ئىنسانىي مېھرى ـ مۇھەببەت ئۆلگەن بولىدۇ. خىيانەتچىلىك ماددىي نەرسىلەرگە خىيانەت قىلىش ۋە مەنىۋى نەرسىلەرگە خىيانەت قىلىش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مەنىۋى نەرسىگە خىيانەت قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە ئېغىر بولىدۇ.

خىيانەت بەكمۇ ئېغىر جىنايەت بولۇپ، ساتقۇنلۇق ۋە مۇناپىقلىقنا ئوخشاش رەزىللىكلەرنىڭ باش رولچىسى خىيانەتتۇر. قانداقلا بىر جەمئىيەتتە ئىنسانلار بىر ـ بىرىگە خىيانەت قىلىدىكەن، بۇ جەمئىيەت كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ يوقىلىدۇ. ئىشەنچ يوقالغان يەردە خاتىرجەملىك بولمايدۇ. ئادەملەر بىر ـ بىرىگە گۇمان بىلەن قارايدۇ، ئۇششاق ـ چۈشەك زىددىيەتلەر تۈگىمەيدۇ.

---

(1) 4- سۈرە نىسا 107- ئايەت

## خىيانەتنىڭ تۈرلىرى

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَخُونُواْ اللّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُواْ أَمَانَاتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار.﴾[1]

بۇ ئايەت خىيانەتچىلىكنىڭ مۇنداق ئۈچ قاتلاملىق مەنىسىدىن بېشارەت بەرگەن:

(1) خىيانەتنىڭ بىرىنچى قاتلامدىكى مەنىسى ئاللاھقا خىيانەت قىلىش، يەنى ئاللاھنىڭ بەندىنىڭ پۈتۈن قىلمىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقىرىش. بۇ بارلىق خىيانەت تۈرلىرىنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. چۈنكى قەلبىدە خۇداسى بولمىغان ئادەمنىڭ پەس ۋە چاكىنا ھەۋەسلەرگە تولغان نەپسىدىن باشقا نېمىسى بولسۇن! مۇنداق ئادەملەردىن تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغۇسىز يامانلىقلارنى كۈتۈش مۇمكىن. جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، ساتقۇنلۇق، چېرىكلىك قاتارلىق جىنايەتلەر شۇنداق ئادەملەر تەرىپىدىن سادىر بولماقتا.

(2) خىيانەتنىڭ ئىككىنچى قاتلامدىكى مەنىسى پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلىش بولۇپ، مۇسا، ئىيسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا جىمى پەيغەمبەرلەر ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ بىلەن ئەسلىنىدىغان، ياخشى ئىشلارنىڭ باشلامچىسى بولغان، ئۈلگىلىك

(1) 8- سۈرە ئەنفال 37- ئايەت

كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان قىلىقلارنى قىلغۇچىلار ئۇلارغا خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

(3) خىيانەتنىڭ ئۈچىنچى قاتلامدىكى مەنىسى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلىشىدۇر. بۇ خىل خىيانەت كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەردە كۆپ كۆرۈلىدىغان رەزىل قىلمىش. ئادەتتە كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئىشەنچىسى چۈشۈپ تۇرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە قويغان ئامانىتى بولىدۇ. بۇ ئامانەت بىر ئېغىز سۆز بولۇشىمۇ، ياكى ئىقتىسادقا ۋەكىللىك قىلىدىغان ماددىي نەرسە بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەركىم ئۆز ئامانىتىنىڭ دەل ۋاقتىدا تېگىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مۇنداق بىر ئامانەتكە خىيانەت قىلىش تولىمۇ رەزىل ئىشتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يالغان ئېيتىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ۋەدىسىدە تۇرماسلىق مۇناپىقلىقنىڭ ئۈچ ئالامىتىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

زامانىمىزدا خائىن سۆزى ۋەتەن ۋە مىللەتكە ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاننىڭ سىرتىدا، مۇناپىقلارنى، چېقىمچىلارنى، ئۆز مىللىتىنىڭ زىيىنىغا چاپىدىغان غالچىلارنى، ساتقىنلارنى ۋە ھەقىقەتكە كۆز يۇمغۇچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### زۇلۇم ۋە ئۇنىڭ جازاسى

زۇلۇم قىلىش — ھەقسىزلىق قىلىش، ناھەق ئىش قىلىش دېگەنلىكتۇر.

---

(1) 8- سۇرە ئەنفال 37- ئايەت

مۇسۇلمان ئادەم باشقىلارغا زۇلۇم قىلىپ ھەقسىزلىق قىلمايدۇ. ھەقسىزلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئاللاھ تائالا زۇلۇم قىلىشنى قاتتىق يامان كۆرىدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَن يَظْلِم مِّنكُمْ نُذِقْهُ عَذَابًا كَبِيرًا﴾ يەنى ﴿سىلەردىن كىمكى زۇلۇم قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز چوڭ ئازابىمىزنى تېتىتىمىز.﴾[1]

زۇلۇم يەنى ھەقسىزلىق ھەر تۈرلۈك بولۇپ، باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىش، زىيانغا ئۇچرىتىش، يامانلىق قىلىش، ھەققىنى يەۋېلىش ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار باشقا جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى زۇلۇم دېگەن قىيامەت كۈنىنىڭ زۇلمەتلىرىدىندۇر»[2] دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستە: «كىمكى باشقىلارنىڭ يېرىدىن بىر غېرىچ يەرنى ناھەق ئېلىۋالىدىكەن، قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ بوينىغا يەتتە ھەسسىسى ئېسىلىدۇ»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

## يالغانچىلىق ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

يالغان سۆزلەش ئەڭ يامان قىلىق، ناچار ئەخلاق ۋە ئىمانغا زىت كېلىدىغان چوڭ گۇناھتۇر. ساختىپەزلىك، ئالدامچىلىق، سۆزىدە تۇرماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، يالغان قەسەم قىلىش، گۇناھسىز كىشىلەرگە

(1) 25- سۈرە فۇرقان 19- ئايەت
(2) مۇسلىم رىۋايىتى
(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

قارا چاپلاش، چېقىمچىلىق، ساتقۇنلۇق، گۇمانخورلۇق، تارازا ـ ئۆلچەمدە كەم بېرىش قاتارلىق پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ ۋە ئېغىر گۇناھلارنىڭ باش رولچىسى يالغانچىلىقتۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يالغانچىلىقنىڭ جۈملىسىدىن سانالسىمۇ، يالغانچىلىقنىڭ گۇناھى بۇلاردىن چوڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ھەمىشە راستچىل بولۇڭلار! چۈنكى راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. كىمكى ھەمىشە راست گەپ قىلسا، راستچىللاردىن بولۇشنى مەقسەت قىلىۋەرسە، ئاخىرى ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ ئالدىدا راستچىل بەندە بولۇپ يېزىلىدۇ؛ سىلەر ھەرقانداق بىر يالغانچىلىقتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى يالغانچىلىق كىشىنى ئاسىيلىققا ئېلىپ بارىدۇ، ئاسىيلىق دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. كىمكى ھەمىشە يالغانچىلىق قىلسا ۋە يالغانچىلىقنى مەقسەت قىلىۋەرسە، ئاخىرى ئۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا يالغانچى بولۇپ يېزىلىدۇ.»[1]

يالغانچىلىق پۈتۈن رەزىللىكلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. يالغانچىلىق تۈپەيلىدىن ئىتتىپاقلىق بۇزۇلۇپ، جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ، ئىنسانلار ئارىسىدا ھەل قىلىش قىيىن بولغان زىددىيەتلەر، ھادىسىلەر، زىيانلار، ئاداۋەتلەر ۋە دەپ تۈگەتكۈسىز كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ. يالغانچى ئادەم خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم ئىشەنمەس بولىدۇ. يالغانچىلىق سەۋەبىدىن ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي مَنْ هُوَ مُسْرِفٌ كَذَّابٌ**﴾ يەنى ﴿ئاللاھ ھەددىدىن ئاشقان يالغانچىنى ھىدايەت

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

قىلمايدۇ﴾[1] دەپ كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ تىلنى سۆز قىلىشقا ياراتقان، بىراق تىلنىڭ ئۈستىخىنى يوق. نېمە دېسە سۆزلەۋېرىدۇ. ئىنسان تىلنى كونترول قىلمىغاندا ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلارغا سەۋەب بولىدۇ.

## مۇسۇلمان يالغان سۆزلىمەيدۇ

ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ھەئە، مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ زىنا قىلىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، «ھەئە، مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن. يەنە «مۇسۇلمان ئادەمنىڭ يالغان ئېيتىشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ سورالغىنىدا، ««ياق، مۇمكىن ئەمەس»[2] دەپ جاۋاب بەرگەن.

يالغان سۆزلەش قەتئىي توغرا ئەمەس، پەقەت قىسمەن ئەھۋالدا يالغان گەپ قىلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل يالغان سۆزلەش پەقەت زىددىيەتنى ھەل قىلىش، ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش، ئاداۋەتلىك كىشىلەرنى ياراشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن رول ئوينايدىغان يالغان سۆز بولۇشى شەرت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشقا تىرىشقان ئادەم يالغانچى ئەمەس»[3] دەپ كۆرسەتكەن.

شۇنداقلا، جەڭلەردە دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن يالغان

---

(1) 40ـ سۈرە غافىر 28ـ ئايەت

(2) ئىبنى جەرىر، ئىبنى ئەساكىر رىۋايىتى

(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئېيتىشقا بولىدۇ.

## سۆزدە تۇرماسلىق كېسىلى ۋە ئۇنىڭ زىيىنى

سۆزدە تۇرماسلىق ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش دۇنيادا ھەممە ئادەم ئۆچ كۆرىدىغان يالغانچىلىق بولۇپ، بۇ ئىللەت كىمدە بولسا شۇ ئادەم ياخشىلىق كۈتۈشكە يارىمايدىغان، ئىشەنگىلى بولمايدىغان، يارامسىز ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ. ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، لەۋزى قىلغان ئىشقا ئىگە بولماسلىق ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان مۇناپىقلىق خاراكتېرىگە ئىگە يالغانچىلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى بايان قىلىپ: «مۇناپىقلىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: يالغان سۆزلەش، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش»[1] دەپ كۆرسەتكەن. مانا بۇ ئۈچ ئىش ئىشەنچنى يوقىتىشنىڭ ئامىلىدۇر.

ئىنسان كېلىشىم تۈزسە كېلىشىمگە رىئايە قىلىشى، بېرەر ئىشقا ۋەدە قىلغان بولسا ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىشى لازىم. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىنساني گۈزەل ئەخلاق بولسا، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش بەكمۇ قاتتىق رەزىللىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»دە ساختىلىقتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ۋاپادارلىققا ئۈندەيدىغان ئايەتلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىسرا سۈرىسىدە: ﴿**وَأَوْفُواْ بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْؤُولاً**﴾ يەنى ﴿ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار. چۈنكى

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئەھدە ئۈستىدە چوقۇم سوئال ـ سوراق قىلىنىسلەر﴾[1] دەپ كەلگەن.

ئىنساننىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى ھەرخىل، قىلىدىغان ئىشلىرى كۆپ بولغانلىقى سەۋەبلىك بەزى ئىشلار ئىنساننىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەگەك مېڭىنىڭ بولۇشى ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈردۇر. چۈنكى ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەم ۋەدىسىگە قانداقمۇ ئەمەل قىلالىسۇن! ئىنسان بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە ئالغاندىن كېيىن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى ۋە بۇنىڭغا ئىرادە تىكلىشى، قانچىلىك بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلسىمۇ بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈچ سەرپ قىلىشى كېرەك. كىشىلەر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش يولىدا ئۇچىراشمىغان تەقدىر ـ قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈشى مۇمكىن. چۈنكى تۆلىنىدىغان بەدەل ئېغىر بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۆزىدە سەگەك مېڭە بىلەن ئۇلۇغۋار قەلبنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئادەم چوقۇم ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدۇ.

### ئۈچ ـ ئاداۋەت ساقلاشنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى

ئۈچىلىك ناچار ئەخلاقلاردىن بولۇپ، ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم كۆڭلىدە بىراۋغا قارشى ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلىمايدۇ. بىرەر كىشىنىڭ پايدىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭغا سۆيۈنىدۇ. بىرەر كىشىگە زىيان يەتكەنلىكىنى كۆرگىنىدە قايغۇرىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي مۇسۇلمان ئادەم پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق ۋە بەخت تىلەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدىغان بولسا پۈتۈن دۇنيا خەلقى بەخت ـ سائادەتتىن ئورتاق ھوزۇر ئالغان ۋە ئۆزئارا سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتە

(1) 17ـ سۈرە ئىسرا 34ـ ئايەت

ئورتاقلاشقان بولار ئىدى.

دۇنيادا نۇرغۇنلىغان پەس ئەخلاقلار ۋە ناچار قىلىقلار بار بولۇپ، دىققەت قىلغان ئادەم ئۇنىڭ مەنبەسىنى بىلەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ سەۋەبى پەقەتلا بىردۇر، ئۇ بولسىمۇ ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلاشتىن ئىبارەت. مەسىلەن: باشقىلارغا تۆھمەت چاپلاش قاتتىق ئۆچلۈكتىن كېلىپ چىققىدىغان بىر جىنايەت بولۇپ، ھەقىقەتنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىش، گۇناھسىز كىشىلەرگە ئازار بېرىشتەك پاسسىپ تەسىرى زور بولغاچقا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تىلىدا ئەڭ قەبىھ جىنايەت سانىلىدۇ. شۇڭا ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلاش مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان بىلەن ئاداۋەت تۇتۇپ، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىشىپ كېتىشى توغرا ئەمەس»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالا ھەقىقىي مۆئمىنلەرنى مەدھىيەلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿**وَالَّذِيْنَ تَبَوَّؤُوا الدَّارَ وَالْإِيْمَانَ مِنْ قَبْلِهِمْ يُحِبُّوْنَ مَنْ هَاجَرَ إِلَيْهِمْ وَلَا يَجِدُوْنَ فِيْ صُدُوْرِهِمْ حَاجَةً مِّمَّا أُوْتُوْا وَيُؤْثِرُوْنَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ وَمَنْ يُوْقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُوْنَ ۞ وَالَّذِيْنَ جَاؤُوْا مِنْ بَعْدِهِمْ يَقُوْلُوْنَ رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِإِخْوَانِنَا الَّذِيْنَ سَبَقُوْنَا بِالْإِيْمَانِ وَلَا تَجْعَلْ فِيْ قُلُوْبِنَا غِلًّا لِّلَّذِيْنَ آمَنُوْا رَبَّنَا إِنَّكَ رَؤُوْفٌ رَّحِيْمٌ**﴾ يەنى ﴿مەدىنىلىكلەردىن ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

قىلمايدۇ، ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى)دىن ئەلا بىلىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: «رەببىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۇئمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، رەببىمىز! سەن ناھايىتى مېھرىبانسەن ۋە تىلىمۇ شەپقەتلىكسەن» دەيدۇ.﴾[1]

## كىشلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش رەزىللىك

كىشلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەش، مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارغا ئەيىب قويۇش شۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى رەزىللىك ۋە پەسلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ﴿**وَلَا تَجَسَّسُوْا**﴾ يەنى ﴿بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ يۈرمەڭلار.﴾[2]

ئىسلام دىنى كىشلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قوغداشقا ناھايىتى زور ئەھمىيەت بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىراۋنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىگە رۇخسەتسىز قارىسا، ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتسىمۇ بولىدۇ.»[3]

ئىسلام دىنى كىشلەرنىڭ خۇسۇسىي ھاياتىدىكى مەخپىيەتلىكنى

---

(1) 59ـ سۈرە ھەشر 9ـ، 10ـ ئايەتلەر

(2) 49ـ سۈرە ھۇجۇرات 12ـ ئايەت

(3) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

قوغداشنى مۇقەددەس بىلىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇن تەكشۈرۈپ يۈرۈشتىن توسۇپ مۇنداق دېگەن: «باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇن تەكشۈرۈپ يۈرمەڭلار، كىمكى بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدۇ. ئاللاھ بىرىنىڭ ئەيىبىنى ئاچسا، ئۇنى ئۆز ئۆيىدىلا رەسۋا قىلىدۇ.»[1]

كىشلەرنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ۋە ئەيىبلىرىنى يېپىش گۈزەل ئەخلاقتىن سانىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىراۋنىڭ ئەيىبىنى بىلىپ تۇرۇپ ياپسا، قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

كىشلەرنىڭ مەخپىي پاراڭلىرىنى ئوغرىلىقچە تىڭشاشتىن قاتتىق توسۇپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى باشقىلارنىڭ پارىڭىنى ئوغرىلىقچە تىڭشايدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئېرىتىلگەن قوغۇشۇن تۆكۈلىدۇ.»[3]

## كىشلەرنى مەسخىرە قىلىشنىڭ گۇناھى

مەسخىرە ــــ كىشلەرنى زاڭلىق قىلىش، ئۇلارنى كۆڭۈل ئېچىش ۋە كۈلكە پەيدا قىلىش ئېمىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ئەڭ قەبىھ ئەدەپسىزلىكتۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە كىشلەرنى مەسخىرە قىلىشتىن توسۇپ مۇنداق

(1)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى
(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

دېگەن: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِّنْ قَوْمٍ عَسَى أَنْ يَكُوْنُوْا خَيْرًا مِّنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِّن نِّسَاءٍ عَسَى أَنْ يَكُنَّ خَيْرًا مِّنْهُنَّ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن.﴾[1]

كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش ئىمانسىزلارنىڭ ئادىتى بولۇپ، ئاللاھ تائالا كافىرلارنى سۆكۈپ مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ الَّذِيْنَ أَجْرَمُوْا كَانُوْا مِنَ الَّذِيْنَ آمَنُوْا يَضْحَكُوْنَ ۝ وَإِذَا مَرُّوْا بِهِمْ يَتَغَامَزُوْنَ﴾ يەنى ﴿كافىرلار ھەقىقەتەن مۇئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى، مۇئمىنلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى.﴾[2]

كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىش ئۆز ئارىدىكى دوستلۇقنى دۈشمەنلىككە، ئىناقلىقنى بۆلۈنۈشكە، بىرلىكنى پارچىلىنىشقا ئېلىپ بارىدىغان رەزىل خۇلق بولۇپ، كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىدىغانلار ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاقتىن نېسىۋىسى بولمىغان كىشىلەردۇر.

### ھەسەتخورلۇق مەنئى كېسەلدۇر

ھەسەتخورلۇق ئۆچ ـ ئاداۋەتتىنمۇ كۈچلۈك بولغان قەبىھ روھىي

(1) 49ـ سۈرە ھۇجۇرات 11ـ ئايەت

(2) 83ـ سۈرە مۇتەففىفىين 29 ـ، 30ـ ئايەتلەر

ھالەت بولۇپ، قەلبىنىڭ زەئىپلەشكەنلىكىنىڭ ۋە ئېتىقادسىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. ھەسەتخورلۇق ئۆزى ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ مال- مۈلۈك، ھوقۇق ـ مەنسەپ، ئىلىم ـ ھېكمەت قاتارلىق دىنىي ۋە دۇنياۋى نېمەتلىرىنىڭ يوقۇلىشىنى ئويلاپ قىزىلكۆزلۈك قىلىشتۇر. جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەر بۇ دۇنيادىن ئىبارەت قىسقىغىنا ھاياتلىق سەھنىسىدە بىلىپ ـ بىلمەي بۇ خىل رەزىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. دوست بۇرادەرلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرى، ھەتتا قېرىنداشلىرىنىڭمۇ ئازغىنە مال ـ مۈلكىگە، كىچىككىنە ھوقۇق ـ مەنسىپىگە ھەسەت قىلىدۇ. مۇنداقلار باشقىلارنىڭ شادلىقىدىن غەمكىن بولىدۇ، ئەلەم تارتىدۇ. ئۆزگىلەرنىڭ راھىتىدىن زەخمەت چېكىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار! بىر ـ بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار! يۈز ئۆرۈشمەڭلار، سىلە ـ رەھىم قىلىششنى تەرك ئەتمەڭلار، بەلكى ئۆزئارا قېرىنداشلاردىن بولغان ھالدا ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەسەتتىن ساقلىنىڭلار، ھەسەتخورلۇق خۇددى ئوت ئوتۇننى يېگەندەك ياخشى ئەمەللەرنى يەپ كېتىدۇ.»[2]

## گەپ توشۇش ۋە ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى
(2) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

گەپ توشۇش — بىراۋنىڭ باشقا بىر كىشى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىدىغان ۋە مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرىدىغان شەكىلدە شۇ كىشىگە يەتكۈزۈش دېگەنلىكتۇر.

گەپ توشۇشتىن ئىبارەت بۇ رەزىل خۇلق سەۋەبىدىن دوستلار بىر-بىرىگە دۈشمەنلىشىدۇ، بىرلىك بۇزۇلىدۇ، ئىناق ئائىلىلەر پارچىلىنىدۇ، تۇغقانلار بىر - بىرىدىن يىراقلىشىدۇ. ھەتتا گەپ توشۇش سەۋەبلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بىھۇدە قان تۆكۈلۈش ئەھۋاللىرىمۇ يۈز بېرىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىدا، گەپ توشۇغۇچىلار، پىتنە-ئىغۋا تارقاتقۇچىلار قاتتىق سۆكۈلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئەسكىلىرى گەپ توشۇغۇچىلار، دوست - بۇرادەرلەرنى بىر - بىرىدىن ئايرىغۇچىلار ۋە گۇناھسىز ئادەملەرنى ئەيىبلىگۈچىلەردۇر.»[1]

گەپ توشۇشنىڭ يەنە بىر چوڭ زىيىنى شۇكى، گەپ توشۇغۇچىلار ئاخىرەتتە ئەڭ چوڭ زىيان تارتىدىغانلاردۇر. چۈنكى ئۇلار ئىنسانلارغا دۈشمەنلىك قىلىپ تۇرۇپ قانچىلىك كۆپ ئىبادەت قىلسىمۇ، جەننەتكە كىرمەيدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «گەپ توشۇغۇچىلار جەننەتكە كىرمەيدۇ»[2] دېگەن.

گەپ توشۇپ كەلگەن كىشىنىڭ سۆزىنى ئېنىقلىماستىن

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى
(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئىشەنمەسلىك لازىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا إِنْ جَاءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَأٍ فَتَبَيَّنُوْا أَنْ تُصِيْبُوْا قَوْمًا بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوْا عَلَى مَا فَعَلْتُمْ نَادِمِيْنَ**﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشىنىش ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار﴾[1]

## كىشىلەرگە لەقەم قويۇش ئەدەپسىزلىك

كىشىلەرگە ھەرقانداق بىر لەقەمنى قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھۆرمىتىنى، يۈز ـ ئابرۇيىنى قوغداش دىنىي زۆرۈرىيەتتۇر.

كىشىلەرگە لەقەم قويۇش، ياكى ئۇلارنى ئۇلار يامان كۆرىدىغان لەقەملەر بىلەن چاقىرىش، ئاتاش ئەڭ ناچار ئەخلاقسىزلىق بولۇپ، مۇنداق قىلىش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئىناقلىق ۋە بارچە يېقىنلىقلارنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بۇ قىلىقتىن ئالاھىدە توسۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿**وَلَا تَلْمِزُوْا أَنْفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوْا بِالْأَلْقَابِ**﴾ يەنى ﴿بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار.﴾[2]

---

(1) 49ـ سۈرە ھۇجۇرات 6ـ ئايەت
(2) 49ـ سۈرە ھۇجۇرات 11ـ ئايەت

## ھاياسىزلىق ـــ ئىمانسىزلىقتۇر

ھاياسىزلىق ـــ گۇناھ، يامان ئىشلارنى ھېچكىمدىن تەپ تارتماستىن، ياكى خىجىل بولماستىن قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ھاياسىزلىق ئىمانسىزلىق بىلەن باراۋەر يامان قىلىقتۇر. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ھايا بىلەن ئىمان ئىككىسى بىر پۈتۈن نەرسە. ئۇلارنىڭ بىرى يوقالسا، ئىككىنچىسىمۇ يوقىلىدۇ»[1] دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە: «ھايا ياخشىلىقتىن باشقىنى ئېلىپ كەلمەيدۇ.»[2] دېگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ھاياسىزدا ئىمان يوق» دېگەن سۆزىمۇ بۇنىڭغا ئاساسەن ئېيتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

## شەرم ـ ھايا ۋە نومۇسچان بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى

ھايالىق بولۇش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان توغرا مىزان. ئۇ بىزگە شۇ كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر قانداق بىر دىنىنىڭ ئەخلاقى باردۇر، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى ـــ ھايادۇر.»[3] سىز بىر ئادەمنىڭ تېگىشلىك بولمىغان ھەرىكەتتىن ئۆزىنى تارتىۋاتقانلىقى، ياكى تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى قىلىپ قويغان ۋاقىتتا چىرايىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئويغاق، ئەسلىنىڭ پاك، تەبىئىتىنىڭ ساپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز. شۇنداقلا

---

(1) ئىمام ھاكىم رىۋايىتى

(2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

(3) ئىبنى ماجە، تەبەرانىي، ئىمام مالىك رىۋايىتى

بىرەرسىنىڭ پەس، گۇناھ ئىشلارنى ھايا قىلماستىن قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، ئالغان - قويغىنىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاقىتىگىزدا، ئۇنىڭ قولىدىن ياخشى ئىش كەلمەيدىغان، كۆڭلى قارا، يۈزى قېلىن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىز.

ئىمان بەندە بىلەن رەببى ئوتتۇرىسىدىكى بۈيۈك ئالاقە بولۇپ، قەلبنى پاكلاش، ئەخلاقنى توغرىلاش، ھەرىكەتنى دۇرۇسلاش قاتارلىقلار بۇ بۈيۈك ئالاقىنىڭ تەلىپى، بەلكى ئۇنىڭ تۈنجى ئىزناسىدۇر. قەلبنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇپ، خاتالىقلار ۋە پەس ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىمىغۇچە بۇ تەلەپنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. يامان ئىشلارنى قىلىشتىن تەپتارتماسلىق تەدرىجىي ھالدا گۇناھلارنى قىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىماننىمۇ يوقىتىدۇ. ئاخىرىدا ئۆزىنى ئەڭ پەس ۋە تۆۋەن ئورۇندا كۆرىدۇ. مانا بۇ، ھاياسىزلىقنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىدۇر.

## گۇمانخورلۇق ۋە ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىكلىرى

گۇمانخورلۇق ـــ كىشىلەردىن شەكلىنىش، ئۇلار ھەققىدە يامان خىياللارنى ئويلاش دېگەنلىك بولۇپ، باشقىلاردىن سەۋەبسىز ئاغرىنىپ، كېيىن بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە «مۇنداق بولارمىكىن، ئۇنداق قىلارمىكىن، ئېيتەرمىكىن» دېگەندەك قوشۇمچىلار بىلەن گەپ قىلىشمۇ گۇمانخورلۇقتۇر. بۇ سۆزنى ئىككىنچى بىر كىشى راست قىلىپ سۆزلەش ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان يالغانچىلىقمۇ گۇمانخورلۇقنىڭ

نەتىجىسىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى گۇمان بىلەن قىلىنغان سۆز سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنىدۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا اجْتَنِبُوْا كَثِيْرًا مِّنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ﴾ يەنى ﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! كۆپ گۇمان قىلىشتىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر.﴾[2]

## ۋاپاسىزلىقنىڭ رەزىللىكى ۋە تۈرلىرى

ۋاپاسىزلىق ــ ئىشەنچنى يەردە قويۇش، كۈتكەن يەردىن چىقماسلىق ۋە تۇزكورلۇق قىلىشتىن ئىبارەت نامەردلىك بولۇپ، ۋىجدانسىز، ئىمانسىز ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن نېسۋىسى بولمىغان ئادەملەر قىلىدىغان رەزىل قىلىقتۇر.

ۋاپاسىزلىقنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، يۇقىرىسى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە ۋە ئىنئاملىرىغا تۇزكورلۇق قىلىپ، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئادا قىلىشتىن باش تارتىش، بۇيرۇغانلىرىغا ئاسىيلىق قىلىشتىن باشلاپ، ئۆسۈپ يېتىلگەن ئانا ۋەتىنىنىڭ غېمىنى يېمەسلىك، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىش، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قايتۇرماسلىق، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى تاشلىۋېتىش، مۇندىن باشقا قانداقلا بىر ياخشىلىقنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ شۇ ياخشىلىقنى قايتۇرماسلىق قاتارلىقلارغىچە

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
(2) 49- سۈرە ھۇجۇرات 12- ئايەت

بىرىپ يېتىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشىمۇ ۋاپاسىزلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مەسىلەن: ئىلگىرى نامرات بولۇپ ھازىر ئاللاھ بايلىق بەرگەن بولسا، ئىلگىرى كېسەلچان بولۇپ، ھازىر ساقلىققا ئېرىشكەن بولسا، خۇددى ھېچقاچان نامرات بولمىغاندەك، ئاغرىپ يېتىپ باقمىغاندەك مەغرۇرلىنىشى، نامراتلارنىڭ ۋە كېسەلچانلارنىڭ ھالىغا يەتمەستىن ئۆزىنىلا ئويلاپ ياشىشى تولىمۇ يامان ۋاپاسىزلىقتۇر.

ۋاپادارلىق ئېسىل پەزىلەت بولۇپ، ئۇ بارلىق ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ دىنى، ئىرقى ۋە رەڭگىدىن قەتئىينەزەر ئومۇم بولۇشى لازىم. چۈنكى پەزىلەت دېگەن پارچىلانمايدىغان بىر پۈتۈن نەرسە، ئادەمنىڭ بەزى كىشىلەرگە ۋاپادار بولۇپ، يەنە بەزى كىشىلەرگە رەزىل ۋە سۆزىدە تۇرمايدىغان بولۇشى توغرا ئەمەس. قىلىنغان ۋەدە، تۈزۈلگەن كېلىشىم قانداقلا كىشى بىلەن بولسۇن، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش شەرتتۇر. ھەقىقىي دىيانەتلىك توغرا ئادەم ئىنسانلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇلارنىڭ رەڭگى، دىنى ۋە ئىرقى سەۋەبلىك ئايرىم مۇئامىلىدە بولمايدۇ. بەلكى ھەممىگە بىر خىل مۇئامىلە قىلىدۇ. چۈنكى ياخشىلىق كىمگە قىلىنمىسۇن، ئۇ ھامان ياخشىلىقتۇر. شۇنداقلا يامانلىق كىمگە قىلىنمىسۇن، ئۇ ھامان يامانلىقتۇر.

## چېقىمچىلىق، ئۇنىڭ خەتەرلىرى ۋە جازاسى

چېقىمچىلىق ــــ بىراۋنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەققىدە باشقىلاردىن ئاڭلىغان بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپنى، يالغان سۆزلەر بىلەن كۆپتۈرۈپ قارشى تەرەپكە ئاڭلىتىش يالغانچىلىقى بولۇپ، ئادەتتىكى گەپ توشۇشتىن پەرقلىق جىنايەتتۇر. چۈنكى گەپ توشۇش

مەقسەتسىزمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمما چېقىمچىلىق رەزىل مەقسەتلەر ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق چېقىمچىلىق شۇ ئىنسانىنىڭ نىيىتى بۇزۇق، روھى كېسەل، بىپەرۋا ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بىر قېتىملىق چېقىمچىلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن دوستلار ۋە ئائىلىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇپ، بەختنىڭ ئاساسى بولغان خاتىرجەملىك، ئىناقلىق بۇزۇلىدۇ. چېقىمچىلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ـــ چېقىمچىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىق، ياكى ئىشەنمەسلىكتۇر. چېقىمچىنىڭ يامان ئاقىۋىتى توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «كىمكى بىر كىشىنىڭ باشقىلار ئاڭلاپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان سۆزىنى ئاڭلىتىپ قويىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىغا قوغۇشۇن قويۇلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. يەنە بىر ھەدىستە ئۇنداق ئادەمنى ئۇنىڭغىمۇ سۈركىلىدىغان، بۇنىڭغىمۇ سۈركىلىدىغان ساغلىق قويغا ئوخشىتىپ، قىيامەت كۈنى يۈزىدە گۆش يوق ھالەتتە كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

## ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشنىڭ زىيىنى ۋە گۇناھى

ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ـــ ئۆزىنى ئالاھىدە چاغلىغانلىقتىن، ئۆزىدە ئاز ـ تولا بار بولغان ئارتۇقچىلىقلارنى تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلەپ، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە غادىيىش دېگەنلىكتۇر. ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى ئاللاھ تائالا زادى ياقتۇرمايدۇ. چوڭلۇق ئاللاھقىلا خاس بىر سۈپەت. ئىنسانلار ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلاردىن نەپرەتلىنىدۇ.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيوف مۇنداقلارغا ئۆز باھاسىنى بەرگەن:

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش روھىي ھالىتىگە ئىگە كىشىلەر بولسا ساغلام، نورمال روھىي ھالەتتىن تولىمۇ چەتنەپ كەتكەن كىشىلەر بولۇپ، بىر خىل روھىي كېسەللىككە، پىسخىكا ئاجىزلىقىغا گىرىپتار بولغان كىشىلەردۇر. بۇ خىل روھىي ھالەت ھامان ئۇلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا، شۇنداقلا روھىي پىسخىكا ساغلاملىقىغا زور دەرىجىدە سەلبىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇلاردا جەمئىيەتكە ماسلىشالماسلىق ياكى باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراش، كۆپلىگەن كىشىلەر ئېرىشكەن خۇشاللىق، روھىي ئازادىلىككە ئېرىشەلمەسلىك، سىقىلىش ئىچىدە ياشاش، جىسمانىي جەھەتتىن بالدۇر زەئىپلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ.

بىراۋدا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش روھىي ھالىتىنىڭ بولغانلىقى ئۇنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىنمۇ ساغلام ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم» بۇ خىل ناچار ئىللەتتىن مەنئى قىلىپ، لوقمان ھەكىمنىڭ ئوغلىغا قىلغان مۇنۇ ۋەسىيىتىنى بايان قىلغان: ﴿**وَلَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ**﴾

يەنى ﴿ كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈمىگىن، يەر يۈزىدە غادىيىپ يۈرمىگىن. چۈنكى ئاللاھ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ماختىنىپ يۈرىدىغانلارنى ئەسلا ياقتۇرمايدۇ.﴾[1]

ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىپلاس روھىي ھالەت ئىنسانىيەتكە روھىي ـ پسىخىكا، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن كۆپ تەرەپلىمىلىك زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

## چىرايلىق كىيىنىش ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلىق ئەمەس

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلەرگە تەلىم بېرىپ: «قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر (ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش روھىيىتى) بولغان ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ» دېگەندە، ساھابىلەردىن بىرى قوزغۇلۇپ كېتىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئادەم كىيىمىنىڭ چىرايلىق، ئايىغىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياقتۇرىدۇ، بۇمۇ كىبىردىن سانىلامدۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياقتۇرىدۇ. كىبىر دېگەن كۆرەڭلەش ۋە باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر» دېگەن.[2] بۇ ھەدىسكە ئاساسەن، چىرايلىق كىيىنىش، ئېسىل، گۈزەل يۈرۈش ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلىقتىن سانالمايدۇ. بەلكى تەلەپ قىلىنغان ئىشلاردۇر.

## ئىسراپخورلۇقنىڭ يامان ئاقىۋىتى

ئىسراپ ــــ بىر نەرسىنى ھەددىدىن ئارتۇق بۇزۇپ ـ چېچىش

---

(1) 31ـ سۈرە لۇقمان 18ـ ئايەت

(2) مۇسلىم رىۋايىتى

دېگەنلىك بولۇپ، ئىسراپچىلىقنى ۋە ئىسراپخورلارنى دۇنيادا ھېچقانداق دىن ياكى قانۇن قوللىمايدۇ. چۈنكى ئىسراپ قىلىپ بۇزۇپ ـ چاچقان نەرسىلەردىن ھېچكىم پايدىلىنالمايدۇ.

ھەر قانداق بىر نەرسىنى ئىسراپ قىلىش ھارامدۇر. ئەكسىچە، ھەر نەرسىنى نورمال ھالدا قائىدە ـ يوسۇن بويىچە ئىشلىتىش پۈتۈن ئىنسانلار تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىدىغان، ئاللاھ تائالانى مەمنۇن قىلىدىغان ياخشى ئۇسۇلدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە: ﴿**كُلُواْ وَاشْرَبُواْ وَلاَ تُسْرِفُواْ إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ**﴾ يەنى ﴿يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ﴾[1] دەپ كۆرسىتىلگەن. ئاللاھ مۇشۇ ئايەت ئارقىلىق بىزگە رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نازۇ نېمەتلەرنى كەڭتاشا يېيىشكە، ئىچىشكە تەرغىب قىلىدۇ، لېكىن ئىسراپخورلۇق قىلىشىمىزنى قاتتىق چەكلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى سۆكۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلاَ تُبَذِّرْ تَبْذِيْرًا ۞ إِنَّ الْمُبَذِّرِيْنَ كَانُواْ إِخْوَانَ الشَّيَاطِيْنِ**﴾ يەنى ﴿بۇزۇپ چاچمىغىن، بۇزۇپ چاچقۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر.﴾[2]

ئىقتىسادچانلىق كەمبەغەل بولۇپ قالماسلىقنىڭ كاپالىتىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تېجەشلىك ئادەم

(1) 7- سۈرە ئەئراف 31- ئايەت
(2) 17- سۈرە ئىسرا 26-، 27- ئايەتلەر

ھەرگىز كەمبەغەل بولمايدۇ» دېگەن.[1]

بۇزۇپ ـ چېچىش ۋە ئىسراپ قىلىش بولسا، كەمبەغەللىكنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئىسراپخورلار چوقۇم بىر كۈنى ئۇنىڭ دەردىنى تارتماي قالمايدۇ. تارىخ ۋە تەجرىبىلەرمۇ بۇنى ئىسپاتلىماقتا.

## پارىخورلۇق ۋە ئۇنىڭ رەزىللىكى

پارىخورلۇق ــــ بىراۋنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش، ياكى ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىنى تارتىۋېلىش، ياكى ئۇنىڭغا كەلگەن ئامەتنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش، ياكى گۇناھسىز بىرىنى قارىلاش، ياكى بىرەر جىنايەتكارنى ئاقلاش، ياكى ئۇنىڭ جىنايىتىنى يېپىنكىلىتىش، ياكى قانداقلا بىر داۋا ئىشىدا قارشى تەرەپنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە قارىتىشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىش ئۈستىدىكىلەرگە مەلۇم مىقداردا پۇل، ياكى پۇلغا توختايدىغان بىر نەرسە بېرىش دېگەنلىك بولۇپ، پارىنى بەرگەن ۋە ئالغان ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ ئالدىدا قاتتىق گۇناھكار، ئىنسانىيەت ئالدىدا ئەيىبكار بولىدۇ.

## پارا بېرىش ياكى ئېلىشنىڭ گۇناھى ۋە خەتىرى

پارىخورلۇق ئەڭ يامان خىيانەتچىلىك بولۇپ، ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ زايە بولۇشىغا، ئادالەتسىزلىك ۋە ھەقسىزلىككە، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە نامەردلەرچە خىرىس قىلىشقا، ئۇلارنىڭ ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىشقا، تۆھمەتلەرنى ئارتىپ ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە، جەمئىيەت

(1) تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

تەرتىپىنى بۇزۇشقا، خاتىرجەملىك، ئامانلىق ۋە ئىشەنچىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىنتايىن قەبىھ ۋە رەزىل قىلمىش بولغانلىقى ئۈچۈن پارا بېرىش ياكى ئېلىش ئىسلام دىنىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دىنلاردا ۋە پۈتۈن قانۇنلاردا قەتئىي هارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئاللاھ پارا بەرگۈچىگە، ئۇنى ئالغۇچىغا ۋە ئۇنىڭغا ۋاستە بولغۇچىغا لەنەت قىلدى»[1] دېيىش ئارقىلىق پارىخورلۇق جىنايىتىنىڭ دائىرىسىنى ۋە جازاسىنى بايان قىلغان. ئاللاھنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلىق ئاخىرەتلىك نېسىۋىدىن پۈتۈنلەي قۇرۇق قالغانلىقتۇر.

## سوۋغا ـ سالام بېرىشنىڭ هەر قانداقى پارا هېسابلانمايدۇ

ئۆز زاتىدا ياخشى نەرسە، يامان غەرەزنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن يامان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئىنسانلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە هەدىيە، سوۋغا ـ سالام بېرىشىش ياخشى ئىشتۇر. چۈنكى مۇنداق قىلىش ئۆزئارا سۆيگۈ ـ مۇهەببەتنى، يېقىنلىقنى، دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىر هەدىستە: «بىر ـ بىرىڭلارغا سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلىشساڭلار ئاراڭلاردىكى مۇهەببەت ئاشىدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

ئەمما سوۋغا ـ سالام باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بىرەر يامان نىيەتنى كۆزلەپ، ياكى هەققى بولمىغان بىر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بېرىلسە، ئۇ ۋاقىتتا، بۇ سوۋغا ـ سالام ئەمەس، بەلكى پارا بەرگەنلىكتۇر. بۇنداق قىلىش قەتئىي هارام. بەرگۈچى بىلەن ئالغۇچى

---

(1) ئىمام بۇخارى، ئەهمەد رىۋايىتى

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

ۋە سايە قىلىپ ۋاستە بولغۇچى ھەممىسى گۇناھقا شېرىك بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى لۇتبىيە ئىسىملىك بىر ساھابىنى سەلىم قەبىلىسىنىڭ زاكاتلىرىنى يىغىپ كېلىشكە بۇيرۇغان بولۇپ، ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن زاكات ماللىرىنى تاپشۇرۇش ۋاقتىدا، «ماۋۇ زاكاتقا بەرگەنلىرى، ماۋۇ سوۋغات» دەپ چۈشەندۈرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھقا: «سەن ئۆيۈڭدە جىم ئولتۇرغان بولساڭمۇ ساڭا بۇ سوۋغات كېلەمتى؟» دەپ رەت قىلغان ۋە ئۇنىمۇ زاكات ماللىرى بىلەن بىرگە بەيتۇلمال(دۆلەت خەزىنىسى)غا قوشۇۋەتكەن.

ئەمدى، بىراۋ ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىش ياكى ئۇنى قوغداش ئۈچۈن پارا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا قانداق قىلىدۇ؟

## ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىش ياكى قوغداش ئۈچۈن پارا بېرىش

ئىنسان ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىش ياكى يوللۇق ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن پارا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن پارا بېرىپ بولسىمۇ، ئۆز ھەققىنى قوغدىسا گۇناھ بولمايدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق بولىدۇ:

(1) رەھىمسىز زالىمنىڭ ياكى قاتىلنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، پارا بېرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشتىن باشقا چارىسى قالمىغاندا، پارا بەرسە بولىدۇ.

(2) ئۆزىنى، مال ـ مۈلكىنى، ئائىلىسىنى، نومۇسىنى، دىنىنى ۋە ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا پارا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، پارا بەرسە بولىدۇ.

(3) ئۆزى ياكى ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرى ياكى تۇغقانلىرىدىن بىرى قاراقچىلارنىڭ ياكى لۈكچەكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، پارا بېرىش بىلەن قۇتۇلدۇرغىلى بولسا، پارا بېرىپ قۇتۇلدۇرۇش جائىزدۇر.

(4) ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن پارا بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق چارە قالمىغان شارائىتتا، باشقىلارنى زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراتماسلىق شەرتى بىلەن پارا بېرىشكە بولىدۇ. ئەمما باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن پارا بېرىش قەتئىي ھارام. مەسىلەن: ھەجگە بېرىشقا تىزىملىتىشتا نۆۋىتى كەلگەنلەرنىڭ ئورنىغا باشقا بىر كىشىنى سەپلەش ئۈچۈن، باشقا بىرىگە تەقسىم قىلىنغان خىزمەت ئورنىغا ئۆزى ئورۇنلىشىش ئۈچۈن، ياكى ئۆز مېھنىتى بىلەن ئالى مەكتەپنى ياخشى پۈتتۈرگەن بىر بالىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ بالىسىنى سەپلەش ئۈچۈن پارا بەرگەنگە ئوخشاش.[1]

---

(1) دوكتور يۈسۈپ ئەل قەرداۋىي، دوكتور ۋەھبە زۇھەيلى قاتارلىق ھازىرقى زامان مەشھۇر ئۆلىمالىرىنىڭ پەتىۋاسى. شەيخۇل ئىسلام ئىبن قەييىم جەۋزىيمۇ «**مجموع الفتاوى**»دا (مەجمۇئۇل فەتەۋا، 252/29) يۇقىرىقى شەرتلەر ئاستىدا پارا بېرىشنى جائىز سانىغان.

## بەشنچی بۆلۈم

# ئەخلاقتا دائىر ئايەت، ھەدىسلەر

# ئەخلاقﻘﺎ دائىر ئايەتلەردىن تاللانمىلار

**ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ھەققىدە:**

**﴿فَاسْأَلُواْ أَهْلَ الذِّكْرِ إِن كُنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ﴾**

﴿بىلمىسەڭلار، بىلىدىغانلاردىن سوراڭلار.﴾ [ئەنبىيا، 7/21]

**ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش ھەققىدە:**

**﴿فَلَا اقْتَحَمَ الْعَقَبَةَ وَمَا أَدْرَاكَ مَا الْعَقَبَةُ فَكُّ رَقَبَةٍ أَوْ إِطْعَامٌ فِي يَوْمٍ ذِي مَسْغَبَةٍ يَتِيمًا ...﴾**

﴿داۋان ئېشىشنىڭ نېمىلىكىنى قانداق بىلەتتىڭ؟ (ئۇ دېگەن) قۇل ئازاد قىلماقتۇر ياكى ئاچارچىلىق كۈندە تۇغقانچىلىقى بولغان يېتىمگە ياكى توپىدا ياتقان مىسكىنگە تاماق بەرمەكتۇر.﴾ [بەلەد، 11/90~15]

**نەپسنى پاكلاش ھەققىدە:**

**﴿وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّاهَا فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَاهَا قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّاهَا وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّاهَا﴾**

﴿ نەپسنى پاك قىلغان ئادەم مەقسىتىگە يېتىدۇ، ئۇنى گۇناھقا پاتۇرغان ئادەم زىيان تارتىدۇ.﴾ [شەمس، 7/91~10]

**ئىستىقامەت ھەققىدە:**

﴿**فَاسْتَقِمْ كَمَا أُمِرْتَ وَمَن تَابَ مَعَكَ**﴾

﴿ئۇنداقتا، بۇيرۇلغىنىڭدەك توپتوغرا بولغىن، ساڭا ئەگەشكەنلەرمۇ (شۇنداق بولسۇن).﴾ [ھۇد، 112/11]

**ئىپپەت ـ نومۇسنى ساقلاش ھەققىدە:**

﴿**قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَلِكَ أَزْكَى لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ. وَقُل لِّلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاء بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاء بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي أَخَوَاتِهِنَّ أَوْ نِسَائِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ أَوِ التَّابِعِينَ غَيْرِ أُوْلِي الْإِرْبَةِ مِنَ الرِّجَالِ أَوِ الطِّفْلِ الَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا عَلَى عَوْرَاتِ النِّسَاء وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِن زِينَتِهِنّ وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَا الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ**﴾

﴿مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار. مۇئمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسمىدىن باشقا زىننەت ئورگانلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا

قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلەردىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەردىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان باللاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار.﴾ [نۇر، 30/24، 31]

## ھاۋايى-ھەۋەسنى يېڭىش ھەققىدە:

**﴿وَأَمَّا مَنْ خَافَ مَقَامَ رَبِّهِ وَنَهَى النَّفْسَ عَنِ الْهَوَى، فَإِنَّ الْجَنَّةَ هِيَ الْمَأْوَى﴾**

﴿رەببىنىڭ ماقامىدىن قورققان، نەپسىنى يامان خاھىشلارغا بېرىلىشتىن چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ.﴾ [نازىئات، 40/79، 41]

**﴿وَلَا تَتَّبِعِ الْهَوَى فَيُضِلَّكَ عَن سَبِيلِ اللَّهِ﴾**

﴿نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرىۋېتىدۇ.﴾ [ساد، 26/38]

## نەپسنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىش ھەققىدە:

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾**

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى.﴾ [بەقەرە، 183/2]

**﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْمَحِيضِ قُلْ هُوَ أَذًى فَاعْتَزِلُواْ النِّسَاءَ فِي الْمَحِيضِ وَلاَ تَقْرَبُوهُنَّ حَتَّىَ يَطْهُرْنَ فَإِذَا تَطَهَّرْنَ فَأْتُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ أَمَرَكُمُ اللّهُ إِنَّ اللّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ﴾**

﴿ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق سورايدۇ. ئېيتقىنكى، ھەيز زىيانلىقتۇر. شۇڭا ھەيز مەزگىلىدە بولغان ئاياللاردىن يىراق تۇرۇڭلار. ھەيزدىن پاك بولغىچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار. پاك بولغاندا ئۇلارغا ئاللاھ بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار. (شۇنى بىلىڭلاركى) ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغانلارنى دوست تۇتىدۇ، پاك بولغانلارنىمۇ دوست تۇتىدۇ.﴾ [بەقەرە، 222/2]

**غەزەبنى يېڭىش ھەققىدە:**

**﴿وَسَارِعُوا إِلَىٰ مَغْفِرَةٍ مِنْ رَبِّكُمْ وَجَنَّةٍ عَرْضُهَا السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ أُعِدَّتْ لِلْمُتَّقِينَ الَّذِينَ يُنفِقُونَ فِي السَّرَّاء وَالضَّرَّاء وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾**

﴿رەببىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار. ئۇ تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغانلار، ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر . ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.﴾ [ئال ئىمران، 133/3]

**تەقۋالىق ۋە راستچىللىقنى يېتىلدۈرۈش ھەققىدە:**

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ وَكُونُواْ مَعَ الصَّادِقِينَ﴾**

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار.﴾ [تەۋبە، 119/9]

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا﴾**

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە توغرا سۆزنى قىلىڭلار.﴾ [ئەھزاب، 70/33]

**گۇمانخورلۇقتىن ساقلىنىش ھەققىدە:**

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِّنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ﴾**

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار. چۈنكى بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر.﴾ [ھۇجۇرات، 12/49]

**ئاڭلىغان خەۋەرنى تەكشۈرمەي قوبۇل قىلماسلىق ھەققىدە:**

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن جَاءكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَأٍ فَتَبَيَّنُوا أَن تُصِيبُوا قَوْمًا بِجَهَالَةٍ فَتُصْبِحُوا عَلَى مَا فَعَلْتُمْ نَادِمِينَ﴾**

﴿ئى ئىمان ئېيتقان زاتلار! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار.﴾ [ھۇجۇرات، 6/49]

**بىلمىگەننى سۆزلىمەسلىك ھەققىدە:**

**﴿وَلاَ تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ إِنَّ السَّمْعَ وَالْبَصَرَ وَالْفُؤَادَ كُلُّ أُولئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْؤُولاً﴾**

﴿ سەن بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە. چۈنكى قۇلاق، كۆز، دىل ھەممىسى قىلمىشلىرىدىن سورىلىدۇ﴾ [ئىسرا، 36/17]

**سەۋرچانلىقنى يېتىلدۈرۈش ھەققىدە:**

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اصْبِرُواْ وَصَابِرُواْ﴾**

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سەۋر قىلىڭلار، چىداملىق بولۇڭلار.) [ئال ئىمران، 200/3]

**ياخشى ئۈلگە يارىتىش ھەققىدە:**

**﴿فَاصْبِرْ كَمَا صَبَرَ أُوْلُوا الْعَزْمِ مِنَ الرُّسُلِ﴾**

﴿ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن﴾ [ئەھقاف، 35/46]

**﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَن كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ﴾**

﴿سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.﴾ [ئەھزاب، 21/33]

**ئەمەللەردە ئوتتۇرا ھال بولۇش ھەققىدە:**

﴿وَلاَ تَجْهَرْ بِصَلاَتِكَ وَلاَ تُخَافِتْ بِهَا وَابْتَغِ بَيْنَ ذَلِكَ سَبِيلاً﴾

﴿نامىزىڭدا (قىرائەتنى) يۇقىرى ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن، پەس ئاۋاز بىلەنمۇ ئوقۇمىغىن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن.﴾ [ئىسرا، 110/17]

**ئاللاھ ياقتۇرىدىغان مۆئمىنلەرنىڭ سۈپىتىدە ھەققىدە:**

﴿وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا وَكَانَ بَيْنَ ذَلِكَ قَوَامًا﴾

﴿ئۇلار خىراجەت قىلغاندا، ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇراھال خىراجەت قىلىدۇ.﴾ [فۇرقان، 67/25]

**ئائىلە ھاياتىدىكى ئىقتىسادچانلىق ھەققىدە:**

﴿وَلَا تَجْعَلْ يَدَكَ مَغْلُولَةً إِلَىٰ عُنُقِكَ وَلَا تَبْسُطْهَا كُلَّ الْبَسْطِ فَتَقْعُدَ مَلُومًا مَحْسُورًا﴾

﴿(بېخىللىق قىلىپ)قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن، (ئىسراپ قىلىپ)قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن،(بولمىسا) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن.﴾ [ئىسرا، 29/17]

**ياخشى ئىشلارغا بەسلىشىش ھەققىدە:**

﴿لِكُلٍّ جَعَلْنَا مِنكُمْ شِرْعَةً وَمِنْهَاجًا وَلَوْ شَاء اللّهُ لَجَعَلَكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَلَكِن لِّيَبْلُوَكُمْ فِي مَآ آتَاكُم فَاسْتَبِقُوا الخَيْرَاتِ إِلَى الله مَرْجِعُكُمْ جَمِيعًا فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ فِيهِ تَخْتَلِفُونَ﴾

﴿سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن

قىلدۇق. ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى. پەقەت سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر بارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى ئۇ سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ.﴾ [مائىدە، 47/5]

**ياخشى سۆزنى ئاڭلاش ھەققىدە:**

**﴿فَبَشِّرْ عِبَادِ  الَّذِينَ يَسْتَمِعُونَ الْقَوْلَ فَيَتَّبِعُونَ أَحْسَنَهُ﴾**

﴿سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا خۇش خەۋەر بەرگىن.﴾ [زۇمەر، 17/39]

**نىيەتنى دۇرۇسلاش ھەققىدە:**

**﴿وَمَا تُنفِقُواْ مِنْ خَيْرٍ فَلأنفُسِكُمْ وَمَا تُنفِقُونَ إِلاَّ ابْتِغَاء وَجْهِ اللّهِ﴾**

﴿مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير۔ ئېھسان قىلماڭلار، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈندۇر، سىلەر پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا خەير ـ ئېھسان قىلىسىلەر.﴾ [بەقەرە، 272/2]

**﴿لاَّ خَيْرَ فِي كَثِيرٍ مِّن نَّجْوَاهُمْ إِلاَّ مَنْ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوْ مَعْرُوفٍ أَوْ إِصْلاَحٍ بَيْنَ النَّاسِ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ ابْتَغَاء مَرْضَاتِ اللّهِ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾**

﴿ ئۇلارنىڭ پىچىرلىششىلىرىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشقا ئەمر قىلغانلار (نىڭ پىچىرلىششى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى بۇنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك

ئەجىر ئاتا قىلىمىز.﴾ [نىسا، 114/4]

## مەنئى قىلىنغا ناچار ئەخلاقلار ھەققىدە

**ئۆزىنى ھالاكەتكە ئىتتىشتىن توسۇش:**

**﴿وَأَنفِقُواْ فِي سَبِيلِ اللّهِ وَلاَ تُلْقُواْ بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ وَأَحْسِنُوَاْ إِنَّ اللّهَ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ﴾**

﴿ئاللاھ يولىدا خەرج قىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار، ھەر ئىشتا دۇرۇس بولۇڭلار، ئاللاھ دۇرۇس بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.﴾ [بەقەرە، 195/2]

**يالغانچىلىقتىن توسۇش:**

**﴿وَاجْتَنِبُوا قَوْلَ الزُّورِ﴾**

﴿يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار.﴾ [ھەج، 30/22]

**﴿إِنَّمَا يَفْتَرِي الْكَذِبَ الَّذِينَ لاَ يُؤْمِنُونَ بِآيَاتِ اللّهِ وَأُوْلئِكَ هُمُ الْكَاذِبُونَ﴾**

﴿پەقەت ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلارلا يالغان چاپلايدۇ، ئۇلار يالغانچىلارنىڭ ئۆزىدۇر.﴾ [نەھل، 105/16]

**نىفاقتىن توسۇش**

**﴿وَمِنَ النَّاسِ مَن يُعْجِبُكَ قَوْلُهُ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَيُشْهِدُ اللّهَ عَلَى مَا فِي**

**قَلْبِهِ وَهُوَ أَلَدُّ الْخِصَامِ﴾**

﴿ ئىنسانلاردىن شۇنداقلىرى باركى، ئۇنىڭ دۇنيا تىرىكچىلىكى توغرىسىدىكى سۆزى سېنى قىزىقتۇرىدۇ. ھەتتا ئۇ دىلىدىكى نەرسىگە ئاللاھنى گۇۋاھ تۇتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر.﴾ [بەقەرە، 204/2]

**سۆزى بىلەن ئەمەلى بىردەك بولماسلىقتىن توسۇش:**

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ﴾**

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشىڭلارنى دەيسىلەر؟﴾ [سەپ، 2/61]

**بېخىللىقتىن توسۇش:**

**﴿وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾**

﴿كىمكى ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئەنە شۇنداقلار نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەردۇر.﴾ [ھەشر، 9/59]

**﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ مَن كَانَ مُخْتَالاً فَخُورًا الَّذِينَ يَبْخَلُونَ وَيَأْمُرُونَ النَّاسَ بِالْبُخْلِ وَيَكْتُمُونَ مَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ ۗ وَأَعْتَدْنَا لِلْكَافِرِينَ عَذَابًا مُهِينًا﴾**

﴿ئاللاھ مۇتەكەببىر ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ. ئۇلار بېخىللىق قىلىدىغان، كىشىلەرنى بېخىللىققا بۇيرۇيدىغان، ئۆزلىرىگە ئاللاھنىڭ ئۆز پەزلىدىن بەرگەنلىرىنى يوشۇرىدىغانلاردۇر. بىز كافىرلار ئۈچۈن خورلىغۇچى ئازابنى تەييارلىدۇق.﴾ [نىسا، 36/4، 37]

**ئىسراپخورلۇقتىن توسۇش:**

﴿وَلاَ تُبَذِّرْ تَبْذِيرًا إِنَّ الْمُبَذِّرِينَ كَانُواْ إِخْوَانَ الشَّيَاطِينِ﴾

﴿ئىسراپخورلۇق قىلمىغىن. چۈنكى ئىسراپخورلار شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر.﴾ [ئىسرا، 26/17، 27]

**ئەمەللەرنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىشتىن توسۇش:**

﴿إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ مَن كَانَ مُخْتَالاً فَخُورًا الَّذِينَ يُنفِقُونَ أَمْوَالَهُمْ رِئَاء النَّاسِ﴾

﴿ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ... ئۇلار ماللىرىنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ.﴾ [نىسا، 37/4]

﴿فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ  الَّذِينَ هُمْ عَن صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ الَّذِينَ هُمْ يُرَاؤُونَ﴾

﴿شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھالىغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ.﴾ [مائۇن، 4/107~7]

**ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتىن توسۇش:**

﴿وَلاَ تَمْشِ فِي الأَرْضِ مَرَحًا إِنَّكَ لَن تَخْرِقَ الأَرْضَ وَلَن تَبْلُغَ الْجِبَالَ طُولاً﴾

﴿ كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈمىگىن، يەر يۈزىدە غادىيىپ يۈرمىگىن. چۈنكى ئاللاھ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ماختىنىپ يۈرىدىغانلارنى ئەسلا ياقتۇرمايدۇ.﴾ [لۇقمان، 18/31]

**دۇنيالىققا قەلبتىن بېرىلىشتىن توسۇش:**

﴿وَاصْبِرْ نَفْسَكَ مَعَ الَّذِينَ يَدْعُونَ رَبَّهُم بِالْغَدَاةِ وَالْعَشِيِّ يُرِيدُونَ وَجْهَهُ وَلَا تَعْدُ عَيْنَاكَ عَنْهُمْ تُرِيدُ زِينَةَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾

﴿سەن رەببىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار بىلەن سەۋرچان بولۇپ بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننىتىنى دەپ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈمىگىن.﴾ [كەھف، 28/18]

﴿وَلَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَى مَا مَتَّعْنَا بِهِ أَزْوَاجًا مِّنْهُمْ زَهْرَةَ الْحَيَاةِ الدُّنيَا لِنَفْتِنَهُمْ فِيهِ وَرِزْقُ رَبِّكَ خَيْرٌ وَأَبْقَى﴾

﴿ بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇزىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، رەببىڭنىڭ نېمىتى ھەممىدىن ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىيدۇر.﴾ [تاھا، 131/20]

## كۆرەلمەسلىكتىن توسۇش:

﴿أَمْ يَحْسُدُونَ النَّاسَ عَلَى مَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ﴾

﴿ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە ھەسەت قىلىشامدۇ؟﴾ [نىسا، 54/4]

﴿وَلاَ تَتَمَنَّوْاْ مَا فَضَّلَ اللّهُ بِهِ بَعْضَكُمْ عَلَى بَعْضٍ﴾

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ سىلەردىكى بىر ـ بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى (ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار.﴾ [نىسا، 32/4]

**زىنادىن توسۇش:**

﴿**وَلاَ تَقْرَبُواْ الزِّنَى إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَاء سَبِيلاً**﴾ [ئىسرا، 32/17]

﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر.﴾

**هاراق ئىچىش ۋە قىمار ئويناشتىن توسۇش:**

﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالأَنصَابُ وَالأَزْلاَمُ رِجْسٌ مِّنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ، إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَن يُوقِعَ بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاء فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَن ذِكْرِ اللّهِ وَعَنِ الصَّلاَةِ فَهَلْ أَنتُم مُّنتَهُونَ**﴾

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! هاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان هاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاهنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى يانامسىلەر؟﴾ [مائىدە، 90/5، 91]

**ماددى ۋە مەنىۋى پاسكىنىلىقلاردىن توسۇش:**

﴿**وَاللّهُ يُحِبُّ الْمُطَّهِّرِينَ**﴾

﴿ئاللاه (ئىچكى ۋە تاشقى جەهەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.﴾ [تەۋبە، 108/9]

**هارام كەسىپتىن توسۇش:**

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ لاَ تَأْكُلُواْ أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ إِلاَّ أَن تَكُونَ تِجَارَةً عَن تَرَاضٍ مِّنكُمْ﴾

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا.﴾ [نىسا، 29/4]

﴿وَلاَ تَأْكُلُواْ أَمْوَالَكُم بَيْنَكُم بِالْبَاطِلِ وَتُدْلُواْ بِهَا إِلَى الْحُكَّامِ لِتَأْكُلُواْ فَرِيقًا مِّنْ أَمْوَالِ النَّاسِ بِالإِثْمِ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾

﴿بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ئەمەلدارلارغا پارا بەرمەڭلار.﴾ [بەقەرە، 188/2]

## مۇباھ ئىشلار

### ھالالدىن بەھرىمەن بولۇش:

﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُحَرِّمُوا طَيِّبَاتِ مَا أَحَلَّ اللَّهُ لَكُمْ وَلَا تَعْتَدُوا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ﴾

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (ئۆزۈڭلارغا) ھارام قىلىۋالماڭلار ۋە چەكتىن ئاشماڭلار. چۈنكى ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.﴾ [مائىدە، 87/5]

# ئائىلە ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئەخلاقلار

**ئاتا-ئانىغا قارىتىلغان مەجبۇرىيەتلەر:**

**﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا ۚ إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِنْدَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُلْ لَهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُلْ لَهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا﴾**

﴿ رەببىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشى خىزمەت قىلىشىڭلارنى پەرز قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېگەن سۆزنىمۇ قىلمىغىن، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى رەببىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن.﴾ [ئىسرا، 17/23، 24]

**بالىلارنىڭ ھاياتىغا قارىتىلغان مەجبۇرىيەتلەر:**

**﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَوْلَادَكُمْ مِنْ إِمْلَاقٍ نَحْنُ نَرْزُقُكُمْ وَإِيَّاهُمْ﴾**

﴿نامراتلىقتىن قورقۇپ بالاڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز سىلەرگىمۇ ۋە ئۇلارغىمۇ رىزىق بېرىمىز﴾ [ئەنئام، 151/6]

**بالىلارنىڭ تەربىيىسىگە قارىتىلغان مەجبۇرىيەتلەر:**

**﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ**

**عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لَا يَعْصُونَ اللَّهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُونَ مَا يُؤْمَرُونَ﴾**

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاش بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ.﴾ [تەھرىم، 6/66]

**ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىتىلغان مەجبۇرىيەتلەر:**

**﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ ۚ فَإِنْ كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَىٰ أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللَّهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا﴾**

﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار، (بىلىڭلاركى) سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.﴾ [نىسا، 19/4]

**﴿وَالْوَالِدَاتُ يُرْضِعْنَ أَوْلَادَهُنَّ حَوْلَيْنِ كَامِلَيْنِ ۖ لِمَنْ أَرَادَ أَنْ يُتِمَّ الرَّضَاعَةَ ۚ وَعَلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ ۚ لَا تُكَلَّفُ نَفْسٌ إِلَّا وُسْعَهَا ۚ لَا تُضَارَّ وَالِدَةٌ بِوَلَدِهَا وَلَا مَوْلُودٌ لَهُ بِوَلَدِهِ ۚ﴾**

﴿ئانىلار (بالىلارنى ئېمىتىش مۇددىتىدە) تولۇق ئېمىتمەكچى بولسا، تولۇق ئىككى يىل ئېمىتىشى لازىم. ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. كىشى پەقەت قولىدىن كېلىدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئانىنى بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق، ئاتىنىمۇ بالىسى سەۋەبلىك زىيان تارتقۇزماسلىق لازىم. ﴾ [بەقەرە، 233/2]

﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ إِذَا طَلَّقْتُمُ النِّسَاء فَطَلِّقُوهُنَّ لِعِدَّتِهِنَّ وَأَحْصُوا الْعِدَّةَ وَاتَّقُوا اللَّهَ رَبَّكُمْ لا تُخْرِجُوهُنَّ مِن بُيُوتِهِنَّ وَلا يَخْرُجْنَ إِلاَّ أَن يَأْتِينَ بِفَاحِشَةٍ مُّبَيِّنَةٍ وَتِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ وَمَن يَتَعَدَّ حُدُودَ اللَّهِ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُ لا تَدْرِي لَعَلَّ اللَّهَ يُحْدِثُ بَعْدَ ذَلِكَ أَمْرًا. فَإِذَا بَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ أَوْ فَارِقُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ وَأَشْهِدُوا ذَوَيْ عَدْلٍ مِّنكُمْ وَأَقِيمُوا الشَّهَادَةَ لِلَّهِ﴾

﴿ئى پەيغەمبەر! سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىنى كۆزلەپ (پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار ۋە ئىددەتنى ساناڭلار، رەببىڭلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇلار ئوپئوچۇق بىر بۇزۇقچىلىق قىلمىغان ھالدا، ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۆزلىرىمۇ چىقمىسۇن. بۇلار ئاللاھنىڭ قانۇنىدۇر، كىمكى ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن ھالقىپ كېتىدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. سەن بىلمەيسەنكى، ئاللاھ شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان چاغدا، ئۇلارنى يوللۇق ھالدا (نىكاھىڭلاردا) تۇتۇڭلار ياكى ئۇلار بىلەن يوللۇق ھالدا ئايرىلىپ كېتىڭلار. ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار، گۇۋاھلىقنى ئاللاھ ئۈچۈن قىلىڭلار.﴾ [تالاق، 65/1،2]

## ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا قارىتىلغان مەجبۇرىيەتلەر:

﴿فَآتِ ذَا الْقُرْبَىٰ حَقَّهُ وَالْمِسْكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ ۚ ذَٰلِكَ خَيْرٌ لِّلَّذِينَ يُرِيدُونَ وَجْهَ اللَّهِ ۖ وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾

﴿ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا، مىسكىنلەرگە، مۇساپىرلارغا ھەققىنى بەرگىن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن مۇنداق قىلىش

ياخشىدۇر، ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.﴾ [رۇم، 38/30]

﴿كُتِبَ عَلَيْكُمْ إِذَا حَضَرَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ إِنْ تَرَكَ خَيْرًا الْوَصِيَّةُ لِلْوَالِدَيْنِ وَالْأَقْرَبِينَ بِالْمَعْرُوفِ ۖ حَقًّا عَلَى الْمُتَّقِينَ﴾

ئەگەر سىلەردىن بىرەيلەن ئۆلۈش ئالدىدا كۆپ مال قالدۇرسا، ئۇنىڭ ئاتا- ئانىسىغا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئادىللىق بىلەن ۋەسىيەت قىلىشى تەقۋادارلارنىڭ ئۈتەشكە تېگىشلىك بۇرچى سۈپىتىدە پەرز قىلىندى.﴾ [بەقەرە، 180/2]

# ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئەدەب ـ ئەخلاقلار (ئەمرلەر)

### ئامانەتنى ئادا قىلىشقا ئۈندەش:

﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَىٰ أَهْلِهَا وَإِذَا حَكَمْتُمْ بَيْنَ النَّاسِ أَنْ تَحْكُمُوا بِالْعَدْلِ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.﴾

[نىسا، 58/4]

### ۋەدىگە ۋاپا قىلىش:

﴿وَأَوْفُواْ بِالْعَهْدِ إِنَّ الْعَهْدَ كَانَ مَسْؤُولاً﴾

﴿ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار. چۈنكى ئەھدە ئۈستىدە چوقۇم سوئال ـ سوراق قىلىنىسلەر.﴾ [ئىسرا، 34/17]

**سۆزدە ۋە گۇۋاھلىق بېرىشتە راستچىل بولۇش:**

﴿**وَإِذَا قُلْتُمْ فَاعْدِلُواْ وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبَى**﴾

﴿سۆز قىلغان چېغىڭلاردا ئۇرۇق-تۇغقىنىڭلارنىڭ زىيىنىغا بولغان تەقدىردىمۇ، ئادالەتلىك بولۇڭلار.﴾ [ئەنئام، 152/6]

﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاءَ لِلَّهِ وَلَوْ عَلَى أَنفُسِكُمْ أَوْ الْوَالِدَيْنِ وَالْأَقْرَبِينَ إِنْ يَكُنْ غَنِيًّا أَوْ فَقِيرًا فَاللَّهُ أَوْلَى بِهِمَا فَلَا تَتَّبِعُوا الْهَوَى أَنْ تَعْدِلُوا وَإِنْ تَلْوُوا أَوْ تُعْرِضُوا فَإِنَّ اللَّهَ كَانَ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرًا**﴾

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سىلەر ئادالەتنى بەرپا قىلىدىغان، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدىغانلاردىن بولۇڭلار. (ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىلگەنلەر) باي بولسۇن ياكى يوقسۇل بولسۇن، ئاللاھ ئۇلارغا سىلەردىن بەكرەك يېقىندۇر. نەپسى خاھىشىڭلارغا بېرىلىپ ئادالەتتىن بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار( گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، (بىلىڭلاركى) ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾

[نىسا، 135/4]

**ئارىسى بۇزۇلغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش:**

﴿**إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ**﴾

﴿مۇئمىنلەر ئۆزئارا قېرىنداشلاردۇر، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار.﴾ [ھۇجۇرات، 10/49]

## خىيانەتكە قارشى تۇرۇش:

**﴿وَلاَ تَكُن لِّلْخَآئِنِينَ خَصِيمًا﴾**

﴿خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن.﴾ [نىسا، 4/105~107]

**﴿وَلاَ تُجَادِلْ عَنِ الَّذِينَ يَخْتَانُونَ أَنفُسَهُمْ إِنَّ اللّهَ لاَ يُحِبُّ مَن كَانَ خَوَّانًا أَثِيمًا﴾**

﴿ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. چۈنكى ئاللاھ خىيانەتكە ئادەتلەنگەن گۇناھكارلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ.﴾ [نىسا، 107/4]

## ئەپۇ قىلىش:

**﴿وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِ﴾**

﴿ئۇ تەقۋادارلار ئاچچىقىنى يۇتىدىغان، كىشىلەرنى كەچۈرىدىغان كىشىلەردۇر.﴾ [مائىدە، 13/5]

## زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش:

**﴿وَلَمَنِ انتَصَرَ بَعْدَ ظُلْمِهِ فَأُوْلَئِكَ مَا عَلَيْهِم مِّن سَبِيلٍ﴾**

﴿زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامىنى ئالسا، ئۇلارنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ.﴾ [شۇرا، 41/42]

**يامانلىقنى ياخشىلىق بىلەن قايتۇرۇش:**

**﴿وَلَا تَسْتَوِي الْحَسَنَةُ وَلَا السَّيِّئَةُ ۚ ادْفَعْ بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُ عَدَاوَةٌ كَأَنَّهُ وَلِيٌّ حَمِيمٌ﴾**

﴿ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ. سەن (يامانلىقنى) ئەڭ ياخشى بىر ئۇسۇلدا قايتۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.﴾ [فۇسسىلەت، 34/41]

**ياخشى ئىشقا ئۈندەپ، يامان ئىشتىن قايتۇرۇش:**

**﴿وَلْتَكُنْ مِنْكُمْ أُمَّةٌ يَدْعُونَ إِلَى الْخَيْرِ وَيَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ ۚ وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾**

﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.﴾ [ئال ئىمران، 104/3]

**﴿وَتَعَاوَنُواْ عَلَى الْبرِّ وَالتَّقْوَى وَلاَ تَعَاوَنُواْ عَلَى الإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾**

﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار.﴾ [مائىدە، 2/5]

**ھەر ئىشتا ئادالەتلىك ۋە مېھىر-شەپقەتلىك بولۇش:**

**﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُ بِالْعَدْلِ وَالإِحْسَانِ وَإِيتَاء ذِي الْقُرْبَى وَيَنْهَى عَنِ الْفَحْشَاء وَالْمُنكَرِ وَالْبَغْيِ يَعِظُكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ﴾**

﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادالەتكە، ھەر ئىشنى ﻗېتىرقىنىپ قىلىشقا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن)، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند ـ نەسىھەت قىلىدۇ﴾ [مائىدە، 2/5]

## خەير ـ ئېھسان قىلىش:

﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا أَنْفِقُوا مِمَّا رَزَقْنَاكُمْ مِنْ قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَ يَوْمٌ لَا بَيْعٌ فِيهِ وَلَا خُلَّةٌ وَلَا شَفَاعَةٌ ۗ وَالْكَافِرُونَ هُمُ الظَّالِمُونَ**﴾

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! سودا ـ سېتىق، دوستلۇق ۋە ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز شاپائەت بولمايدىغان كۈن كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەنلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. ناشۈكۈرلۈك قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر﴾ [بەقەرە، 254/2]

﴿**وَأَنْفِقُوا مِنْ مَا رَزَقْنَاكُمْ مِنْ قَبْلِ أَنْ يَأْتِيَ أَحَدَكُمُ الْمَوْتُ فَيَقُولَ رَبِّ لَوْلَا أَخَّرْتَنِي إِلَىٰ أَجَلٍ قَرِيبٍ فَأَصَّدَّقَ وَأَكُنْ مِنَ الصَّالِحِينَ**﴾

﴿بىرىڭلارغا ئۆلۈم كېلىپ: «رەببىم! نېمىشقا مېنى بىر ئاز كېچىكتۈرمىدىڭ، سەدىقە قىلىپ ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دېيىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈڭلارغا رىزىق قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى سەدىقە قىلىڭلار.﴾ [مۇنافىقۇن، 10/63]

## ئاتا ـ ئىھساننى مەخپىي قىلىش:

﴿**إِنْ تُبْدُوا الصَّدَقَاتِ فَنِعِمَّا هِيَ ۖ وَإِنْ تُخْفُوهَا وَتُؤْتُوهَا الْفُقَرَاءَ فَهُوَ خَيْرٌ**

**لَكُمْ ۚ وَيُكَفِّرُ عَنْكُمْ مِنْ سَيِّئَاتِكُمْ ۗ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾**

﴿سەدىقىنى ئاشكارا بەرسەڭلار بۇ ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنى مەخپى بەرسەڭلار ۋە يوقسۇللارغا بەرسەڭلار، تېخىمۇ ياخشىدۇر. بۇ سىلەرنىڭ بەزى گۇناھلىرىڭلارغا كاپارەت بولىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقىنىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.﴾ [بەقەرە، 271/2]

**بېخىللىقنى سۆكۈش:**

**﴿وَلَا يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ هُوَ خَيْرًا لَهُمْ ۖ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَهُمْ ۖ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُوا بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ۗ وَلِلَّهِ مِيرَاثُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ ۗ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾**

﴿ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر؛ ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ قىلىۋاتقىنىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.﴾ [ئال ئىمران، 180/3]

**بېخىللارغا تەھدىد:**

**﴿وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلَا يُنْفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللَّهِ فَبَشِّرْهُمْ بِعَذَابٍ أَلِيمٍ يَوْمَ يُحْمَىٰ عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَىٰ بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنُوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ ۖ هَٰذَا مَا كَنَزْتُمْ لِأَنْفُسِكُمْ فَذُوقُوا مَا كُنْتُمْ تَكْنِزُونَ﴾**

﴿ئالتۇن ـ كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ

قىلمايدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: «بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلار. ئەمدى يىغقانلىرىڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار» دېيىلىدۇ.﴾ [تەۋبە، 34/9، 35]

## ئىجتىمائىي ھاياتتىكى مەنئىلەر

### ئامانەتكە ۋە ئىشەنچكە خىيانەت قىلىشتىن توسۇش:

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَخُونُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُوا أَمَانَاتِكُمْ وَأَنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾**

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار.﴾ [ئەنفال، 27/8]

### كىشىلەرگە ئازار بېرىشتىن توسۇش:

**﴿وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُبِينًا﴾**

﴿مۇئمىنلەر ۋە مۇئمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ.﴾ [ئەھزاب، 57/33]

**كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشتىن توسۇش:**

**﴿وَمَنْ يَظْلِمْ مِنْكُمْ نُذِقْهُ عَذَابًا كَبِيرًا﴾**

﴿سىلەردىن كىمكى زۇلۇم قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بىز قاتتىق ئازابنى تېتىتىمىز.﴾ [فۇرقان، 19/25]

**﴿إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ﴾**

﴿ئاللاھ زالىملارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ.﴾ [شۇرا، 40/42]

**يامانلىق قىلغۇچىلارغا يان بېسىشتىن توسۇش:**

**﴿وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ﴾**

﴿گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار.﴾ [مائىدە، 2/5]

**خائىنلارغا يانداش بولۇشتىن توسۇش:**

**﴿وَلاَ تَكُن لِّلْخَآئِنِينَ خَصِيمًا﴾**

﴿خائىنلارنىڭ تەرەپىنى ئالما.﴾ [نىسا، 105/4]

**ئەھدىنى بۇزۇشتىن توسۇش:**

**﴿وَأَوْفُوا بِعَهْدِ اللَّهِ إِذَا عَاهَدْتُمْ وَلَا تَنْقُضُوا الْأَيْمَانَ بَعْدَ تَوْكِيدِهَا وَقَدْ جَعَلْتُمُ اللَّهَ عَلَيْكُمْ كَفِيلًا ۚ إِنَّ اللَّهَ يَعْلَمُ مَا تَفْعَلُونَ﴾**

﴿سىلەر ئەھدە تۈزۈشكەنلىرىڭلاردا، ئاللاھنىڭ ئەھدىگە ۋاپا قىلىڭلار، قەسەمىڭلارنى (ئاللاھنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) پۇختىلىغاندىن كېيىن بۇزماڭلار، چۈنكى سىلەر ئاللاھنى گۇۋاھچى

قىلدىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.﴾ [نەھل، 91/16]

**ھەقىقەتنى يوشۇرۇشتىن توسۇش:**

**﴿وَلَا تَكْتُمُوا الشَّهَادَةَ ۚ وَمَنْ يَكْتُمْهَا فَإِنَّهُ آثِمٌ قَلْبُهُ ۗ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ﴾**

﴿ گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، بىلسۇنكى، ئۇنىڭ دىلى گۇناھكاردۇر. ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى تامامەن بىلگۈچىدۇر.﴾ [بەقەرە، 283/2]

**يېتىملارغا ۋە پېقىرلارغا يېرىك مۇئامىلە قىلىشتىن توسۇش:**

**﴿فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلَا تَقْهَرْ وَأَمَّا السَّائِلَ فَلَا تَنْهَرْ﴾**

﴿يېتىمنى خارلىما. سائىلغا قوپاللىق قىلما.﴾ [زۇھا، 9/93، 10]

**كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشتىن توسۇش:**

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِنْ قَوْمٍ عَسَىٰ أَنْ يَكُونُوا خَيْرًا مِنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِنْ نِسَاءٍ عَسَىٰ أَنْ يَكُنَّ خَيْرًا مِنْهُنَّ ۖ وَلَا تَلْمِزُوا أَنْفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ ۖ بِئْسَ الِاسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ ۚ وَمَنْ لَمْ يَتُبْ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾**

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن. بەلكى ئۇلار مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن. ئاياللارمۇ ئاياللارنى مەسخىرە قىلمىسۇن. بەلكى ئۇلار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن. بىر - بىرىڭلارنى

ئەيىبلىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پاسىقلىق نېمىدېگەن يامان ئىسىم! تەۋبە قىلمىغانلار چوقۇم زالىملاردۇر.﴾ [ھۇجۇرات، 11/49]

**كىشىلەرنى تۆۋەن كۆرۈشتىن توسۇش:**

**﴿لَا تُصَعِّرْ خَدَّكَ لِلنَّاسِ وَلَا تَمْشِ فِي الْأَرْضِ مَرَحًا ۖ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ﴾**

﴿ كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتىن ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈمىگىن، يەر يۈزىدە غادىيىپ يۈرمىگىن. چۈنكى ئاللاھ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ماختىنىپ يۈرىدىغانلارنى ئەسلا ياقتۇرمايدۇ.﴾ [لۇقمان، 18/31]

**كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشتىن توسۇش:**

**﴿وَلَا تَجَسَّسُوا﴾**

﴿كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار.﴾ [ھۇجۇرات، 12/49]

**غەيۋەت قىلىشتىن توسۇش**

**﴿وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا ۚ أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا ﴾**

﴿بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟﴾ [ھۇجۇرات، 12/49]

**گەپ توشۇشتىن توسۇش:**

**﴿وَيْلٌ لِكُلِّ هُمَزَةٍ لُمَزَةٍ﴾**

﴿(كىشىلەرنى) ئەيىبلىگۈچى سۇخەنچىگە ۋاي!﴾ [ھۇمەزە، 1/104]

**كىشىلەرگە بوھتان چاپلاشتىن توسۇش:**

**﴿إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَنْ تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ ۚ ﴾**

﴿مۇئمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغانلارغا، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب باردۇر.﴾ [نۇر، 19/24]

## ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئەدەپ-ئەخلاقلار

**باشقىلارنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز كىرمەسلىك:**

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ بُيُوتِكُمْ حَتَّىٰ تَسْتَأْنِسُوا وَتُسَلِّمُوا عَلَىٰ أَهْلِهَا ۚ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ. فَإِنْ لَمْ تَجِدُوا فِيهَا أَحَدًا فَلَا تَدْخُلُوهَا حَتَّىٰ يُؤْذَنَ لَكُمْ ۖ وَإِنْ قِيلَ لَكُمُ ارْجِعُوا فَارْجِعُوا ۖ هُوَ أَزْكَىٰ لَكُمْ ۚ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ﴾**

﴿ئى ئىمان ئېيتقانلار! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن تولىمۇ ياخشىدۇر. ۋەز - نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (بۇ تەۋسىيە قىلىنىدى). ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە «قايتىڭلار» دېيىلسە قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ

ياخشىدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقانلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾ [نۇر، 24/27~29]

**ئۆيگە كىرىشتە سالام بېرىش:**

**﴿فَإِذَا دَخَلْتُمْ بُيُوتًا فَسَلِّمُوا عَلَىٰ أَنْفُسِكُمْ تَحِيَّةً مِنْ عِنْدِ اللَّهِ مُبَارَكَةً طَيِّبَةً ۚ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمُ الْآيَاتِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ﴾**

﴿سىلەر ئۆيلەرگە كىرگەن چېغىڭلاردا بىر-بىرىڭلارغا ئاللاھ بەلگىلىگەن مۇبارەك، پاك سالامنى بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئايەتلەرنى مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ.﴾ [نۇر، 24/61]

**سالامنى ئېلىك ئېلىش ۋە قايتۇرۇش:**

**﴿وَإِذَا حُيِّيتُمْ بِتَحِيَّةٍ فَحَيُّوا بِأَحْسَنَ مِنْهَا أَوْ رُدُّوهَا ۗ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ حَسِيبًا﴾**

﴿ بىرار سىلەرگە سالام بەرسە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشى سالام بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇڭلار، ياكى ئۇنىڭ سالامىنى ئەينەن قايتۇرۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ ھېسابىنى ئالغۇچىدۇر.﴾ [نىسا، 4/86]

**سورۇندا جاي تالاشماسلىق:**

**﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا قِيلَ لَكُمْ تَفَسَّحُوا فِي الْمَجَالِسِ فَافْسَحُوا يَفْسَحِ اللَّهُ لَكُمْ ۖ وَإِذَا قِيلَ انْشُزُوا فَانْشُزُوا يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ ۚ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ خَبِيرٌ﴾**

﴿ئىمان ئېيتقانلار! ئەگەر سىلەرگە: «ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار» دېيىلسە، ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (رەھمىتى بىلەن

جەننەتنى) كېڭەيتىپ بېرىدۇ. ئەگەر سىلەرگە «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار» دېيىلسە، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ بېرىڭلار. ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقان ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر.﴾ [مۇجادەلە، 58/11]

## كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىش:

﴿وَقُلْ لِعِبَادِي يَقُولُوا الَّتِي هِيَ أَحْسَنُ ۚ إِنَّ الشَّيْطَانَ يَنْزَغُ بَيْنَهُمْ ۚ إِنَّ الشَّيْطَانَ كَانَ لِلْإِنْسَانِ عَدُوًّا مُبِينًا﴾

﴿بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغايدۇ. چۈنكى شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر.﴾ [ئىسرا، 17/53]

## ئەخلاققا دائىر «ھەدىس شەرىف»لەردىن تاللانمىلار

**1– «مَنْ سَرَّهُ أَن يُنْجِيَهُ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ، فَلْيُنَفِّسْ عَنْ مُعْسِرٍ أَوْ يَضَعْ عَنْهُ»** [رواه مسلم]

كىمكى، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ قۇتقۇزۇشىنى خالىسا، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزدار كىشىگە كەڭچىلىك قىلسۇن ياكى ئۇنىڭ قەرزىنى پۈتۈنلەي ئۆتنۈۋەتسۇن.

**2– «مَا مِنْ رَجُلٍ يَعُودُ مَرِيضًا مُمْسِيًا إِلاَّ خَرَجَ مَعَهُ سَبْعُونَ أَلْفَ مَلَكٍ يَسْتَغْفِرُونَ لَهُ حَتَّى يُصْبِحَ، وَكَانَ لَهُ خَرِيفٌ فِي الْجَنَّةِ، وَمَنْ أَتَاهُ مُصْبِحًا خَرَجَ مَعَهُ سَبْعُونَ أَلْفَ مَلَكٍ يَسْتَغْفِرُونَ لَهُ حَتَّى يُمْسِي، وَكَانَ لَهُ خَرِيفٌ فِي الْجَنَّةِ.»** [رواه أبو داود والترمذي]

كىمكى بىر كېسەلنى ئاخشامدا يوقلىسا، ئۇنىڭ بىلەن يەتمىش مىڭ پەرىشتە بىرگە چىقىدۇ ۋە ئەتىگەنگىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر باغچە بېرىلىدۇ. كىم بىر كېسەلنى ئەتىگەندە يوقلىسا، ئۇنىڭ بىلەن يەتمىش مىڭ پەرىشتە بىرگە چىقىدۇ ۋە ئاخشامغىچە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر باغچە بېرىلىدۇ.

**3– «جَعَلَ اللهُ الرَّحْمَةَ مَائَةَ جُزْءٍ، فَأَمْسَكَ عِنْدَهُ تِسْعَةً وَتِسْعِينَ، وَأَنْزَلَ فِي الأَرْضِ جُزْءًا وَاحِدًا، فَمِنْ ذَلِكَ الْجُزْءِ يَتَرَاحَمُ الْخَلاَئِقُ حَتَّى تَرْفَعَ الدَّابَّةُ حَافِرَهَا عَنْ وَلَدِهَا خَشْيَةَ أَنْ تُصِيبَهُ.»** [رواه البخاري]

ئاللاھ رەھمەتنى يۈز پارچە قىلدى، توقسان توققۇز پارچىسىنى

ئىلىپ قىلىپ، بىر پارچىسىنى دۇنياغا چۈشۈردى. پۈتكۈل مەخلۇقاتلار مۇشۇ بىر پارچە رەھمەت بىلەن بىر ـ بىرىگە شەپقەت قىلىدۇ، ھەتتا ئانا ئات تايلىقى ئىمغۇتقاندا بېشىغا تېگىپ كەتمىسۇن دەپ پۇتىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

**4- «مَثَلُ الْمُؤْمِنِينَ فِي تَوَادِّهِمْ وَتَرَاحُمِهِمْ وَتَعَاطُفِهِمْ مَثَلُ الْجَسَدِ إِذَا اشْتَكَى مِنْهُ عُضْوٌ تَدَاعَى لَهُ سَائِرُ الْجَسَدِ بِالسَّهَرِ وَالحُمَّى.»** [رواه البخاري]

مۇئمىنلەر بىر ـ بىرىنى سۆيۈش، بىر ـ بىرىگە رەھىم قىلىش ۋە بىر ـ بىرىگە ھېسداشلىق قىلىشتا بىر بەدەنگە ئوخشايدۇ. ئۇ بەدەننىڭ قايسىبىر ئەزاسى ئاغرىسا پۈتۈن ئەزالار ئىسسىتماش ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئورتاق بولىدۇ.

**5- «خَيْرُ بَيْتٍ فِي الْمُسْلِمِينَ بَيْتٌ فِيهِ يَتِيمٌ يُحْسَنُ إِلَيْهِ. وَشَرُّ بَيْتٍ فِي الْمُسْلِمِينَ بَيْتٌ فِيهِ يَتِيمٌ يُسَاءُ إِلَيْهِ.»** [رواه ابن ماجة]

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئۆي، يېتىمغا ياخشىلىق قىلىنىدىغان ئۆيدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرى ئىچىدە ئەڭ يامان ئۆي، يېتىمغا يامانلىق قىلىنىدىغان ئۆيدۇر.

**6- «مَنْ نَفَّسَ عَنْ مُؤْمِنٍ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ الدُّنْيَا، نَفَّسَ اللهُ عَنْهُ كُرْبَةً مِنْ كُرَبِ يَوْمِ الْقِيَامَةِ، وَمَنْ يَسَّرَ عَلَى مُعْسِرٍ يَسَّرَ اللهُ عَلَيْهِ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ، وَمَنْ سَتَرَ مُسْلِمًا سَتَرَهُ اللهُ فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ، وَاللهُ فِي عَوْنِ الْعَبْدِ مَكَان الْعَبْدُ فِي عَوْنِ أَخِيهِ.»** [رواه الترمذي]

كىم بىر مۇئمىننىڭ دۇنياۋى قىيىنچىلىقىدىن بىر قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى

قىيىنچىلىقلىرىدىن چوڭ بىر قىيىنچىلىقنى كۆتىرىۋېتىدۇ. كىم بىر نامراتقا ئاسانلىق يارىتىپ بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلىق بېرىدۇ. كىم بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى يۆگىسە، ئاللاھ ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يۆگەيدۇ. بەندە بۇرادىرىنىڭ ياردىمىدە بولغان مۇددەتچە ئاللاھ ئۇنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ.

**7- «مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلاَ يُؤْذِي جَارَهُ، مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلْيُكْرِمْ ضَيْفَهُ، مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَلْيَقُلْ خَيْرًا أَوْ لِيَسْكُتْ.»** [رواه البخاري ومسلم]

ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى قوشنىسىغا ئازار بەرمىسۇن؛ ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى مېھمىنىغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلسۇن؛ ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن.

**8- «مَنْ يُحْرَمِ الرِّفْقَ يُحْرَمِ الْخَيْرَ كُلَّهُ.»** [رواه مسلم]

يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشتىن مەھرۇم بولغان كىشى ياخشىلىقنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

**9- «لَيْسَ مِنَّا مَنْ لَمْ يَرْحَمْ صَغِيرَنَا، وَيُوَقِّرْ كَبِيرَنَا، وَيَأْمُرْ بِالْمَعْرُوفِ، وَيَنْهَ عَنِ الْمُنْكَرِ»**

كىچىكلىرىمىزگە شەپقەت، چوڭلىرىمىزغا ھۆرمەت قىلمىغان، ياخشىلىققا تەرغىب قىلىپ، يامانلىقتىن توسمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس.

**10**- «**ثَلاَثٌ مَنْ كُنَّ فِيهِ نَشَرَ اللهُ عَلَيْهِ كَنَفَهُ وَأَدْخَلَهُ الْجَنَّةَ، رِفْقٌ بِالضَّعِيفِ، والشَّفْقَةُ عَلَى الْوَالِدَيْنِ، وَالإِحْسَانِ إِلَى الْمَمْلُوكِ.**» [رواه الترمذي]

ئۈچ نەرسە بار، ئۇ كىمدە بولسا، ئاللاھ ئۇنى ھىمايىسىگە ئالىدۇ ۋە ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ: ئاجىزلارغا مېھىر ـ شەپقەتلىك ۋە مۇلايىم بولۇش، ئاتا ـ ئانىغا شەپقەت قىلىش ۋە قۇللارغا ياخشىلىق قىلىش.

**11**- «**لَيْسَ الشَّدِيدُ بِالصُّرْعَةِ، إِنَّمَا الشَدِيدُ الَّذِي يَمْلِكُ نَفْسَهُ عِنْدَ الْغَضَبِ.**» [رواه البخاري ومسلم]

رەقىبىنى يىقىتقان كۈچلۈك ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالالىغان كۈچلۈكتۇر.

**12**- «**بَيْنَمَا رَجُلٌ يَمْشِي بِطَرِيقٍ اشْتَدَّ عَلَيْهِ الْعَطَشُ، فَوَجَدَ بِئْرًا فَنَزَلَ فِيهَا فَشَرِبَ، ثُمَّ خَرَجَ فَإِذَا كَلْبٌ يَلْهَثُ يَأْكُلُ الثَّرَى مِنَ الْعَطَشِ، فَقَالَ الرَّجُلُ: لَقَدْ بَلَغَ هَذَا الْكَلْبُ مِنَ الْعَطَشِ مِثْلَ الَّذِي كَانَ قَدْ بَلَغَ مِنِّي، فَنَزَلَ الْبِئْرَ فَمَلأَ خُفَّهُ مَاءً ثُمَّ أَمْسَكَهُ بِفِيهِ حَتَّى رَقِيَ فَسَقَى الْكَلْبَ، فَشَكَرَ اللهُ لَهُ فَغَفَرَ لَهُ، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ! إِنَّ لَنَا فِي الْبَهَائِمِ أَجْرًا؟ فَقَالَ: فِي كُلِّ كَبِدٍ رَطْبَةٍ أَجْرٌ.**» [رواه البخاري ومسلم]

بىر ئادەم يولدا كېتىۋاتقاندا ناھايىتى قاتتىق ئۇسساپ كەتتى، يولدا بىر قۇدۇق ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا چۈشۈپ سۇ ئىچتى. سىرتقا چىقىشىغا ئۇسسۇزلۇقتىن تىلى ساڭگىلاپ، تۇمشۇقىنى توپىغا مىلەۋاتقان بىر ئىتنى كۆردى. ئۇ ئۆز ئۆزىگە بۇ ئىت ماڭا ئوخشاش قاتتىق ئۇسساپ كېتىپتۇ، دېدى ـ دە، قۇدۇققا يېنىپ چۈشۈپ، ئۆتۈكىگە سۇ تولدۇرۇپ،

چىشى بىلەن چىشلەپ، قۇدۇقتىن چىقىپ ئىتنى سۇغۇردى. ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا خۇرسەن بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلدى. ساھابىلەر: يا رەسۇلۇللاھ! بىزگە ھايۋاناتلاردىمۇ مۇكاپات بېرىلەمدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ: «ھەر بىر جان ئىگىسىدە مۇكاپات بار» دېدى.

**13- «اَلرَّاحِمُونَ يَرْحَمُهُمُ اللهُ تَعَالَى، اِرْحَمُوا مَنْ فِي الأَرْضِ يَرْحَمْكُمْ مَنْ فِي السَمَاءِ»** [رواه الترمذي وأبو داود]

ئاللاھ تائالا رەھىم قىلغۇچىلارغا رەھىم قىلىدۇ، يەردىكىلەرگە رەھىم قىلىڭلار، ئاسماندىكى زات سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ. بۇ تەرجىمىدە تىكىست ئىچىدىكى بىلەن ئوخشاش بولسۇن، يەنى ئاسماندىكىلەر، ياكى ئاسماندىكى زات. تىكىست ئىچىدىكىنى قانداق ئالساق بۇنىمۇ شۇنداق ئالىلى.

**14- «إِنِّي إِنَّمَا بُعِثْتُ رَحْمَةً وَلَمْ أُبْعَثْ لَعَّانًا.»** [رواه مسلم]

مەن لەنەت قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەن رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلدىم.

**15- «مَا أَكْرَمَ شَابٌّ شَيْخًا لِسِنِّهِ إِلاَّ قَيَّضَ اللهُ لَهُ مَنْ يُكْرِمُهُ عِنْدَ سِنِّهِ.»** [رواه الترمذي]

بىر يىگىت ياشانغان بىر كىشىگە يېشى سەۋەبلىك ياخشىلىق قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياشانغاندا ياخشىلىق قىلىدىغان كىشىلەرنى چوقۇم تەقدىر قىلىدۇ.

**16- «مَا مِنْ مُسْلِمٍ يَغْرِسُ غَرْسًا أَوْ يَزْرَعُ زَرْعًا فَيَأْكُلُ مِنْهُ طَيْرٌ أَوْ إِنْسَانٌ أَوْ بَهِيمَةٌ إلاَّ كَانَ لَهُ بِهِ صَدَقَةٌ.»** [رواه مسلم]

بىر مۇسۇلمان بىر دەرەخ تىكىپ ياكى بىر ئۇرۇق تېرىپ قويسا، ئۇنىڭ مەھسۇلىدىن بىر ئۇچارلىق ياكى بىر ئىنسان ياكى بىر ھايۋان يېسە، چوقۇم ئۇ كىشىگە سەدىقە بولىدۇ.

**17**- «**دِينَارٌ أَنْفَقْتَهُ فِي سَبِيلِ اللهِ، وَدِينَارٌ أَنْفَقْتَهُ فِي رَقَبَةٍ، وَدِينَارٌ تَصَدَّقْتَ بِهِ عَلَى مِسْكِينٍ، وَدِينَارٌ أَنْفَقْتَهُ عَلَى أَهْلِكَ، أَعْظَمُهَا أَجْرًا الَّذِي أَنْفَقْتَهُ عَلَى أَهْلِكَ.**» [رواه مسلم]

ئاللاھ يولىدا بىر دىنار چىقىم قىلدىڭ، قۇل ئازاد قىلىشقا بىر دىنار بەردىڭ، مىسكىنگە بىر دىنار سەدىقە قىلدىڭ، ئائىلەڭگە بىر دىنار خەجلىدىڭ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ساۋابى ئەڭ چوڭ بولغىنى ئائىلەڭگە خەجلىگەن دىناردۇر.

**18**- «**اِتَّقُوا النَّارَ وَلَوْ بِشِقِّ تَمْرَةٍ فَمَنْ لَمْ يَجِدْ فَبِكَلِمَةٍ طَيِّبَةٍ.**» [رواه البخاري ومسلم]

يېرىم خورما بىلەن بولسىمۇ ئۆزۈڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇنىمۇ تاپالمىغان كىشى ياخشى سۆز بىلەن ئۆزىنى ساقلىسۇن.

**19**- «**لَوْ لاَ أَنَّكُمْ تُذْنِبُونَ لَذَهَبَ اللهُ تَعَالَى بِكُمْ وَخَلَقَ خَلْقًا يُذْنِبُونَ فَيَغْفِرُ لَهُمْ.**» [رواه مسلم والترمذي]

ئەگەر سىلەر پەقەت گۇناھ قىلمىغان بولساڭلار، ئاللاھ تائالا سىلەرنى يوقىتىپ، ئورنۇڭلارغا گۇناھ قىلىدىغان، لېكىن تەۋبە قىلغانلىقى سەۋەبلىك مەغپىرەتكە ئېرىشىدىغان كىشىلەرنى يارىتاتتى.

**20**- «**مَازَالَ جِبْرِيلُ يُوصِينِي بِالْجَارِ حَتَّى ظَنَنْتُ أَنَّهُ سَيُوَرِّثُهُ**» [رواه البخاري

ومسلم]

جىبرىل ماڭا قوشنا ھەققىدە شۇنداق كۆپ تەۋسىيە قىلدىكى، قوشنىنى قوشنىغا مىراسخور قىلىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ قالدىم.

**21- «مَنْ عَالَ ثَلاَثَ بَنَاتٍ، أَوْ أَخَوَاتٍ، أَوْ أُخْتَيْنِ، أَوْ بِنْتَيْنِ فَأَدَّبَهُنَّ وَأَحْسَنَ إِلَيْهِنَّ، وَزَوَّجَهُنَّ فَلَهُ الْجَنَّةُ»** [رواه أبو داود والترمذي]

ئۈچ قىزنى يا ئۈچ ھەمشىرىنى يا ئىككى ھەمشىرىنى ياكى ئىككى قىزنى بېقىپ، تەربىيەلەپ ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ياتلىق قىلغان كىشىنىڭ مۇكاپىتى جەننەت بولىدۇ.

**22- «لَيْسَ الْمُؤْمِنُ بِطَعَّانٍ وَلاَ لَعَّانٍ وَلاَ فَحِشٍ وَلاَ بَذِيءٍ»** [رواه الترميذي]

مۇئمىن تەنە قىلغۇچى، لەنەت قىلغۇچى، قەبىھ سۆز قىلغۇچى ۋە ھاياسىز ئەمەستۇر.

**23- «رَغِمَ أَنْفُهُ، رَغِمَ أَنْفُهُ، رَغِمَ أَنْفُهُ، قِيلَ مَنْ يَا رَسُولَ اللهِ؟ قَالَ: مَنْ أَدْرَكَ وَالِدَيْهِ عِنْدَ الْكِبَرِ، أَوْ أَحَدَهُمَا ثُمَّ لَمْ يَدْخُلِ الْجَنَّةَ»** [رواه مسلم والترميذي]

رەسۇلۇللاھ: «بۇرنى يەرگە سۈرۈلسۇن، بۇرنى يەرگە سۈرۈلسۇن، بۇرنى يەرگە سۈرۈلسۇن» دېدى. كىمنىڭ يا رەسۇلۇللاھ! دەپ سورالدى، رەسۇلۇللاھ: «ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۇ ئىككىسىدىن بىرى ياشىنىپ قالغاندا يېنىدا بولۇپ تۇرۇپ جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشى» دېدى. [يەنى ئاتا ـ ئانىسىغا خىزمەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشى يەر بىلەن يەكسان بولسۇن، دېگەن بولىدۇ. ـــ ت ]

**24- «يَقُولُ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى: وَجَبَتْ مَحَبَّتِي لِلْمُتَحَابِّينَ فِيَّ،**

**وَلِلْمُتَجَالِسِينَ فِيَّ، وَلِلْمُتَزَاوِرِينَ فِيَّ، وَلِلْمُتَبَاذِلِينَ فِيَّ»** [الموطأ]

ئاللاھ تائالا: «مەن ئۈچۈن دوست بولۇشقان، مەن ئۈچۈن ھەممەجلىس بولۇشقان، مەن ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى زىيارەت قىلىشقان، مەن ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە چىقىم قىلىشقانلارغا مۇھەببىتىم ۋاجىپ بولدى» دەيدۇ.

**25ـ «إِنَّ مِنْ أَبَرِّ الْبِرِّ أَن يَصِلَ الرَّجُلُ أَهْلَ وُدِّ أَبِيهِ بَعْدَ أَن يُوَلِّى»** [رواه مسلم والترمذي]

ياخشىلىقلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن بىرى، كىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىنىڭ دوستىنىڭ ئەھلىگە سىلە ـ رەھىم قىلىشىدۇر.

**26ـ «لاَ تَحْقِرَنَّ مِنَ الْمَعْرُوفِ شَيْئاً وَلَوْ أَنْ تَلْقَى أَخَاكَ بِوَجْهٍ طَلِيقٍ»** [رواه مسلم]

ياخشىلىقلارنىڭ ھېچبىرىنى كىچىك سانىما، ھەتتا بىر بۇرادىرىڭنى ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئېلىشىڭمۇ كىچىك ئىش ئەمەس.

**27ـ «تَعْدِلُ بَيْنَ الاِثْنَيْنِ صَدَقَةٌ، وَتُعِينُ الرَّجُلَ فِي دَابَّتِهِ فَتَحْمِلُهُ عَلَيْهَا أَوْ تَرْفَعُ لَهُ عَلَيْهَا مَتَاعَهُ صَدَقَةٌ، قَالَ: وَالْكَلِمَةُ الطَّيِّبَةُ صَدَقَةٌ، وَبِكُلِّ خَطْوَةٍ تَمْشِيهَا إِلَى الصَّلاَةِ صَدَقَةٌ، وَتُمِيطُ الأَذَى عَنِ الطَّرِيقِ صَدَقَةٌ.»** [رواه البخاري ومسلم]

ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق قىلىشىڭ سەدىقىدۇر. بىراۋنىڭ ئۇلىقىغا مىنىشىگە، ياكى يۈكىنى كۆتۈرۈشكە ياردەم قىلىشىڭ سەدىقىدۇر. ياخشى سۆز سەدىقىدۇر. نامازغا ماڭغان ھەر بىر قەدەم سەدىقىدۇر. يولدىن ئىنسانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىش سەدىقىدۇر.

**28-** «**هُمْ إِخْوَانُكُمْ وَخَوَلُكُمْ، جَعَلَهُمُ اللهُ تَحْتَ أَيْدِيكُمْ، فَمَنْ كَانَ أَخُوهُ تَحْتَ يَدِهِ فَلْيُطْعِمْهُ مِمَّا يَأْكُلُ، وَلْيُلْبِسْهُ مِمَّا يَلْبَسُ، وَلاَ تُكَلِّفُهُمْ مِنَ الْعَمَلِ مَا يَغْلِبُهُمْ، فَإِنْ كَلَّفْتُمُوهُمْ فَأَعِينُوهُمْ عَلَيْهِ**» [رواه البخاري ومسلم]

خىزمەتچىلىرىڭلار بۇرادەرلىرىڭلار ۋە يېقىنىڭلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنى قول ئاستىڭلاردا قىلىپتۇ. كىمنىڭ بۇرادىرى قولى ئاستىدا بولسا، ئۇنىڭغا يېگىنىدىن يېگۈزسۇن، كەيگىنىدىن كەيگۈزسۇن. ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇماڭلار، ئەگەر بۇيرۇساڭلار، ئۇنىڭغا ياردەملىشىڭلار.

**29-** «**أَكْمَلُ الْمُؤْمِنِينَ إِيمَاناً أَحْسَنُهُمْ خُلُقاً، وَخِيَارُكُمْ خِيَرُكُمْ لِنِسَائِهِمْ**» [رواه ابن ماجة والدارمي]

مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانى ئەڭ مۇكەممەل بولغىنى، ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل بولغانلىرىدۇر. سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئايالىغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغىنىڭلاردۇر.

**30-** «**إِنَّ الرِّفْقَ مَا كَان فِي شَيْءٍ إِلاَّ زَانَهُ، وَلاَ نُزِعَ مِنْ شَيْءٍ إِلاَّ شَانَهُ**» [رواه مسلم وأبو داود]

يۇمشاقلىق قايسىبىر نەرسىگە كىرسە ئۇنى گۈزەللەشتۈرىدۇ، ئۇ قايسىبىر نەرسىدىن چىقىرىلسا ئۇنى سەتلەشتۈرىۋېتىدۇ.

**31-** «**لاَ يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى يُحِبَّ لأَخِيهِ مَا يُحِبُّ لِنَفْسِهِ**» [رواه البخاري ومسلم]

سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى بۇرادىرى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايدۇ.

**32- «اِتَّقِ اللهَ حَيْثُمَا كُنْتَ، وَأَتْبِعِ السَّيِّئَةَ الْحَسَنَةَ تَمْحُهَا، وَخَالِقِ النَّاسَ بِخُلُقٍ حَسَنٍ.»** [رواه الترمذي]

قەيەردە بولساڭ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن ساقلانغىن. يامانلىق قىلىپ قويساڭ، ھامان ياخشىلىق قىلغىنكى ئۇنى ئۆچۈرسۇن. ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن.

**33- «لاَ تَبَاغَضُوا، وَلاَ تَحَاسَدُوا، وَلاَ تَدَابَرُوا، وَكُونُوا عِبَادَ اللهِ إِخْوَاناً، وَلاَ يَحِلُّ لِمُسْلِمٍ أَن يَّهْجُرَ أَخَاهُ فَوْقَ ثَلاَثَةِ أَيَّامٍ.»** [رواه البخاري]

بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئاداۋەتلەشمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى تەرك ئەتمەڭلار، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇڭلار، بىر مۇسۇلماننىڭ دىنى قېرىندىشىغا بىلەن ئۈچ كۈندىن زىيادە ئاداۋەت تۇتۇشى ھالال ئەمەس.

**34- «مَنْ لاَ يَرْحَمِ النَّاسَ لاَ يَرْحَمْهُ اللهُ.»** [رواه مسلم والترمذي]

ئىنسانلارغا رەھىم قىلمىغان كىشىگە ئاللاھ رەھىم قىلمايدۇ.

**35- «يَسِّرُوا وَلاَ تُعَسِّرُوا، بَشِّرُوا وَلاَ تُنَفِّرُوا.»** [رواه البخاري ومسلم]

ئاسانلاشتۇرۇڭلار، تەسلەشتۈرمەڭلار. خۇشخەۋەر بېرىڭلار، قاچۇرۇۋەتمەڭلار.

**36- «الْمُؤْمِنُ لِلْمُؤْمِنِ كَالْبُنْيَانِ يَشُدُّ بَعْضُهُ بَعْضًا.»** [رواه النسائي]

مۇئمىن يەنە بىر مۇئمىن ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرىدىغان مۇستەھكەم بىناغا ئوخشايدۇ.

**37- «مَنِ اسْتَعَاذَ بِاللهِ فَأَعِيذُوهُ، وَمَنْ سَأَلَ بِاللهِ فَأَعْطُوهُ، وَمَنْ دَعَاكُمْ فَأَجِيبُوهُ، وَمَنْ صَنَعَ إِلَيْكُمْ مَعْرُفاً فَكَافِئُوهُ، فَإِنْ لَمْ تَجِدُوا مَا تُكَافِئُونَهُ بِهِ، فَادْعُوا لَهُ حَتَّى تَرَوْا أَنَّكُمْ قَدْ كَافَأْتُمُوهُ.»** [رواه النسائي وأبو داود]

كىمكى ئاللاھقا سېغىنسا، ئاللاھ ئۇنى پاناھىغا ئالىدۇ. كىمكى ئاللاھتىن تىلىسە، ئاللاھ ئۇنى بېرىدۇ. بىراۋ سىلەرنى چاقىرسا، ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلار. بىراۋ سىلەرگە بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنى مۇكاپاتلاڭلار. ئەگەر ئۇنى مۇكاپاتلايدىغان نەرسە تاپالمىساڭلار، ئۇنى مۇكاپاتلىغانلىقىڭلارغا قانائەتلەنگىنىڭلارغا قەدەر ئۇنىڭغا دۇئا قىلىڭلار.

**38- «عُرِضَتْ عَلَيَّ أَعْمَالُ أُمَّتِي حَسَنُهَا وَسَيِّئُهَا، فَوَجَدتُّ فِي مَحَاسِنِ أَعْمَالِهَا الأَذَى يُمَاطُ عَنِ الطَّرِيقِ.»** [رواه مسلم وابن ماجة]

ماڭا ئۈممىتىمنىڭ ياخشى ـ يامان بارلىق ئىشلىرى كۆرسىتىلدى. كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىدىغان نەرسىلەرنى يولدىن ئېلىۋېتىشنى ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرى قاتارىدا كۆردۈم.

**39- «إِنَّ اللهَ يُوصِيكُمْ بِأُمَّهَاتِكُمْ، ثُمَّ يُوصِيكُمْ بِأُمَّهَاتِكُمْ، ثُمَّ يُوصِيكُمْ بِأَبَائِكُمْ، ثُمَّ يُوصِيكُمْ بِالأَقْرَبِ فَالأَقْرَبِ.»** [أدب المفرد للبخاري]

ئاللاھ سىلەرگە ئاناڭلارغا ياخشى خىزمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئاندىن يەنە ئاناڭلارغا ياخشى خىزمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئاندىن ئاتاڭلارغا ياخشى خىزمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئاندىن يېقىنلىق دەرىجىسىگە كۆرە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

**40- «مَنْ رَحِمَ وَلَوْ ذَبِيحَةَ عُصْفُورٍ، رَحِمَهُ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.»** [رواه البخاري والطبراني]

كىمكى بىرەر قۇچقاچنى بوغۇزلاشتا بولسىمۇ رەھىمدىللىق قىلىدىكەن، ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا رەھىم قىلىدۇ.

# ڤايدبلنلغان ماتيريالالر

1. خلق المسلم للشيخ محمد الغزالي
2. أخلاق المؤمن للأستاذ الداعية عمرو خالد
3. الأخلاق الإسلامية للشيخ عبد الرحمن حسن حبنكة الميداني
4. من أدب الإسلام الشيخ عبدالفتاح أبوغدة
5. الأدب الإسلامي في نظام الأسرة للسيد محمد بن علوي المالكي
6. مناهج الشريعة الإسلامية الشيخ محي الدين العجوز